# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى



# 新疆地方志

1

2005

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
21 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 70 - سان

2005 - يىللىق
1 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۆتكۈر سابىراپ
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

باش مۇھەررىر
دىلمۇرات مۇسا

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئابدۇرۇپ ئەلى
ئەخمەت روزى تۇمرول

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئىلىيىس، ئابدۇشۈكۈر
تۇرمى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت
نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راسىلە،
غوپۇر ھوشۇر سىتارى، غوجائەھ-
مەت يۈنۈس، قادىر ھاپىز، قاسىم
خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر
ئەخمەت روزى تۇمرول

## مۇندەرىجە

### مۇھىم تېمىلار

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2005 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ········ 1
شىنجاڭنىڭ 2004 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار ································· 4

### تارىخ سەھىپىسىدە

ئالتاي قوزغىلىڭى ۋە ئوسمان ························
······ نۇرمۇھەممەد دۆلەتى، ئابدۇرېھىم ياقۇپ 10
تارىختا يېزىلمىغان ئىشلار . . مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 26

### تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن

شىخشۇ يېزىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت - ماكان قۇرۇش جەريانى ························ ئابدۇلئەزىز مامۇت 35

### تارىخىي ئەسلىمە

چىن دوستلۇقنىڭ يالدامىسى ········ ماھمۇد زەيىدى 39

### يېقىنى قىلىنىڭ

جان تىكىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈش پىداكارلىقى ········ 44

### ئىلمىي مۇھاكىمە

پائۇل پېلليئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ············ تالئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن 52

مۇقاۋىدا: كۇچا دۆلدۆل ئوقۇر ئۆيدە خارابىسىدىن تېپىلغان ساكيامۇنىنىڭ باغاچ ئويما ھەيكىلى
سۈرەتنى تالئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن تەمىنلىگەن

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2005 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

2005 - يىلى 10 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق بىر يىل، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر يىل. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى، «توغرا كەيپىياتنى تىكلەش، ئۇيۇشقاقلىقنى ئاشۇرۇش، قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش، كەسپىي گۈللەندۈرۈش»نى پىكىر يولى قىلىپ، خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان «ئىككىنى ئۆستۈرۈش يىلى» پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

**1. خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى پائال ياخشى ئىشلەيدۇ.**

1) پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى، 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سىياسىي سۈپەت ئۆتكىلىنى ھەقىقىي تۈردە چىڭ تىكلەش، تەزكىرە خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىدۇ. سىياسىي ئىنتىزام تەربىيىسىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بارلىق كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي بىردەك بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ.

2) پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ ئېزىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پارتىيە قائىدە - نىزاملىرى، سىياسىي ئىنتىزام ۋە قانۇنلارنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئىبرەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قانۇنى بىلىش، چۈشىنىش، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، «سەككىزدە چىڭ تۇرۇش، سەككىزگە قارشى تۇرۇش» تەلىپى بويىچە رەھبەرىي كادىرلار پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش - پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.




3) ئورگاننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى

كۆچەيتىدۇ.

پارتگورۇپپا خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتگورۇپپىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ؛ پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق، قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، ئىلگىرى سۈرگۈچىسى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىسىگە ئايلاندۇرىدۇ.

4) ئورگاننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئىزچىل ئۆستۈرىدۇ. ئۇدا 3 يىل «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئورگان» دېگەن نامنى ساقلاپ كەلگەن ئاساستا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىزچىل زور يۈكسىلىش ۋە ئۇتۇق ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئامانلىق ساقلاشتا شەھەر دەرىجىلىك نەمۇنىچى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامنى ۋە 2005 ـ يىلى شەھەر دەرىجىلىك تازىلىقتا ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن دېگەن نامنى ئىزچىل قولغا كەلتۈرىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىدۇ، پىلانلىق تۇغۇت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەيدۇ.

**2. تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.**

2005 ـ يىلى ئۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تاماملىنىدىغان ئاخىرقى بىر يىل، ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر، بىز جەزمەن خىزمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ماسلىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كىتابلارنى تېز، ياخشى چىقىرىشقا، ئۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىمىز.

1) «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىشتا زور يۈكسىلىش ھاسىل قىلىمىز. 2005 ـ يىلى كەسپىي تەزكىرىدىن 18 نى يەنى «مەدەنىيەت تەزكىرىسى»، «بىناكارلىق تەزكىرىسى»، «ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى. ھۆكۈمەت»، «يەر تەزكىرىسى»، «مىللەتلەر تەزكىرىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى. سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى. ئاياللار بىرلەشمىسى»، «مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسى»، «ئەسەر نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى»، «مائارىپ تەزكىرىسى»، «ساياھەتچىلىك تەزكىرىسى»، «رەقەملىك ئېنتال سانائىتى تەزكىرىسى»، «تاشقى سودا تەزكىرىسى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى»، «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەزكىرىسى»، «ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك تەزكىرىسى»، «باھا تەزكىرىسى» ۋە «پىۋا ـ بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىشنى ئىزچىل قولغا كەلتۈرىمىز؛ مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەن ئەھۋالدا «شەخسلەر تەزكىرىسى»، «جۇڭ ئىشلار»، «ئومۇمىي بايان»، «رايونلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى»، «مۇزلۇقلار، ئېقىنلار تەزكىرىسى» ۋە «يەر قىياپىتى تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئومۇمىي تەزكىرىنىڭ ئىچىدىكى كەسپىي تەزكىرىلەردىن «ھايۋانات تەزكىرىسى»، «ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى»، «تۇپراق تەزكىرىسى»، «يەر ناملىرى تەزكىرىسى»، «كېرىتچىلىك تەزكىرىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى ـ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى»، «دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار تەزكىرىسى»، «دىن تەزكىرىسى» ۋە «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى»نى تۈزۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتىمىز.

2) ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىدىن 9نى يەنى «جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل شەھىرى تەزكىرىسى»، «خوتەن شەھىرى تەزكىرىسى»، «توققۇزتارا ناھىيىسى تەزكىرىسى»،

«كېرىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «نىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «چىرا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «توقسۇن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ۋە «ئاقسۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى تەھرىرلەپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلىمىز.

3) «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئورمانچىلىق تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سوت تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، «ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەزكىرىسى» (قىرغىزچە) نى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاماملايمىز.

4) «شىنجاڭ يىلنامىسى»نى نەشر قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. 2005 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ خەنزۇچىسىنى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرچىسىنى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن نەشر قىلىمىز. يىلنامە تارقىتىش تورىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ چىقىمىز، ئېلان تويلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايمىز، يىلنامىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىمىز.

5) ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇپ سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز، «تەزكىرە ئۇچۇرى» نى تۈزۈش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سىغىمىنى ئاشۇرۇپ، تەسىرىنى كېڭەيتىمىز.

6) «تەزكىرىچىلىك قوللانمىسى» ناملىق كىتابنى نەشرگە تەييارلايمىز.

**3. ئۇلىما تەزكىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ۋاقتىدا باشلايمىز.**

ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش لايىھەسىنى تۈزۈپ ھەمدە مۇۋاپىق دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىتىپ جايلار ۋە ئارماقلارنىڭ ئىجرا قىلىش ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە چۈشۈرۈپ بېرىشىگە يوللايمىز.

**4. تەزكىرە قوشۇنىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرىمىز.**

2005 - يىلى پىلان بويىچە 2 قارار تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچىمىز، بىر قاراردا ئاساسلىقى تەزكىرە خىزمىتىگە يېڭى قاتناشقانلارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىمىز، يەنە بىر قاراردا باش مۇھەررىر ياكى مۇدىرلارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىپ، ئۇلىما تەزكىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە تەييارلىق كۆرىمىز.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا بىر قېتىم تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ ئۇلىما تەزكىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

يىلنامىگە ماقالە تەشكىللىگۈچىلەر يىغىنى ئېچىپ، ئېلان كەسپىي خادىمى ۋە يىلنامىنى تارقىتىش خادىمىنى قوبۇل قىلىش، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز.

**5. مەمۇرىيەت ۋە ئارقا سەپ كاپالىتىگە ئائىت خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز.**

1) كادىرلار، ئەمگەك - ئىش ھەققى، ئۇنۋان باھالاش، مالىيە، تۇراقلىق مۈلۈك ۋە ئاپتوموبىللارنى باشقۇرۇش قاتارلىق مەمۇرىيەت ۋە ئارقا سەپ كاپالىتى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىش ئۈنۈمى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز.

2) شارائىت يار بەرسە ئىشخانا بىناسىمىزنى يېڭىلايمىز.

3) ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سەۋىيىسىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مەبلەغ ئاجرىتىپ كومپيۇتېر سېتىۋالىمىز؛ تەزكىرە تورىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر مەبلەغ ئاجرىتىمىز.

4) مەبلەغ ئاجرىتىپ 2 ئائىلىلىك قورۇسىغا چىنىقىش مۇئەسسەسەسى ئورنىتىمىز.

5) ئامبىنىڭ تورمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ پاراۋانلىق ئەمىنلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايمىز، ئامما كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى شارائىت يارىتىپ بىر - بىرلەپ ھەل قىلىمىز.

# شىنجاڭنىڭ 2004 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسى 2003 - يىللىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، پارتگورۇپپا ئەزالىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي بويىچە ئۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇردى.

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 2003 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، 2004 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، 2003 - يىلدىكى 6 ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تارىخ - تەزكىرە ئەتىمىلىرىدىن پايدىلىنىپ ناھىيە ئەھۋالىغا دائىر سوئاللارنى ئومۇملاشتۇردى، ئۇلار تۈزۈپ چىققان بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئاساسىي ئەھۋالى ئۈز ئىچىگە ئېلىنغان 500 دىن ئارتۇق بىلىم سوئاللىرى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار تەرىپىدىن تارقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى كادىر - ئامما ئارىسىدا ناھىيە ئەھۋالىغا دائىر سوئاللارنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ئەربىيىسى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر، شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى سۇي شۆجيې «شىنجاڭ يىلنامىسى» تەھرىراتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كاتىپى لى ۋېيدۇڭلار بىلەن بىللە جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتىنىڭ خارىجىدا ئاچقان جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، جىلىن، لياۋنىڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ، گۇاڭشى، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە

شىنجاڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى بويىچە تۇنجى ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىنى باھالاش يىغىنى — «قۇمۇل شەھىرى تەزكىرىسى»نى باھالاش يىغىنى قۇمۇل شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۇي شۆجيې يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىنغا تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن كەلگەن 40 نەچچە تارىخ - تەزكىرە خىزمەتچىسى قاتناشتى.

3 - ئاي

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون خەتلىك، باش مۇھەررىرى تيەن يىڭۋۇ.

4 - ئاينىڭ 28 -، 29 - كۈنلىرى

«توقسۇن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى توقسۇن ناھىيىسىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۇي شۆجيې ھەمدە ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ دۇڭخۇي قاتناشتى. سۇي شۆجيې سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، مۇستەقىل بولۇش، دىنىي تەشكىلاتلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش ۋە دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشقا

يېتەكلەش قاتارلىق دىنىي سىياسەتلەرگە ئاساسەن، ماتېرىياللارنى ئۆيۈشتۈرۈپ، ئىشلىتىپ، تەھرىرلەپ، بايلارنىڭ دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە دائىر ئەھۋالنى توغرا، ئوبيېكتىپلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ھۆججەت چۈشۈرۈپ 22 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ ۋېي بىلەن كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قۇربان سەيپى ئالايتەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنىغا كېلىپ بولداش لىيۇ شىگىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىك توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لىيۇ شىگىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى: لىيۇ شىگىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

4 - ئاي

«باي ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 980 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى چې باۋگەن.

5 - ئاي

«ئالتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 2 مىليون 100 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرلىرى سۇ يوڭۆين، چېۋ شىڭتىڭ، شيا جوڭجۈن.

5 - ئاي

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تېخى ئورۇنداپ بولالمىغان 22 نازارەت، ئىدارىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشنى ئەستىقلىدى ھەمدە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرگە ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

▲ «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» نىڭ موڭغۇلچە 1 - تومى نەشر قىلىندى، 2- تومى 6 - ئايدا نەشر قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ بەردى. بولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ بېغىشلىمىسى: جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئوبدان خاتىرىلەپ، گۈزەل كېلەچەكنى يورۇتۇپ بېرەيلى.

▲ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى جۇڭگو 1 - ئارخىپخانىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگو چېگرا رايون تارىخىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى بىلەن بىرلىشىپ تۈزۈپ چىققان «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كەلگەن چاخار موڭغۇل - مانجۇلىرى ھەققىدىكى ئارخىپلارنىڭ تەرجىمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى بىلەن تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىدىكى يولداشلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك 50 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 77 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يار‌دەم بېرىلمىگەن ئىككى نامرات ئوقۇغۇچىنى يوقلىدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سىرجە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى قىلىڭ داجىڭنىڭ باشلامچىلىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن

مۇدىرلىرى دىلمۇرات مۇسا، لىۋ شياڭ ۋە ئومۇمىي تەزكىرە خىزمىتى باشقارمىسى، تەھرىر ـ تەرجىمە باشقارمىسىدىكى يولداشلار ئالاقىدار نازارەت ـ ئىدارىلەرگە بېرىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

6 ـ ئاي

«شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون خەتلىك، باش مۇھەررىرى ئابدۇرۇپ ئېلى.

▲ «قابا ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 350 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى دەي دادى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ھۆججەت چۈشۈرۈپ، «ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، خەلق ئۈچۈن پاك دىيانەتلىك بولۇش» مەزمۇن قىلىنغان 6 ـ قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

▲ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسى — شىنجاڭ گېئولوگىيە كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنى ئىلغار ئىش ـ ئىزلاردىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى خې جىخۇاڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. يولداش خې جىخۇاڭ 1984 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىغا كەلگەن. ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بېرى جاپالىق ئىشلەپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئۇ 20 نەچچە پارچە ئەسەرنى تەھرىرلەپ نەشر قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ژۇرناللاردا 50 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو قىرغىز قامۇسى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ لوگفىسى» ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ كۆپ قېتىم ئوبلاست بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە

«كېرىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «چىرا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «نىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت ـ ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ ۋېنخۇي، ئۇچۇر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ دېرۇن قاتناشتى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ، 30 ـ كۈنلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپىي تەزكىرىلەرنىڭ باش مۇھەررىر (مۇدىر) لىرى يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئوقتۇرۇلدى، كېيىنكى بىر يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7 ـ ئاي

2 ـ نۆۋەت تۈزۈلىدىغان تەزكىرە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ ئاماكىچىلىق تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بۇ كىتاب 1 مىليون خەتلىك، باش مۇھەررىرى شى داۋمىڭ.

▲ قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇچۇر ـ ئالاقە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، رەھبەرلەرنى تەكلىپ قىلىپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ بىناكارلىق تەزكىرىسى» نى باھالىدى.

▲ «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 2 مىليون 500 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى خې جىخۇاڭ.

**8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى 2 - نۆۋەت تەزكىرە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . نامراتلارنى يۆلەش تەزكىرىسى»نى تۈزۈش بويىچە كېڭەشمە يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لى دېجۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شىڭ قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

**8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە**

جۇڭگو تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئۆلكە دەرىجىلىك تەزكىرە جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئىلمىي ماقالىسى تاللانغانلار بولۇپ 147 كىشى قاتناشتى. بۇ يىغىننى جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۈستىگە ئالدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەتتىمىن زاكىر يىغىندا سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەرجى يىغىننى تەبرىكلىدى. جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى شەن تيەنلۇن، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى تيەن جيالار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

**8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئالتاي شەھىرى، چىڭگىل، كۆكتوقاي، بورۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىگە، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق چۆچەك شەھىرى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، دۇربىلجىن، چاغانتوقاي، تولى ناھىيىلىرىگە ھەمدە قاراماي شەھىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ دېخۇي، ئالتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەيتوللا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جيۇ ئەنلۇلار ھەمراھ بولدى.

▲ «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغىنىغا 20 يىل تولغان مەزگىلدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى «شىنجاڭ يىلنامىسى»گە كىرىش سۆز يېزىپ بەردى.

▲ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى . ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 900 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ۋاڭ جىڭخۇا.

▲ «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 700 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى سۇڭ جيارېن.

**8 - ئاي**

«قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 2 مىليون 800 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرلىرى لى خۇڭ، جياڭ ژۈكيۈ.

**9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىگەدۇ قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئاتۇش شەھىرى، ئۇلۇغچات، ئاقچى ناھىيىلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئونسۇ، باي، كۇچا ناھىيىلىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق باغراش ناھىيىلىرىدە خىزمەت تەكشۈردى. خىزمەت تەكشۈرۈشتە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخمەت روزى، ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ كادىردا ئالىي مۇھەررىرى جاڭ چۈەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى خۇاڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى دۇڭ ۋېنجى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن خەيشۇ، سابىق مۇدىرى خې جىنخۇڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك

تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى خۇا فاخاۋ، ۋاڭ جيەنيۇن، ئۆمەرجان سامساق، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۇن فېڭمىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى بې سەيلىن، ماۋ- نىمەتلەر ھەمراھ بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپولىيە ئىدارىسى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ تاماكىچىلىق تەزكىرىسى»نى تارقىتىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن دىلمۇرات مۇسا، لىۋ شىڭلار قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە

«ئاقسۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىڭدو، تەھرىر ـ تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخمەت روزى، ۋىلايەت ـ ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ كاندىداتى ئالىي مۇھەررىرى جاڭ جۈن ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ 30 نەپەر كىشى قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

2004 ـ يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى، بۇ كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى ۋۇ شىڭدو.

9 ـ ئاي

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ ئاشلىق تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ئەخمەت روزى.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە

2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تايانچلىرىنى نەق مەيداندا تەربىيىلەش، ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆرنەك ئېلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى تەزكىرە خادىملىرىدىن 27 كىشىنى جېجياڭ، جياڭشى، سىچۈەن، يۈننەن، گۇيجۇ، خۇنەن، خۇبېيلەرگا ئۆگىنىش، تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىغا بېغىشلانغان شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇكاپاتلانغان سۈرەتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

10 ـ ئاي

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 720 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لى دايىڭ.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىنىي ئىشلار ئىدارىسى) «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ مىللەتلەر تەزكىرىسى» نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىۋ شىڭ قاتناشتى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مەدەنىي ئورگانلارنى قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورگان» دېگەن نامنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

11 ـ ئاي

2 ـ نۆۋەت تۈزۈلىدىغان تەزكىرە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ پوچتا ـ

تېلېگراف تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون خەتلىك، باش مۇھەررىرى گاۋ خۇڭچىڭ.

▲ «تېكەس ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون خەتلىك، باش مۇھەررىرى دۇ دېيەنچاڭ.

▲ «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرلىرى يېەن دۇڭچۇ، گۇ يۇفاڭ.

**12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە**

پەيزاۋات ناھىيىسى «پەيزاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن ۋاڭ خاۋ، يىن خۇڭبىڭلار قاتناشتى.

**12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشقۇرىدىغان كادىرلارنىڭ خىزمىتىدىن ۋە پاكلىق ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتگورۇپپا شۇجىسى شۇي شۇجيې سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى ھەمدە پارتگورۇپپا ئەزالىرىغا ۋە ئۆزىگە ۋەكالىتەن خىزمەتلەردىن، پاكلىق ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى، پارتگورۇپپىنىڭ باشقا ئەزالىرى يازما دوكلات بەردى.

**12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى**

2004 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىندى، بۇ كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى ئېلمۇرات مۇسا.

▲ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ستاتىستىكا تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 560 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى ۋاڭ جۇڭشېن.

▲ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى . خەلق قۇرۇلتىيى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى چياڭ يېڭ.

▲ «تۇرپان ۋىلايىتى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 800 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى بو شاۋ.

▲ «ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى لىۋ بېجېن.

▲ «يېڭىسار ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاب 1 مىليون 800 مىڭ خەتلىك، باش مۇھەررىرى جاۋ شىمىڭ.

▲ 2004 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە 6 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 2002 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» 2 - دەرىجىلىك، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يەر تەۋرەش تەزكىرىسى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

▲ 2004 - يىلى جۇڭگو مەتبەئەچىلىك جەمئىيىتى يىلنامە تەتقىقات جەمئىيىتى ئويۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە يىلنامىلەرنىڭ سۈپىتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە شىنجاڭدىن 4 يىلنامە مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 2004 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2004 - يىللىق «ئۈرۈمچى يىلنامىسى» شەھەر دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلەر بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 2004 - يىللىق «شىنجاڭ بىڭتۈەن يىلنامىسى» ئۇنىۋېرسال كەسپىي يىلنامىلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يىلنامىسى» ئۇنىۋېرسال كەسپىي يىلنامىلەر بويىچە 2. دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

▲ 2004 - يىلى جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گورۇپپىسى ئويۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە تەزكىرە . يىلنامىلەرنى باھالاشتا «شىنجاڭ يىلنامىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۈرۈمچى يىلنامىسى» ئالاھىدە مۇكاپاتقا، «شىنجاڭ بىڭتۈەن يىلنامىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# ئالتاي قوزغىلىڭى ۋە ئوسمان

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى، ئابدۇرېھىم ياقۇپ

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## 5. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىش

ئوسمان كۈرتىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ بۆلۈنۈپ چىقىش ئىشىغا كىرىشىدۇ:

1. لاتىپ، مۇمىنباي، مۇقامەتجان، نۇسۇپباي قاتارلىقلارنى مەسلىھەتچى، قايباس مۇپتىنى قازى قىلىپ بەلگىلەپ، قول ئاستىدىكىلەرگە رەسمىي ئۇقتۇرىدۇ، شۇنداقلا راقىم جاقىيېۋېك باشلامچىلىقىدا 100 كىشىلىك «مۇھاپىزەتچىلەر» ئەترىتى قۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، قوراللىق قوشۇن تەشكىللەيدۇ.

2. مېھمانلىرىم كۆپ، خىراجەت يېتىشمەيدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ كۆكتوقاي ۋە چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ جۇپ ئۈچى بېجىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

3. بىر تەرەپتىن، 1945 - يىلى ئېلىخان تۆرە بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىلەر سارسۇمبىگە كەلگەندە ئوسمان ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىخان تۆرىنىڭ غۇلجىدا قىلغان سۆزلىرىدىن بولۇپمۇ دىن توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىدىن بەزىبىر ئورتاقلىقنى ھېس قىلغان ئوسمان 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا ئالتاينىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش، يۈتىلگەندىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن، مۇئاۋىن ۋالىي شەمشىنى غۇلجىغا ئەۋەتىدىغان چاغدا ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لاتىپنىمۇ بىللە بارسۇن دەپ قوشۇپ قويىدۇ ۋە ئېلىخان تۆرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئۇنىڭغا: «رەئىس ئېلىخان تۆرە جانابلىرى، ئىنىم لاتىپ سىلەر تەرەپكە كەتتى، سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى، ماڭا بېرىدىغان بۇيرۇقلىرىڭىزنى لاتىپنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا دېسىڭىز بولىدۇ» دەپ مەخسۇس خەت ئەۋەتىدۇ.

4. ئوسمان جىق باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ، ئاخىر ئۈمىدىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە باغلايدۇ.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ئۆز نامىدىن 1 - قېتىم خەت يېزىپ، گومىنداڭ تەرەپتىن ئوسمانغا ئەۋەتكەن داشىرغا ئۆز ۋەكىللىرى قاناتباي، كاكاشا، قاناتلارنى



قوشۇپ ئورۇمچىگە ئەۋەتىدۇ. قاناتبايلار ئورۇمچىدىكى جانىمقاننىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. جانىمقان ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى جاڭ جىجۇڭغا مەلۇم قىلىدۇ. جاڭ جىجۇڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقماي، ئالدى بىلەن ليۇ مىڭچۇنى ئەۋەتىدۇ. قاناتباي ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ خېتىنى تاپشۇرىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ليۇ مىڭچۇن قاناتباي، كاكاشالار بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ: «ئوسماننىڭ خېتىنى جاڭ جىجۇڭغا تاپشۇردۇم. جاڭ ئەپەندى سىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى، ئەمما ئۇ ئۆزى يالغۇز قوبۇل قىلسا ئەپلەشمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سېزىپ قالسا ئوڭايلا ئۇلارنىڭ نارازىلىق پىكرى تۇغۇلىدۇ، ھەتتا چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭا جاڭ جىجۇڭ سىلەرنى ئەخمەتجان، بۇرھانلار بىلەن بىرلىكتە قوبۇل قىلماقچى. ئوسماننىڭ خېتىنى ئەخمەتجانلارغا كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەسلىھەتلىشىپ، ئوسماننىڭ خېتىنى ئېلىپ قېلىپ باشقىچەرەك مەزمۇندا بىر پارچە خەت يېزىپ چىقتۇق، ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ تامغىسىنى ئوخشىتىپ ئويۇلغان تامغا بېسىلدى. بۇ خەتنى ئالدى بىلەن سىلەر ياخشى كۆرۈپ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ، ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار، ئەتە جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان ۋە بۇرھانلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئاشۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدا سۆزلەڭلار ھەمدە بۇ خەتنى شۇ چاغدا ئېلىپ چىقىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ قولىغا تاپشۇرۇڭلار» دەيدۇ. ئەتىسى ئۇلارنى جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان ۋە بۇرھانلار بىرلىكتە قوبۇل قىلىدۇ. دېگەندەكلا قاناتباي، كاكاشالار ليۇ مىڭچۇننىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. جۈملىدىن ھېلىقى ياسالما خەتنى قاناتباي يانچۇقىدىن چىقىرىپ جاڭ جىجۇڭغا تاپشۇرىدۇ. خەتتە بىرىنچىدىن، تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن ئالتاينىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت قىلمىغانلىقى، شۇڭا ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ئادىمىنى سالام بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى؛ ئىككىنچىدىن، تىنچلىق بىتىمىنىڭ مەزمۇنلىرى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچە بېرىش؛ ئۈچىنچىدىن، قازاقلار ئىچىدە نام - شۆھرىتى بار نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بولغان ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان ۋە سۇلايمان بەگلەرنى ئالتايغا قايتۇرۇش؛ تۆتىنچىدىن، قۇتقۇزۇش بېرىش؛ بەشىنچىدىن، ئالتايغا دۆلەت ئارمىيىسى (گومىنداڭ ئارمىيىسىنى دېمەكچى) كىرگۈزۈش يېزىلغانىدى.

ئوسماننىڭ ئەسلى خېتىنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇنىڭدا «ئالتاي پۈتۈنلەي قىزىللىشىدىغان (كوممۇنىستلىشىدىغان) بولدى. مەن قىزىلغا جان - جەھلىم بىلەن قارشى، چۈنكى قىزىللار دىننى يوقىتىدۇ، مال - مۈلۈكنى ئومۇمىنىڭ قىلىدۇ، موللا، قەبىلە باشلىقلىرىنى چەت - ياقا يەرلەرگە پالايدۇ، قامايدۇ، ئاتىدۇ. شۇڭا مەن ئۈچ ۋىلايەتتىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىدىم. ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن. ھازىر كۆكتوقايغا سوۋېتنىڭ تاش قازىدىغان كانچىلىرى كېلىپ چۈشتى. ھەرىكىتىمنى شۇلار بىلەن تۇتۇش قىلىشتىن باشلىماقچىمەن. ماڭا كۆپ ساندا قورال - ياراغ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىڭلار. جۈملىدىن ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىقلاردىنمۇ كۆپرەك ئەۋەتىڭلار» دەپ يېزىلغان.

ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ يەنە سۇڭ شىليەن، ليۇ مىڭچۇن، جانىمقانلار بىلەن بىللە ئۇلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان كان

ئېچىش مەسىلىسىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ھەل قىلىندىغانلىقىنى، ئوسماننىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ۋاقىت - شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى، باشقا ياردەملەرنى بېرىپ تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن لىۇ مىڭچۈن جاڭ جىجوڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە بىر پارچە خەت يېزىپ كاكاشانى داشىر بىلەن كۆكتوقايغا قايتۇرۇپ، قاناتباينى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئېلىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمان، قاباس قاتارلىقلار گومىنداڭ تەرەپ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىشىشكە باشلايدۇ.

قاناتباي 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا بىر دانە راتسىيە بىلەن گېنېرال مايور دەرىجىلىك جۇنتۇڭ ئىشپىيونى راۋ شىجىي، پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئىشپىيون ما شياڭشاڭ ۋە يەنە خۇاڭ فامىلىلىك بىرىنى ۋە 20 نەچچە يان قورال، 100 ساندۇق چاي، 100 توپ سوكنو، تاۋار - دۇردۇن، نەچچە يۈز توپ گەزمال، بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر جۇۋا (بۇ جاڭ جىجوڭنىڭ ئوسمانغا قىلغان مەخسۇس سوۋغىسى) قاتارلىق نەرسىلەرنى 10 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىدۇ. بۇلارغا قوشۇپ ئوسمانغا مەسلىھەتچىلىككە ھېلىقى سۇلايمان بەكتۇرنىمۇ ئەۋەتىدۇ. ئوسمان بۇ مەسلىھەتچىلەرنى كۆرتىي دىگەن پەردە پەيگە ئۈنكۈزۈپ، توي قىلىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

1946 - يىل 11 - ئايدا ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى ئوسماننىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك، ئابرويلۇق كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان تولۇق ھوقۇقلۇق بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللايدۇ. تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان ئوسمان دەرھال لاتىپنى باشلىق قىلىپ قاناتباي، مۇمىتباي ۋە ئەدىلقان قاتارلىق 8 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىدۇ. 1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جاڭ جىجوڭ بۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ. لاتىپ جاڭ جىجوڭغا ئوسماننىڭ بىر پولك ئەسكەر، 500 دانە بەشئاتار مىلتىق، 50 دانە پىلىموت، 50 مىڭ پاي ئوق سوراپ يازغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالدى بىلەن گۆچۈڭ ئارقىلىق 400 دانە بەشئاتار مىلتىق، 20 پىلىموت، 40 مىڭ پاي ئوق، ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى 100 تۆگىگە ئارتىپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا سۇڭ شىلىيەن ئۆزى بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىن قايدەش باشقۇرغان ئىككى ئىزۋوت پىلىموتچى بىلەن فۇكاڭدىن ليەنجاڭ ما تيەنفۇ باشقۇرغان 200 ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياردەم بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئۇرۇش قوزغىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

## 6. ئاسىيلىق

ئوسمان گومىنداڭنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن قۇترىشقا باشلايدۇ. ئۇ نەزەر دائىرىسى تار، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئادەم بولغاچقا، گومىنداڭغا تايىنىپ ئالتاينىڭ پاسىبانى بولۇشقا ئالدىراپ كېتىپ، ئاقىۋەتنى بىلەن ھېسابلاشمايلا تۇيۇق يولغا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇمپەردىسىنى يىرتىپ

ئاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئاشكارا ئۇتۇشۇشقا كىرىشىدۇ ۋە ئىشنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشتىن باشلىماقچى بولىدۇ. 1946 - يىل 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئوچۇق - ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىپ، مانات، داۋۇتخان باشچىلىقىدىكى 200 دەك ئادەمنى ئەۋەتىپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلايدۇ. باندىتلار ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزىدۇ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى 10 نەچچە ئادەم ئالتاي شەھىرىگە چېكىنىدۇ. بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىدىن پاتقۇللا، ئىستودېنكوف باشچىلىقىدىكى ئىككى روتا ئەسكەرنى باندىتلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتىپ ناھىيە بازىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوسمان لاتىپ مۇستاپا باشچىلىقىدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەۋەتىپ چىڭگىل ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، باندىتلار چىڭگىل ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، سارتوقاي قاتارلىق جايلاردا ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ خەمىت پولكى ۋە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىغا قاراشلىق پاتقۇللا باتالىيونىغا ھۇجۇم قىلىپ چېكىندۈرىدۇ. 10 - ئايدا مىللىي ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. 12 - ئايدا ئوسمان يەنە جامەتقان باشچىلىقىدا 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەۋەتىپ بۇرۇلتوقاي ۋە بېيتۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزىدۇ. مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ ئۈچ روتىسىدىن تەركىب تاپقان 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى (500 دىن ئارتۇق ئادەم) نى ياردەمگە ئەۋەتىپ باندىتلار بىلەن ئۇتۇشىدۇ. جەڭگە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قوشۇمچە شتاب باشلىقى كاكىم قوماندانلىق قىلىدۇ. جەڭ بەش كۈن داۋاملىشىدۇ، باندىتلاردا ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى ئېغىر بولغاچقا، بەرداشلىق بېرەلمەي كۆكتوقاي ناھىيىسىگە چېكىنىدۇ. مىللىي ئارمىيىدىن 30 نەچچە كىشى قۇربان بولىدۇ. 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئوسمان 600 نەچچە باندىتنى باشلاپ بۇرۇلتوقايدىن يولغا چىقىپ، مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - پولكىنىڭ ئىككى روتىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوسماننىڭ ئادەملىرى كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي- لاردا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەمما ئوسماننىڭ ئادەملىرى مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - پولكى ۋە كۆكتوقاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - پولكىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تارمار بولىدۇ، باندىتلارنىڭ ئاتامانلىرىدىن 127 سى تىرىك قولغا چۈشىدۇ. ئەمما مىللىي ئارمىيىنىڭ قازاق ئالاقىچىسى مۇقان دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەنلەرگە باش ئەگمەي مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئوسماننىڭ ئادەملىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ پولك شتابىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ، ئىككى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالىدۇ ھەمدە پۈتۈن سەپ

بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ باندىتلارنى تارمار قىلىدۇ، بۇ قېتىمقى جەڭدە مىللىي ئارمىيىدىن 20 نەچچە كىشى قۇربان بولىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن يۆلىشى بىلەن كۆرەڭلەپ كەتكەن ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە، مىللىي ئارمىيىگە ئوق ئېتىپ قىلىچ كۆتۈرسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىنتايىن ئېغىر بېسىقلىق قىلىپ، دۈشمەن ئۆزى كېلىپ تەگسە زەربە بېرىش، قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلماسلىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بۇ پرىنسىپال مەيدانىنى بىر خىل ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ، ئادەم سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ گومىنداڭنىڭ بىۋاستە ياردىمىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدۇ. گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن باندىتلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ ئېغىر تالاپەتكە دۇچار بولغان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - پولكى تاشقى موڭغۇلىيىگە، ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - پولكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن تەڭلا چېكىنىدۇ. نەتىجىدە دەسلەپتە چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرى، 1947 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتى قولدىن كېتىدۇ. دېمەك، ئوسمان باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم باندىتلار يول قويغانچە ھەددىدىن ئېشىپ، ئالتاينى ۋاقىتلىق ئىگىلىۋالىدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان بىر ئۆيۈق بولغا يەنى بارسا كەلمەس ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەيدۇ.

## 7. باندىتلارغا ھۇجۇم

ئالتاي قولدىن كەتكەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە زېمىنىغا چېكىنىپ كىرگەن دەلىلقان سۇگۇرباييوف ۋە خەمىت ئەلىيوفلار ئۆزى بىلەن بىللە چېكىنگەن مىللىي ئارمىيە شىمالىي فرونت قوماندانلىق شتابى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ قالدۇق ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بولۇپ 200 نەچچە ئادەمنى باشلاپ جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىنى بويلاپ مېڭىپ، 1947 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چېگرىدىن ئۆتۈپ چۆچەك شەھىرىگە كىرىدۇ ۋە شۇ كۈنىلا غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوفلارغا تېلېگرامما يوللاپ، پۈتۈن ئەھۋالنى دوكلات قىلىش بىلەن بىرگە ئالتاينى تېز ئارىدا قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يوليورۇق سورايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئالتاينى ئىگىلىۋالغان باندىتلارنى تەلتۆكۈس تازىلاشنى قارار قىلىدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

دەلىلقان سۇگۇرباييوف ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، مىللىي ئارمىيە شىمالىي فرونت قىسمىنىڭ باش قوماندانى سۈپىتىدە 1947 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى

ئېلان قىلىپ، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-پولكى بىلەن 2-پولكىنى قايتا تەشكىللىدى. بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ ياردىمىدە 10-ئاينىڭ 15-كۈنى ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ. 1-يولدىكىلەر ئىلىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن موتورلاشقان ئەسكەرلەر كۈچەيتىلگەن باتالىيونى بولۇپ، لىبىكىننىڭ قوماندانلىقىدا بۆرچىن ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالىدۇ؛ 2-يولدىكىلەر قايتا تەشكىللەنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-پولكى بولۇپ، دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا ئاسقاردىن ئۆتۈپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى ئىشغال قىلىدۇ؛ 3-يولدىكىلەر قايتا تەشكىللەنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-پولكى بولۇپ، پولكوۋنىك خەمىت ئەلىيوفنىڭ قوماندانلىقىدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىنىپ 3-كۈنى يەنى 10-ئاينىڭ 18-كۈنى مىللىي ئارمىيە بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرى بىلەن ئالتاي شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، 10-ئاينىڭ 19-كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قايتا قۇرۇلىدۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى دەلىلقان سۇگۇربايوف مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ. 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرى ئىشغال قىلىنىدۇ. ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلار گۇرۇھى ئالتايدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چىڭگىل قاتارلىق جايلاردىن 3700 نەچچە ئائىلىلىك 17 مىڭ 800 دىن ئارتۇق چارۋىچىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، چۆل-كىچىك نەچچە يۈز مىڭ چارۋىنى ھەيدىتىپ، قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ بەيتىك تېغىغا قاراپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتى باندىتلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئازاد بولىدۇ.

ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلار گۇرۇھى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بەيتىك تېغىغا چېكىنىپ، گۇچۇڭ، جىمسار ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، 1947-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئەتراپىدا گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن قايتا ئالاقە ئورنىتىپ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھېچنېمىدىن تەپ تارتماستىن شەخسەن ئۆزى ھەمتاۋاقلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، جانىمقاننىڭ ۋاستىچىلىقىدا جاڭ جىجوڭ، سۇڭ شىلىيەنلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ، سۇڭ شىلىيەن ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ. پاكستون ئوسمان بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنى ھەدەپ ماختاپ يەل بېرىدۇ، پۇلىيورۇق بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوسماننىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىدۇ ۋە ماكىناننىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۈرۈمچىدىن يىراقلاپ تۇرۇش قارارىغا كېلىپ بارلىق ئادەملىرىنى باشلاپ باركۆلگە كۆچىدۇ.

ئوسمان قاتارلىقلار باركۆلگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك ئاتامانلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ قومۇلنىڭ قورچاق ۋالىيسى يولۋاس بىلەن تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كېتىدۇ.

1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي

دائىرىلىرى ئىنتىلىش بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش مەيدانىدىن يانمايدۇ، ئەكسىچە ئاتلىق ئەسكەرلەر 7 - دىۋىزىيىسى (ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم) دىكى بىرقىسىم ئەكسىيەتچى جاھىل ئوفىتسېرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوسمان قاتارلىقلارنى ئەكسىلئىنقىلابىي يولدىن قايتۇرۇپ، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەۋرچانلىق بىلەن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. مەسىلەن: گېنېرال ۋاڭ جېن ئۆز نامىدىن ئوسمانغا مەخسۇس خەت يېزىپ، 1949 - يىل 11 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ۋاجىدى باشچىلىقىدا 12 كىشىلىك بىر خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن باركۆلدىكى توقتارساي دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا خەلق بىلەن دۈشمەنلەشمەي توغرا يولدا مېڭىش ھەققىدە خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئەخمەت ۋاجىدى قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئوسمان پەقەت خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلسىلا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. 1950 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋاھىت خېلىل، قۇرماتباي تىلىباناق قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ يەنە بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاتلىق بىر ھەپتە يول يۈرۈپ، باركۆلنىڭ غەربىي تاغ دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئەمما ئوسمان قاتارلىقلار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ بېشىدا يىغىن ئېچىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئامما ئارىسىدا «كوممۇنىستلار دىننى يوقىتىدۇ، قەبرىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئەل باشلىقلىرىنى، موللىلارنى قولغا ئالىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، بايلارنى چۆل - جەزىرىلەرگە سۈرگۈن قىلىدۇ، ھەممە شەخسىي مال - مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىدۇ، خوتۇنىنى ئومۇمنىڭ قىلىدۇ، ياشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرايلى، كىمدە - كىم كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرمىسا، شۇ ئادەم دىننىڭ دۈشمىنى، مىللەتنىڭ خائىنى، ئاشۇنداقلارنى كۆزدىن يوقىتايلى» دېگەن مەزمۇندا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە باندىتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلار يەتتەقۇدۇقتا خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئارمىيىمىزنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى لىيۇ شاۋۋېي بىلەن تۆت جەڭچى قۇربان بولىدۇ، بىرمۇنچە جەڭچى يارىلىنىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئارمىيىمىز باندىتلارغا قەتئىي زەربە بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. 1950 - يىل 6 - ئايدا ئارمىيىمىز تارسۇ دېگەن يەردە باندىتلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى باندىت تازىلاش ئۇرۇشى خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. باندىت تازىلاشقا ئاساسلىقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 - كورپۇسىنىڭ شۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان

16- دۆتزېيىسىگە قاراشلىق قىسىملار قاتنىشىدۇ. كېيىن مىللىي ئارمىيە 14 - دۆتۈزىيە 40 - پولكىنىڭ 3 - باتالىيونى باتالىيون كوماندىرى ئىسمايىلوف مۇھەممەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئايروپىلان بىلەن قۇمۇلغا يۆتكىلىپ باندىت تازىلاشقا قاتناشتۇرۇلىدۇ. باندىتلار قۇمۇلدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئىچكىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادىمى قالغانىدى. ئوسمان ئۆزىنىڭ قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرى چېگرىلىنىدىغان خەيزى دېگەن يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئوسمان قاتارلىق باندىتلارنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى بىلگەندىن كېيىن، توقاناي ئىسىملىك قازاق يول باشلىغۇچىنىڭ يول باشلىشىدا ئالتە سەھەردە ئۇلار يوشۇرۇنغان يەرگە كېلىپ باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئاتلاندۇ. قارشىلىق كۆرسىتىشكە


قولغا چۈشكەندىن كېيىنكى ئوسمان

ئۈلگۈرەلمىگەن ئوسمان ئالدىراپ - تېنەپ ياۋىداق ئېتىنى مىنىپ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قاچىدۇ. ئوسماننىڭ قاچقىنىنى يول باشلىغۇچى كۆرۈپ قېلىپ قىسىم كوماندىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر چولاق ئەترىتى 3 - لىيەننىڭ تەربىيىچىسى كۆلاڭ چىڭيۈننىڭ باشچىلىقىدا بەش - ئالتە جەڭچى دەرھال ئوسماننىڭ كەينىدىن ئاتلىق قوغلايدۇ. ئوسمان قاچقاچ كەينىگە قارىتىپ جەڭچىلەرگە ئوق ئاتىدۇ. دەسلەپتە ئىككى جەڭچىگە ئوق تېگىپ يىقىلىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە ئىككى جەڭچىنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئاخىرىدا كۆلاڭ چىڭيۈن ئۆزى يالغۇز قوغلاشقا باشلايدۇ. ئوسماننىڭ بىر پاي ئوقى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ يۆشقىقىنى تېشىۋېتىدۇ، يەنە بىر پاي ئوقى ئۇنىڭ پىشانىسىنى سىزىۋېتىدۇ. ئۇ چىشىنى چىشلەپ داۋاملىق قوغلاپ ئوسمانغا يېتىشۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئېتىدىن تارتىپ چۈشۈرىدۇ. ئۇ ئىككىسى يەردە يومىداقلىشىۋاتقاندا ئېتىغا ئوق تەگكەن جەڭچى لىيۇ خۇالىن سەپداشلىرىنىڭ ئېتىغا مىنىپ يېتىپ كېلىدۇ. كۆلاڭ چىڭيۈن لىيۇ خۇالىننىڭ ياردىمىدە ئوسماننى يوپۇندۇرۇپ باغلىۋالغاندىن كېيىن دەرھال باش شتابقا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى ئىش ئىدى.

## 8 . ھەققانىي سوت

ئوسمان چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرى چېگرىلىنىدىغان خەيزى دېگەن يەردە تۇتۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئامىمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 3 - ئاينىڭ 15- كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا

مازايى قىلىنىدۇ، 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلق ئامىسى كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ئوسمانغا لەنەت ياغدۇرىدۇ، شۇئار توۋلاپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى غەلىبە مېۋىسىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ۋە بىرلىككە ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلەپ - ئارزۇيىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، ئىككى قولى خەلقنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان باندىت ئوسماننى سوتلايدۇ. ئوچۇق سوت يىغىنىغا ئۆلكىلىك تۈنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بارلىق ۋەكىللەر ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ئورگانلاردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىلىرىدىن بولۇپ 80 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىدۇ. ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامىنىڭ 3-، 4-، 5-، 7-، 9-، 10-، 17 - ماددىلىرىغا ئاساسەن ئوسمانغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئوسمانغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ساقچىلار تەرىپىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىۋىدۇڭزى دېگەن يېرىگە جايلاشقان جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ دەرھال ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى 1952 - يىل 11 - ئايدا كۆكتوقايدىكى ماكانىغا يۆتكەپ كېتىلىدۇ.

## 9 . قوشۇمچە

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يامان غەرەزلىك بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئوسماننى «ۋەتەنپەرۋەر» لىكتە ماختاپ كۆككە ئۈچۈرىدۇ؟ بىز تۆۋەندە قوشۇمچە قىلغان ئىككى مەسىلىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ توغرا جاۋاب تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

### 1) كۆكتوقايدىكى سوۋېت كان قازغۇچىلىرى ۋە ئوسمان

كۆكتوقايدىكى بۇ كان 1936 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان چارلىغۇچىلىرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە چارلاپ ئېنىقلىغان. 1937 - يىل 7 - ئايدا شېڭ شىسەي ئۆزى موسكۋاغا بارغاندا ستالىن بىلەن بىۋاسىتە قول قويۇشقان كېلىشىم بويىچە 1941 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ماشىنا - جابدۇق، ئىنژېنېر - تېخنىك، پۇل - خىراجەت چىقىرىپ ئاچقان كان ئىدى، كېيىن شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ سىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك بېسىمىغا ئۇچرىغان، شۇنداقلا، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ ئادەم ۋە ماددىي كۈچىنى ئېھتىياجغا قارشى ئالدىنقى سەپكە سەرپ قىلىشقا توغرا كەلگەن بولغاچقا، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1943 - يىل 7 - ئايدا ۋاقىتلىق تاشلاپ كەتكەن كاننى 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا يىغىۋاشتىن ئادەم ئەۋەتىپ داۋاملىق ئېچىشقا باشلىغانىدى*. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان

* بۇ كان ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قېزىلىپ كەلدى، ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى موسكۋادا ستالىن بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭ قول قويغان «جۇڭگو- سوۋېت ئۆزئارا دوستلۇق - ھەمكارلىق شەرتنامىسى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پايدىلىنىپ كېلىندى.

ئوسمان ئەمدى بۇ كان مەسلىسىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ھەم تەپ ئالىدىغان، ھەم ئۆزىمنى كۆرسىتىپ ئابروي تاپىدىغان بولدۇم دەپ «قۇۋ ئۆي» دېگەن يەردە ئۆزىنىڭ ھەمتاۋاقلىرى، گۇيپاڭچىلىرى ۋە بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، «يەر مېنىڭ تۇرسا، ئورۇسلار نېمىشقا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سالىدۇ (بۇ «يەر جۇڭگونىڭ يېرى تۇرسا، نېمىشقا جۇڭگونىڭ رۇخسىتىسىز بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ مەن جۇڭگو گراژدانى، شۇڭا مەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشىم كېرەك» دېگەن مەنادا ئەمەسلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم، ئەلۋەتتە). لېكىن يىغىنغا قاتناشقان بەزى يۇرت مۆتىۋەرلىرى: «ئۇنداق قىلىدىغان بولساق ئالدىراقسانلىق قىلغان بولۇپ قالارمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىز بىلەن دوست دۆلەت، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇقۇشۇپ باققىنىمىز توغرا بولارمىكىن» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. ئوسمان ئامالسىز ۋەكىل ئەۋەتىپ: «مېنىڭدىن رۇخسەتسىز نېمىشقا كېلىدۇ؟ مەن، بىرىنچىدىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېرىمگە قول سوزۇشىغا، ئىككىنچىدىن، دىنىمغا قول سېلىشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمەن، دەرھال چىقىپ كەتسۇن» دەيدۇ. ۋەكىللەر: «بىز يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كەلدۇق، پىكىرىڭلار بولسا، ھۆكۈمىتىڭلار بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن سۆزلەشسۇن» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ قايتىدۇ. شۇنىڭدىن 5 — 6 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەلىلقان سۇگۇرباييوف ئوسمان تۇرغان يەرگە كېلىپ، ئوسمانغا خىزمەتلەردىن مەلۇمات بېرىپ، ئوسماننى خىزمەت ئورنىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ. لېكىن ئوسمان: «سوۋېت كانچىلىرى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز مېنىڭ يېرىمگە نېمىشقا كېلىدۇ، بىكارغا ياتقان يايلىق نەدە بار ئىكەن. ۋەكىل ئەۋەتىپ چىقىپ كەتسۇن دېسەم، ئارقىغا سۆرەپ تۇرۇۋالدى. ئەمدى بىردىنبىر چارە قورال كۈچى بىلەن ھەيدىۋېتىش» دەپ دەلىلقان سۇگۇرباييوفقا بېسىم ئىشلىتىدۇ. دەلىلقان سۇگۇرباييوق ئۇنىڭغا: «بۇ، بىرىنچىدىن، تارىخىي يىلتىزى بار زور مەسىلە؛ ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئۆتكەندە موڭغۇلىيەدىن ئېرىشكەن ياردىمىمىز ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىزگە موڭغۇلىيە ئارقىلىق بەرگەن خالىسانە ياردىمى ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان، دېمەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ ئەڭ مۈشكۈل چېغىمىزدا ياردەم قولىنى سوزغان دوستىمىز. ئاچچىق ئازدۇرىدۇ، ئەقىل ئالغا يېتىلەيدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ كۆرەيلى» دەپ، قورال كۈچى ئىشلىتىپ قوغلاپ چىقىرىشقا قوشۇلمايدۇ. 2-قېتىم ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر يەنە «بۇ ئىشنى بىزنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلىمىز بىلەن سۆزلىشىپ بىر تەرەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭغىچە بىز كان قېزىش ئىشىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرايلى» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ قايتىدۇ. ئوسمان بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمتەۋەسلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ، دەلىلقان سۇگۇرباييوفنى زورلاپ قول قويدۇرۇپ ئالتاي ئائىلىق بولىكىنى يۆتكەپ كېلىپ كۆكتوقايدىكى سوۋېت كان قازغۇچىلىرىغا قوراللىق بېسىم ئىشلەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن دەلىلقان سۇگۇرباييوف

ئوسماننىڭ ئەسكەر يۆتكەش يوليورۇقىغا قول قويغىلى ئۇنىمايدۇ. شۇ ئەسنادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلى كۆكتوقاي كان رايونى ئارقىلىق 10 نەچچە تۆگىگە ھەر خىل گەزمال، ئۇن، گۈرۈچ، قەنت - گېزەك، چاي قاتارلىق بۇيۇملارنى ئارتىپ ئوسمانغا «سالام»غا كېلىدۇ ۋە كان قېزىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان بىر مەھەل كان قازغۇچىلار ھەققىدە ئېغىز ئاچماي جىم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئوسماننىڭ ئەسلى «يەر مېنىڭكى»، «مېنىڭدىن رۇخسەتسىز نېمىشقا كېلىپ كان ئاچىدۇ» دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى ھەقىقىي غەرىزى دوق - پوپوزا قىلىش ئارقىلىق ئازدۇر - كۆپتۇر ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئىدى. ھېلىقى 10 نەچچە تۆگىگە ئارتىلغان «سوغا - سالام» بىلەن ئۇنىڭ نەپسى ئازراق تويغاندەك بولىدۇ. لېكىن ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوسمان يەنە گومىنداڭ دائىرىلىرىدىنمۇ نەپ ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ رەئىسى جاڭ جىجوڭغا يازغان خېتىدە «مەن ئۈچ ۋىلايەتتىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىدىم، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن. ھازىر كۆكتوقايغا سوۋېتنىڭ ئاش قازىنىغان كانچىلىرى كېلىپ چۈشتى. ھەرىكىتىمنى شۇلار بىلەن تۇتۇش قىلىشتىن باشلىماقچىمەن. ماڭا كۆپ ساندا قورال - ياراغ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىڭلار، جۈملىدىن ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىق تەرەپلەردىنمۇ كۆپرەك ئەۋەتىڭلار» دەپ بۇ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن جاڭ جىجوڭغا بۇنداق دەپ خەت يازىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى ئاددىي. ئوسمان گومىنداڭ خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ پەقەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگىلا ئەمەس، پۈتۈن كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قەتئىي قارشى تۇرغۇچى ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ۋە مول ئىقتىسادىي ياردىمىگە تېزلىكتە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسماننىڭ سوۋېت كانچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا زادى بولمايدىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئوسمان بۇ مەسىلىنى قايتا تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئوسمان 1947 - يىلى كۈزدە ئالتاينى تولۇق بىر ئاي بېسىۋالغان پەيتلەردە «ۋەتەنپەرۋەر»لىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ سوۋېت كانچىلىرىغا نىسبەتەن بىرەر ھەرىكەت قوللانمايدۇ.

**2) «بەيتىك ۋەقەسى» ۋە ئوسمان**

ئەمدى بەزىلەرنىڭ ئوسماننىڭ ئاللىقانداق «ۋەتەنپەرۋەر»لىكىگە «پولاتتەك پاكىت» قىلىپ كۆرسەتكەن «بەيتىك ۋەقەسى» توغرىلىق توختىلىشتىن ئىلگىرى شۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە نەزەر تاشلاپ ئۆتىمەك زۆرۈردۇر. بىزگە مەلۇم، 1947 - يىلى ئەتىياز جياڭ جيېشى «10 - ئۆكتەبىر» كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازاد رايونلارغا قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن چېكىنىپ چىققان، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى ئەل جاھانگىرلىكى بىلەن ئەكسىيەتچىلەر كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قالجىرانە سىياسىتى

ھۇجۇمغا ئۆتكەن، شۇنداقلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چەت ئەل جاھانگىرلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ، «جۇڭگو كومپارتىيىسى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارا قولى، مالىيى» دەپ داۋراڭ كۆتۈرۈۋاتقان، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئازغۇنلار گومىنداڭ خوجايىنلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىت ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنچۈك ئىزلىگەن بۆرىدەك يورغىلاپ يۈرگەن ئوسمانغا شىنجاڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال سۇڭ شىلىيەنگە ئوخشاش خېرىدار چىقىپ قالدى. سۇڭ شىلىيەن ئەپەندىگە بولسا ئوسماندىن پايدىلىنىپ «دۆلەت ئاتىسى»غا خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق خوجايىنلىرىدىن سەدىقە ئېلىشنىڭ مۇمكىنلىكى تۇغۇلۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ تۈنۈگۈنلا «ئىت — مۈشۈك» بولۇپ يۈرۈشكەن ئىككى پۇرسەتپەرەس ئەمدى بىرى ئەقىل كۆرسەتكۈچى، يەنە بىرى بىجا كەلتۈرگۈچى بولۇپ، «بەيتىك ۋەقەسى» كومېدىيىسىنى ئورۇنداپ چىقتى.

ئەمدى تېمىغا قايتايلى:

«بەيتىك ۋەقەسى» 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبى، جەريانى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا بىر نەچچە خىل كۆزقاراش بار.

سۇڭ شىلىيەن ۋەكىللىكىدىكى قاراشتىكىلەر موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ دۆلەت زېمىنىمىزغا يامان غەرەز، يامان نىيەتتە ئويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ خاراكتېرى تاجاۋۇزچىلىق، مەقسىتى كېڭەيمىچىلىك، ئوسماننىڭ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قان كېچىپ قارشى چىقىپ، موڭغۇلىيە قوشۇنىنى دۆلىتىمىز چېگرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشى ناھايىتى روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «بەيتىك ۋەقەسى» راستىنى ئېيتقاندا ئوسمانلارنىڭ چېگرا ئاتلاپ موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ باندىتلىق قىلىشى، شۇ ئەل خەلقىنىڭ خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇشىغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى سەۋەب بولغان چېگرىدىكى توقۇنۇش، دەيدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر بۇ ۋەقەنى ئەسلىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر قىسىملىق سىياسىي كۆرەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ مەخپىي پىلانلاپ، ئوسمان ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان، پىلاننى بېكىتكۈچى سۇڭ شىلىيەن، پىلاننى ئۇتاشتۇرغۇچى ئوسمان، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ مەقسىتى سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش، دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر بىلەن ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىنى دەلىللىسەك، ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرى ئۆز - ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىپ كېتىدۇ.

«بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشقا ھەقلىق بولغان يەنە شۇ گومىنداڭ ئەربابلىرى گەپ قىلسۇن. «بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدا ئەينى زاماندا گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى بولغان لۇ چىنى 1964 - يىل 6 - ئايدا «ئوسمان ۋە بەيتىك

ۋەقەسى» سەرلەۋھەلىك ماقالىسىدە ئاشقا مۇھەررىر باسقاندەك قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «1947 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى جياڭجۇن گوبىگە قاپسىلىپ قالغان ئوسمان ئۆز ئادەملىرىگە سۇڭ شىلىيەننىڭ ئالدىنئالا تۈزۈپ قويغان پىلانى بويىچە، بەيتىك ئېتىكىدە تۇرىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - شىنىڭ 7 - لۈيىگە قاراشلىق خەن گوفەن تۇەنى بىلەن ماسلىشىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن، بەيتىكنىڭ كۈن چىقىش تەرەپ باغرىغا بېرىشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن بولغۇن سازلىقىدىن دەريا بويلاپ شىمالغا قاراپ يۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلماقچى بولدى. مۇشۇ پىلان بويىچە ئوسماننىڭ ئادەملىرى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايلىنىپ مېڭىپ، ئالدىنئالا بەيتىكتە بەلگىلىۋالغان توقۇنۇش ئورنىغا كەلدى. ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى چارلاشتا يۈرگەن خەن گوفەن تۇەنىنىڭ ما شىجىن ليەنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇتۇشۇپ قالىدۇ. ۋەقە مانا مۇشۇنداق باشلىنىدۇ».

ئەمدى ۋۇ جۇڭشىن دەۋرىدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان جىن شاۋشيەننىڭ «بەيتىك ۋەقەسى» توغرىسىدا نېمە دەپ يازغىنىغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ:

«ئوسماننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىدا تىنچسىزلىق تۇغدۇرۇشىغا ما چېڭشياڭ بەك خۇشال بولدى. ۋەقەنى ئۆزلىرى تۇغدۇرۇپ، جاۋابكارلىقنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئارتىپ، خەلقئارانىڭ نەزىرىنى بىر تەرەپكە بۇراپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارىلاشتۇرماقچى بولدى. بۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تونجۇقتۇرۇشقا پايدىلىق، دەپ قارىدى... ئوسماننىڭ قالدۇق قاراقۇرغۇنلىرىنى قايتا - قايتا ئۇرۇشقا ھەيدىتىپ، بۇ يولدا قولغا چۈشكەن بەزى قورال - ياراغلارنى ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭگە ئاپىرىپ، يەردىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك يەر - كۆككە پاتماي كەتتى. ئۇلار موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى تۇتقان قورال - ياراغلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياسىغان ۋە تەمىنلىگەن، دەپ جۇۋقان كۆتۈردى. ما چېڭشياڭ قىسىملىرىنىڭ بەيتىك تېغىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن شىنجاڭغا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش يولىدا پايدىلانماقچى بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دەپ گەپ يورغىلاتتى. مانا بۇ شۇ مەزگىلدە ئەكسىيەتچىلەر ياساپ چىققان «بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ھەقىقىي سىرى».

لېكىن «بەيتىك ۋەقەسى»نى باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ چىققان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ گېنېرالى سۇڭ شىلىيەن «بەيتىك ۋەقەسى» ئارقىلىق موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋە شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش قارا قولى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى گويا يەنە بىر قېتىم «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى تۇغدۇرغۇچى قىلىپ كۆرسىتىش، كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش يولىدا بىر قارا قويۇن چىقارماقچى بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ، ۋاشىنگتون، لوندون، پارىژ قاتارلىق يەرلەردىكى ئاگېنتلىقلارنىڭ مۇخبىرلىرىنى

تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئوسماننىڭ قېشىغا ئاپىرىپ «تاۋاپ» قىلدۇردى. ئامال قانچە، «يەك ئېغىز ۋەقە» دەپ بولۇشىچە داۋراڭ سېلىشقان «بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ئۇچقۇنى يالقۇنلىماي تۇرۇپلا ئۆچۈپ قالدى. چۈنكى چېرچىل «ئېيتىلىپ يۈرگەن بۇ سۆزلەر ئۇنچىۋالا قىزىقارلىق ئەمەس» دەپ ئۆزى ئىنكار قىلىپ سالدى.

قىسقىسى «بەيتىك ۋەقەسى» تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئوسمان تۇرغۇسىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئالغان رولى ۋەتەنپەرۋەرنىڭ رولى ئەمەس، ئەكسىچە چېگرا ئاتلاپ باندىتلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەلقئارالىق قاراقچىلىق، خالاس. لېكىن نېمە ئۈچۈن سۇڭ شىلىەن قاتارلىقلار «بەيتىك ۋەقەسى»نى غەربىي شىمالدا بولغان ئىككىنچى بىر «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دەپ، «ئوسماننىڭ بۇ ۋەقە جەريانىدا ئوينىغان رولى، كۆرسەتكەن خىزمىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى كان ئاچقۇچىلىرىنىڭ كۆكتوقايدا كان ئېچىشىغا قارشى چىقىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دەل ۋەتەنپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى» دەپ چوقان سېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك. بۇ ئوغرىنىڭ «ئوغرىنى تۇت» دەپ توۋلىغىنىغا ئوخشاش. ۋاقتى كەلگەندە ئوسماننى شىپى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن بارلىق جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا «بەيتىك ۋەقەسى»گە مۇناسىۋەتلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماي ئۆتۈپ كېتىش، خۇسۇسەن ئۆزلىرىنى ئوسماندەك «ۋەتەنپەرۋەر»نى قوللىغان تەبىقى «ۋەتەنپەرۋەر»مىز، بولۇپمۇ ۋەتەن يولىدا ساپ نىيەت بىلەن كۈچ چىقىرىپ، ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈرگەن «دانالار»مىز» دەپ كۆرسىتىش. كاشكى ئوسمان «ۋەتەن»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن ئاتالغۇنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ قوللىنىپ باققان بولسا! ئۇنىڭ «ئېلىم»، «يېرىم» دېگىنىمۇ شۇ پەقەت كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىن، كەڭرەك چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسىدىن ئاشما!

## 10. خاتىمە

باندىت ئوسمان ئىسلامغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شېرزىمان بەيتىك تېغى ئەتراپىدا قۇرمانباي قاتارلىق بىر ئوچۇم باندىتلارنى توپلاپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ بەيتىك تېغىدىن تارتىپ ئۈرۈمچى نەنشەنگىچە بولغان ئەتراپتا باندىتلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا چىڭخەي، گەنسۇ ئەتراپلىرىدا مەغلۇپ بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن باندىتلار بىرلەپ ئىككىلەپ كېلىپ قوشۇلىدۇ. 1952 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئادەم سانى خېلىلا كۆپىيىدۇ، نەتىجىدە گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيىلىرى ۋە ئۈرۈمچى نەنشەندىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ.

1952 - يىل 5 - ئايدا ھەربىي رايون 17 لىيەن، 1138 ئەسكەر ئاجرىتىپ ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارماق ئەترىتى تەشكىللەپ، باندىت تازىلاش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ. 5 - ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرى بىلەن باندىتلار

ئوتتۇرىسىدا 30 نەچچە قېتىم چوڭ - كىچىك جەڭ بولىدۇ، بۇ جەڭلەردە 223 باندىت ئۆلىدۇ ۋە يارىلىنىدۇ، 132 باندىت تەسلىم بولىدۇ، 1759 چارۋىچى ئامما ئازاد قىلىنىدۇ. ھەربىي جەھەتتە زەربە بېرىش، سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈش ۋە بېتىم قالدۇرۇش نەتىجىسىدە شېرزىمان 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولىدۇ.

ئوسماننىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۈنجى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى شېربازدان ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 - يىلدىكى ئۈنجى قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ قايىرتىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولىدۇ؛ يەنە شۇ ئايالىدىن بولغان ئوغلى بايدۇللا، كارىي بىلەن قىزى كابىراتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1944 - يىل 5 - ئايدا چاناپ ۋە تىرىك قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. 2 - خوتۇنىدىن تۇغۇلغان سايىيا ئىسىملىك قىزىمۇ تىرىك پېتى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پاسىيا دېگەن قىزى شياڭ شىسەينىڭ كۆكتوقايدىكى ھۆكۈمەت كورتى تەرىپىدىن ئوسمانغا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلىپ شۇ پېتى دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قېلىپ ھايات قالىدۇ. ئوغۇللىرىدىن شېرزىمان، نىغمەتۇللا، نەبىلەر 1941 - يىلدىن تارتىپ دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئوسمان 1951 - يىلنىڭ بېشىدا چىڭخەي بىلەن گەنسۇ ئارىلىقىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ كونا ھەمراھلىرىنى توپلاپ شېرزىمان باشچىلىقىدا بەيتىك تېغىدىن ئۇرۇمچى نەنشەنگىچە بولغان دائىرىدە بىر مەزگىل باندىتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، 1952 - يىل 9 - ئايدا پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. ئۇلاردىن شېرزىمان 1970 - يىلى تۈرمىدە ئۆلدى، نىغمەتۇللا 1972 - يىلى كېسەل بىلەن ئۆلدى، نەبى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كورتى يېزىسىدا ياشاۋاتىدۇ. 3 - قېتىم تۇل ئالغان خوتۇنى بايانىدىن تۇغۇلغان ئاماق ئىسىملىك ئوغلىمۇ ھازىر كورتى يېزىسىدا ياشاۋاتىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 7 - ئاي، 1 - نەشرى.

2. «كۆكتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، كۆكتوقاي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 12 - ئاي، 1 - نەشرى.

3. «چىڭگىل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، چىڭگىل ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 10 - ئاي، 1 - نەشرى.

4. «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 7 - ئاي، 1 - نەشرى.

5. بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 - يىل 5 - ئاي، 1 - نەشرى

6. «يېقىنقى زامان شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە)، «يېقىنقى زامان شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى

ھۇجۇمغا ئۆتكەن، شۇنداقلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چەت ئەل جاھانگىرلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ، «جۇڭگو كومپارتىيىسى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارا قولى، مالىيى» دەپ داۋراڭ كۆتۈرۈۋاتقان، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئازغۇنلار گومىنداڭ خوجايىنلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر بىرى بىلەن بەسلىشىپ پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىت ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەمچۈك ئىزلىگەن يۈرىدەك يورغىلاپ يۈرگەن ئوسمانغا شىنجاڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال سۇڭ شىلىيەنگە ئوخشاش خېرىدار چىقىپ قالدى. سۇڭ شىلىيەن ئەپەندىگە بولسا ئوسماندىن پايدىلىنىپ «دۆلەت ئاتىسى»غا خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق خوجايىنلىرىدىن سەدىقە ئېلىشنىڭ مۇمكىنلىكى تۇغۇلۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ تۈنۈگۈنلا «ئىت — مۈشۈك» بولۇپ يۈرۈشكەن ئىككى پۇرسەتپەرەس ئەمدى بىرى ئەقىل كۆرسەتكۈچى، يەنە بىرى بىجا كەلتۈرگۈچى بولۇپ، «بەيتىك ۋەقەسى» كومېدىيىسىنى ئورۇنداپ چىقتى.

ئەمدى ئىشقا قايتايلى:

«بەيتىك ۋەقەسى» 1947 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبى، جەريانى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا بىر نەچچە خىل كۆزقاراش بار.

سۇڭ شىلىيەن ۋەكىللىكىدىكى قاراشتىكىلەر موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ دۆلەت زېمىنىمىزغا يامان غەرەز، يامان نىيەتتە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ خاراكتېرى تاجاۋۇزچىلىق، مەقسىتى كېڭەيمىچىلىك، ئوسماننىڭ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قان كېچىپ قارشى چىقىپ، موڭغۇلىيە قوشۇنىنى دۆلىتىمىز چېگرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشى ناھايىتى روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «بەيتىك ۋەقەسى» راستىنى ئېيتقاندا ئوسمانلارنىڭ چېگرا ئاتلاپ موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ باندىتلىق قىلىشى، شۇ ئەل خەلقىنىڭ خاتىرجەم ـ تىنچ تۇرمۇشىغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىنى سەۋەب بولغان چېگرىدىكى توقۇنۇش، دەيدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر بۇ ۋەقەنى ئەسلىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر قېتىملىق سىياسىي كۆرەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ مەخپىي پىلانلاپ، ئوسمان ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان، پىلاننى بېكىتكۈچى سۇڭ شىلىيەن، پىلاننى ئۇناشتۇرغۇچى ئوسمان، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ مەقسىتى سۇنى لىيىتىپ بېلىق تۇتۇش، دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر بىلەن ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىنى دەلىللىسەك، ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرى ئۆز ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىپ كېتىدۇ.

«بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشتا ھەقلىق بولغان يەنە شۇ گومىنداڭ ئەرباپلىرى گەپ قىلسۇن.

«بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدا ئەينى زاماندا گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى بولغان لۇ چېنى 1964 ـ يىل 6 ـ ئايدا «ئوسمان ۋە بەيتىك

ۋەقەسى» سەرلەۋھەلىك ماقالىسىدە ئاشقا مۇھىم باسقانداق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى جياڭجۇن گوبىگە قاپسىلىپ قالغان ئوسمان ئۆز ئادەملىرىگە سۇڭ شىليەننىڭ ئالدىنئالا تۈزۈپ قويغان پىلانى بويىچە، بەيتىك ئېتىكىدە تۇرىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - شىنىنىڭ 7 - لىيىگە قاراشلىق خەن گوفەن تۈەنى بىلەن ماسلىشىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن، بەيتىكنىڭ كۈن چىقىش تەرەپ باغرىغا بېرىشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن بولغۇن سازلىقىدىن دەريا بويلاپ شىمالغا قاراپ يۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلماقچى بولدى. مۇشۇ پىلان بويىچە ئوسماننىڭ ئادەملىرى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايلىنىپ مېڭىپ، ئالدىنئالا بەيتىكتە بەلگىلىۋالغان توقۇنۇش ئورنىغا كەلدى. ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى چارلاشتا يۈرگەن خەن گوفەن تۈەنىنىڭ ما شىجىن لىيەنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ تۇتۇشۇپ قالىدۇ. ۋەقە مانا مۇشۇنداق باشلىنىدۇ».

ئەمدى ۋۇ جۇڭشىن دەۋرىدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان جىن شاۋشيەننىڭ «بەيتىك ۋەقەسى» توغرىسىدا نېمە دەپ يازغىنىغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ:

«ئوسماننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىدا تىنچسىزلىق تۇغدۇرۇشىغا ما چىڭشياڭ بەك خۇشال بولدى. ۋەقەنى ئۇلارنى تۇغدۇرۇپ، جاۋابكارلىقنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئارتىپ، خەلقئارانىڭ نەزىرىنى بىر تەرەپكە بۇراپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارىلاشتۇرماقچى بولدى. بۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تۇنجۇقتۇرۇشقا پايدىلىق، دەپ قارىدى ... ئوسماننىڭ قالدۇق قارغا - قوزغۇنلىرىنى قايتا - قايتا ئۇرۇشقا ھەيدىۋېتىپ، بۇ يولدا قولغا چۈشكەن بەزى قورال - ياراغلارنى ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭغا ئاپىرىپ، بەردىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك يەر - كۆككە پاتماي كەتتى. ئۇلار موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى تۇتقان قورال - ياراغلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياسىغان ۋە تەمىنلىگەن، دەپ چۇقان كۆتۈردى. ما چىڭشياڭ قىسىملىرىنىڭ بەيتىك تېغىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن شىنجاڭغا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش يولىدا پايدىلانماقچى بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دەپ يورغىلاتتى. مانا بۇ شۇ مەزگىلدە ئەكسىيەتچىلەر ياساپ چىققان «بەيتىك ۋەقەسى» نىڭ ھەقىقىي سىرى».

لېكىن «بەيتىك ۋەقەسى» نى باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ چىققان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ گېنېرالى سۇڭ شىليەن «بەيتىك ۋەقەسى» ئارقىلىق موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋە شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش قارا قولى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى گويا يەنە بىر قېتىم «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى تۇغدۇرغۇچى قىلىپ كۆرسىتىش، كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش يولىدا بىر قارا قويۇن چىقارماقچى بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ، ۋاشىنگتون، لوندون، پارىژ قاتارلىق يەرلەردىكى ئاگېنتلىقلارنىڭ مۇخبىرلىرىنى

تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئوسماننىڭ قېشىغا ئاپىرىپ «ئاۋاپ» قىلدۇردى. ئامال قانچە، «بەك ئېغىر ۋەقە» دەپ بولۇشىچە داۋراڭ سېلىشقان «بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ ئۇچقۇنى يالقۇنلىماي تۇرۇپلا ئۆچۈپ قالدى. چۈنكى چىرچىل «ئېيتىلىپ يۈرگەن بۇ سۆزلەر ئۈنچىۋالا قىزىقارلىق ئەمەس» دەپ ئۆزى ئىقرار قىلىپ سالدى.

قىسقىسى «بەيتىك ۋەقەسى» تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئوسمان تۇرغۇسىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئالغان رولى ۋەتەنپەرۋەرنىڭ رولى ئەمەس، ئەكسىچە چېگرا ئاتلاپ باندىتلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەلقئارالىق قاراقچىلىق، خالاس. لېكىن نېمە ئۈچۈن سۇڭ شىليەن قاتارلىقلار «بەيتىك ۋەقەسى»نى غەربىي شىمالدا بولغان ئىككىنچى بىر «18 - سىنتەبىر ۋەقەسى» دەپ، «ئوسماننىڭ بۇ ۋەقە جەريانىدا ئوينىغان رولى، كۆرسەتكەن خىزمىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى كان ئاچقۇچىلىرىنىڭ كۆكتوقايدا كان ئېچىشىغا قارشى چىقىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دىل ۋەتەنپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى» دەپ چوقان سېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك. بۇ ئۇلارنىڭ «ئوغرىنى تۇت» دەپ توۋلىغىنىغا ئوخشاش، ۋاقتى كەلگەندە ئوسماننى شىپى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن بارلىق جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا «بەيتىك ۋەقەسى»گە مۇناسىۋەتلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماي ئۆتۈپ كېتىش. خۇسۇسەن ئۆزلىرىنى ئوسماندەك «ۋەتەنپەرۋەر»نى قوللىغان تەيشىي «ۋەتەنپەرۋەر» مىز، بولۇپمۇ ۋەتەن يولىدا ساپ نىيەت بىلەن كۈچ چىقىرىپ، ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈرگەن «دانالار» مىز، دەپ كۆرسىتىش. كاشكى ئوسمان «ۋەتەن»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن ئاتالغۇنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ قوللىنىپ باققان بولسا! ئۇنىڭ «ئېلىم»، «يېرىم» دېگىنىمۇ شۇ پەقەت كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىن، كەڭرەك چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسىدىن ئاشما!

## 10. خاتىمە

باندىت ئوسمان ئىسلامغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شېرزىمان بەيتىك تېغى ئەتراپىدا قۇرمانباي قاتارلىق بىر ئوچۇم باندىتلارنى توپلاپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ بەيتىك تېغىدىن ئارتىپ ئۈرۈمچى نەنشەنگىچە بولغان ئەتراپتا باندىتلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا چىڭخەي، گەنسۇ ئەتراپلىرىدا مەغلۇپ بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن باندىتلار بىرلەپ ئىككىلەپ كېلىپ قوشۇلىدۇ. 1952 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئادەم سانى خېلىلا كۆپىيىدۇ، نەتىجىدە گۈچۈڭ، جىمسار ناھىيىلىرى ۋە ئۈرۈمچى نەنشەندىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ.

1952 - يىل 5 - ئايدا ھەربىي رايون 17 لىيەن، 1138 ئەسكەر ئاجرىتىپ ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارماق ئەترىتى تەشكىللەپ، باندىت تازىلاش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ. 5 - ئاينىڭ بېشىدىن ئارتىپ 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرى بىلەن باندىتلار

ئوتتۇرىسىدا 30 نەچچە قېتىم چوڭ - كىچىك جەڭ بولىدۇ. بۇ جەڭلەردە 223 باندىت ئۆلىدۇ ۋە يارىلىنىدۇ، 132 باندىت تەسلىم بولىدۇ، 1759 چارۋىچى ئامما ئازاد قىلىنىدۇ. ھەربىي جەھەتتە زەربە بېرىش، سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈش ۋە يېتىم قالدۇرۇش نەتىجىسىدە شېرزىمان 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولىدۇ.

ئوسماننىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۈنجى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى شېرىبازدان ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 - يىلدىكى ئۈنجى قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ قايرىتىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولىدۇ؛ يەنە شۇ ئايالدىن بولغان ئوغلى بايدۇللا، كارىي بىلەن قىزى كابىرانى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1944 - يىل 5 - ئايدا چاناپ ۋە تىرىك قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. 2 - خوتۇنىدىن تۇغۇلغان سايىيا ئىسىملىك قىزىمۇ تىرىك پېتى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پانىيا دېگەن قىزى شىباڭ شىسەينىڭ كۆكتوقايدىكى ھۆكۈمەت ئورنى تەرىپىدىن ئوسمانغا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلىپ شۇ يېتى دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قېلىپ ھايات قالىدۇ. ئوغۇللىرىدىن شېرزىمان، نىغمەتۇللا، نەبىلەر 1941 - يىلدىن ئارتىپ دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئوسمان 1951 - يىلنىڭ بېشىدا چىگەي بىلەن گەنسۇ ئارىلىقىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ كونا ھەمراھلىرىنى توپلاپ شېرزىمان باشچىلىقىدا بەيتىك تېغىدىن ئۇرۇمچى نەنسەنگچە بولغان دائىرىدە بىر مەزگىل باندىتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، 1952 - يىل 9 - ئايدا پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي خىزمەت ئىشلەش نەتىجىسىدە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. ئۇلاردىن شېرزىمان 1970 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆلدى، نىغمەتۇللا 1972 - يىلى كېسەل بىلەن ئۆلدى، نەبى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كۈرتى يېزىسىدا ياشاۋاتىدۇ. 3 - قېتىم تول ئالغان خوتۇنى بابايدىن تۇغۇلغان ئاماق ئىسىملىك ئوغلىمۇ ھازىر كۈرتى يېزىسىدا ياشاۋاتىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 7 - ئاي، 1 - نەشرى.

2. «كۆكتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، كۆكتوقاي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 12 - ئاي، 1 - نەشرى.

3. «چىڭگىل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، چىڭگىل ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 10 - ئاي، 1 - نەشرى.

4. «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 7 - ئاي، 1 - نەشرى.

5. بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986- يىل 5 - ئاي، 1 - نەشرى

6. «بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە)، «بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى

تورۇش ھەيئىتى تۈزگەن، «بۇگۇنكى جۇڭگو» نەشرىياتى 2003 - يىل 7 - ئاي، بېيجىڭ، 1 - نەشرى.

7. «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»نى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1998 - يىل 9 - ئاي، بېيجىڭ، 1 - نەشرى.

8. «شىنجاڭدا باندىت تازىلاش خاتىرىسى» (خەنزۇچە)، جاڭ يۈشى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 5 - ئاي، 1 - نەشرى.

9. ساۋدانوف زابىر: «5 - كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابى مۇساپىسى» (خەنزۇچە)، ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى 1989 - يىل 2 - ئاي، بېيجىڭ، 1 - نەشرى.

10. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئويغۇرچە)، 25 -، 29 - سانلىرى، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى تورۇش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىل 12 - ئاي، 1990 - يىل 11 - ئاي 1. نەشرى.

11. پاتىقان سوگۇرباېوف: «ئالتاي كۈرەشلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 5 - ئاي قازاقچە 1 - نەشرى.

12. «تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار» مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزگەن، خەنزۇچە نەشرى، 118 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

---

## ئاغى مىڭئۆيىنىڭ تېپىلىشى

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئارىسىغا مايلاشقان ئاغى يېزىسىدىكى مالچى ئابلەت ئادەتتىكىگە ئوخشاش دورىلىق ئۆسۈملۈك يىغىشقا بارىدۇ، ئۇ قورال - سايمانلىرىنى ئېلىپ، ئاندا دورىلىق ئۆسۈملۈك ئىزدەپ يۈرۈپ، 30 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ قاپتىلىدا ئۆسكەن چاتقالنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، چاتقالنى تۇتۇشقا مىڭ بىللاپ ئادەم ئاياغ باسمىغان بىر غارغا كىرىپ كېتىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنى 1999 - يىل 10 - ئايدا مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېڭىدىن بايقالغان بۇ غارنى تەكشۈردى ۋە غارنىڭ قۇرۇلمىسى، تامغا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلدى.

غارغا سىزىلغان رەسىم قالدۇقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 15 كۇۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ رەسىملەر ناھايىتى نەپىس سىزىلغان بولۇپ، بۇددا دىنىغا دائىر رەسىملەردۇر، رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىدە خەنزۇچە يېزىقلىرى بار. مۇتەخەسسىسلەر تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغان يىل دەۋرىنى ھازىرچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ دەپ ئەھقىقلىدى. بۇ غارغا ئاغى مىڭئۆيى دەپ نام بېرىلدى.

— ماتېرىيالدىن

# تارىختا يېزىلمىغان ئىشلار

## مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

(شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

1937 - يىلى قەشقەر، باش ئەتىياز.

شىباڭ شىسەينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى ئىشخانىسىدا چىرايلىق بۇرۇت قويغان ئاق يۈزلۈك بىر ئادەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئادەم مەھمۇت مۇھىتنىڭ ھەمسۆھبەت ئۆلپىتى، دىۋىزىيە سىياسىي - قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تىۋىپ بايئاخۇن ئەزىزى ئىدى. سۆھبەت ئوتتىسىدا ئىشخانا كاتىپى كىرىپ، قەشقەر گارنىزونىدىن بىر ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ، — سورىدى مەھمۇت مۇھىتى.

— نېمە ئىشلىقىنى ماڭا دېمىدى، سىجاڭنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشىمەن، مۇھىم ئىشىم بار دەيدۇ. سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ.

— نېمى ئالدىراش دېمىدىڭمۇ؟

— شۇنداق دېدىم سىجاڭ، كېيىنڭ بولسا ماڭا دە، مەن يەتكۈزۈپ قوياي، سىجاڭ ھازىر مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ دېسەم، ئۇ مۇھىم بىر ھۆججەت بار، سىجاڭنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى.

— كىرگۈزۈۋەت.

كاتىپ چىقىپ كەتتى، ھايال بولماي، مەھمۇت مۇھىتنىڭ بىر قوغدىغۇچىسى يۇقىراچە كېيىنگەن پاكار بويلۇق بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. مېھمان گارنىزون سىياسىي باشقارمىسىنىڭ خىزمەت گۇۋاھنامىسىنى چىقىرىپ مەھمۇت مۇھىتىغا ئۇزاتتى. قوغدىغۇچى ئۇنى سىجاڭغا يەتكۈزۈپ بەردى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى سىجاڭ قىسقىلا قىلىپ.

— مەن مەلۇماتنى ئاغزاكى يەتكۈزمەكچى، بۇ يەردە يات ئادەملەر تۇرسا بولمايدۇ — دېدى پاكار ئادەم ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ.

سىجاڭ ئىشارەت قىلدى، مۇھاپىزەتچى چىقىپ كەتتى.

— بۇ كىشى . . . — دەپ بايئاخۇنغا قارىدى گارنىزون خادىمى.

— ھېچقىسى يوق، بۇ كىشى مېنىڭ ئۆز ئادىمىم، گەپنى مەن بىلەن بىللە ئاڭلىسا بولىدۇ.

گارنىزون خادىمى سەل ئىككىلەنگەندەك قىلىپ سۆزىنى باشلىدى.

— بىزنىڭ چۇجاڭ جانابلىرى سىلىگە سالام ئېيتتى، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىسى بار ئىكەن، مەن چۇجاڭ جانابلىرىنىڭ مۇشۇ ئۈمىدىنى سىلىگە يەتكۈزگىلى كەلگەن.

— گەپ ئوچۇقراق بولسۇن، چۇجاڭ

جانابلىرى نېمە ۋەجىدىن مەن بىلەن كۆرۈشمىدىكەن، نېمىشقا ئۆزى كەلمىدى؟

— چوڭجاڭ جانابلىرى سىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن، مۇھىم بىر ئىشنى سىلىگە مەلۇم قىلماقچى ئىكەن، چوڭجاڭنىڭ سىلىنىڭبۇغا كېلىشى بىئەپ ئىكەن، كۆرۈشۈش ئورنى ۋە ۋاقتىنى بېكىتىپ بەرگەن بولسىلا، چوڭجاڭ جانابلىرى شۇ جايدا سىلى بىلەن دىدارلاشسام دەيدۇ.

مەھمۇت مۇھىتى جاۋاب قىلمىدى، ئۇ ئورنىدىن قوزغالماي جىمجىت ئولتۇراتتى.

— شۇنداق مۇھىم ئىشمىكەن، بەك ئالدىراشمۇ؟ — دېدى مەھمۇت مۇھىتى.

— شۇنداق، تەقسىر. بەك مۇھىم ئىش ئىكەن. چوڭجاڭ جانابلىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ، سىجاڭ جانابلىرىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىكەن، ئۇ كىشى سىلىگە خەيرلىك تىلەيدۇ.

— ئوبدان، ئەمسە گەپ مۇنداق بولسۇن: مانا بۇ كىشى، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى بايناخۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئەتە نامازدىگەر بىلەن نامازشام ئارىلىقىدا چوڭجاڭنىڭ بېگىشەھەردىكى ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ. بارغىچە ھېچقانداق ئالاقە - گۇۋاھنامە بېرىلمەيدۇ. چوڭجاڭنىڭ نېمە گېپى بولسا، مۇشۇ كىشىگە خاتىرجەم دەۋەرسۇن، بۇ كىشىگە دېيىلگەن گەپ مېنىڭ ئۆزەمگە دېگەنگە ئوخشاش، يەنە نېمە ئىش بار؟

— باشقا ئىش يوق تەقسىر، — دېدى گارنىزون شتابىنىڭ خادىمى، ئاندىن بايناخۇنغا ئوبدان سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ھويلىدا مۇنداقلا ئاددىي بىر مەپە يولغا چىقىشقا تەييار تۇراتتى.

بايناخۇن دىگەرنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، بىسمىللا دەپ ئوڭ پۇتى بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيدىن چىقتى. سىرتتا يۇقىراچە كىيىنگەن ئېگىز بويلۇق بىر مۇھاپىزەتچى بىلەن يەنە بىر ھارۋىكەش ئۇنى مەپە يېنىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچى بايناخۇننى مەپىگە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى مەپىنىڭ ئالدى تەرەپ ئۇلاغ شوتىسىغا سەكرەپ چىقىپ جايلاشتى، مەپە بېگىشەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە مەھمۇت مۇھىتى بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۆلكە دۇبەنى شېڭ شىسەي قەشقەردە تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن بولۇپ، بىرىنچى قەدەمدە خوجانىياز ھاجىنى ئۆلكە مۇئاۋىن رەئىسى نامى بىلەن يۆتكەپ ئېلىپ كەتكەن، مەھمۇت مۇھىتى بولسا ئۆزىگە بېرىلگەن بىر سىجاڭلىق مەنسىپى بىلەن قەشقەردە يالغۇز قالغانىدى. شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ليۇ بىڭ دېگەن ئادەمنى قەشقەر گارنىزون قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، شۇنىڭدىمۇ خاتىرجەم بولالماي، مەھمۇت سىجاڭنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تايانچ كادىرلىرى، تۇەنجاڭ، لىيەنجاڭلىرىدىن بولۇپ 10 نەچچە كىشىنى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۆگىنىشكە دەپ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەي يەنە قەشقەر شەھىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ساقچى ئورۇنلىرىنى ئىگىلەپ، كەڭ ئىشپىيونلۇق تورى ئارقىلىق مەھمۇت سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ

ئادەملىرىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. مەھمۇت مۇھىتى شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى يوقىتىش سۇيىقەستىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شىڭ شىسەيگە ئوچۇق قارشى چىقالمايتتى، چۈنكى سوۋېت ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى قوللايتتى. ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مەھمۇت مۇھىتى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى بىلەن مەخپىي مۇزاكىرە ئۆتكۈزگەندە بىرسى يىغىن مەزمۇنىنى قەشقەر گارنىزون قوماندانى لىۇ بىڭغا ۋە سوۋېت كونسۇلىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنداق ئىش يەنە ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئىشلار ئۇدۇللۇق شىڭ شىسەيگە مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شىڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىدىن يەنە يىگىرمە نەچچە كىشىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ بايشاخۇن ئۆزىنىڭ يېڭىشەھەر گارنىزون سىياسىي باشقارما باشلىقىنىڭ ئۆيىگە قانداق يېرىپ قالغانلىقىنى ئۇيماي قالدى.

بايشاخۇن مۇھاپىزەتچىسىنى سىرتتا قالدۇرۇپ قوبۇلخانىغا مەيكەش بىلەن بىللە كىردى. مېھمانلارنى باشقارما باشلىقىنىڭ كاتىپى — تونۇگۈن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىشخانىسىغا بارغان ھېلىقى پاكار كىشى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ بۇ يەرگە باشلاپ كىرگەنىدى.

— مانا بۇ كىشى جۇجاڭ جانابلىرى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئۇ يېنىدىكى تۈگمىلىرى ياندىن ئېتىلىدىغان ئۇزۇن چاپان كىيگەن ئېگىز بويلۇق تاقىرباش، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ كەلگەن ئورۇق خەنزۇ كىشىنى كۆرسىتىپ. باشقارما باشلىقى ئۇلارنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە سىجاڭنىڭ ئامانلىقىنى سورىدى. كاتىپ ئارىدىكى گەپلەرنى تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

— ھەرقايسىلىرى بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن بەك خۇرسەنمەن، — دېدى باشقارما باشلىقى ۋە مەيكەشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ كىشى كىم بولىدۇ، — دەپ سورىدى.

— بۇ كىشى تۇڭچى بولىدۇ، — دېدى بايشاخۇن.

بۇ «تۇڭچى» ئەسلىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىدە ياتقان جىنايەتچى بولۇپ، ئۇستا تىلماچ ئىدى. مەھمۇت مۇھىتى بۈگۈن ئۇنى بايشاخۇنغا «مەيكەش» قىلىپ قوشۇپ بەرگەنىدى.

— بۇ كىشى چىقىپ كەتسۇن، بىز ئىككىمىز يالغۇز سۆزلىشەيلى، بۇ كىشىمۇ چىقىپ كېتىدۇ، — دەپ ئۆزىنىڭ تەرجىمانىنى كۆرسەتتى.

— مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى بىلمەيمەن، — دېدى بايشاخۇن.

— مەن سىزنىڭ سۆزۈڭىزنى بىلىمەن، — دېدى باشقارما باشلىقى ئۇيغۇرچە ئوبدانلا تەلەپپۇز بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمانىغا ئىما قىلغانىدى، كاتىپ بايشاخۇننىڭ تۇڭچىسىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئىككەيلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۆي ئىچى سىرلىق جىمجىتلىققا چۆكتى. ئەمدى ئۇلار تەرجىمانسىز سۆزلەشتى، باشقارما باشلىقىنىڭ سۆزى ئانچە راۋان بولمىسىمۇ، مەزمۇنى ئېنىق ئىدى.

— ھازىر مەھمۇت سىجاڭغا يامان بولدى، — دەپ سۆز باشلىدى باشقارما باشلىقى تاقىر بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— بۇ قانداق گەپ؟!

— سىجاڭنىڭ يېنىدا ئىشپىيون بەك كۆپ، شىلڭ دۈبەن بوش ئادەم ئەمەس، ئۇ سىلەرنىڭ سىڭگىبۇغا نۇرغۇن ئىشپىيون قويدى. سەن بۇنى بىلەمسەن؟

— بۇنى بىز بىلىمىز.

— ھەي... شۇنداق، سەن بىلسەن، لېكىن كىم ئىشپىيون بۇنىمۇ بىلەمسەن؟

— بۇنى سەن بىلەمسەن؟

— مەن ئوبدان بىلىمەن. گەپ مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ يەردىكى ئىشپىيونلارنى مەن سىجاڭغا دەپ بەرسەم بولامدۇ؟

— بايئاخۇن سەل تۇرۇپ قالدى ـ بۇ، ئۆزىدىكى ئەجەپلىنىشنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— سەن نېمىشقا ئىشپىيونلارنى سىجاڭغا دەپ بېرىسەن؟ سەن توغرا دېمەيسەن، بىز ئىشەنمەيمىز، — دېدى ئاخىر.

— راست دېمەيسەن، ئەگەر مەن ئىشپىيونلارنى ئېيتىپ بەرسەم سىجاڭ كېيىمگە ئىشەنمەيدۇ. ھازىر مەندە دۈبەن ئەۋەتكەن بىر مەخپىي ئالاقە بار، بۇ دۈبەن ئۆزى قول قويغان ئىشپىيونلارنىڭ تىزىملىكى، مەن شۇنى سىجاڭغا بەرمەكچى، قانداق بولامدۇ؟ — چوجاڭ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: — ئەھۋال سىلەر ئويلىغاندىن كۆپ ئېغىر، — دەپ قوشۇپ قويدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بايئاخۇن سەل ئويلىنىپ قالدى.

— سەن كىمنىڭ ئادىمى؟ — دېدى بايئاخۇن.

— مەن شىلڭ دۈبەننىڭ ئادىمى، ھوشۇم جايىدا، سىلەر ئۈچۈن ئىشلىمەيمەن، لېكىن تىزىملىكنى بىرىشتە مېنىڭ ئالاھىدە بىر شەرتىم بار، سىجاڭ بۇنى چوقۇم ئورۇنداپ بېرىشى كېرەك.

— ئۇ قانداق شەرت؟

— سىجاڭ قەشقەر شەھەرلىك بوچتا ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ بېرىدۇ.

بايئاخۇن كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋاتقان بۇ بوچۇن گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تېخىمۇ تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.

— ئۇ قانداق ئادەم، نېمىشقا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟

— جۈيجاڭ ياخشى ئادەم، لېكىن ئۇ ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى مەن ئالىمەن.

— ياخشى ئادەمگە ئۇۋال بولغۇدەك، بولمايدۇ، باشقا شەرتىڭ بولسا دە، بىز ئورۇندايلى.

— باشقا شەرتىم يوق، سەن بىر ياخشى نىيەتلىك مۇسۇلمان، چىرايىڭدىن نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ، مەن بىلىمەن، باشقىلارغا ئۇۋال بولىدىغان ئىشنى سەن قىلمايسەن، لېكىن ئەھۋال مۇشۇ يەرگە يەتكەندىمۇ ئارىسالدى بولىدىغان ئىش بولسا، بولۇنغان گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، مەن ساڭا يەنە شۇنى دەي:

— جۈيجاڭنىڭ راستىنلا ئۆلۈمگە لايىق جىنايىتى بار، مەن ئۇنى ئۆزەم توغرىلاپ تەييارلاپ قويدۇم، سىجاڭ پەقەت ھۆكۈمنى ئېلان قىلىپ، ئىجرا قىلىپ بەرسىلا بولىدۇ. سىلەرگە ھېچقانداق ئاۋارىچىلىق يوق.

— قولۇڭدىكى ھۆججەتنى قاچان بېرىسەن؟ — دېدى بايئاخۇن، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

— ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىشىپ بولغاندا.

— سېنىڭ كېيىنكى قانداق ئىشىنىمىز؟

— ئەگەر سىجاڭ مەسلىھەتىمىزگە كۆنسە

قالغان ئىشنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى، گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دەپ چۇجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

بايئاخۇن ئەزىزى مېڭىشقا تەمشەلدى.

كېيىنكى قېتىملىق سۆھبەت ئەتىسى 6-دېۋىزىيە شتابىغا يېقىن جايدىكى بىر يەرلىك كىشىنىڭ مېھمانخانىسىدا بولدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە بايئاخۇن ئەزىزى يالغۇز ئۆزى باردى؛ سۆھبەتتە چۇجاڭنىڭ تەلىپى ئورۇندىلىدىغان بولدى.

— پوچتا ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى دۆلەت مەخپىيەتلىكى جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىدۇ، — دېدى چۇجاڭ بايئاخۇنغا چۈشەندۈرۈپ، — مەن سىلەرگە بەرمەكچى بولغان ھۆججەت مۇشۇ ئاينىڭ 7-كۈنى پوچتا ئىدارىسىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇنى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆزى قول قويۇپ ئالغان. ئەتىسى 8-چىسلا مەن ئۇنى پوچتا ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئۆز قولىدىن ئالدىم. لېكىن خەت-ئالاقە تىزىملىك دەپتىرىگە قول قويمىدىم. جۈيجاڭ ئەمدى ھۆججەتنى ماڭا بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ قەتئىي مەخپىي ھۆججىتىنى يوقاتقان بولىدۇ، بۇ جىنايەت ئۆلۈم جازاسىغا تولۇق توشىدۇ. مېنىڭ ھۆججەتنى سىلەرگە تاپشۇرۇش ئىشىغا كەلسەك، سوراق كۈنى مېنى گۇۋاھلىققا چاقىرتىسىلەر، سوراقتىن كېيىن مېنى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ قالىسىلەر. كاتىپ ھۆججەتنى ئېلىپ كېلىپ مېنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ.

2-قېتىملىق سۆھبەت تۈگىدى.

سۆھبەت ئاخىرلىشىپ جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن شۇ كۈنى كېچىسى دېۋىزىيە ھەربىي سوتى سوت يىغىنى ئاچتى. سوتتا پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خەت-ئالاقە ئىشلىرىنىڭ راۋانلىقىنى ئېيتىپ، 7-چىسلادىكى ھۆججەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىگە يەتكۈزۈلگەنلىكىدە چىڭ تۇردى. گۇۋاھلىققا چۇجاڭ چاقىرتىلدى، مەخپىي ھۆججەتلەر تىزىملىك دەپتىرى كەلتۈرۈلدى، پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 8-چىسلا كۈنىدىكى چىقىش خاتىرىسىگە قول قويۇلمىغانلىقىنى كۆرگەندە بىردىن تاتىرىپ ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ كەتتى.

سوت ئاخىرلاشتى، سوتتا پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساتقان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سوتنىڭ ھۆكۈمى يېزىلغان ئېلان كوچىغا چاپلىنىپ، ھۆكۈم سائەت 10 لاردا ئىجرا قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىياسىي باشقارما كاتىپى مەخپىي ھۆججەتنى ئېلىپ كېلىپ، چۇجاڭنى ئېلىپ كەتتى.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان شۇ چاغدا ئۈچ كىشى قەشقەردىن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۇيغۇرچە ياساندۇرۇلغان خەنزۇ كىشى بولۇپ، بېشىغا تاشلانمىغان ئۇرە تېرە تۇماق، ئۇستىگە ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيدۈرۈلۈپ، بېلىگە پوتا باغلاپ قويۇلغان، گاززىر كۆز، ساقاللىق بۇ كىشى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كېتىشكە رازى بولغان پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. سىلىكبۇ ئۇنىڭغا يېتەرلىك خىراجەت بېرىپ، ئۇنىڭ توقسۇنغىچە بىخەتەر بېرىۋېلىشى ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى قوشۇپ بەرگەنىدى. جازا مەيدانىدا ئېتىۋېتىلگەن كىشى بايئاخۇن بىلەن

چۈجاڭنىڭ ئۆيىگە مەيە ھەيدەپ بارغان، ئەمەلىيەتتە پوچتا ئىدارىسى باشلىقىنىڭ كىيىمى كىيدۈرۈلگەن ھېلىقى تىلماچ ئىدى.

مەھمۇت سىجاڭ ھۆججەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، ھۆججەتتە يېزىلغانلارغا ئىشىنەلمەي قالدى. ھۆججەتكە شىڭ شىسەينىڭ ئۆز ئىمزاسى قويۇلغان بولۇپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئورۇمچىگە ئۆگىنىشكە بارغان بىر قىسىم مۇھىم ئادەملىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى، قەشقەر گارنىزون سىياسىي باشقارمىسىنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشى ئۇقتۇرۇلغانىدى.

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى دېۋىزىيە شتابىدا يۈز بەرگەن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت قالمىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدى. قانداق قىلىش كېرەك! ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى، بىرى، جانىنى تىكىپ قويۇپ ئىشەنچ بولمىغان جەڭگە ئاتلىنىپ قان تۆكۈش؛ يەنە بىرى يەشنى قېقىپ چەتكە چىقىپ كېتىش. ئۇنىڭ كۆڭلى كېيىنكى تەدبىرنى تارتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى كېچە - كۈندۈز پايلاپ تۇرغان گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭنى قانداق ئازغاشتۇرۇپ قەشقەردىن چىقىپ كېتىش بىر مەسىلە ئىدى.

قەشقەر گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى گارنىزون شتابىنىڭ ھويلىسىدا ئۆزى يالغۇز ئەتىگەنلىك ھەربىي مەشىق چامباشچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىۋاتاتتى. سېپىل قاراۋۇللىرىنىڭ شۇ كۈنلۈك نۆۋەتچى باشلىقى ليۇ بىڭنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ يېتىپ كەلدى.

— دوكلات قوماندان، — دېدى نۆۋەتچى پۇتلىرىنى جۈپلەپ ھەربىيچە سالام بېرىپ، — سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار دۇربۇندا 30 — 40 ئادەمنىڭ كوناشەھەر تەرەپتىن بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، مەن قاراپ باقسام ئۇلار 6 - دېۋىزىيىنىڭ ئەسكەرلىرىدەك تۇرىدۇ.

— ئۇلار قانچىلىك يىراقلىقتا؟ — دېدى قوماندان.

— مۆلچەرىمچە ئۇلار ھازىر بەش يول يىراقلىقتا بولسا كېرەك.

ئۇنىڭغىچە يەنە بىر ئوفىتسېر يۈگۈرۈپ كەلدى.

— دوكلات، — دېدى ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، — كوناشەھەردىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدىكىسى مەھمۇت سىجاڭ ئىكەن، ئۇنى تونۇۋالدۇق.

— ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟

— شۇنداق، قوماندان، مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنى ئوبدان تونۇيمەن.

ليۇ بىڭ سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— بۇيرۇق! — دېدى ليۇ بىڭ ئالدىدىكى ئىككى ئوفىتسېرغا قاراپ: — سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار ھەممىسى كۆپەيتىلسۇن، سېپىل ئىچى جىددىي ھالەتكە ئۆتسۇن.

ئاتلىقلار سېپىلغا يېقىنلاشقاندا ليۇ بىڭ رەسمىي ھەربىي كىيىم بىلەن بىرنەچچە ئادەمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ليۇ بىڭ بىلەن ئاتلىقلار يۈزمۇ يۈز ئۇدۇللاشتى.

— سىجاڭ جانابلىرى ئامان بولغاي، — دېدى ليۇ بىلاڭ ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇبارەك قەدەملىرىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىدىن خەۋەرسىز قاپتىمىز، ئالدىلىرىغا چىقالمىدۇق، كەچۈرگەيلا.

— ئۇنداق بولالمىغان، ئەتىسىگەندە قوماندانىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، جانابلىرىنى مالال قىلىپتىمىز، ئالدىلىرىدا خىجىلمەن، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى ئاتتىن چۈشۈپ تەكەللۇپ بىلەن: — ئۈرۈمچىدىن بۇيان يەپ يېتىپ ھورۇنلىشىپ قالدۇق، ھاۋا يېڭىچە ئەتىگەنلىك چېنىقىشقا چىققان، جانابلىرى بەھۇزۇر ئارام ئالغاي، — دەپ مەھمۇت مۇھىتى قولىنى كۆكسىگە قويدى؛ ئاندىن ئاتقا يەڭگىل مىنىپ ھەمراھلىرى بىلەن سېپىل ياقىلاپ سەھرا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

گارنىزون قوماندانى ليۇ بىلاڭ ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كەينىگە ئادەم قويدى. ئاتلىقلار يېزا يوللىرى بىلەن ئاتلىرىنى تەكشى يورغىلىتىپ خېچىرچىقىچە بارغاندىن كېيىن، ئۆستەڭ بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئازراق دەم ئېلىشتى، ئاندىن يەنە ئاتلىق كەينىگە قايتىپ سېپىل تۈۋىدىن ئۆتتى، ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن ئۇدۇل شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەتىگەنلىك چېنىقىش ھەر كۈنى ئۆز قەرەلىدە بولۇپ تۇردى، چېنىقىش بەزى كۈنلىرى پىيادە، بەزى كۈنلىرى بولسا ئاتلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. پىيادە بولغان كۈنلىرى مەھمۇت مۇھىتى ئادەملىرى بىلەن ھەزرەتكىچە ياكى سىراخۇاخشتامغىچە پىيادە بېرىپ كېلەتتى. ئاتلىق بولغان كۈنلىرى ئوخشاش بىر يول بىلەن سېپىل تۈۋىدىن ئۆتۈپ، خېچىرچىقىچە بېرىپ ياناتتى. ئاتلىقلار بېرىپ قايتىشتا ھەر قېتىم سېپىل تۈۋىدىن ئۆتكەندە قاراۋۇللار بىر قېتىم جىددىيلىشەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنچە بۇنداق جىددىيلىشىشمۇ پەسلەپ باردى.

بىر كۈنى مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تېلېگراممىدا مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۆلكە بويىچە ئېچىلىدىغان يىغىننىڭ تەييارلىق كېڭەش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىشى ئۇقتۇرۇلغانىدى. مەھمۇت مۇھىتى بۇنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان قىلتاق ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى.

مەھمۇت مۇھىتى شېڭ دۇبەنگە جاۋاب تېلېگراما يازدى، تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلدى: «مۆھتەرەم شېڭ دۇبەن جانابلىرى، كەمىنە مەن ئۆزۈمنىڭ يىغىن تەييارلىق ئىشى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىش ھەققىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھازىر قەشقەردىكى ھەربىي قىسىمنىڭ ئىچى ئانچىلا تىنچ ئەمەس. بىر قىسىم جاھىل ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر بويۇنتاۋلۇق قىلىپ نەسىھەتنى قۇلاققا ئالماي، جاھاننى مالىمان قىلىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش، ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتىش بىلەن كەمىنەنىڭ قولى بوشىمايۋاتىدۇ. مەن يوق مەزگىلدە نادانلارنىڭ ئىش تېرىپ ئاۋامنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا مەسلىھەت ئىشى ئۈچۈن ھازىرچە ئاغام موسۇل ھاجى ھوزۇرلىرىغا بارسۇن. بۇ يەردىكى ئىشلار ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆزۈم قوبۇللىرىغا بارىمەن».

دېمىسىمۇ شۇ مەزگىللەردە 6 - دىۋىزىيە

ئىچىدىكى بىر قىسىملارنىڭ قوزغىلىپ جەڭ بىلەن ئىشنى ھەل قىلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى شېڭ شىسەي بىلەتتى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقا تىرەك بولمىسا بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشكە شېڭ شىسەينىڭ كۆزى يەتمەيتتى. شۇڭا شېڭ شىسەي مەھمۇت سىجاڭنىڭ تېلېگراممىسىغا باشقىچە پىكىردە بولدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، موسۇل ھاجى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندا شېڭ شىسەي ھاجىمنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۆھبەت قىلغانىكەن. سۆھبەت جەريانىدا موسۇل ھاجى باشتىن - ئاخىر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بەقەت تاپىنىپ ئولتۇرغان ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى پات - پات ئاختايلىق بولغا توك - توك ئۇرۇپ قويىدىكەن. 3 - كۈنى شېڭ شىسەي تەكەللۇپىنى قويۇپ:

— ھاجىم، ئۈچ كۈن بولدى، بولۇنغان گەپلەرگە بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قىلمىدى. مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنگەنمىدۇ؟ — دەپتۇ. موسۇل ھاجى: — يېغىپ كەلگەندە، — دەپ ھاسىسىنى يەنە بىر قېتىم توك - توك ئۇرۇپ قويۇپ: — مۇشۇ زېمىننىڭ ئىشى ئىكەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن دۇبەن ھېچقانداق سۆز قىلماپتۇ، سۆھبەتمۇ ئاياغلىشىپتۇ. موسۇل ھاجىنى شېڭ شىسەي تەمرات (قۇرۇلۇش) نازارىتىنىڭ نازىرى مەنسىپى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇتۇپ قاپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەيگە مۇنداق مەزمۇندا يەنە بىر تېلېگرامما يازدى: «ھازىر قەشقەردىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ ئىچى بىر قەدەر تىنچلاندى. كەمىنە مەن دۇبەن جانابلىرى بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەرەددۇتلاندىم، شۇندىمۇ ئەمدىلا تەرتىپكە چۈشكەن ھەربىي ئىچىنىڭ تىنچلىقىغا ئۇبدان كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەن يوق مەزگىللەردە ھەربىي ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىشى ئاغام موسۇل ھاجىمنىڭ قەشقەردە تۇرۇپ بەرمىكى زۆرۈردەك تۇرىدۇ. موسۇل ھاجىم قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان پېقىر يولغا چىقىدىغانلىقىمنى جانابلىرىغا مەلۇم قىلىمەن».

مەھمۇت مۇھىتنى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىش شېڭ شىسەي ئۆزۈندىن بېرى كۆزلەپ كېلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئىش ئىدى. شېڭ شىسەي ئىشنى ئاسانراق ھەل قىلىشنى ئويلايتتى، ئۇ سەل گۇمانلانغان بولسىمۇ، موسۇل ھاجىنى دەرھال قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى.

1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى ئەتىگەنلىك چېينىقىشتا مەھمۇت مۇھىتىغا يېقىندىن موسۇل ھاجى ھەمراھ بولدى. ئۇلار سېيىل تۈزۈدىن ئۆتكەندە سېيىل ئۈستىدىكى ئەسكەرلەر ئۆز جايلىرىدا مىلتىقلىرىنى قولتۇقلىشىپ ئەسنەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاتلىقلارنىڭ مەشىقتىن قايتقان - قايتمىغانلىقى بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئاتلىقلار شۇ ماڭغانچە يېڭىسارغا يېتىپ بارغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ مەشىقتىن قايتمىغانلىقى مەلۇم بولدى. مەھمۇت مۇھىتى يېڭىساردا ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئىشەنچلىك ئادىمى غوپۇر تۆەنجاڭ بىلەن كۆرۈشكەندىلا، ئاندىن ئۆز ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولغان ھەمدە ئۇ يەردىن يەكەنگە بېرىپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن.

مەن كۆرگەن ماتېرىياللاردا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قەشقەردىن چىقىپ كەتكەن كۈنى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دېيىلگەن. ماڭا سۆزلەپ بەرگۈچىلەر بۇ كۈننى قەشقەرنىڭ بازار كۈنى ئىدى دەيدۇ. ئاتلىقلار يولدا قەشقەر شەھىرىگە كىرىۋاتقان نۇرغۇن بازارچىلارنىڭ مەسلىسىگە دۇچ كەلگەن. ئېنىقلىنىشىچە، قەشقەر شەھىرىدە پەيشەنبە كۈنىسى بازار بولىدىغان بولۇپ، مەھمۇت مۇھىتى 12 - ئاپرېل (بايرام) ھارپىسىدا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ كۈنلەردىكى پەيشەنبە كۈنى كالېندار بويىچە 4 - ئاينىڭ 8 - (ياكى 1 - كۈنى) كۈنى بولىدۇ.

مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ شاھىدى ئەمەس، ئۇ چاغلاردا مەن تېخى دۇنياغا تۆرەلمىگەنىدىم. ئۈچ ئاغا - ئىنى — يۇسۇپ مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلارنىڭ تۇرپان ئاستانىدىكى قورۇ - جايلىرى بىزنىڭ مەھەللىدە بولۇپ، بوۋام نىياز ھاجى مۇھىتىلارنىڭ ۋەخپە ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. كېيىن بۇ ئىش دادام ئىلياس قارىغا مىراس بولۇپ قالغانىكەن. دادامنىڭ ئاغىسى ئابدۇراھمان ياقاباش 1932 - يىلدىكى قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا مۇھىتىلار بىلەن بىللە قەشقەرگە بارغان ھەمدە مايور دەرىجىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغان. دادامنىڭ ئىنىسى ئەيسا نىياز تۇرپان ۋە قەشقەرلەردە ئىزچىل ھالدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدا ئەسكەر بولۇپ تاكى 1935 - يىلى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ماڭغىچە دىۋىزىيە شتابىدا خىزمەت قىلغان. ئۆزۈم مۇھىتىلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۈچ كىشى بىلەن (گەرچە تەڭ دېمەتلىك بولمىساممۇ) بىۋاسىتە تونۇشىمەن.

مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلى، يىگىت چاغلىرىمدىمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەققىدە ھەر خىل سورۇنلاردا پارچە - پۇرات ھەر خىل ئىشلارنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئانچىلا سىڭگەرمەپتىمەن. يېشىم چوڭىيىپ بىر قىسىم تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ باقسام، ئۇلاردا خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ۋەقەلەر سۆزلىنىپتۇ. كېيىنرەك تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ قالدىم. گەرچە بۇ ماتېرىياللاردا نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىشلار ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيال ئۇچراتمىدىم. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ ئىشلارنى باشقا بىلىدىغان ئادەم يوقمۇ ياكى بۇ ئىشلار يېزىپ قالدۇرۇش قىممىتىگە ئىگە ئەمەس دەپ قارالغانمۇ، بۇنىسى ماڭا مەلۇم ئەمەس. مەن بۇ يازمامنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى چوڭ ئاكام يۈسۈپ ئىلياسقا ئوقۇپ بەرسەم، ئۇ، بۇلارنى ئۆزىنىڭ چوڭلاردىن بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ، يازغانلىرىمنى تەستىقلىدى، بىر قىسىم مۇھىم تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بەردى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# شىخشۇ يېزىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت - ماكان قۇرۇش جەريانى

## ئابدۇلئەزىز ماموت

(قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

شىخشۇ يېزىسى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئودۇل ئارىلىقى 115 كىلومېتىر، مۇساپىسى 170 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە گۇما ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا كۆكيار يېزىسى، ئۇششاقباش بازىرى، چوپان يېزىسى بىلەن، غەربتە تاشقورغان ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ يېزا ناھىيىگە ئەڭ يىراق بولۇپ، ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە جايلاشقان، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان چېگرا يېزا. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3500 مېتىردىن ئاشىدۇ. يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يىراق يۇتۇلەي تاغلىق، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 500 گېكتارچە كېلىدۇ. يېزا بويىچە 931 ئائىلە، 4480 نوپۇس بار. ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قىرغىز ۋە ئاز ساندىكى تاجىكلارمۇ بار. ئۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي، قوتاز، كالا، ئۆچكە، ئات، تۆگە بېقىلىدۇ. دېھقانچىلىقتا ئارپا، بازغى بۇغداي، يۇرچاق تېرىلىدۇ. يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. قار، مۆلدۈر كۆپ ياغىدۇ. يازدا قۇرغاقچىلىق كۆپ بولىدۇ. يېزا تەۋەسىدە تاشتۇرۇق، قاراقۇرۇم، ئاقاز مۇزلۇقلىرى بار. كەلكۈن كۆپ كېلىدۇ.

1998 - يىلى يېزا تەۋەسىدىكى قىرغىز ئائىلىسى 146 گە، نوپۇسى 742 گە يەتكەن، ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ 36 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى قۇلانئاغۇ (قۇلان جىلغىسى دېگەن مەنىدە) كەنتىگە ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ 64 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى راسكام (ئىنتايىن مۇۋاپىق يەر، خاسىيەتلىك جاي دېگەن مەنىدە) كەنتىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىگە قوشنا بولغان قاراقۇرۇم



قىرغىزلىرىنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانى مۇنداق:

مىلادى 1770 - يىلىدىن باشلاپ، ھازىرقى پاكىستانغا قاراشلىق كەشمىر رايونىنىڭ كانجۇت ۋىلايىتىدە ئىستىخىيىلىك ھالدا تەشكىللەنگەن بىر بۆلۈك قوراللىق گورۇھ بىر نەچچە قېتىم چېگرىدىن بۆسۈپ كىرىپ، ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شىخشۇ يېزىسىدىكى راسكام (قورۇل، ئىلەك)، قۇلانئاغۇ كەنتلىرىگە، كۆكيار يېزىسىدىكى ئاقمەسچىت، بۇسا، ئوتتۇسۇ كەنتلىرىگە، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ دەفتەر، مارياڭ يېزىلىرىنىڭ ئۆرۈڭ، پىل قاتارلىق جايلىرىغا باستۇرۇپ كېلىپ، يۇقىرىلارنىڭ چوڭ - كىچىك چارۋا ھەم مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەن. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى تاشقى سودا - ئالاقە بازىرى بولغان بازاردارا رايونىمۇ ئۇلارنىڭ بۇلاڭ ۋە تالان - تاراج ئوبيېكتىغا ئايلانغان (شۇ ۋەجىدىن، ئۆز زامانىسىدا ئاۋات بازارغا ئايلانغان بازاردارا جىلغىسى خارابىلىشىپ، تا ھازىرغىچە قايتا ئەسلىگە كەلمىگەن، ئۇنىڭ بازاردارا دېگەن قۇرۇق نامىلا قالغان). يۇقىرىلار ۋە يەرلىك بەگلەر بۇ ئەھۋالنى ھۆكۈمەتكە ئاڭلاتقان بولسىمۇ، يىراق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىلىماتىغا ئادەتلىنىپ قالغان چىرىكلەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، ئېگىز تاغنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىغا كۆنەلمەسلىكى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ھەربىي تەمىناتنىڭ يېتىشمەسلىكى، چېگرا قاراۋۇللۇقىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، يۇقىرىقى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ھۆكۈمەت ھېچقانداق ئامال قىلالمىغان. ئاخىرىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ مەسىلىنى قايتا ئويلىشىپ، ئىلگىرى گۇما ناھىيىسىنىڭ شەيدۇللا رايونىغا قىرغىزلارنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېگرىنى تىنچىتقانلىق مىسالىغا ۋە تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، قىرغىزلار يايلاقىغا باغلىنىپ تۇرۇپ چېگرىنى ساقلاپ كانجۇتلۇقلارنى توسىيالايدۇ، دەپ قاراپ، راسكام رايونىغىمۇ قىرغىز ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ قورۇلچى قىلىش توغرىسىدا قارار چىقارغان ۋە 1772 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ چارلۇڭ يېزىسىدىن مۇھەممەت ئېلى ئائىلىسى، مائسۇر ئائىلىسى، تۇردى ئائىلىسى، مەمەتنۇر ئائىلىسى، ئىش نەزەر ھاجى ئائىلىسى، ساھىب ھاجى ئائىلىسى ھەم تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىن بايجان ئائىلىسى، ئاسان ئائىلىسى، نورۇز ئائىلىسى، خوجاۋاي ئائىلىسى، شۇنداقلا گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىن ئاجىباي ئائىلىسى، توختىمەت ئائىلىسى قاتارلىق 12 تۈتۈن، 53 قىرغىز ئاھالىسىنى يۆتكەپ كېلىپ، ھەر بىر ئائىلىگە 40 تىن ئوغلاق، بىر ئازدىن تەڭگە پۇل يىغىش قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى قورۇلچى قىلىپ چېگرا ساقلاتقان. بايجان دېگەن كىشى ئۇلارغا ئاقساقال قىلىنغان. شۇنداقلا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شىخشۇ رايونىغا تەۋە بولغان ئىسسىقسۇ، لەپەرت، جىلىپېكەر، گەزيايلاق، تارىپتىلىق، شورلۇق، زورتۈن، قارايار، ئېغىلداۋان، چوڭ بۆرىلىك، كىچىك بۆرىلىك قاتارلىق يايلاقلارنى ۋە ئۇ جايلاردىكى ئورمان، چېگرا ئېغىزى، يول، داۋانلارنى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇيرۇپ بەرگەن. ئۇلار دەسلەپتە راسكامنىڭ (قورۇل، ئىلەك) سۇرقۇۋەت دېگەن يېرىدە قورۇل

باققاچ، ماللىرىنى يۇقىرىقى ياپلاقلاردا بېقىپ، ئاندىن ئازغار، كۆكتاش، باش ئەنجان، توققۇزبۇلاق، تاشۇما قاتارلىق جايلاردا قوشۇمچە تېرىقچىلىق قىلىپ، ئوزۇقلۇقىنى قىسمەن ھەل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن چېگرا بويلىرى تىنچىپ، يۇقىرىلار خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا خەۋەر بېرىپ، تۇغقانلىرىنى ئەكەلدۇرگەن. شۇنىڭ بىلەن قىرغىز ئاھالىسى تەدرىجىي كۆپىيىپ، 3 — 5 يىل ئىچىدە 21 ئائىلە، 80 نوپۇسقا يەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ چېگرىدا ۋەقە كۆرۈلمىگەن، قايتىپ كەتكەنلەرمۇ بولمىغان. ھازىرقى قىرغىزلار شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ئارقا - ئارقىدىن ئۆز ئارا زېمىن ئالمىشىش، پاسىل ئالمىشىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان. ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى تۇتۇپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەخسۇس پەرمان چۈشۈرۈپ، قىرغىزلار «جوجۇرخەت» دەپ ئاتايدىغان بولۇغ خەت ئارقىلىق، راسكام (قورۇل) نىڭ شەرق تەرىپىدىن ھازىرقى گۈما - قاغىلىق چېگرىسى بولغان كۆكئارت داۋىنىدىن باشلاپ، جەنۇبتا تىزامىكەگرى چوققىسىنى مەركەز قىلغان قارايار ياپلىقى، ئېغىلداۋان، 6090 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5812 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5340 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5928 مېتىرلىق ئېگىزلىك، 5808 مېتىرلىق ئېگىزلىكنى پاسىل قىلغان ھالدا قىرغىز جاڭگال، چىراغسالدى، بازاردارا، سۇرقۇۋەت، قورۇل، قارايار، ئېغىلداۋان، چىنتۇزى، كىچىك يۇرىلىك، چوڭ يۇرىلىك، قىيىندۇ جىلغىسى، تاشۇما، كۆكتاش، باش ئەنجان، چوڭ ئارسار، كىچىك ئارسار، زەيبۇلۇڭ، توققۇزبۇلاق قاتارلىق جايلارنى، غەربتە چوڭ توقاي، توققۇزبۇلاقنى مەركەز قىلغان ھالدا ئويىراڭ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، شىمالدا يەكەن دەرياسىنى بويلاپ چوڭ توقاي، جىلىسبېكەر، ئاقتال جىلغىسى، مىسكەر، يىتىمقوزا، پىرسەنە، قۇمداۋان، قۇتۇز، يىل، لەيەرت، چىدىرتاش قاتارلىق جايلارنى، بۇ دائىرىدىكى يەر، يايلاق، ئورمان، چېگرا بويلىرىنى قاغىلىق ناھىيىسىگە تەۋە قورۇلچى يۇقىرىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مەزكۇر يايلاقلارنىڭ تەۋەلىكىنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بەشكەنت تاغ رايونىنىڭ قولاتئاغۇ كەنتى مەمۇرىي جەھەتتىن كونكرېت باشقۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت پەرمانى بولغان بولۇغ خەت گۇۋاھ. بۇ خەت ھازىرغىچە قىرغىزلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يەرلەردىن باج ئالماسلىق، چارۋىغا تۇياق بېجى ئالماسلىق، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تەۋەلىكتىكى يايلاق، ئورمانلارنى نابۇت قىلىۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن، مۇھەممەت نەزەربەگ، مۇھەممەت ئىمىن موللىلارنى قاراۋۇل بېگى قىلىپ، قىرغىزلارنىڭ ھەقسىز پايدىلىنىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇنىڭ بەدىلىگە قىرغىزلار چەتنىڭ ھەرقانداق مۇداخىلىسىنى توسىدىغان بولغان ۋە چېگرىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى، گۇمانلىق كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇرغان. كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ ئۇلار چېگرىدا توختىغان ئەسكەرلەرگە يېقىندىن ماسلاشقان.

1945 - يىلىدىكى «تاغ ئىنقىلابى»دا،

قۇلانئاغۇ خەلقى ئۆزىنىڭ 9 ئوغلانىنى يىگىتلىككە تاپشۇرۇپ ئىنقىلابقا قاتناشتۇرغان، ئۇلاردىن بىرى شۇ چاغدا جەڭدە شېھىت بولغان. ئوسمان مۇسا دېگەن كىشى مىللىي ئارمىيىدە روتا كوماندىرى بولۇپ، ئىنقىلابتا خىزمەت كۆرسەتكەن. سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، يۇرتىدا كەنت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

قۇلانئاغۇ كەنتىدە 1956 - يىلى تۇنجى پەنتىنىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى، قىرغىزلار ئىچىدىن تۇردى ھاجى، نەزەر چاۋار، ئوراز ياقۇپ، تۇردى ئوسمان، ئابدۇقادىر تۆمۈر، جىرىم مۇسا قاتارلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى؛ توختى جاپپار، خۇدابەردى نورۇز قاتارلىق مائارىپچىلار؛ ئوسمان مۇسا، كۆچ ماڭسۇر قاتارلىق كەنت باشلىقلىرى يېتىشىپ چىقتى. بولۇپمۇ كۆچ ماڭسۇر دېگەن كىشى يۇرت - ماكانىدىن خەۋەر ئېلىش، قېرىنداشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە كۆچ چىقاردى. قاراقورۇم قىرغىزلىرى 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى جامائەت ئاشخانىسى قۇرۇش ۋە ئورچە ئەمگەك قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي سەۋەب ۋە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى يۈزىسىدىن چېگرا جايلارنى دۆلەت مۇداپىئە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ھەربىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، 200 يىللاپ ياشىغان ماكانىدىن بىر نۆۋەت ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىن يەنە قۇلانئاغۇ، راسكام كەنتلىرىگە قايتىپ، داۋاملىق تۇردە چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى.

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر:
ھەبىبۇللا يۈسۈپ (ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ كادىرى).
تۇردى ئوسمان (قىرغىز، شىخشۇ يېزىسىنىڭ سابىق باشلىقى).
ئابدۇقادىر تۆمۈر (قىرغىز، شىخشۇ يېزىسىنىڭ سابىق باشلىقى).

تەھرىرلىگۈچى: خالىدە قادىر

## «مارالبېشىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى»

بۇ تەزكىرىنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ ساۋگۇاڭ تۈزگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، گۇاڭشۇ زامانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كىتاب بولۇپ چىققان. كىتاب جەمئىي 11 ماۋزۇ بولۇپ 4000 خەت ئۆپچۆرىسىدە. كىتابتا مارالبېشىنىڭ تارىخ، سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، جۇغراپىيە، مىللەت قاتارلىق ئەھۋاللىرى بايان قىلىنىدۇ. مىللەت، نوپۇس، تاغ - دەريا، يوللارغا دائىر مەزمۇنلار ناھايىتى تەپسىلىي بولۇپ، مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. كىتابنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) دىكى قولىيازما نۇسخىسى، 1955 - يىلى خۇبېي ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا تەرىپىدىن «شىنجاڭغا ئائىت 29 خىل يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن نامدا بېسىلغان باسما نۇسخىسى، 1976 - يىلى شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى باستۇرغان كۆپەيتمە نۇسخىسى، 1986 - يىلى ياپونىيىدە بېسىلغان «شىنجاڭغا ئائىت 30 خىل يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق نۇسخىلىرى بار.

# چىن دوستلۇقنىڭ يالدامىسى

ماھمۇد زەيدى

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1941 - يىلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرىغا جەنۇبىي شىنجاڭ دالىلىرىدا رۇسچە تەرجىمان بولغانىدى. شۇ جەرياندا رۇس مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن، بولۇپمۇ قىرغىز بېگتى ئاقىپول بىلەن يېقىن دوست بولۇشقان.

## سەپەردىكى چىن دوستلۇق

قىرغىز بېگت ئاقىپول جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، تاشقورغان، يەكەن، خوتەننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان بۇ گۇرۇپپىغا يول باشلاپ ماڭغان. ئۇ لۇتپۇللا بىلەن ئەڭ دىمەتلىك ئىدى. شۇ قېتىمقى سەپەر ناھايىتى جاپالىق بولۇپ، تاغ يوللىرى ۋە يېزا - قىشلاقلاردا ئات، ئۇلاغلىقلا يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغدا شەرت - شارائىت بەك ناچار بولغاچقا، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يېيىنچىلارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. قونالغۇدا كەچلىكى شامنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىناتتى.

1941 - يىل 7 - ئايلاردا بۇ گۇرۇپپا قەشقەردىن پامىر ئېگىزلىكىگە سەپەر قىلىدۇ. گۇرۇپپا قەشقەردىكى قىرغىز ئۆيۈشمىسىدا تۇرغان چاغدا لۇتپۇللا قىرغىز بېگت ئاقىپول بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پاتلا چىقىشىپ قالىدۇ. گۇرۇپپا يول باشلىغۇچىغا مۇھتاج ئىدى. لۇتپۇللانىڭ تەسىرى بىلەن ھېلىقى قىرغىز بېگت بۇ جاپالىق سەپەردە يول باشلاپ ماڭىدىغانغا رازى بولىدۇ. ئۇلار تاشقورغان، قىزىلتاغ، قوشراپ، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، تاكى خوتەندىكى يۈرۈڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان قاراڭغۇ تاغ ئەتراپىغىچە بارىدۇ. بۇ جەرياندا گۇرۇپپىدىكىلەر ئويۇن - چاخچاق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ لۇتپۇللا بىلەن ئاقىپول ئىككەيلەن سەپەردە بىللە يېتىپ - قوپۇش، غىزادا بىللە بولۇش جەريانىدا سىرداشىپ، چىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇزۇن يولدا دوستلار ناخشا، چۆچەك، ھېكايىلەرنى ئېيتىشىدۇ. دوستلۇق بۇ زېرىكىشلىك، ئۇزۇن يولنى قىسقارتىدۇ. سەپەردە لۇتپۇللا قولىغا قەلەم ئېلىپ خاتىرە دەپتىرىگە تەسىراتىنى ۋە شېئىرلارنى يازىدۇ، چالا ساۋات ئاقىپولغا خەت ئۆگىتىپ، ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. ئاقىپول لۇتپۇللانىڭ يازغان شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىدۇ ھەم ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ يادلايدۇ. ئۇلار يول ماڭغاچ ئۆۋەت بىلەن



شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ. ئاقيول بىر تەرەپتىن بۇ شېئىرلارنى ساۋات چىقىرىش دەرسلىكى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شېئىرلار ئارقىلىق ئۆزىنى بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. ئۇ كۆچۈرۈپ بىر دەپتەرنى توشقۇزىدۇ. ئاقيول بۇ دەپتىرىنى 40 نەچچە يىل ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلگەن.

## قايتا تۇغۇلغان مۇتەللىپ

ئەقىدە - ئېتىقاد كىشى ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى خورىماس كۈچتۇر (خاتىرە دەپتىرىمدىن).

1941 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرى شىۋىرغانلىق بىر كەچلىكى گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۆز ئىشىنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى شۇ كۈنى ئالاقىچى دەرھال ئىشىنى توختىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلگەنىدى. گۇرۇپپا بۇ جىددىي بۇيرۇقتىن خەۋەر تېپىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قاراڭغۇ تاغ رايونىدىن يولغا چىقىپ، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يول باشلىغۇچى ئاقيولمۇ ئەسلىدىكى جايى — سۇباش دېگەن يەرگە قايتماقچى بولىدۇ. لېكىن بىر - بىرىگە ئىجىل بولۇپ قالغان دوستلارنىڭ ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ، لۇتپۇللا بۇ دوستىنى كۆكتىبرىق يېزىسىنىڭ چېتىگىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ، خوشلىشىش ۋاقتىدا ئۇ مۇنۇ سۆزلەرنى قىلىدۇ:

— دوستۇم، سەن بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشنى مۇنچىۋالا تېز يىغىشتۇرغىنىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ ھازىر نېمىس فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دۇنيادىكى ئاساسىي يۈزلىنىش — فاشىزمغا قارشى تۇرۇش. مەيلى بىز ھازىر ۋە ياكى كېيىن بولسۇن ھامىنى جەڭگە قاتناشماي قالمايمىز. بەلكىم ئۆلكىمىزدىمۇ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ، چېلىشلار ئەۋجىگە چىقار، قايسىدۇ بىرلىرىمىز بۇ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىپ، قايسىدۇ بىرلىرىمىز قۇربان بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. مۇبادا ئەھۋال شۇنداق بولۇپ قالسا، ھايات قالغىنىمىز، كېيىنچە ئاپقان بالىلىرىمىزغا تارىخىمىزنى ئەسلىتىش يۈزىسىدىن قۇربان بولۇپ كەتكىنىمىزنىڭ ئىسمىنى قويۇپ قويايلى، بۇ دوستلۇقىمىزنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن...

ئادەمنىڭ ياشلىقىدا ئېرىشكەن چوڭقۇر تەسىراتلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەسىرىنى يوقاتمايدۇ، بىرەر ياخشى كىتاب، بىرەر ياخشى ئادەمنىڭ بەرگەن تەسىرى كىشى ئۆمرىدە ئاجايىپ رول ئوينايدۇ، ئاقيول ئەخلاق - پەزىلەتتە لۇتپۇللانىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. 1944 - يىلى ئىلىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كېڭىيىپ، 1945 - يىلى پامىر ئېگىزلىكىگە تۇتاشقاندا، ئاقيول خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ جۇشقۇن روھىنى نامايان قىلىدۇ. ۋەزىيەت تېز ئۆزگىرىپ، ئاقسۇدا قىزىل كۆچلەر بىلەن ئاقلار گىرەلىشىپ جەڭ بولغان پەيتلەردە ئاقيولمۇ ناھايىتى جىددىيلىشىدۇ، كېيىن ئۇ لۇتپۇللانىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ چەكسىز قايغۇرىدۇ. ئۇ 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ لۇتپۇللانى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە دۈشمەنلەردىن چوڭقۇم قىساس

ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، لۇتپۇللاچە قەھرىمانلىق بىلەن قەشقەردە ياشلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەشكىللەشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئۇ 1946 - يىلى ئەتىيازدا باتالىيون كوماندىرى بولىدۇ. 1946 - يىلدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىمزالىغان «11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ تەسىرىدە پۈتكۈل شىنجاڭدا دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مانا شۇ مەزگىلدە ئاقيولمۇ ئاكتىپ تەشۋىقات خىزمىتىدە رول ئوينايدۇ. ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ پائالىيەت گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ «11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ روھىغا زىت ھەرىكەتلەر بولىدۇ، ھەتتا گومىنداڭ دائىرىلىرى «11 ماددىلىق بىتىم»نى يىرتىپ تاشلاپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپدارلىرىنى تۇتقۇن قىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردە ئاقيولمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدە قاتتىق قىيىن-قىستاقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، جەسۇرانە ئىرادىسىنى يوقاتمايدۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ قاتتىق-يۇمشاق قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، 1949 - يىل 4 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىدۇ.

ئاقيول 1951 - يىلى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نامىدىكى «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ شېئىر ئاجايىپ مۆجىزىدەك تۇيۇلىدۇ (بۇ كىتابچىنى سوۋېت يازغۇچىسى ھەسەنوف ئالمۇتا شەھىرىدە «يېڭى ھايات» نەشرىياتىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلدۇرۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ يىللاردا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىنى سوۋېت ئۇيغۇر نەشرىياتلىرى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ شىنجاڭغا ياردەم قىلىناتتى).

لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كېچە - كۈندۈز ياد ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئاقيول شۇ مەزگىلدە چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە ئاقسۇغا كېلىدۇ ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەيدۇ، قەتلى قىلىنغانلارنىڭ قەبرىگاھىدا ئۇزاق سۈكۈتتە تۇرىدۇ ۋە لۇتپۇللانىڭ قەبرىسى بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇ «مەرھۇم دوستۇم لۇتپۇللا، سېنىڭ غايەڭ يولىدا كۈرەش قىلىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بۇ يەردىن ئايرىلىدۇ.

1955 - يىل 9 - ئايدا لۇتپۇللانىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىدا مەخسۇس ماقالە بېسىلىدۇ. كېيىنت - ژۇرناللاردا شائىرنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، «يانار تاغلار»، «ماي - كۆرەشچان ئاي» ھەمدە «پادىشا سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. ئاقيولنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر ھاياجان ۋە ئۈمىدۋارلىق دولقۇنلايدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، رەپىقىسى ئوغۇل تۇغىدۇ. ئاقيول خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالىدۇ، نەتىجىدە «لۇتپۇللا!» دەپ ۋارقىرايدۇ، ئۆتكەن يىللارنى، لۇتپۇللا بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيدۇ، ۋەدىلىرى كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتىدۇ. ئاخىرى ئوغلىغا «مۇتەللىپ» دەپ ئىسىم قويىدۇ.

قىرغىزلاردىن چىققان بۇ جەسۇر ئوغلان ئاقيول بىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى

چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ئوقىلىنىشى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. مۇتەللىپمۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيدۇ. 1984 - يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە قىرغىز ئوغلى مۇتەللىپنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پوچتا پونكىتىدا ئىشلەپ ئامىنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەنلىكى خەۋەر قىلىنىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ باھار شامىلى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى قاتقان مۇزلارنى ئېرىتتى. ئۇزاقتىن كۆمۈلۈپ قالغان دوستلۇق بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلغانلىقتىن، ئاقيولنىڭ قەلبىدە ئۇزۇن يىللاردىن پىنھان تۇرۇۋاتقان دوستلۇق تۇيغۇلىرى قوزغالغاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ خادىمى ئابلىمىت ئىمىن ئاقيول ئاكىنى زىيارەت قىلىدۇ. يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغان ئابلىمىت ئىمىن ئۇنىڭدىن ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 60 ياشلار چامىسىدىكى ئاقيول لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تىلغا ئېلىپ ھاياجان ئىچىدە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدا يادلىۋالغان شېئىرلىرى خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا نەقىشلەنگەنىدى. ئاقيول ئاكا شۇ چاغدا 11 پارچە شېئىرنى يادلاپ بەرگەن، ئۇنىڭ تەپسىلىي جەريانى 1984 - يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە تونۇشتۇرۇلغانىدى. شۇڭا بۇ يەردە تەپسىلىي توختالماي بۇ شېئىرلارنى بەردۇق.

## لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يىغىمدىن تېپىلغان شېئىرلىرى

### تەييارلان ئوغلانلار

تۈنلەر ئاخىرىنى تاڭغا ئۇلاشقا،
زۇلمەت ئۆلۈمنى دائىم كولاشقا.
تەييارلان ئوغلانلار يەڭلەرنى تۈرۈپ،
تەييارلان، فرونتلاردا،
قىزىتىپ جەڭلەرنى،
ھۆررا توۋلاشقا.

### داۋانلار ئاشىمەن

داۋانلار ئاشىمەن توختىماي چۈنكى،
داۋانلار ئاشمىسا، مەنزىل كۆرۈنمەس.
چىقمىسا بىر بوران، سۈرۈلۈپ بۇلۇت،
ئارقىدىن ئىللىق ئاپتاپ كۆرۈنمەس.

### راۋابىمنى يېڭى مۇقامغا چال

راۋابىمنى يېڭى مۇقامغا سازلىمىساڭ،
كونا مۇقامىڭ، دوستۇم، قۇلاققا ياقماس.

باغ باساپ، گۈللەر ئېچىپ كۆكەرتمىسەڭ،
قاقشال باغدا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

«ئاھ، دادا» ئەيتىش ئۆتمۈشنىڭ مىراسى ئۇ،
بۇ مىراستىن ھېچكىم ئۇلۇشمۇ ئالماس.
كۆرەش بىلەن ئالغا چامداش چېغى بۇ،
كۆرەشچانلار فرونتنىڭ ئارقىدا قالماس.

ئىنى، دوستۇم، داتلىما، ئۈمىدلىك بول،
ئۈمىدسىزدىن ئەجدادى ھەم خۇشال بولماس.
ئالغا ئاتلا، تىرمىشىپ، توسقۇنلارنى يار،
شۇندا قىلغان ئارمانلىرىڭ يەردە قالماس.

يۈرەكلىك بول، يىگىتلەر بارات تىنماي،
قورقۇنچاقلار يېڭى ئىشقا قول سالالماس.
يېڭى ئىشلار كۆشەندىلىرى توسۇپ ھەرگىز،
بۇ سەپەردىن ئارقىمىزغا ياندۇرالماس.

## قىپقىزىل گۈللەرگە تولسا يەر - جاھان

جەنۇبتىن، شىمالدىن تەڭ چىقسا بوران،
ۋەتىنىم ئۈستىدىن ئارقىسا تۇمان.
ئارقىدىن كۆرسەتسە قۇياش ھۆسنىنى،
يايرىسا ئويغىنىپ ياتقان ھەر بىر جان.
ياۋۇزلار تەختىنى چاقساق «ھۆررا» دەپ،
قىپقىزىل گۈللەرگە تولسا يەر - جاھان.

## كۆرەش مۇشكۈل

كۆرەش مۇشكۈل ھەر قەدەمدە،
ئۇنىڭ مىڭ بىر داۋانى بار.
ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئەسلا،
بوران - چاپقۇن، تۇمانى بار.

## ئۇلۇغ ئىستەك

مېنىڭ قەلبىمدە بىر ئىستەك،
خەلقىمنىڭ بەختىچۈن ئىشلەش.
كۆرەشتە تاڭ ۋەسلىگە يەتسەم،
بەختىنىڭ قەدرىنى چۈشلەش.

## ئىپتىقىنا، سەندىن سوراي

ئەي ھىممەت ساي، كەڭرى ساي،
سەندىن ئۆتكەنلەر ئالاي.
قاقشىدى قانچىلار سەندە،
قانچىلار سالدى ساراي.

تۈرمىدى ئۇزاق سارايلار،
يىقىلار بولغاچ ئالاي.
ئىپتىقىنا، كىم ماختىدى، كىم تىللىدى؟
مەن بۈگۈن سەندىن سوراي.

## كەلگەندە شۇنداق بىر زامان

چەك قىلىپ ئاشسام داۋان،
يولۇمدا گۈم بولسا قاۋان.
كۈلسەم قاھ - قاھلاپ دوستلار بىلەن،
كەلگەندە شۇنداق بىر زامان.

## چىچەكتى*

چىچەكتىدەك مۇنداق داۋان كۆرگىنىم يوق،
ياشىمىشتىن قورقۇپ خىيال سۈرگىنىم يوق.
مەيلى ھاۋا شالاڭ بولسۇن، پاكى تۈتەك،
ئازابلىنىپ، ۋايساپ قاپاق تۈرگىنىم يوق.
ئەجەل يېتىپ بۇ يەردە ھەم ئۆلگىنىم يوق.

## پارچىلار

كېلىڭلار، دوستلار ئويغىنايلى،
جەڭلەرگە يول باغلايلى.
شەھىتلەر روھى خۇش بولسۇن،
ياۋۇزلار ياغرىنى داغلايلى.

* * *

جەڭگە مىنگەن ئاتلارنىڭ،
ئۇلاڭ يېمىدا ئامغىسى.
قوشاق قېتىپ يىغلايدۇ،
شەھىتلارنىڭ ئانىسى.

* * *

بىلگىنىڭ دوستۇم، بۇ بىر ھەقىقەت،
سەۋەبسىز بولماس مۇھەببەت - نەپرەت.

1941 - يىل 6 — 11 - ئايلار

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

* چىچەكتى - ئالتۇنتاغ بىلەن چارلۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز بىر داۋاننىڭ نامى.

# جان تىكىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قاراقورۇم تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈش پىداكارلىقى

## — يىپەك يولىغا مەخپىي ساياھەت

قەدىمدە جۇڭگودىن رىم ئىمپېرىيىسىگىچە قىممەتلىك، ئېسىل يىپەك ماللىرى توشۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا بەلۋېغى يىپەك يولى دەپ ئاتالغان. يىپەك يولى ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرغان مۇھىم بەلۋاغ بولۇپ، تارىختا سودا، مەدەنىيەت راسا گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. جۇڭگو تۈپرىقى ئارقىلىق يىپەك يولىنى بويلاپ سەپەر قىلىش ئۈچۈن، گوبى چۆلى، تەكلىماكان چۆلى قاتارلىق چەكسىز قۇملۇقلارنى، تەڭرىتاغ، قاراقورۇم قاتارلىق ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنى ۋە جاپالىق ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ دىياردا قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان تولىمۇ ئاز ساندىكى ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىچىدە خىنو تسۇتومونىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. خىنو 1866 - يىلى ھازىرقى ئېھىمې ۋىلايىتىنىڭ كۇماسى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغان خىنو پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە مەلۇم ۋاقىت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1886 - يىلى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە كىرىدۇ ۋە 1889 - يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قورۇقلۇق ئارمىيە شتابىدا تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئەينى چاغدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى روسىيە ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇرەككەپ باغلىنىشتا بولغان چاۋشەن يېرىم ئارىلى بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ھەمدە جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كۆزىتىش - تەكشۈرۈشنى كۆڭۈلگە پۈككەنىدى.

خىنو خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش بىلەن ھەربىيلەر ئىچىدە ئالاھىدە تونۇلىدۇ. 1906 - يىل 7 - ئايدا ھەربىي قىسىمنىڭ مەسلىھەتچىلەر شتابى ئۇنىڭ ئىلى رايونىنى مەركەز قىلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. خىنونىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈش ھەمدە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيىنىڭ چېگرا رايوندىكى پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىدى.

### جان تىكىپ گوبى چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈش

خىنو بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ چاغدا ياپونىيىدىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىدىغانلارمۇ، شىنجاڭغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال جۇڭگوغا بېرىپ ئاندىن يىلان



ئۆزمەكچى بولىدۇ. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى توكيودىن يولغا چىقىپ 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ بارىدۇ. بېيجىڭدىكى شىنجاڭنى تەكشۈرگەن نىشى خون گان دىنى مەزھىپىدىكى خولى يوشىئولاردىن ئاخبارات ئىگىلەيدۇ ۋە باۋدىڭدا 24 ياشلىق ئۆتىي خاراتايجى دېگەن يىگىتنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىنى ئايلىنىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۆتىي خارا ئىسمىنى 原尚之 دەپ ئۆزگەرتىپ، چېچىنىمۇ بەئەينى جۇڭگولۇقلاردەك ياسىتىپ، تامامەن جۇڭگولۇق سىياقىدا باۋدىڭغا سىڭىپ كەتكەنىدى. شۇڭا خىتونىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىدا ئۆتىي ئەڭ ياخشى سەپەرداش بولالايتتى. باشقىلارغا ئۇنى جۇڭگولۇق دەپ تونۇشتۇراتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ 熙强 دەپ ئۆزگەرتىپ جۇڭگولۇق ساياھەتچى قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇلار خېبەي ئۆلكىسىنىڭ شەنجۇ دېگەن يېرىدە نىشى خون گان مەزھىپىدىكى ئوتانى (大谷) بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بىر يىلدەك يولى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنىڭ باشلامچىسى ئوتانى خىتوغا قىممەتلىك كۆرسەتمىلەرنى بېرىپلا قالماستىن، فوتو ئاپارات ۋە سائەتنى ئارىيەتكە بېرىدۇ ھەم ئۇنى قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلى ماكارتنىيغا تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرىدۇ.

ئۇلار لەنجۇغا كېلىپ، ئات، ھارۋا تەييارلاپ، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى — يېڭى يىلنى 东乐城 دېگەن غېرىبانە يېرىدە كۈتۈۋالىدۇ. 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ كۈندۈزى دەم ئېلىپ كېچىسى سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: 1) كېچىسى يول يۈرسە ئادەممۇ، ئاتمۇ ئۇسساپ كەتمەيدۇ، سۇنى تېجىگىلى بولىدۇ؛ 2) كېچىسى قۇملۇقتا شامال كۈچى ئاجىز بولىدۇ؛ 3) كېچىسى يول يۈرسە كۆپ تەرلەپ كەتمەيدۇ. بۇ تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەنىدى. ئۇلار شۇنداق يول يۈرۈپ 18 - كۈنى ئەنشىگە يېتىپ بارىدۇ. ئەنشىدىن ئۆتۈپ گوبى چۆلىنى كېسىپ شىنجاڭغا بارغىلى بولاتتى. قۇملۇق دېگىنى گوبى چۆللۈكنىڭ قۇملىرىلا بولۇپ قالماستىن، سېرىق توپا، ئۇششاق شېغىل تاشلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى پۇرقىراپ تۇرغان قاقاسلىق ئىدى. بۇ يوللاردا سۇ تېپىشمۇ تەس، تاپقاندىمۇ تۇزلۇق بولۇپ، ئادەم ۋە ئاتلار ئىچەلمەيتتى. ئۇلار قار - شىۋىرغانلارغا يولۇقۇپ بەتتى ئېشەكنى ئۆلگەن بولسىمۇ، بۇ يولنىڭ يەنىلا سوزۇلۇپ تۈگىمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆھ تارتىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇلار چۆل سەپىرىنىڭ دەھشىتى ۋە جاپاسىنى راسا تېتىيدۇ، ئاخىرى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى گوبى چۆلىنى ئامان - ئېسەن كېسىپ قۇمۇلغا چۈشۈپ ئارام ئالىدۇ. پايانسىز قۇم دېڭىزىدا مېڭىۋېتىپ ئوخشاش مەنزىرىدىن زېرىككەن ئادەمنىڭ بىر يۇرتقا كەلگەن چاغدىكى ھېسسىياتىغا، ئۇلارنىڭ خۇشال كەيپىياتىغا تېخىمۇ تەڭ كېلەلمىسۇن.

شىنجاڭغا كىرىش ئېغىزى بولغان قۇمۇلنىڭ قوغۇن بىلەن نامى چىققان. ئۇلار قۇمۇلدا ئارامىمۇ ئالماي 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كۆزلىگەن نىشان تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن باشلاپ كۈندۈزى سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ، چۈنكى

گوبى چۆلىنىڭ قىيىن ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ بولغانىدى. نېمە دېگەن بىلەن كۆندۈزدىكى سەپەر كىشىگە تېتىكلىك بېغىشلايدۇ. روھلانغان خىنو ئېتىغا قامچا سېلىپ تولۇپ تاشقان كەيپىياتتا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان تۇرپاننىڭ يەر شەكلى كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن. بۇ ئويمانلىق شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار تۇرپانغا 17-كۈنى يېتىپ كېلىپ تۈزۈكرەك دەم ئالمايلا، 20 - كۈنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

## تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا ياپونىيىلىك يۇرتدىشى بىلەن ئۇچرىشىش

تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە بېرىش ئۈچۈن تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈش كېرەك. بۇ تاغ تىزمىلىرى قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك قىيىن ئۆتكەل بولۇپ كەلگەنىدى. تەڭرىتاغدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا - بوغدا چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7439 مېتىر، ياپونىيىدىن يولغا چىققان چاغدىلا خىنو تەڭرىتاغدىن ئېشىپ، گوبى چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈشتەك جاپا - مۇشەققەتنى ئويلاپ يەتكەن ۋە بارچە قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتقانىدى.

بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش، ئۇلار تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ماڭسىمۇ داۋانلار ئۇچرىمايدىكەن. تۇرپاندىن چىقىپ كەڭرى كەتكەن تۈزلەڭلىكتە كېتىۋېرىپ تۇيۇقسىزلا چوڭقۇر تاغ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئارال دۆلىتى ياپونىيىگە ئەسلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

ئەشۇ سەپەردە خىنو 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا ياپونىيىلىك خاياشى دې كېنجىرو بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. 24 ياشلىق خاياشى دې 1905 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەنىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ كېتىۋاتقانىدى. ئۇزۇنلۇق ئەھدىنىلەرگە ئۇچراپ كۆپ تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولغان خاياشى دې خىنو ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ يېنىدىن توختىماي تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن بىرسى ئۇنى قوغلاپ كېلىپ قولىغا بىر پارچە خەتنى مۇلايىملىق بىلەن تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. خەتتە «قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى خىنو سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى» دېيىلگەنىدى. خەتنى بەرگەن كىشى ياۋدىگىدىن بىللە سەپەرگە چىققان ئۇيغۇر خارا ئىدى. خەت ياپونچە ياسىما ھەرپ بىلەن يېزىلغانىدى. چۈنكى خەنزۇچە يازسا جۇڭگولۇق بولسا بىلىپ قالىدۇ دەپ ئېھتىيات قىلغانىدى.

ياپونىيىدىن ناھايىتى يىراقلاردىكى تەڭرىتاغ ئارىسىدا ياپونىيىلىك يۇرتدىشىنى تونجى قېتىم ئۇچرىتىش ھەر ئىككىلىسىنى تولىمۇ خۇش قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ئۇچرىشىش ئۇلاردا چوڭقۇر يېقىنچىلىق ھېسسىياتىنى تۇغدۇرغانىدى. كېيىن خاياشى دې خىنونىڭ 2 - قىزى بىلەن توي قىلىشىدۇ. خىنو 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

خاياشى دېنىڭ ياردىمىدە خىنونىڭ ئۈرۈمچىدىكى پائالىيىتى تولىمۇ ئوڭۇشلۇق ۋە مەزمۇنلۇق ئۆتىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە روسىيە ۋەكىللىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرى ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، روسىيىنىڭ جەنۇبقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى دۆلەتلەر ئارىسىدا توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى، چاۋشەن يېرىم ئارىلىدا ياپونىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ، روسىيە - ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلىغانىدى. روسىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىلى رايونىنى قانۇنسىز ئىگىلەپ، خەلقئارالىق باش قېتىقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. چىڭ ئەمەلدارلىرى روسىيىگە بولغان دۈشمەنلىك، قارشىلىق كەيپىياتى سەۋەبىدىن خىتونىنى دوستانە، قىزغىن كۈتىۋالغان ۋە ئات - ھارۋا تەييارلاش، يول باشلىغۇچى تېپىپ بېرىش ئىشلىرىدا ياردەم قىلىپ خىتونىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا، سەپىرىگە نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەنىدى.

خىتو ئۈرۈمچىدە گېنېرال جاڭگىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە روسىيە كونسۇلى كىرتوكوف خىتو سالامغا بارغاندا ئۇنى مەنسىتمىگەندەك:

— سىزنىڭ سەپىرىڭىز ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ ياكى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

خىتو خاتىرجەم ھالدا:

— شەخسىي ساياھەتكە كەلدىم، — ...ەيدۇ.

كونسۇل ئۇنىڭ جاۋابىغا رازى بولمايدۇ ...ۇ:

— چېگرىدىكى شەھەر چۆچەكتە بىرەر ...لىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە!

— ئۇ يەرنىڭ ساياھەتچىنى قىزىقتۇرغۇ-دەك يېرى يوق، قاقاس جەزىرە، جايا ئارتىپ قالىمىز.

— ئاگاھلاندۇرغانلىقىڭىزغا رەھمەت. قاقاس، جاپالىق دېگەن سۆزلىرىڭىزدىن، ئۇ يەرگە بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن.

خىتو چۆچەكتىن روسىيە ئارقىلىق غۇلجىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئىلتىماسى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. خىتو شۇ سەۋەبتىن ئۈرۈمچىدە 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە تۇرۇپ قالىدۇ.

چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇزىتىشقا كېلىپ، ئۇنىڭ چۆچەككە قىينالماي يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلار چۈشۈپ كەلگەن ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىنىڭ ئورنىغا روسىيە پاسونىدىكى تۆت چاقلىق ئەپچىل ئات ھارۋىسىدىن بىرنى تەييارلاپ بېرىدۇ.

## كۆزلىگەن نىشان — ئىلىغا بېرىش

ئۈرۈمچىدىن چىقىپ 30 - كۈنى كەڭرى كەتكەن قومۇشلۇق، سازلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، يەنە يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلار بار جايلاردىنمۇ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. 4 - ئاي كىرىپ يوللار بارغانسېرى يامانلىشىپ، ئېرىگەن قار سۇلىرى يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەچكە، مېڭىش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ، ئۇلار تىزغىچە پاتقاق كېچىپ ئۈچ سائەتتەك يول مېڭىپمۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. كۈرمىڭ جاپالارنى چېكىپ ئاخىرى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۆچەككە يېتىپ بېرىپ، 21 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردىكى روسىيە كونسۇلى سوكوفتى زىيارەت قىلىدۇ. كونسۇل يول خېتى بەرمىگەچكە، خىتو كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە يېنىپ

ئىلىغا بېرىشنى پىلانلايدۇ. بۇ قېتىمقى سەپەر جاپا - مۇشەققەتلىك بولىدۇ. 5 - ئاي كىرگەن بولسىمۇ، سايرام كۆلىنى مۇز قاپلاپ تۇراتتى. سايرام كۆلى ۋە جەندىي دوۋان، تەگرى - بۈگرى داۋانلاردىن ئېشىپ، ئالۇچا چېچەكلىگەن توقايلىقتىن ئۆتۈپ، قىشنى باھارغا ئالماشقان يىپەك يولىدىكى تەبىئىي غارايىباتلىقنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ۋە زوقلىنىپ كېتىدۇ.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئارزۇ قىلغان ئىلى دىيارىغا قەدەم تاشلاپ 13 - كۈنى شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا ياپونىيەدىن يولغا چىققاندىن بېرى سەككىز ئاي ئۆتكەنلىكى ۋە سەپەر ھاردۇقى يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ.

ھازىرقى غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئىلى ۋىلايىتى يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىدىن چەتتىكەن جاي بولۇپ، سۈيى، يېرى مول، شىنجاڭدا سۈيى، يېرى مول، باياشات، مۇنبەتلىكى بىلەن تونۇلغان.

ئۇلار ئىلىدا ئالدى بىلەن چىڭ ئەمەلدارلىرىغا سالامغا بېرىپ، ئاندىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلايدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭغا يەنە ئۈرۈمچىدە خوشلاشقان گېنېرال چاڭگىن بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولىدۇ. خىنونىڭ ھەمراھلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان گېنېرال چاڭگىن ئۇلارنى ئىلى ياشلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە ياردەمدە بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. خىنو ئۇنى خاراني قالدۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە گېنېرال ئۇنىڭغا توختى ئىسىملىك ئەمەلدارنى ۋە ئېسىل ئىلى ئېتىنى قوشۇپ بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار توختىنىڭ بىللە بولۇشى سەپەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىنو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىلىدىن يولغا چىققاندا، چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قويىدۇ ۋە تۈرلۈك تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىپ، تەرجىمانىنىمۇ سەپلەپ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق سەپەر شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. خىنو ھىندىستان ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا بارغىچە توختى بىلەن بىللە بولىدۇ. خىنو بىلەن توختى چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىنىدىكى چوڭ شەھەر — شاڭخەيدە ئايرىلىدۇ.

## دۇنيانىڭ ئۆگزىسىگە سەپەر

ئىلىدىن چىقىپ قاراشەھەرگە بارغىچە 2 - قېتىم تەڭرىتاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇلار يەر تۈزۈلۈشى، ئالاقە - ئۇچۇر، ئاماق قاتارلىق جەھەتلەردىن ئانچە قىينالمايدۇ. گېنېرالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەر بىر ئۆتەڭدە چارۋىچىلار يول باشلاپ، قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. خىنو ياردەمدە بولغانلارغا بېرىدىغان سوۋغات بولمىغاچقا، ناھايىتى تەڭلىكتە قالىدۇ.

ئۇ قاراشەھەردىن ئارتىپ كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنى، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تەكلىماكان چۆلىنى بويلاپ قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ يول يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي بەلۋېغى بولۇپ، بۇددا دىنى خارابىلىرى - ئىزنالىرى نۇرغۇن ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئەڭ ئىسسىق ۋاقىتقا توغرا كەلگەچكە، ماغدۇرسىزلىنىش، پاشا - كۆمۈتىلارغا يەم بولۇش، سۇدىن قىسىلىش قاتارلىق جاپا - مۇشەققەتلەرگە يولۇقىدۇ. كۈندۈزى ئات، ھارۋا بىلەن

يۈرۈشكە بولمىغاچقا، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ يەنە بىر نۆۋەت كۈندۈزى ئارام ئېلىپ كەچتە ھاۋا سالقىنلاشقاندا مېڭىشنى قارار قىلىدۇ. مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەندە بىر يەرلىك ئەمەلدار، سىلەرگە قىممەتلىك سوۋغا كەلتۈرىمەن، دەپ 40 كىلومېتىر يۇقىرىدىكى ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ كېلىدۇ. سۇنى ئىچىپ راھەتلەنگەن سەپەرداشلار بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق تەملىك سۇ دۇنيادا يوقتۇر دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تەڭرىتاغ جەنۇبىي يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ.

شىنجاڭنىڭ چەت - ياقىسى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ كىرىش ئېغىزى بولغان قەشقەر چىڭ ھۆكۈمىتى، روسىيە، ھىندىستان ئۈچ دۆلەتنىڭ چېگرا بەلۋېغى بولۇپ، بۇ يەردە چىڭ ھۆكۈمىتى ۋە روسىيە ئەمەلدارلىرىدىن باشقا، ئەينى چاغدا ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بار ئىدى. قەشقەرگە يېتىپ بېرىپلا خىنو ئۈچ دۆلەتنىڭ ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. 11 - كۈنى ياپونىيەدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خەت - چەك ئەۋەتىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ ھەم جۇڭگو تۇپرىقىدا ئۇچراشقان ئوتانىغا ئامان - ئېسەن قەشقەرگە يېتىپ كەلدىم دەپ تېلېگرامما بېرىدۇ.

قەشقەردىن باشلانغان پامىر ئېگىزلىكى دۇنيا ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان ئېگىز تاغ بەلۋېغى بولۇپ، ياپونىيەدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3776 مېتىر ئېگىز بولغان فۇجى تېغىدىنمۇ 4000 مېتىر ئېگىز ئىدى. قەشقەردىن ھىندىستانغا ئۆتۈش ئۈچۈن قانداقلا بولمىسۇن قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرى دۇنيادا 2 - نومۇرلۇق ئېگىز چوققا — چوگىر چوققىسى (ئېگىزلىكى 8611 مېتىر) بىلەن ئۇتىشاتتى. شۇڭا خىنو بۇ قېتىم بۇ تاغ تىزمىلىرىدىن ئۇنداق ئاسانلىقچە ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

خىنو دەسلەپتە ئوتانى ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كىرگەندە ئۆتكەن غەربىي يول — گىلگىت ئارقىلىق مېڭىشنى پىلانلايدۇ. بىراق ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن رۇخسەت ئالمىغاچقا، ئامالسىز شەرقىي يول — قاراقۇرۇم چوققىلىرىدىن ئۆتۈشنى قارار قىلىدۇ. قاراقۇرۇم چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 5575 مېتىر ئېگىز بولۇپ، شۇ چاغقىچە ياپونىيىلىكلەردىن ھېچكىم بۇ يولدىن مېڭىپ باقمىغانىدى. 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەردىن يولغا چىققاندا يەكەننى نىشان قىلىپ، شۇ يەردە قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

ئالدى بىلەن ھاۋانىڭ شالاڭلىقىدا ئىدىيىدە، تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشقا، مۇشەققەتلىك تاغ يولىنى بېسىپ ئۆتۈشكە بىر يېرىم ئاي ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن يۈكلەرنى ئىلاجىسىنىڭ بارىچە يېنىكلىتىشكە، ئازلىتىشقا توغرا كېلەتتى. يولغا چىققاندىن كېيىن بىرەر زۆرۈر نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالسا، سەپەر داۋامىدا ئۇ نەرسىنى تولۇقلاش، ئېلىش ئىمكانىيىتى زادىلا يوق ئىدى.

ئاتلارنىڭ سەپەر داۋامىدا ھېرىپ - چارچاپ ماڭالماي قېلىشى ھەتتا ئۆلۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى، شۇڭا زۆرۈر ئات سانىدىن ئارتۇقراق ئات تەييارلاش كېرەك ئىدى. ئاتنىڭ يەم - خەشىكى ئورۇن ئىگىلەيدىغان بولغاچقا، سەپەر ئۈستىدە يول ئۈستىدىكى ئوت - چۆپلەرگە تايىنىش كېرەك ئىدى.

يىغىلغۇ مەسىلىسىدە يولدا ئۇچرىغان دەل، دەرەخ شاخلىرى ۋە ئات تېزىكىنى قالاشقا توغرا كېلەتتى.

سۇنى ئۇچرىغان ئېرىق - ئۆستەڭدىن توشۇپ ئېچىش پاكى تاغ ئارىسىدىكى مۇزلارنى ئېرىتىپ ئىچىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

خىنو قاراقۇرۇمدىن ئېشىپ ئۆتۈشكە 12 ئات تەييارلايدۇ. ئات باقار، يول باشلىغۇچىلار قوشۇلۇپ بىر چوڭ ئەترەت بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەكەندىن يولغا چىقىدۇ.

## ھىندىستانغا قاراپ ئاتلىنىش

21 - كۈنى ئۇلار قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ دەسلەپكى چوققىلىرىغا دۈچ كېلىدۇ. داۋان ئەگرى - توقاي بولغاچقا ئاتلىق مېڭىش تەسكە توختايدۇ. ئاتتىن چۈشۈپ، يۈكلەرنى ئاتلارغا يۆلۈپ ئارتىپ ئىككى سائەتتەك ھەپىلىشىپ ئاران داۋاندىن ئاشىدۇ. ئۇزۇن يۈرمەيلا بىر ئۆستەڭگە يولۇقىدۇ. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاتنىڭ قورسىقىغا كېلەتتى. 22 - كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئاخىرقى قونالغۇدىن ئۆتۈپ 23 - كۈنىدىن باشلاپ ئىنس - جىن يوق تاغ يولىغا كىرىدۇ. 28 - كۈنى ئېگىز تاغ ئۈستىدە ھاۋا شالاڭ بولغاچقا، ئۇماچ قاينىتىشقىمۇ ئىمكان بولماي قالىدۇ. 29 - كۈنى ئېگىز تاغدا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتنىڭ، ئادەملەرنىڭ يېمەكلىكىنى كېمەيتىدۇ. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئادەملەرمۇ، ئاتلارمۇ قىينىلىپ بۇرنىدىن قان كېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار شۇ ھالدا قاراقۇرۇم چوققىلىرىغا چىقىدۇ. چوققىنىڭ ئۈستىدە شامال كۈچلۈك بولۇپ، قار - مۇز كۆرۈنمەيتتى.

چوققىدىن ئېشىپ ھىندىستان زېمىنىغا كىرگەندە، ئۇلار ئامالەن باشقا دۇنياغا يەنى مۇزلۇق دەرياغا يولۇقىدۇ. تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاتتىن چۈشۈپ ھاسا ياساپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەيدۇ. بارا - بارا ھالىدىن كېتىپ ماڭالماي قالىدۇ. يول باشلىغۇچى ئۇلارنى ھاپاش قىلىپ مۇز ئۈستىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا قاراقۇرۇم يولىنىڭ ھىندىستانغا ئۆتىشىدىغان ئاخىرقى بېكىتىگە يېتىدۇ.

ئۇلار كېلىشتە ياپونىيە ئارمىيىسى ئوفىتسېرى يىناگاكى كىنجىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. خەتتە، سىرىناگاردا ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، كەلگەن ھامان خەۋەر بېرىڭلار، دېيىلگەنىدى.

ئۇلار مۇشەققەتلىك تەكشۈرۈش سەپىرىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، ياپونىيە بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى بار يەرگىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. خىنو قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈشكە باللانغان يول باشلىغۇچى ۋە ئاتلارنى جۇڭگو تەرەپكە قايتۇرغاندىن كېيىن، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سىرىناگارغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يول ئۈستىدە ئېنگلىزلار ياسىغان، لاگىرغا لايىقلاشتۇرۇلغان چاققان تاغ كەپىلىرى بولغاچقا، سەپەر قىيىنچىلىقلىرى قالمىغانىدى. 27 - كۈنى سىرىنگارغا يېتىپ بارىدۇ.

## 474 كۈن ئايرىلغان ياپونىيەگە قايتىش

سىرىنگاردا داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى

پالۋ خازىبەندنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، خىنتونى قارشى ئېلىشقا كەلگەن يىناگاكى بىلەن بىللە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە ۋە تاماشا قىلغاچ كالكوتتاغا قاراپ ماڭىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كالكوتتا پورتىدىن يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە سىنگاپور، شاڭخەيلەرگە چۈشۈپ، 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ كوبې پورتىغا، 25. كۈنى توكيوغا قايتىپ بارىدۇ.

دېمەك، خىنتو 1906 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيىدىن يولغا چىققاندىن باشلاپ تۈپتوغرا 474 كۈندە سەپىرنى ئۇڭۇشلۇق ئاياغلاشتۇرۇپ ياپونىيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

خىنتو ئاھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان قىيىن تەكشۈرۈش سەپىرنى ئەسلەپ خەنزۇ تىلىدا مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب، شىمالى،
يەرشىتلەر ماكانى ئىكەن.
مەن زىيارەت قىلدىم،
قارا قۇرۇمدىن ئېشىپ،
بۇددا قوۋۇقىنى چەكتىم،
ئاددىي ئادەممەنغۇ، دەپ،
كۆلدۈم ئۆزۈمچە،
تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ،
قايتتىم ئېلىمگە.

خىنتو تەكشۈرۈش سەپىرنى يەكۈنلەپ، ئىككى توملۇق «ئىلى خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. كىتابتا شىنجاڭنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى، دىنى، ئىرقى، ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە خىنتونىڭ بۇ كىتابى ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. چۈنكى كىتابتىكى مەزمۇنلار ھاۋا، تۇپراق، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ياپونىيىگە ئاماەن ئوخشىمايدىغان شىنجاڭدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك، قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەر ھەققىدىكى بايانلار ئىدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسى باھالىنىپ خىنتونىڭ كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەربىي ئەمىلىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

1913 ـ يىلى ھەربىي ئەمىلى يەنە كۆتۈرۈلگەندە، ھەربىيدىن چېكىنىدۇ ۋە جۇڭگونىڭ چىگداۋ شەھىرىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلىدۇ. بۇ يەردە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1920 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23. كۈنى 54 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

---

بۇ ماقالە خىنتو تسوتومۇنىڭ «ئىلى خاتىرىسى» ۋە كانېنو تاسئونىڭ 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن ياپونىيىلىكلەر» دېگەن كىتابىدىن پايدىلىنىپ رەتلەپ چىقىلغان.

تەرجىمە قىلغۇچى: مەرىيەم ساقىم

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# پائۇل پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى

تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

(شىنجاڭ كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىدىن)



فرانسىيە ئارخېئولوگى پائۇل پېللىئوت

پائۇل پېللىئوت دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلغان خەنزۇشۇناس، شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگى، شۇنداقلا دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى ئالىم.

پائۇل پېللىئوت 1878 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پارىژدا بىر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا كىرىپ خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئېدۇارد چاۋاننىس، سىلۋائىن لېۋى، ھېنرى كوردىئور قاتارلىق ئالىملاردىن سانسكرىت تىلى، تۈرك تىلى، تىبەت تىلى ۋە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگەنگەن.

1898 - يىلى 20 ياشلىق پېللىئوت فرانسىيەدىن ئايرىلىپ، ئاسىيادىكى فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ۋېيتنامغا بېرىپ، شۇ يەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان ھىندىچىنى قەدىمىي خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش جەمئىيىتىدە ئىشلەيدۇ. 1900 - يىلى بۇ جەمئىيەت خانويدا فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. پېللىئوت مۇشۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئەڭ باش تەتقىقاتچىسى بولۇپ قالىدۇ.

1900 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى فرانسىيە ھىندىچىنى باش ۋالىيسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى



تەكشۈرۈش ئۈمىكىنى باشلاپ بېيجىڭغا بارىدۇ. بۇ ئەترەتنىڭ مەقسىتى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشتىن باشقا، يىراق شەرق ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى ۋە مۇزېيى ئۈچۈن كىتاب ۋە يادىكارلىق سېتىۋېلىش ئىدى. ئۇلار سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا كىرگەندىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل يېزىقىدىكى قولىيازما ۋە رەسىملەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ.

1901 - يىلى پېللىئوت خانويغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا كۆتۈرۈلىدۇ. 1902 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە خانويدا يىراق شەرق تەتقىقاتى بويىچە 1 - قېتىملىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلغاندا پېللىئوت يىغىننىڭ كاتىپات باشلىقلىقىنى ئۆتەيدۇ. پېللىئوت 1904 - يىلى ھىندىچىنىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ۋېتنام ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىگە دائىر خېلى كۆپ تەتقىقاتلارنى ئىشلەپ ئېلان قىلىدۇ (بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسى قىسقارتىلدى).

1904 - يىل 7 - ئايدا پېللىئوت ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىن فرانسىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاپ - تالاش نىيىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۇ جايلارغا بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىشنى ئويلىشىۋاتقان چاغ ئىدى. پېللىئوتنىڭ فرانسىيىگە قايتىپ كېلىشى فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەترەت ئۈچۈن مۇۋاپىق، ھەرقايسى جەھەتلەردىن يېتىلگەن ئەترەت باشلىقى تاللاش ئەندىشىسىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ ئەترەت پېللىئوت، جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش، ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەبىئەت تارىخى جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل لۇئىس ۋايلانت، كەسپىي فوتوگراف چارلىس نۇئۇئېتتىدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار بىر يىلغا يېقىن تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1906 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يولغا چىقىدۇ. ئۇلار پويىزدا ئولتۇرۇپ 10 كۈندىن كېيىن تاشكەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. تاشكەنتتە يۈك - تاقلىرىنى ساقلاپ تۇرۇپ قالىدۇ. پېللىئوت مۇشۇ پۇرسەتتە شەرقىي تۈرك تىلىنى تېخىمۇ پىششىقلايدۇ. يۈك - تاقلىرى كەلگەندىن كېيىن يەنە پويىزدا ئولتۇرۇپ، 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەنجانغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوشقا يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئاتلىق قەشقەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار 74 ئاتتىن تەركىب تاپقان كارۋان بىلەن يولغا چىقىپ، ئالدۇق داۋاندىن ئۆتۈپ، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

قەشقەر پېللىئوتنىڭ قېزىش پائالىيىتىدىكى 1 - نىشانى ئىدى. ئۇلار قەشقەردە ئالتە ھەپتە تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇلار قەشقەرنى جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۈچ مىرۋان غارىنى تەكشۈرىدۇ[1].

پېللىئوت قاتارلىقلار مىڭبىر مۇشەققەتتە غارغا كىرگەندە غارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كاكىل يۈزىگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ سويۇپ ئېلىنىۋېتىلىپ، يېڭىدىن كاكىل لاي يېرىلىپ قايتىدىن رەسىم سىزىلغانلىقىنى بايقايدۇ. پېللىئوت بۇ ۋەقەنىڭ 1815 - يىللىرى ئەتراپىدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ[2]. نۇئۇئېتتى رەسىملەرنى پۈتۈنلەي سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ.

پېللىئوت بىلەن ۋايلانت خارنىڭ ئېغىزى، ئوتتۇرا، ئارقا قىسىملىرى بىلەن سول، ئوڭ قىسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى، تام رەسىملىرىدىكى بېغىشلىمىلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەيدۇ.

ئۇلار ئۈچ مىرىۋان خارابىسىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ مىرىۋاتنىڭ ئىككى كىلومېتىرچە شەرقىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۈگمەن خارابىسىنى تەكشۈرىدۇ. پېلىئوت بۇ خارابىلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا تاسادىپىيلا بىراھمى يېزىقى يېزىلغان بىر دانە ياغاچ قوزۇق تېپىۋالىدۇ. بۇ پېللىئوتنىڭ قەشقەرگە قەدەم باسقاندىن بۇيان ئۇچراتقان ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقى ھېسابلىناتتى. پېللىئوت بۇ يەردىن تېخىمۇ كۆپ يادىكارلىق تېپىش مەقسىتىدە 10 نەچچە ئادەم ياللاپ قازىدۇ، بىراق نەتىجە پېللىئوت ئويلىغاندەك بولمايدۇ. ئۇلار بۇ يەردىن نۇرغۇن ساپال بۇيۇم ۋە بىر دانە مىس كولدۇرما تاپىدۇ.

قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانئۈي قەشقەردىكى ئەڭ مەشھۇر خارابىلىكنىڭ بىرى بولۇپ، پېللىئوت بۇ يەرنى نۇقتىلىق قازىدۇ. بولۇپمۇ خانئۈي خارابىسىدىكى كەپتەرخانا، ساقالتام، ھاساتام، توققۇزھوجرا خارابىلىرىدىن نۇرغۇن قەدىمىي پۇل، تارشا پۈتۈك ۋە لاي بۇتلارنى قېزىۋالىدۇ. 1906 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خانئۈيدىكى قېزىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مورتىم، توپاتىم، توقكۆل، ئاقتاش قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرىدۇ. مورتىمنى ئىككى كۈن قېزىش ئارقىلىق قۇلىقى ناھايىتى بوغان بىر ھەيكەل بىلەن نۇرغۇن ساپال بۇيۇم تاپىدۇ. ئاقتاشتىكى قىزىلتىم، قاغاتىم بۇددا مۇنارى خارابىسىنىمۇ قازىدۇ. پېللىئوتنىڭ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بۇددىزم خارابىلىرىدىن تاپقان بۇيۇملىرى ھازىر پارىژدىكى گۇيىتمې مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

پائۇل پېللىئوت ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1906 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەردىن ئاتلىنىپ، ئۇردەكلىككە كېلىپ، بۇ يەردىن ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان قاشتېشى بۇيۇملارنى يىغىۋالىدۇ. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مارالبېشىغا، 29 - كۈنى تۇمشۇققا كېلىدۇ. تۇمشۇق خارابىسىنى ئىلگىرى سۋېن ھېدىن تەكشۈرۈپ، ئۇنى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى خارابىلىك دەپ قاراپ تاشلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بۇ يەرگە قەدەم باسمىغانىدى. پېللىئوتمۇ بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئۇ يەردە ئازغىنا توختىغان چاغدىلا بۇ خارابىلىكنى ئۇچرىتىپ قالغانىدى. ئۇ قامچىسىنىڭ سېپىدا ئانچە - مۇنچە كولاپ بېقىش بىلەنلا ھەقىقىي قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى كىچىك بۈتتىن بىرنى تېپىۋالىدۇ[1]. بۇ تاسادىپىي بايقاش ئۇنى ناھايىتى خۇش قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆچاغا قاراپ يولغا چىققان پېللىئوت يۆك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، تۇمشۇقتا رەسمىي قېزىشنى باشلايدۇ. بۇ خارابىلىك تۇمشۇق كەنتىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر توققۇز ساراي دەپ ئاتايتتى، بىراق پېللىئوت بۇ خارابىلىكنى تۇمشۇق كەنتىنىڭ نامى بىلەن خەلقئارادا تونۇشتۇرىدۇ.

تۇمشۇقتىكى قېزىشقا 25 — 30 ئادەم ياللىنىدۇ. پېللىئوت خارابىلىكنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. تۇمشۇقتىن تېپىلغان بۇيۇملار ئاساسەن لاي ھەيكەل، تام رەسىمى، ساپال بۇيۇم، قورال - سايمانلاردىن ئىبارەت بولۇپ،



كۇچا دۆلدۆل ئوقۇردىن تېپىلغان كۆسەن يېزىقىدىكى ھۆججەت

سانى كۆپ، تۈرى ھەر خىل ئىدى. لاي ھەيكەللەر شىنجاڭدىكى ئەڭ نادىر ھەيكەللەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇت ھەيكىلى، بودىساتۋا، ئىلاھ، يەرلىك خانلار ۋە بۇقرالارنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى پارىژدىكى گۇيمېي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئەترەت 1906 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۇمشۇقتىن ئايرىلىپ، 1907 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ كۇچادىكى مىڭئۆيلەرنىڭ گېرمانىيە، روسسىيە، ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن قورۇقدىلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، قىزىش نوقتىسىنى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جۇشىمىگەن خارابىلەرگە قارىتىدۇ. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۇچادىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى 4 - ئايدا باشلاشنى ئويلىشىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتلاردا قىزىل مىڭئۆينى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. قىزىل مىڭئۆيدىن كېلىشتە شالدىراڭ ئېقىنىغا جايلاشقان قىزىلقاغا مىڭئۆيىدىن قەدىمكى كۆسەن يېزىقى يېزىلغان 200 دىن ئارتۇق پارچە پۈتۈك تېپىۋالىدۇ[4].

پېللىئوت قىزىل مىڭئۆي بىلەن قىزىلقاغا مىڭئۆيىدىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قىزىش نوقتىسىنى ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دۆلدۆل ئوقۇر بىلەن كۇچانىڭ شىمالىدىكى سۇبېشى خارابىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

دۆلدۆل ئوقۇر خارابىسى (ھازىر بۇ خارابىلىكنى يەرلىك خەلقلەر شاھتۇر، ئۇچتۇر دەپمۇ ئاتىشىدۇ — ئاپتور) ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان، ئۆگەن دەرياسى بۇ خارابىلىكنى غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا ئايرىۋەتكەن. بۇ خارابىلىك قەدىمكى كۆسەن دۆلىتىنىڭ بۇددا

ئىبادەتخانىسى بولۇپ، 8 — 9 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە خارابلاشقان. ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۇ خارابىلىككە كېلىپ، قېزىش سۈرئىتى ۋە ئىش مىقدارىغا ئاساسەن، ھەر كۈنى يەرلىك كىشىلەردىن 25 كىشىنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ. ئۇلار 1 ـ كۈنىلا لىققىدە بىراھما يېزىقى يېزىلغان بىر پارچە تاختاي، خەنزۇچە ئاتچە تولۇق بولمىغان بىر ئەسەر ۋە بىر دانە ۋۇجۇ يارمىقى تاپىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان كۆك رەڭلىك ئەينەك پارچىسى، خەنزۇچە يېزىلغان بىر ھېسابات دەپتىرىنى، ئەتىسى راھىبلارنىڭ ياتاق ئۆيىدىن ئۇرغۇن ياغاچ ئويما، تام رەسىمى ۋە بازما ھۆججەتلەرنى بايقايدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىر نوم ساقلايدىغان ئۆينى تېپىپ، بۇ ئۆيدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان 718 پارچە قەدىمكى بىراھمى يېزىقىدىكى ئەسەرنى قېزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كەمتۈك ئەسەرلەر ۋە ياغاچ قولۇينىڭ ئاچقۇچىغا يېزىلغان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ ھۆججەتلەر بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغىنى بىلەن بەت سانى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى[7]. ئۇلار 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بىر ئەخلەت دۆۋىسىدىن بىر دانە مىس كۆزگۈ، 3 دانە تۆمۈر تامغا، شىر سۈرىتى ۋە بۆكەن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قاشتېشى تامغا تاپىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھەجىمى چوڭ ھەم ياخشى ساقلانغان بىراھمى يېزىقىدىكى بىر ئەسەرنى تاپىدۇ. يەنە بىر خارابىلىكتىن قاتار ئولتۇرغان بۇددىنىڭ ھەيكىلى قاپارتما قىلىپ ئويۇلغان ئۈت چاسا تاختاينى تېپىۋالىدۇ. پېللىئوت بۇ بۇيۇمنى بۇددا ھەيكەللىرىنى كۆپەيتىپ باسىدىغان بۇيۇم ئىكەن دەيدۇ[8].

پېللىئوت 1907 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دۇلدۇل ئوقۇردىكى قېزىش پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سۇبېشى خارابىسىگە ئاتلىنىدۇ. سۇبېشى بۇددا خارابىسى كۇچا ناھىيىسىنىڭ 16 كىلومېتىر شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، كۇچا دەرياسى بۇ خارابىلىكنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. بۇ خارابىلىككە ئىلگىرى ئۇرغۇن چەت ئەللىكلەر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كەڭ كۆلەمدە قېزىلمىغان. پېللىئوت 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سۇبېشى خارابىسىنى قېزىشنى باشلايدۇ. ئۇلار كۈنىگە يەرلىك 6 كىشىنى ياللاپ قېزىشقا سالىدۇ. پېللىئوت سۇبېشى خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ ھەم خارابىلىكتىكى غارلارنىڭ تاملىرىغا يېزىلغان كۇسەن يېزىقىدىكى يېغىشلىمىلارنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن كېسىۋالىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىر مۇنارنىڭ ئاستىدىن نەپىس رەسىملەر سىزىلغان، چېدىر شەكىللىك جەسەت كۆلى قۇتىسىدىن 30نى تېپىۋالىدۇ. يەنە بىر ئىبادەتخانا خارابىسىدىن بىر تەرىپىگە بىراھمى يېزىقى يەنە بىر تەرىپىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان بىر ئەسەر، بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ئەسەر، بىراھمى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن ئۇرغۇن تارشا پۈتۈك تېپىۋالىدۇ[9]. پېللىئوت ھەر كۈنى دېگۈدەك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ قويىدۇ. نۇئۇتتى سۇبېشى مىڭئۆيىدە ئۇرغۇن سۈرەت تارتىدۇ. سۇبېشى مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرى ھازىر يامغۇر ۋە كۈن نۇرى سەۋەبىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت نۇئۇتتى تارتقان سۈرەتلەردىلا ئارخىپ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.



سۇ بېشى بۇددا خارابىسىنى قېزىشتا ياللانغان يەرلىك ئىشلەر

سۇبېشى خارابىسىدىكى قېزىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغلىقتا تەكشۈرۈشتە بولىدۇ. ئۇلار 1907 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە كۇچانىڭ شىمالىدىكى مىس كان، كۆمۈر كانلارنى تەكشۈرىدۇ. پېللىئوت ئۆزى كۇچادىن يۇلتۇز ۋادىسىدىكى موڭغۇللار تەرەپكە بارىدىغان يولنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئەتراپتىكى يوللارنى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۇچاغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەترەت 1907 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كۇچادىن ئايرىلىپ، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار پېللىئوتقا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان رەسىم، قوليازمىلارنى سوۋغا قىلىدۇ. پېللىئوت ئۇتتۇرا ئەسىرگە ئائىت بۇ قولىيازمىلارنى كۆرۈپ، ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن تۇرۇشنى خالىماي، 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن دۇنخۇاڭغا ئاتلىنىدۇ. ئۇرپان، قۇمۇل، شاجۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1908 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۇنخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى 182 غارغا نومۇر سېلىپ چىقىدۇ. غارلاردىكى قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان يېغىشلىمىلارنى كۆچۈرۈۋالىدۇ. نوئۇتتى 2000 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت تارتىدۇ. پېللىئوت خەنزۇ تىلى بىلەن ۋاڭ راھىبنى قايىل قىلىپ، 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۇنخۇاڭدىكى نوم ساقلاش غارىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ مۆلچەرلىشىچە غاردىكى قول يازما 15 — 20 مىڭ پارچە ئەتراپىدا كېلەتتى. پېللىئوت شام يورۇقىدىن

پايدىلىنىپ، كىچىككىنە بىر پەردە ئۈچ ھەپتە ۋاقىتنى خۇددى نەزەربەنتكە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئىچىدە چاڭ-توزان ئاستىدا قالغان قول يازمىلارنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ[1]. ئۇ خەنزۇ تىلىدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر تىل-يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت توپلىرىدىكى ھەرقانداق نەرسىنى قويۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم، دېدۇ[2]. ئۇ شۇ غاردا ساقلىنىۋاتقان 500 كىلوگرام كېلىدىغان تىبەتچە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ كېتىشكە ئامال قىلالمايدۇ، لېكىن شۇ ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ نادىرلىرىنى ۋە 11 توملۇق «گەنجۇر» نومىنى ئېلىپ كېتىدۇ. پېللىئوت غاردىكى ھۆججەت ئىچىدىن 6000 پارچىدىن كۆپرەك ھۆججەتنى، ئۇلاردىن باشقا ئاڭ دەۋرىگە ئائىت رەسىم، تۇغ-ئەلەملەرگە سىزىلغان رەسىم، تۇقۇلما بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇمدىن 200 نەچچىنى ئاللىۋالىدۇ.

پېللىئوت قاتارلىقلار 1908-يىل 3-ئاينىڭ 27-كۈنى نوم ساقلاش غارىدىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۈنخۇاڭ مىڭئۆيىنى قايتا تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، 6-ئاينىڭ 8-كۈنى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شاجۇدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭ ئارقىلىق فرانسىيىگە قايتىدۇ.

ئۇلار قىسقىغىنە ئىككى يىلدا شىنجاڭ ۋە دۈنخۇاڭدا كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەرىجىدە نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پېللىئوتنىڭ تەتقىقات ھاياتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى بولۇپ قالىدۇ.

1911-يىل فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى پېللىئوتنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىسىدىن لېكسىيە سۆزلىگۈچى پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 33 ياشقا كىرگەنىدى. بىراق 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇنىڭ تەتقىقاتى توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى 1914-يىلى پېللىئوت ئەسكەرلىككە يىغۇۋېلىنىپ، فرانسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. 1918-يىلى سىبىرىيىنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. 1921-يىلىلا فرانسىيە شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كېلىپ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ژۇرنال «تۇڭپاۋ» (Tong – pao)[3] نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

پائۇل پېللىئوت 1945-يىل 10-ئاينىڭ 26-كۈنى راك كېسىلى بىلەن 67 يېشىدا پارىژدا ۋاپات بولدى. غەرب ئىلىم ساھەسىدىكى ئەربابلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ باردى. ئۇ 20-ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ جۇڭگوشۇناس، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئالاھىدە شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا سازاۋەر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ياۋروپادىكى ئاساسلىق تىللارغا پۇختا بولغاندىن سىرت، يەنە خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، تىبەت تىلى، تۈرك تىلى، موڭغۇل تىلى، پارس تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى، كۈسەن تىلى، ئاگنىت تىلى ۋە ھىندى تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. دەۋرىدا پېللىئوتنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ «تۇڭپاۋ» نىڭ

1948 ـ يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان «پائۇل پېللىئوت» دېگەن ماقالىسىدە: «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بالايى ـ ئاپەتلەرگە سۆزلەشىپ پائۇل پېللىئوتنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى يىراق شەرق تەتقىقات ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش بولدى. ئۇ دائىرىسى كەڭ بولغان جۇڭگوشۇناسلىقنىڭ ھەربىر ساھەسىدە ھەممىنى يېتەكچى چۈشىنىدىغان ئۇستاز ئىدى....»[1] دېيدۇ.

پائۇل پېللىئوتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەتقىقات ساھەلىرى ھەددىنچىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتى ماقالە شەكلىدە ئېلان قىلىنغان:

## 1. ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلىرى

1) «ئىدىقۇت، خېجۇ ( 和州 )، قوچۇ ( 火州 ) ۋە قاراخوجا ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1912 ـ يىللىق سانى.

2) «تاڭ، يۈەن سۇلالىرى دەۋرلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى خىرىستىيان مۇرتلىرى» («تۇڭپاۋ»، 1910 ـ يىلى).

3) «شاجۇ بۇيۈك ئۇتتۇر قىلىچ جىغۇ ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرچە تۇرپان ۋەسىقىلىرى» دېگەن خەرىتىسى ۋە يۇچاڭخەيدىكى كانجۇت خەلقلىرى»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1916 ـ يىل.

4) «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى توغرىسىدا تەتقىقات» (چاۋانىس بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1911 — 1913 ـ يىللىرى.

5) «خەنزۇچە مەنبەلەردىن تۈركى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تۇڭپاۋ» 1915 ـ يىلى.

6) «كومانلار»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1920 ـ يىلى، 1 ـ توم.

7) «ۋېي سۇلالىسى تەبىراتى. غەربىي رايونلار ھەققىدە قىسسە، دىكى دانا تۆتۆق تۈلۈك جىغۇ»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1920 ـ يىلى.

8) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەت — سۇيى»، «تۇڭپاۋ» 1921 ـ يىلى.

9) «ئۇيغۇرلار موڭغۇل تىللىق خەلق دېگەن قاراش ھەققىدە»، «تۇڭپاۋ» 1923 ـ يىلى.

10) «كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى نامى توغرىسىدا»، «تۇڭپاۋ» 1923ـ يىلى.

11) «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ـ جۇغراپىيەسى توغرىسىدا ئومۇمىي تەتقىقات»، «تۇڭپاۋ» 1928 — 1929 ـ يىللار.

12) «جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدىكى بامىيان» («بامىياندىكى بۇددىزم خارابىلىرى» دېگەن مەجمۇئەگە يېزىلغان)، 1928 ـ يىلى.

13) «بامىيان تەتقىقاتىغا قوشۇمچە ئىزاھ»، «تۇڭپاۋ» 1929 ـ يىلى.

14) «شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى مىڭبۇلاق»، «تۇڭپاۋ» 1930 ـ يىلى.

15) «ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، «تۇڭپاۋ» 1931 ـ يىلى.

16) «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن يەر ناملىرى»، «تۇڭپاۋ» 1931 ـ يىلى.

17) «توخار تىلى ۋە كۇچا تىلى»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1934 ـ يىلى.

18) «توخار تىلى تەتقىقاتى»، «تۇڭپاۋ»

1936 ـ يىلى.

**2. پائۇل پېللىئوتنىڭ 1906 — 1909 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى توغرىسىدا يازغان خاتىرىلىرى**

1) «ئىچكىرىلىك ئاسىيادىكى ئۈچ يىللىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، «فرانسىيىگە قاراشلىق ئاسىيا كومىتېتى ژۇرنىلى» 1910 ـ يىلى.

2) «شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «فرانسىيە سودا جۇغراپىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتى ھىندىچىنى تارماق بۆلۈمىنىڭ يىللىق مەجمۇئەسى» 1909 ـ يىلى.

3) «ئىچكىرىلىك ئاسىيانىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، پائۇل پېللىئوتنىڭ 1930 ـ يىل نەشر قىلىنغان «ئىچكىرىلىكتىكى ئاسىيا» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

4) «قەشقەر ۋە تۇمشۇقتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، بۇ ئەسەر 1964 ـ يىل پارىژدا نەشر قىلىنغان «تۇمشۇق» دېگەن ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

5) «قەشقەردىكى ئۈچ مىرسۇۋان خارابىسىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 1906 ـ يىلى قەشقەردە يېزىلغان.

6) «كۇچادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، بۇ ماقالە 1982 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشر قىلغان «دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇبېشى» دېگەن ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىغا بېسىلغان.

7) «قۇم دېڭىزىدىكى سەپەر خاتىرىسى — قۇمۇلدىن دۈنخۇاڭغا بېرىش»، «جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 17 ـ جىلد، 1908 ـ يىل 6 ـ ئاي.

8) «دۈنخۇاڭ تۈمەن ساقلاش ئۆيىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى»، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1908 ـ يىل.

**3. جۇڭگو — چەت ئەل مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى**

(18 پارچە، قىسقارتىلدى)

**4. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى**

(8 پارچە، قىسقارتىلدى)

**5. پائۇل پېللىئوت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىمى گۈيتمىنى مۇزېيىغا تەقدىم قىلغان ئەسەرلەر**

(27 پارچە، 11 پارچىسى قىسقارتىلدى)

1) «شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا دائىر خاتىرە»، 69 بەت، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىدا يېزىلغان.

2) «تىبەت»، 187 بەت.

3) «ئالتە دەۋرىدىكى تۇرپان رايونىدىكى بۇللار»، 168 بەت، 2000 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

4) «بۇتساتۋا ۋە ئاۋالوكىسۋارا ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ترانسكرىپسىيىسى»، 11 بەت.

5) ««ئاسىيانىڭ كىندىكى» دېگەن ئەسەردىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، 92 بەت.

6) «جۇڭگو مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 181 بەت، 1953 ـ يىل فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

7) «بىرقانچە كىشى ۋە خەلق نامىنىڭ

تۈركچە ئاتىلىشى»، 50 بەت.

8) «سانسكرت تىلىدىكى Arya ۋە Arje»، 4 بەت.

9) «ھۆنلاردىكى بىر ئەمەل نامى توغرىسىدا»، 8 بەت.

10) «كوسەن، قاراشەھەر، راۋۇرۇكا (Rauruka)»، بۇ ئەسەرنىڭ بەت سانى 1 — 5، 39 — 182 بەت دېيىلگەن.

11) «14 - ئەسىرگە دائىر ئەرەبچە - موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە - موڭغۇلچە سۆزلۈكلەر»، 287 بەت.

12) «تارىخى رەشىدىنىڭ تەرجىمىسى»، 105 بەت.

13) «ئالتۇن ئوردا خانلىقى تارىخىدىن خاتىرىلەر»، 151 بەت، 9 بەت ئىزاھات بار، 1953 - يىل فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

14) «قالماق تارىخىنىڭ شەرھىيسى»، 1919 - يىلى يادىلىسىنىڭ ئەسىرىگە يازغان باھاسى، 746 بەت، قوشۇمچە ئىزاھات، 7 پارچە رەسىم ۋە جەدۋەل بار. 1960 - يىل فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

15) «موڭغۇل تىلىدىكى bagul — bogtaq، تۈرك تىلىدىكى kokul — boqta، خەنزۇ تىلىدىكى 䍐䍐 لەر تويى قىلغان خانىملارنىڭ باشلىرىغا كىيىدىغان چىچىنى كۆرسىتىدۇ»، 29 بەت، قوشۇمچە ئىزاھات بار.

16) «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، خەنزۇچە تەلەپپۇزىغا ئاساسەن موڭغۇل تىلىغا ئايلاندۇرۇلغان نۇسخىسى، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى 1949 - يىل نەشرى.

ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن يېڭىچە ئۇسۇل ۋە ئاساس ھازىرلاپ بەردى. ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى، بىلىم قابىلىيىتى ۋە مەسىلىلەرگە تۇتقان ئەستايىدىللىق پوزىتسىيىسى كەلگۈسى تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئىلھام بولغۇسى.

قوشۇمچە

## پائۇل پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرىنىڭ رەتلىنىش ۋە نەتىق قىلىنىش ئەھۋالى

پائۇل پېللىئوتنىڭ غەربىي يۇرت ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىلىرى ئۇ ھېزىپ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى بولماستىن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ كەتكەن نادىر سەنئەت بۇيۇملىرى، دىنىي بۇيۇملار، قول يازما ۋە ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھايات چېغىدا بۇلارنى ئىلىم ساھەسىگە بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنى رەتلەش، ئېلان قىلىش ئىشلىرى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولغاچقا، بۇ خىزمەت تا ھازىرغىچە ئىشلەنمەكتە. بىرقىسمى نەشر قىلىنىپ دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ خىزمەتلەرنى ئۈۋەندىكى ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ.

1 . پائۇل پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن ئارخېئولوگىيە بۇيۇملىرىنى رەتلەش باسقۇچى.

2 . دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيادىن يىغىپ كەلگەن يادىكارلىقلار ساقلىنىۋاتقان گۇيمېت

مۇزېيىنىڭ مۇدىرى گىئورگىي سار بۇ يادىكارلىقلارنى رەتلەپ، ئۇلارغا دائىر ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش ئىشلىرىنى بىللىئوتىنىڭ بېتۇڭ شاگىرتى لوئىس ھامبىسقا ھاۋالە قىلغان. بۇ خىزمەت فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى بىلەن فرانسىيە شەرق ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ھازىر «پائۇل بىللىئوت ئارخېئولوگىيە مەجمۇئەسى» دېگەن نامدا ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ ئۈچتىن بىرقىسمى ئېلان قىلىندى. «مەجمۇئە» 27 تومغا ئايرىلغان، ئۇلارنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە[1] (بىرقىسىملىرىنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى كۆرسىتىلدى):

1 - توم: «تۇمشۇق . رەسىم قىسمى» فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1961 - يىلى نەشرى.

2 - توم: «تۇمشۇق . يېزىق قىسمى» فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1964 - يىلى نەشرى.

3 - توم: «كۇچادىكى خارابىلىك — دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سوبېشى» (رەسىم قىسمى)، فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1967 - يىلى نەشرى.

4 - توم: «كۇچادىكى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى: دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سوبېشى» (يېزىق قىسمى)، فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1982 - يىلى نەشرى.

5 - توم: «كۇچا مىڭئۆيلىرى» (رەسىم قىسمى).

6 - توم: «كۇچا مىڭئۆيلىرى» (يېزىق قىسمى).

7 - توم: «كۇچا سۈرەتلىرى ۋە نەققاش بېزەكلىرى».

8 - توم: «كۇچادا بايقالغان قەدىمكى كۇسەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر (ئاساسلىقى ياغاچ تارشا پۈتۈك) ۋە تامغا يېزىلغان بېغىشلىمىلار»، فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1987 - يىلى نەشرى.

9 - توم: «كۇچا رەسىمچىلىكى».

10 - توم: «دۈنخۇاڭ ئارىلىقىدا».

11 - توم: «دۈنخۇاڭ مىڭئۆيى خاتىرىلەرى: بېغىشلىما ۋە تام رەسىمى» (بۇ ئەسەر 6 قىسىمغا ئايرىلىپ ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلىنغان).

12 - توم: «دۈنخۇاڭ تەزكىرىسى ۋە ئابىدىلەر».

13 - توم: «گۈيمېي مۇزېيى ۋە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان دۈنخۇاڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى» فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1970 - يىلى نەشرى.

14 - توم: «گۈيمېي مۇزېيىدا ساقلانغان دۈنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ - ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر» (يېزىق قىسمى)، فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1974 - يىلى نەشرى.

15 - توم: «گۈيمېي مۇزېيىدا ساقلانغان دۈنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ - ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر» (رەسىم قىسمى) فرانسىيە ئىنستىتۇتى، 1976 - يىلى نەشرى.

16 - توم: «گۈيمېي مۇزېيىدا ساقلانغان دۈنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ - ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر: بېغىشلىما ۋە خەرىتە».

17 - توم: «گۈيمېي مۇزېيىدا ساقلانغان دۈنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ - ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر: ھەيكەللەر».

18 - توم: «گۈيمېي مۇزېيىدا ساقلانغان دۈنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ - ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى».

19 - توم: «دۈنخۇاڭ تاش ئويما رەسىملىرى».

20 - توم: «دۈنخۇاڭ ھەيكەلتاراشلىقى».

21 -، 22 - ، 23 - توم: «دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى» (رەسىم قىسمى).

24 -، 25 -، 26 - توم: «دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى» (بېزەك قىسمى).

27 - توم: «دۇنخۇاڭ توقۇلما بۇيۇملىرى» (رەسىم قىسمى).

2. پائۇل پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى قوليازمىلارنى رەتلەش.

پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى قوليازمىلار ھازىر فرانسىيە دۆلەتلىك كۈتۈپخانا شەرق قوليازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

1) خەنزۇ تىلىدىكى قوليازمىلار. قوليازمىلار ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىكىسى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 1955 - يىلى باشلانغان. فرانسىيە ئىنستىتۇتى «فرانسىيە دۆلەتلىك كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ خەنزۇچە قوليازمىلار كاتولوگى» دېگەن نامدا 5 توملۇق قىلىپ نەشر قىلدى، ئۇنىڭدا جەمئىي 4040 پارچە قوليازما بار.

2) دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن تىبەتچە قوليازمىلار. بۇلارنى ماركېللىي لالۇ خانىم «فرانسىيە دۆلەتلىك كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ تىبەتچە قوليازمىلار كاتولوگى» دېگەن نامدا 3 توملۇق قىلىپ 1961 - يىلى نەشر قىلدۇردى، ئۇنىڭدا جەمئىي 2216 پارچە تىبەتچە ھۆججەت بار.

3) قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلار. پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلارغا جەمئىي 25 نومۇر سېلىنغان بولۇپ، بۇ ۋەسىقىلەرنى خامىلتون رەتلەپ تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان. 1986 - يىلى فرانسىيە پېتىر نەشرىياتى 2 توملۇق «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى»نى نەشر قىلدى. بۇ توپلامغا پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن 24 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە بىلەن ستەيىن دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن 12 پارچە ھۆججەتمۇ كىرگۈزۈلگەن.

4) پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن سوغدىچە ھۆججەت 30 پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خامىلتون بىلەن ئەنگلىيىلىك شىمس ۋىلىيام ئېلان قىلدى.

5) پېللىئوت دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇبېشىدىن ئېلىپ كەتكەن سانسكرىتچە ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى فرانسىيىلىك ئالىم ب. پائۇلى سىستېمىلىق رەتلەپ، «پائۇل پېللىئوت غەربىي يۇرتتىن تاپقان سانسكرىتچە ۋەسىقىلەر» دېگەن نامدا ئېلان قىلدى (بۇ ماقالە «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1957 – 1966 - يىلغىچە بولغان سانلىرىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدى).

6) پېللىئوت دۇلدۇل ئوقۇردىن ئېلىپ كەتكەن كۇسەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى فرانسىيىلىك كۇسەن تىلى مۇتەخەسسىسى گېئورگى پىنائۇلتنىڭ رەتلىشىچە 2000 پارچىدىن ئاشىدىكەن.

ئىزاھلار:

① پېللىئوت 1906 - يىلى قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىدا مەدداھلاردىن ئۆچ مىربۇان ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھارۇن بۇغراخان باتىللارغا يار ... ساداۋرىسا، قىزىنىڭ دۆ ... ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ... ھارۇن بۇغراخان ...

بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن] چەندىن تاشچى كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا تاغ قىياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تاش ئۆي قېزىشنى ئەمىر قىپتۇ. تاشچىلار ئۈچ سىرىۋانىنىڭ ئىچىگە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىدىغان 41 ئېغىز ئۆي سايتۇ. قاغان مەلىكىنى ئۇ يەرگە ئايرىپ قويۇپتۇ. مەلىكىنىڭ ئۈزۈم يېگۈسى كەپتۇ. قاغان قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈچ سىرىۋاندىن بەشكېرەمدىكى خانچالاغىچە ئۈزۈن بىرسەپ بولۇپ، قولىدا ئۈزۈم يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن ئۈچ سىرىۋاندا ئارام ئېلىۋاتقاندا، بىر كىشى بىر سېۋەت ئۈزۈمنى ئۇلارغا سۇنۇپتۇ. مەلىكە ئۈزۈمنى ئاپتۇ ۋە كېنىزەكلىرىگە: قىزلار ئۈزۈم يەڭلار، دەپتۇ. ئۈزى بىرتال ئۈزۈمنى ئاغزىغا سايتۇ، بىراق ئۈزۈم ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالغان بىر دۇ مەلىكىنىڭ تىلىنى چېقىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ۋاپات بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ سىرىۋان خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ ھەم ھەرقانداق بىركىشى ئۇ يەرگە كېلىشكە پېتىنالماپتۇ. ھارۇن بۇغراخان دەۋرىدە ئۇ يەرگە چىقىپ چۈشىدىغان شوتا بار بولۇپ، تەيپۇنەن زامانىدا ئۇستۈن ئاتۇشتىكىلەر شوتىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇ يەرگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ. شوتا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئاياغ باسماپتۇ» (پېللىئوت: «ئۈچ سىرىۋان غارى، تۇگمەن خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، 1906 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).

بۇ رىۋايەتنىڭ باشقا بىر ۋارىيانتىنى 1894 ـ يىلى قەشقەردە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان شۋېتسىيىلىك ئىرىك لارس قوگېبىرىك ئۈنجى قېتىم خاتىرىلىگەن. شىنجاڭدا بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر خېلى كۆپ.

②⑧ گېباڭ شىڭ: «پائۇل پېللىئوت غەربىي يۇرت ئېكىسپېدىتسىيىسى ۋە جۇڭگو يادىكارلىقلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىشى» («دۇنخۇاڭدا چاقىرىلغان نوم ساقلاش ئۆيى بايقالغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق يىغىندا ئوقۇلغان ماقالە)، 4 ـ، 13 ـ بەتلەر.

③⑧ پېتىر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1993 ـ يىل 11 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى، 289 ـ، 292 ـ بەتلەر.

④ بۇ تارشا يۇتۇڭ ۋە قىسمەن قوليازمىلارنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن كېيۇرگى پىناتولىت قاتارلىقلار تۈزگەن «پائۇل پېللىئوتنىڭ كۇچا رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نىڭ 8 ـ تومىغا قاراڭ. 1987 ـ يىل پارىژ.

⑤⑧⑦⑫ «پائۇل پېللىئوت: «پائۇل پېللىئوت غەربىي يۇرت ئېكىسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، گېباڭ شىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى، 232 ـ، 243 ـ، 245 ـ بەتلەر.

⑪ «تۇڭپاۋ» (Tong — Pao) ژۇرنىلى 1890 ـ يىلى گوللاندىيە لىدىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى خەنزۇشۇناس ئالىمى گۇستاۋ سكلېگېل بىلەن فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس ھېنرى كوردىئېر چىقارغان نوپۇزلۇق ژۇرنال. پائۇل پېللىئوت ۋاپات بولغاندىن كېيىن 4 يىل چىقىشتىن توختاپ، 1948 ـ يىلى ئاندىن يەنە چىقىشقا باشلىغان. ھازىرغا قەدەر 100 يىلدىن ئارتۇق تارىختى بېشىدىن كەچۈردى.

⑪⑭ لو فۇچىياڭ، گو فېڭ: «جۇڭگو ـ چەت ئەللەردىكى مەشھۇر دۇنخۇاڭشۇناسلارنىڭ تەرجىمىھالى»، گەنسۇ ماتارىپ نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى، 27 ـ بەت.

⑬ لوئىس ھامبىس: «فرانسىيە موڭغۇلشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى — پائۇل پېللىئوت»، 456 ـ، 457 ـ بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

2005年第一期

总第七十期


顾　问

乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提
沙比尔·艾力

主　编

迪木拉提·木沙

副主编

阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格加力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑

艾合买提·肉孜·托格加力


# 目　录

## 文献辑录


自治区地方志编委会2005年工作要点 …… 1

2004年新疆地方志工作大事记 …… 4


## 历史资料


阿勒泰起义与乌斯曼 …… 努尔穆罕默德·多莱提　阿不都热依木·牙克甫 10

没被记载的事 …… 马合木提·伊力亚斯 26


## 说古道今


柯尔克孜人迁居西合休的原因及其经过 …… 阿不力孜·马木提 35


## 回忆录


铭记不忘的真挚友情 …… 马合木提·再依德 39


## 小常识


历经磨难穿越中亚及喀喇昆仑山脉 …… 44


## 学术讨论


伯希和在中亚的考古活动及其研究成果 …… 特来提·乌不力卡斯木·土门 52


封一　库车杜里杜尔阿库尔佛教遗址出土的释迦牟尼木雕立像

特来提　提供

新疆地方志 维吾尔文(季刊)

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژورنال)

办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

辑出版:《新疆地方志》编辑部

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

址:乌鲁木齐市南湖路西一巷12号

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىئەكۋەل يولى غەربىي 1- كوچا 12- نومۇر

刷:新疆金版印务有限公司

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

内统一刊号 CN65—1128/K—W

مەملىكەت ئىچىدىكى نەشر تونۇش نومۇرى: CN65—1128 / K—W

话:4640715 邮政编码:830063

تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063

价:3.00 元

باھاسى: 3.00 يۈەن

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2

2005

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

22 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 71 - سان

2005 - يىللىق

2 - سان



مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

سابىر ئەلى

باش مۇھەررىر

دىلمۇرات مۇسا

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئابدۇرۇپ ئېلى

ئەخمەت روزى تۇغرۇل

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇر-دى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇرەۋن، ئابلەت ئىمىن، رامىلە، قويۇر ھوشۇر نىيازى، خوجائەخ-مەت يۈنۈس، قادىر ھابىر، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر

بولات ھەسەت


## مۇندەرىجە

### تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى


تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان سۈرەت ۋە خەرىتە ھەققىدە
بىلقىز مۇھەممەت ............................ 1


### تارىخ سەھىپىسىدە


قەشقەرگە سەپەر .................. چوقان ۋەلىخانوف 8
قەشقەردىكى چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى ...... مەريەم ئابلەت 19
قومۇل رايونىدىكى «ئۇلۇغ» جايلار ........ ئايگۈل مۇھەممەت 25


### كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى


ئوخشاش كىشى ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى
خوجائەخمەت يۈنۈس ............................ 30


### تارىخىي ئەسلىمە


شويىڭپەندىكى چاغلار .............................. 34


### بىلىپ قېلىڭ


چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى زادى نەدە؟ ........................ 37
مۇنارنى ئەپچىللىك بىلەن يۆتكەش ............... خۇ جىڭخۇا 40


### مەشھۇر شەخسلەر


يۈسۈپجان پاراكەندىچىلىكى ۋە گۈلشىرخان بىگۈن
قەيسەر دۆلەتبېك ............................ 41


### سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن


«تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»دىن ................ 43


مۇقاۋىدا: قاراخانىيلارغا ئائىت قورغانغا ھۇجۇم قىلىش تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش لىگەن
سۈرەتنى تەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن تەمىنلىگەن

# تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان سۈرەت ۋە خەرىتە ھەققىدە


بىلىقىز مۇھەممەت

( ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن )


ھازىر تۈزۈلۈۋاتقان يېڭىچە تەزكىرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئاساسەن قىسىم، باب، پاراگراف ئاساس، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، قىستۇرما سۈرەت، خەرىتە، جەدۋەل، تەرجىمھال، مۇندەرىجە قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇلار ئىچىدىكى قىستۇرما سۈرەت، خەرىتىنىڭ تەزكىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى ۋە قىممىتىنى ئاشۇرۇش، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ.

سۈرەت ۋە خەرىتىلەرنىڭ تەزكىرىدە قوللىنىلىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جەنۇب دەۋرىدىن باشلاپلا تارىخىي كىتابلار ۋە تەزكىرىلەرگە سۈرەت، خەرىتە كىرگۈزۈلۈشكە باشلىغان؛ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۈرەت، خەرىتىلەرنى ئاساس قىلغان تەزكىرە كىتابى مەيدانغا كەلگەن؛ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە سۈرەت ۋە خەرىتە تەزكىرە كىتابلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. 1929 - يىلى سىلىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى مەمۇرىي ئىشلار بۆلۈمى ئېلان قىلغان «تەزكىرە تۈزۈش ئىشلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دا: «ھەر دائىلىق تەزكىرە تۈزۈشتە ھەر بىر ناھىيە، شەھەرنىڭ مەمۇرىي رايون خەرىتىسىنىلا بېرىشتىن باشقا يەنە چوقۇم شۇ جاينىڭ تاغ - دەريالىرى، سۇ قاتنىشى، گېئولوگىيىلىك يەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى، بايلىقلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ھاۋا رايى ئەھۋالى، كىلىمات پەرقى، بازارلاردىكى ئاۋات كوچىلار، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە دائىر ئىشلار، دائىلىق سەيلىگاھ ۋە قەدىمىي ئاسارئەتىقە قاتارلىقلاردىن سۈرەتكە ئالغىدەكلىرىنى سۈرەتكە ئېلىپ، خەرىتە قىلغىدەكلىرىنى خەرىتە قىلىپ تەزكىرە كىتابلىرىغا سىڭدۈرۈش كېرەك» دېيىلگەن. 1982 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ماقۇللىغان «يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى نىزامنامىسى ھەققىدە تەكلىپ» . پىكىر» دە: «تەزكىرە كىتابلىرىغا ئومۇمىي بايان، خاتىرە، رىۋايەت، جەدۋەل، سۈرەت، قىستۇرما سۈرەت، مۇندەرىجىلەرنى ئۇيغۇن جايلاشتۇرۇش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا تەزكىرىگە سۈرەت، قىستۇرما سۈرەت ۋە خەرىتىلەرنى كىرگۈزۈشنىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن بولۇپ،



ئۇ ھازىرقى يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ئىشلىرىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

## 1. سۈرەتنىڭ رولى ۋە سۈرەت ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

نۆۋەتتە تۈزۈلۈۋاتقان ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىدىكى رەڭلىك بەتكە بېرىلىۋاتقان سۈرەتلەر بىلەن تېكىست ئارىسىدىكى قىستۇرما سۈرەتلەر شۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادىتى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى، تاغ - دەريالىرى، يەر شەكلى ۋە تەبىئىي مۇھىتى، ئاسار ئەتىقىلىرى، داڭلىق سەيلىگاھلىرى، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئىتى، كىشىگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرى، خەلقنىڭ باياشات تۇرمۇشى، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بەرمەكتە. بۇلار بىزگە شۇ جاينىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تېكىستكە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئۈچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ رەڭلىك بېتىدىكى سۈرەتلەر جانلىقلىقى ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى ناھىيە بازىرىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىگە دائىر سۈرەتتە ناھىيە بازىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى كۆرۈنۈشى بىلەن ھازىرقى كۆرۈنۈشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن. ناھىيىنىڭ بازار - بىنا قۇرۇلۇشى ئەھۋالى، تەرەققىيات تارىخى، ھازىرقى گۈزەل قىياپىتى مەزكۇر تەزكىرىنىڭ 14 - قىسمىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بۇ باياننى يۇقىرىقى سۈرەت بىلەن بىرلەشتۈرسەك ناھىيە بازىرىغا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى كونىلاردا «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟! . ھەرقانداق كىشى بۇ تەزكىرە كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا نامايان قىلىنىۋاتقان پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، شەھەر - بازارلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرىدىكى يېڭى تەرەققىيات، مول ھوسۇل ئەھۋالى، يەرلىك مەھسۇلاتلار، قاتناش، ئالاقە، مائارىپ ئىشلىرى، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. ھەتتا ساۋادى يوقلارمۇ كىتابتىكى سۈرەتلەرنى كۆرسە مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدۇ. مانا بۇ سۈرەتنىڭ يېزىققا قارىغاندا جانلىقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر تەرەپ.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» بىلەن «چەرچەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە باشقا تەزكىرىلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇسلۇب قوللىنىلغان. بۇ تەزكىرىلەرنىڭ باش قىسمىدىكى رەڭلىك بەتكە سۈرەت، ھۆسنخەتلەر بېرىلگەندىن باشقا، كىتابنىڭ ئومۇمىي بايان باشلانغاندىن تارتىپ تاكى شەخسلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قىسىم ماۋزۇسى بېرىلىدىغان بەتكە شۇ قىسىمدىكى مەزمۇنغا دائىر سۈرەت بېرىلگەن. مەسىلەن: «ئومۇمىي ئىشلار» دېگەن قىسىم ماۋزۇسى بېرىلگەن بەتكە ئومۇمىي ئىشلارغا دائىر سۈرەت، «تەبىئىي شارائىت» دېگەن قىسىم ماۋزۇسى بېرىلگەن بەتكە ناھىيىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە دائىر سۈرەت، «دېھقانچىلىق» دېگەن قىسىم ماۋزۇسى بېرىلگەن بەتكە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، مول ھوسۇل

شادلىقى ئەسۋىرلەنگەن سۈرەت بېرىلگەن.

سۈرەت بىر خىل ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەقلىدى، ئۇنىڭ شەكلى تۇراقلىق، ئۇ ھەرگىزمۇ زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يېزا - بازار قۇرۇلۇشى تەزكىرىسى»دە دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە تارتىلغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىزىلتاغنىڭ بىر پارچە رەڭسىز سۈرىتى بېرىلگەن. بۇ سۈرەت قىزىلتاغنىڭ 60 يىل ئىلگىرىكى قىياپىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل قىياپەتنى يېزىق ئارقىلىق تەسۋىرلىگەندە، ئەسلى قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش بىراز تەسكە چۈشىدۇ. تەزكىرە كىتابلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، يەر شارائىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەردىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ۋە چەت ئەلدىكى ئوقۇرمەنلەر خېلى ياخشى تەپ ئالىدۇ. مەسىلەن: كۇچانىڭ نېپىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بىلمەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىلىپ كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە كۇچا نېپىتىنىڭ تۈرلىرىنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن، مەيلى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى باشقا مىللەت كىشىلىرى بولسۇن، بۇ سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن داڭلىق كۇچا نېپىتىغا نىسبەتەن دەسلەپكى تونۇش ھاسىل بولىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدىكى قەدىمكى كىروران خارابىسى، قەدىمكى يىپەك يولى، لوپنۇر كۆلى، ياردائىلىقلار، ئالتۇنتاغ بىلەن قۇرۇمتاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدىكى ئېگىزلىك ئويمانلىقى قاتارلىقلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى، مانا بۇ جايلارنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى سوبيېكتىپلاشتۇرۇلغان ھالىتى «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ رەڭلىك بېتىدە كونكرېت ھالەتتە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينى ھالىتى بويىچە نامايان قىلىنغان. يەنە «ئونسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە شىنجاڭدىكى داڭلىق چوققىلاردىن بىرى بولغان تۆمۈر چوققا مەنزىرىسىگە، تۆمۈر چوققا رايونىدىكى ياۋايى ھايۋانلارغا، ئۆسۈملۈكلەرگە، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شالچىلىق كەسپىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىپ، بۇ ناھىيىنىڭ ئۆزگىچىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، «بۈگۈر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە بۈگۈردىكى توغراقلىق، «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە كەلپىننىڭ ئۆگە باقمىچىلىقى، ئۆرۈك ۋە ئۆرۈك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش دېگەندەك ئۆزگىچە كەسىپلىرى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»گە بېرىلگەن قىستۇرما سۈرەتلەردۇر. بۇ سۈرەتلەر گەرچە رەڭسىز بولسىمۇ، شۇ رەڭسىزلىكى، ئەنئەنىۋىلىكى بىلەن كىتابنىڭ قىممىتىنى ئالاھىدە ئاشۇرغان، چۈنكى بۇ سۈرەتلەر سۇ تۈگمىنى، ياغ تارتىش، كەتمەن سوقۇش، تېرە ئاشلاش، گىلەم توقۇش، يىپ ئېگىرىش، ئاياغ - كاساڭ ياساش، پىچاق چاقلاش، بورا توقۇش دېگەندەك مەزمۇندا پوسكام ناھىيىسىدىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا يۈزلەنگەن بەزى ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى

ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. كەسپىي تەزكىرىلەردىن «يول مۇئامىلە تەزكىرىسى»دە شىنجاڭدا ئۆتكەن خانلىقلارنىڭ پۇللىرى، مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن دوللار، ئازادلىقتىن كېيىنكى نورمىلىق تەمىنلەشتە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق بېلەتلىرىنىڭ نۇسخىلىرى؛ «ئاشلىق تەزكىرىسى»دە شىنجاڭدا يېقىنقى زاماندا ئاشلىق ئۆلچەشتە ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم سايمانلىرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنىپ تېخى يېقىنغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن ئاشلىق ئامبارلىرى، ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا - سايمانلىرى، جۇۋاز، سوقا قاتارلىقلارنىڭ سۈرىتى؛ «ئورمانچىلىق تەزكىرىسى»دە شىنجاڭدا ئۆسىدىغان ئاساسلىق دەل - دەرەخلەر، جاپلاردىكى قەدىمىي دەرەخلەر، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ مەنزىرىلىرى، ئورمان ئۆستۈرۈش - پەرۋىش قىلىش مەشغۇلاتلىرى، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كۆچەتخانىلارنىڭ كۆرۈنۈشى بېرىلىپ، كەسپىي تەزكىرىلەرنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئوبرازچانلىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇلغان، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىتىلغان.

تەزكىرىلەرگە سۈرەت ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: بىرىنچىدىن، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان سۈرەتلەردە يېتەكچى ئىدىيە ئېنىق بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ھازىرقى، كېيىنكى ئەھۋالىنى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەزكىرە تۈزۈشتە سۈرەتلەرنى تاللاش ۋە جايلاشتۇرۇشنى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىش كېرەك. سۈرەتنىڭ ئوچۇق ۋە سۈزۈك بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ۋەكىللىك خاراكتېردىكى سۈرەتلەرنى تاللاش كېرەك. باش مۇھەررىر كىتابقا سۈرەت تاللىغاندا تاللىغان سۈرەتنى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلەمدۇ - يوق؟ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىمۇ - يوق؟ دېگەنلەرنى ئويلىشىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، نۇقتىلىق ۋە قاراتمىلىقلىقى بولغان سۈرەتلەرنى تاللاپ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھەر بىر يۇرت ۋە ماكاننىڭ ئالاھىدە نەرسىلىرىنى مەيلى سەيلىگاھ بولسۇن ياكى داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار، قەدىمكى خارابىلىكلەر، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى بولسۇن قىسقىسى شۇ جاينىڭ خاسلىقىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، تارىخىي سۈرەتلەرنى تاللاش كېرەك. تەزكىرىدە خاتىرىلىنىۋاتقىنى ئاساسەن تارىخىي ماتېرىيال بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان سۈرەتلەرنى تاللاشتا ھازىرقى دەۋردىكى سۈرەتلەرنى تاللاش بىلەن بىللە بۇرۇن تارتىلغان تارىخىي قىممىتى، خاتىرە ئەھمىيىتى بار سۈرەتلەرنى تاللاش كېرەك. چۈنكى تەزكىرە تارىخنى ساقلايدۇ، تەزكىرىگە تارىخىي سۈرەتلەرنى بەرگەندە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بەشىنچىدىن، سۈرەتلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر سۈرەتنىڭ بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش پەقەت ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئارقىلىقلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى دېيىلمەكچى بولغان ۋاقىت، ئورۇن، ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان

ئوبيېكت، ئاپپارات، شەخس، مەنزىرىلىك جايلار، تۈرلۈك شەيئىلەر چوقۇم ئېنىق ھەم ئىخچام بايان قىلىنىشى كېرەك.

ئالتىنچىدىن، تەزكىرىگە بېرىلىۋاتقان قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن ۋاقتىنىڭ چېكى بولۇش كېرەك.

## 2. خەرىتىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خەرىتە ئىشلەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

تەزكىرە مەلۇم بىر جاينىڭ تەبىئىيىتى بىلەن ئىجتىمائىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇنىۋېرسال ماتېرىيال كىتاب، ئۇنىڭدىكى خەرىتە مەلۇم بىر جاينىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى ۋە ئەينەن نامايان قىلىنىشىدۇر. ئۇنىڭدا قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققا، قۇملۇق، بوستانلىق، دەريا - ئېقىن، يېزا، بازار، مەيدان، قىشلاقلار ئىنتايىن كىچىك ماسشتاب بويىچە بېرىلىدۇ. خەرىتە ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە رولىغا قاراپ ئادەتتىكى خەرىتە ۋە كەسپىي خەرىتە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. تەزكىرىگە ئادەتتىكى خەرىتە بېرىلىدۇ، ئادەتتىكى خەرىتە مەمۇرىي رايون خەرىتىسى، يەر شەكلى خەرىتىسى، تارىخىي تەرەققىيات خەرىتىسى، چېگرا رايون خەرىتىسى، بازار - يېزا خەرىتىسى، سۇچىلىق خەرىتىسى، قاتناش خەرىتىسى، ئاسار ئەتىقە خەرىتىسى، بايلىقلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش خەرىتىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەرىتە ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بىر جاينىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى تەزكىرىلەرگە شۇ جاينىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مەمۇرىي رايون خەرىتىسى، تۈزۈلمە خەرىتىسى، قاتناش خەرىتىسى، سۇچىلىق خەرىتىسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خەرىتىلەر شۇ تەزكىرە كىتابىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. مەسىلەن: «بۈگۈر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە كىتابنىڭ باش تەرىپىگە ناھىيىنىڭ ھازىرقى مەمۇرىي رايون خەرىتىسى بېرىلگەندىن باشقا، «تەشكىلىي تۈزۈلۈشى» دېگەن قىسمىدا بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، 1949 - يىلدىكى ھالىتى، 1933 - يىلدىكى ھالىتى ئۈچ پارچە ئاددىي خەرىتە ئارقىلىق ناھايىتى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ ئاددىي تارىخىي خەرىتە يىپەك يولى تۈگۈنىگە جايلاشقان بۇ قەدىمىي بازارنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرىدىكى ئوخشىمىغان ھالىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي رايون خەرىتىسى بېرىلگەندىن سىرت، «مەدەنىيەت يادىكارلىقى، مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار» قىسمىدا قەدىمىي كىرۇران (پىشامشان) بەگلىكىنىڭ خەرىتىسى بېرىلگەن. بۇ خەرىتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالغۇسى.

ھەرقانداق بىر خەرىتە شۇ خەرىتە ئىپادىلىمەكچى بولغان جاينىڭ شۇ دەۋردىكى مەلۇم تەرىپىنى ياكى شۇ جاينىڭ مەلۇم ساھەسىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى» بىلەن «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»دە بۇ ئىككى جاينىڭ 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى شەھەر رايونى خەرىتىسى بېرىلگەن. بۇ خەرىتىلەر ئارقىلىق بۇ جايلارنىڭ 80 -، 90 - يىللاردىكى كۆلىمى،

كوچا - يوللىرى، ئاممىۋى قاتناش بېكەتلىرى، ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ جايلىشىش قاتارلىق ئەھۋالى بىلەن يېشىشىق تونۇشۇپ چىققىلى بولىدۇ. «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ «شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى» قىسمىدا كىرگۈزۈلگەن شايار ناھىيە بازىرىنىڭ 50 - يىللاردىن ئىلگىرىكى كۆرسەتمىلىك خەرىتىسىدىن ھازىرقى شايار ناھىيە بازىرىنىڭ مەسچىت كوچىسىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئىگەرچى كوچىسى، كۆنچا كوچىسى، كۆنچى مەھەللىسى كوچىسىدىن ئىبارەت بىرنەچچە كوچىدىن تەركىب تاپقان ئەڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خەرىتە ئىشلەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار. بىرىنچىدىن، خەرىتە ئىشلەشكە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. خەرىتە ئىشلەش ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك، جاپالىق خىزمەت، ئۇ بىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەستايىدىل بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، بىر پارچە خەرىتە ئىشلەشكە قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرۈلسە ئۇ شۇنچىلىك پىشقان ۋە قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭ ماتېرىيال بولالايدۇ. خەرىتىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىشلەش ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى خەرىتە مەلۇم بىر جاينىڭ ھەر خىل بەلگىلەر بىلەن كىچىكلىتىلگەن شەكلى، ئۇ بىزگە «يېزىق» دەپ بېرەلمىگەن تۈرغۇن ئەمەلىي بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ، بىزگە شۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى، مەمۇرىي رايونلىرى قىسقىسى شۇ جاينىڭ زادى قانداق بىر جاي ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، تەزكىرىگە شۇ جاينىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن خەرىتىلەرنى بېرىش كېرەك. ئاسارئەتىقىلەر كۆپرەك تارقالغان جايلارنىڭ تەزكىرىسىگە ئاسارئەتىقىلەرنىڭ جايلىشىش خەرىتىسىنى بېرىش ئارقىلىقمۇ شۇ جاينىڭ ئاسار ئەتىقە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. قەشقەر شەھىرى قەدىمىي، داڭلىق شەھەر بولغاچقا، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى كۆرگەن كىشىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىلگىرىكى قىياپىتىنى بىلگۈسى كەلمەي قالمايدۇ. مەزكۇر تەزكىرىگە قەشقەر كوناشەھىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى)نىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى خەرىتىسى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سېپىللىرىنىڭ دائىرىسى، كونا رەستە - كوچىلارنىڭ ئورنى، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىلىرىنىڭ، ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ ئورنى كۆرسىتىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. توقسۇ ناھىيىسى مۇلدۇر ئاپىتى كۆپ كۆرۈلىدىغان جاي، مەزكۇر تەزكىرىنىڭ «تەبىئىي ئاپەتلەر» قىسمىدا مۇلدۇر ئاپىتى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچە بېرىلىش بىلەن بىللە «توقسۇ ناھىيىسىدىكى مۇلدۇر ئاپىتىنىڭ يۆنىلىش خەرىتىسى» قوشۇمچە قىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. ئۈچىنچىدىن، خەرىتە ئىشلەشتە يەر ناملىرىنى بەك قىسقارتىۋەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى بىر جاينىڭ نامىنى خەرىتىنىڭ كونكرېت ئورنىغا قاراپ قىسقارتىۋەتسەك بەزىدە ئۇ باشقىچە بىر نامغا ئۆزگىرىپ قېلىپ ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىنى ئوبدان ئىگىلەش كېرەك.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «جۇڭگو تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانى.

2. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 3 - سانى.

3. «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

4. «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 5 - ئاي نەشرى.

5. «ئۆچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004. يىل 3 - ئاي نەشرى.

6. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 7 - ئاي نەشرى.

7. «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

8. «ئونسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

9. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

10. «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

11. «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

12. «بۈگۈر ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

13. «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

14. «تيانشان رايونى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل 7. ئاي نەشرى.

15. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئاشلىق تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

16. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى تۇغرۇل

# قەشقەرگە سەپەر

## چوقان ۋەلىخانوف

1858 - يىلى 28 - ئىيۇن كۈنى مەن قاپال شەھىرىگە 30 چاقىرىم كېلىدىغان قاراموللا دېگەن جايدا كارۋانغا قوشۇلدۇم.

1858 - يىل 27 - سېنتەبىر. بىز چىلىك ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا يېقىن بىر جايدا توختاپ قونالغۇ راسلىدۇق. قاراۋۇلخانا ئەترابى سوقما تام بىلەن ئېلىنگەن بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ئۈجمە دەرىخى سايە تاشلاپ تۇراتتى. تەكشۈرگۈچى ئوفىتسېر يېنىمىزدا بولمىغاچقا، ئەتىسى سائەت 12 گىچە ساقلاپ ياتتۇق. ئوفىتسېر كەلمىگەچكە بىر ھەربىي خادىم ئازراق رەسمىيەت ھەققى ئېلىپ بىزنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ ھەربىينىڭ تەرجىمانى بىزدىن بىر نەرسە ئۈندۈرۈۋالماقچى بولغاي خاتىرە قالدۇرغاندا كارۋان بېشىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قارىماي مەن قاتارلىق ئون نەچچەيلەننى تاتار دەپ خاتىرىلىدى. ئادەملىرىمىزنىڭ 57 نەپەر دېيىشىنىڭ ئورنىغا 14 نەپەر دەپ يېزىپ، قالغان ئادەملىرىڭلارنى يوشۇرۇۋېلىپسىلەر دەپ ئەيىبلەشكە ئۆتتى. ئۇ بۇنى ئاز دەپ يەنە سىلەردە قورالالنغان يۈزچە ئادەم بار دەپ كوتۇلدىغان پېتى قالدى.

بىز چېگرىدىن ئۆتۈپ ياتاقتىن باشقا نەرسە ئۇچرىمايدىغان سايلىق بولىقا كىردۇق. ئالدىمىزدا ئانچە ئېگىز بولمىغان قۇم دۆۋىلىرى نامايان بولدى. قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئۇ تەرىپى ئۈستۈن ئاتۇش دېيىلىدىكەن. ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ تۇپرىقى ئانچە مۇنبەت بولمىسىمۇ، دەل - دەرەخلىرى بۈك - باراقسان بولۇپ ئاپىسىيدىغان. لاي تامدا قوپۇرۇلغان زومچاق - زومچاق ئۆيلۈك مەھەللىلىرى بار ھاۋالىق بىر يۇرت ئىكەن.

بىز ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە تۈنەپ ئەتىسى يەنى 29 - سېنتەبىردە ئاتۇش دەرياسى (چاقماق دەرياسى) دىن ئۆتتۇق. دەريا بويىدا ئۆچپۇرھان دۆڭى دېيىلىدىغان بىر دۆڭلۈك بولۇپ، دۆڭدە ئۈچ غار بار ئىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇ مەجۇسىيلىك زامانىدىن قالغان غار بولۇپ، غار ئىچىدە ئىبتىكاپخانا بارمىش. ئارىمىزدا باشقىلار بۇ غارنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقمايتتى، مەن تىرىشىپ باققان بولسامۇ غار ئىچىگە كىرەلمىدىم. بىز بۇ يەردە دۆڭگە چىقىپ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىللىققا چۆمۈلگەن قەشقەر يېزىلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. شۇ كۈنى كەچ قەشقەر شەھىرىگە 12 چاقىرىم كېلىدىغان قۇتبۇللاخوجام مازىرى يېنىدا توختىدۇق.



كارۋان بېشى بىرنەچچە ھەمراھلىرىمىزنى ئېلىپ شەھەرگە قوقان ئاقساقىلىغا سالام بەرگىلى كىرىپ كەتتى. ئالدىمىزدىكى كارۋانلار ئىغۋا تارقاتقانمۇ ياكى چېگرىدىكى قاراۋۇلخانىدىن مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدىمۇ ئىشقىلىپ بىزنىڭ قەشقەرگە كېلىشىمىز چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. قەشقەر ئامبىلى بىلەن ھاكىمبېگى بىزنى تەكشۈرۈشكە مەخسۇس ئەمەلدار ئەۋەتتى. ئاڭلىشىمىزچە چېگرىدىن بىزنىڭ ئۆتكەنلىكىمىزنىڭ خەۋىرى كېلىشى بىلەنلا شەھەر سېپىللىرىدا ئەسكەرلەر كۆپەيتىلىپ، شەھەر ئەتراپىنى مەسەكچىلەر قاپلاپ كېتىپتۇ. قەشقەردىكى قوقان ئاقساقىلىمۇ كارۋان بېشىنى ئوبدان كۈتۈۋېلىپ، ئوغلى بىلەن زاكاتچىسى (باج ئەمەلدارى) نى قوشۇپ ئالدىمىزغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار كارۋىنىمىزغا كېلىپ ماللىرىمىزنى ساناپ زاكات يىغىۋالغاندا قەشقەر تەرەپ ئەۋەتكەن ئەمەلدارمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ ئەمەلدار ساندۇقلىرىمىزنى تەپتىشلەپ تەكشۈرۈپ، چېدىرلىرىمىزنى ئارىلاپ بېقىپ خاتىرجەم بولدى - دە، قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ ئەنسىزلىككە تولغان بۇ شەھەرنى تىنچلاندۇرۇپ، كىشىلەر كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. بىز ئەتىسى چارۋا ماللىرىمىزنى ئازغۇن كەنتىگە چىقارتىۋېتىپ، ئاۋار ماللىرىمىزنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەتتۇق. شەھەرگە كىرىش يولىدا يەنە بىزنى تەكشۈرگىلى چىققان قەشقەر بەگلىرىگە ئۇچراپ قالدۇق. بۇ بەگلەر خەنزۇچە كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسمائىل بەگ دەپ ئاتىلىدىغان ئەسلى چوقراق بىر بەگ بىزگە ساندۇقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كۆرسىتىڭلار، بولمىسا سىلەرنى قايتۇرۇۋېتىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بىز ھازا دەتالاش قىلىشقاندىن كېيىن، بىز ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى مالنى ئەتە كۆرۈڭلار دەپ تۇرۇۋالغاچقا بەگلەرمۇ ماقۇل بولۇشۇپ شۇ جايدىلا چېدىر تىكىپ قونالغۇ راسلىدۇق. كەچلىك تاماقتا بۇ بەگلەر بىلەن بىللە بولۇپ بىر ئوبدانلا ئەپلىشىپ قالدۇق. قوقانلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھە - ھۇ دەپ بېرىشىنى ھەم ئاز - تولا سوۋغات بېرىش دېگەنلەر بىلەن ئىشىمىز ئوڭغا تارتتى. ئىسمائىل بەگ ماللىرىمىزنى ئايرىم - ئايرىم ئېچىپ تەكشۈرمەيدىغان بولدى. ئەتىسى ئىسمائىل بەگ ئۆزى قەشقەرگە كىرىپ ھاكىمبەگكە بىزنىڭ قەشقەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان ئەنجانلىق سودىگەر ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىپ ئۇنى قايىل قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىشىمىزگە پەرمان چۈشتى. بىز تۈمەن دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشىمىزگە كۆزىمىز شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرى بىلەن سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىكى قاتار كەتكەن تۈۋرۈكلەرگە ئېسىلغان ئادەم كاللىلىرىغا چۈشتى. بۇ 1857 - يىلدىكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئومۇمىي قىرغىندا ئۆلگەنلەرنىڭ كاللىلىرى ئىدى.

1858 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر بىز قەشقەر شەھىرىگە كىردۇق. بىز دەرۋازىدىن كىرىپلا ئۇدۇل ئەنجان سارىيىغا يۈرۈپ كەتتۇق ھەم شۇ يەردە قوقان ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئاقساقال تولىمۇ مۇلايىم كىشى بولۇپ، ئۇ بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ قوقان خانىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بىزگە ئاتلىقچىلىق

قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قەشقەر بەگلىرى بىز ئەكەلگەن گۆرجەكلەردىن گۇمانلىنىپ قالدى بولغاي گۆرجەكتىن بىرىنى ئامبالغا كۆرسىتىپ بېقىشقا ئېلىپ كەتتى. قەشقەر بەگلىرىنىڭ بۇنداق گۇمانىنىڭ بارلىقىنى قوقان ئاقساقىلىمۇ بىلىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ 1825 - يىلدىن بۇيان قەشقەردە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭنىڭ ھەممىسىگە قوقانلىقلار ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىۋاتاتتى. بىز كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتۈپ جۈمە كۈنىدە ھاكىم بەگ بىزنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرتىپ بىر قۇر ئەھۋال ئىگىلەپ باقتى.

3 - ئۆكتەبىر كۈنى قەشقەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان دورغا بەگ چاقىرتتى. ئۇ بېشىغا قىزىل مونچاقلىق مانجۇچە تەقىيە كىيگەن، كۆزلىرىدىن يامانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى.

1857 - يىلدىكى خوجىلار پىقىلىقى تىنجىتىلغاندىن كېيىن دورغا بەگ ئەمەلىيەتتە قەشقەردە ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. قوقان ئاقساقىلى بولسا قوقانلىقلارنى چىڭ تەرەپنىڭ چاقىرتىپ سوراق قىلىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. ئاقساقال ئامبال، ھاكىمبەگلەرگە بىزنىڭ تەرىپىمىزنى قىلىپ، بىزنىڭ ئەنجانلىق ئىكەنلىكىمىزنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ بىزگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. مانا بۈگۈنمۇ ھاكىمبەگ بىزنى چاقىرتقۇزدى، ئاقساقال بىزگە يۆلەك بولسۇن دەپ ئىككى ئادىمىنى قوشۇپ قويدى. ئۇمۇمەن قوقانلىق ئەمەلدارلار باشتىن - ئاخىر بىزگە ئوبدان ئاشنادارچىلىق قىلىپ كەلدى.

ھاكىمبەگ بىلەن كارۋان بېشى ئوتتۇرىسىدا سوئال - جاۋابلار تۆۋەندىكى تەرتىپتە ئېلىپ بېرىلدى:

- ھەرقايسىلىرى كىملەر ھەم قەيەردىن كېلىشتىلە؟ دەپ بېقىشقان بولسىلا؟

- بىز مەرغىلان، تاشكەنت ھەم بۇخارالاردىن كەلگەن ئەنجانلىقلار بولىمىز. تىجارەت ئىشى بىلەن ئاپقان پايدىمىزغا يەنە مال ئېلىپ يەنە سودا قىلماق ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىشتىمىز.

- خوش، سىلەر ئەنجانلىقمىز دېيىسىلەر، ئەمىسە نېمىشقا ئەنجانلىقلارغا ئېچىلىپ بېرىلگەن يول بىلەن كەلمەي باشقا يول بىلەن كەلدىڭلار؟

- بىز بىر قىسىم ماللىرىمىزنى قويغا تېگىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىسسىقكۆل تەرەپكە بارغان، شۇڭا ئازراق چۈگىلەپ قالدۇق.

- قەشقەرگە نەچچە كۈندە كەلدىڭلار؟

- يەتمىش بەش كۈن كەتتى.

- چېگرىدىن رۇخسەتسىز كىرىپسىلەر ھەم ئادەملىرىڭلارنىڭ سانىنى يوشۇرۇپسىلەرغۇ؟

- چېگرىدا ئوفىتسېر ئۆزى يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر ئەسكەر بىزگە رۇخسەت قىلدى. بىز ئادەملىرىمىزنى تولۇق مەلۇم قىلساقمۇ تىلماچ بىھۇدە گۇمانلىنىپ 100دىن ئوشۇق ئادەم بار دەپ خاتىرىلىۋالدى. ئادەملىرىمىز راست 57. بۇنىڭغا ئۆزلىرى ئەۋەتكەن بەگلەرمۇ كېپىل بولالايدۇ. تىلماچنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

ئەمدى ھاكىمبەگ تاتارلاردىن سوئال سوراپ ئۇلاردىن ئورۇس ھۆكۈمىتى ئارقىتىپ بەرگەن يول خېتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتە قىلدى. تاتارلار بىر تاشكەنتلىك

تاتارلار بولىمىز، بىز روسىيىگە بارمىغان دەپ تۇرۇۋالدى. ھاكىمبەگ ئاخىرىدا ئۈستەل ئۈستىدىكى گۆرجەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇ قورالنى نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆپ ئەكەلدىڭلار دەپ سورىدى. بىز بۇ گۆرجەكلەرنى ساتقىلى ئەكەلگەنىدۇق دەپ جاۋاب بەردۇق. بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىر قوقانلىق: «ھاكىمبەگ جانابلىرى ئەگەر بۇ گۆرجەكلەردىن خاتىرجەم بولالمىغان بولسىلا ھەممىسىنى سېتىۋالسىلىمۇ بولىدۇ» دەپ قوشۇپ قويدى. ئاخىرىدا ھاكىمبەگ ئۇ يەر - بۇ يەردىن گەپ قىلىپ ئىشنى يىغىشتۇردى. بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ بىز قەشقەردىكى ئىشلىرىمىز ئانچە ئوڭغا تارتمامدىكىن دەپ قالدۇق. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ قەشقەرنىڭ ئىشىك ئاغىسى كېلىپ ئامبالنىڭ بىزنى چاقىرتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ يەنە ھەممىمىزنى تەشۋىشكە سالدى. ئامبال شەھەر سىرتىدىكى بارگاھتا بولۇپ، بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يەنە شەھەردىن چىقتۇق. شەھەردىن چىقىشىمىزغىلا ئامبال ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن چېدىر بىلەن چېدىر يېنىغا ئورنىتىلغان قارىماققا دارغا ئوخشايدىغان تۈۋرۈكلەرنى كۆرۈپ بىر ئاز قورققاندەك بولدۇق. مۇلازىملار بىزنى چېدىرغا تەكلىپ قىلدى. چېدىر ئىچىگە قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا بېشىغا مۇنچاقلىق مانجۇچە تەقىيە كىيگەن تۆت كىشى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل مۇنچاقلىق مانجۇچە تەقىيە كىيگەن ئىككى كىشى قەشقەر ئامبىلى بىلەن ھاكىمبەگ ئىدى. قالغان كۆك مۇنچاقلىق تەقىيە كىيگەن ئىككىسىمۇ قەشقەرنىڭ كاتتىلىرىدەك قىلاتتى. بىز چېدىرغا كىرىپلا ئىككى قولىمىزنى جۈپلەپ پېشانىمىزگە تەككۈزۈپ سالام بەردۇق. ئامبال بىزگە بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خەنزۇ تىلىدا: بۇلار ئورۇسقىمۇ، تاتارغىمۇ ئوخشىمايدىكەن، ئەنجانلىقتەك قىلىدۇ دەپ زۇۋان سۈردى. ئاندىن ئۇ بىزدىن تىنچ - ئامانلىق سورىغاچ بىز كەلگەن يوللاردىكى چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاخىرىدا كارۋان بېشى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ غۇلجا ئەھۋاللىرى، ئۆزىنىڭ غۇلجىدىكى تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشتى. قايتىدىغان چېغىمىزدا ئامبال سودا - سېتىق ئىشلىرىمىزنىڭ ئوبدان بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ بىر چىرايلىق ئۆزىتىپ قويدى. ئاشۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتىن كېيىن بىزنى سوراق قىلىدىغان، يوشۇرۇن كۆزىتىدىغان ئىشلارمۇ تۈگىدى.

شۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن بىز ئەنجانلىقلار دېگەن نام بىلەن قوقان ئاقساقىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتۇق. ئۇ چاغدا قوقان ئاقساقىلى ئومۇمەن بارلىق چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشاتتى، ھەتتا ساقچى قىسىملارنى ساقلاش ھوقۇقىمۇ ئىگە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا بىز قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر بىلەن خېلى قويۇق ئارىلىشاتتۇق. ئاقساقال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى ئىدى. بىزنىڭ كارۋاندىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەرغىلانلىقلار بىلەن بۇخارالىقلار بولغاچقا، ئۇلار قەشقەردە ئاسانلا تۇغقان ياكى تونۇش - بىلىش تېپىۋالاتتى. كارۋان بېشىنىڭمۇ مەرغىلانلىق ئايىماتباي، سافاتباي، ھەسەنجان ۋە بۇخارالىق

قارىي دېگەندەك تۇغقان ھەم يۇرتداشلىرى بولۇپ، ئۇلار قوقان ھەم قەشقەرلەردە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە كىشىلەر ئىدى. بىز ئاشۇلارنىڭ ياردىمىدە ئاقساقال ھەم قەشقەردىكى كاتتىلار بىلەن خېلى ئوبدان چىقىشىۋالغانىدۇق. بىزنىڭ ھەر خىل تەكشۈرۈش ھەم سىناقلاردىن ئاسان ئۆتۈلالەشىمىزدىمۇ ئاشۇلارنىڭ ياردىمى بار ئىدى. بىز ئاقساقالغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن سوۋغا-سالام ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ باردۇق. سوۋغىتىمىز بەك كۆپ بولمىسىمۇ، باشقا قوقانلىقلارنىڭ سوۋغاتلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى.

ئاقساقال ئۆزىنى يوقلاپ بارغانلىقىمىزدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ بىزگە باشتىن - ئاخىر ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى. ئاقساقالنىڭ قولى ئىشقا تەگكەن بىر بەگزادىسى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئاسانلا ئاغىنە بولۇۋالدۇق. بىز بۇ يىگىتكە ھەمىشە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتۇق. بەزمە - مەشرەپلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ قەشقەر بەگلىرى بىلەنمۇ ئالاقىمىز كۆپەيدى. بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ نام - ئەمەللىرىنى كۆزدە تۇتۇپ بىز چۈشكەن سارايلارغا كېلەلمىسىمۇ، ئەمما دۇكانلىرىمىزنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى ئىدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ بىزنىمۇ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. قوقان ئاقساقىلىمۇ مۇھىم ئىشلار چىقىپ قالسا بىزنى چاقىرتىپ مەسلىھەتكە قاتناشتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ بىزلەر ئاسانلا قەشقەر بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەلقى ئارىسىدا ئىناۋەت قازاندۇق. بىز قەشقەرگە كەلگەن ھەپتىسىلا ئەكەلگەن ماللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە سېتىپ قولدىن چىقىرىۋەتتۇق. ئاز بىر قىسمىنى نېسىگە بەردۇق. نېسى ئالغانلار بىز كېتىدىغان چاغدا پۇلىنى بېرىدىغان بولۇشتى. بىز دەڭ دەپ ئاتىلىدىغان كارۋان سارىيىدىن 11 دۇكان، ئۈستەڭبويى دېيىلىدىغان بىر يان كوچىدىن بىر قانچە ھوجرا ئۆي ئالدۇق. ئالتە شەھەردە، جۈملىدىن قەشقەردە باشقا يۇرتتىن كېلىپ بىر مەھەل توختاپ قالغان ئەرلەرنى ئۆيلەپ قويىدىغان بىر ئادەت بار ئىكەن. قەشقەرلىكلەر بۇنداق قىلىشنى قاتتىق چەكلەيدىغان مەزھەپكە تەۋە مۇسۇلمانلار بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەھەردە دىنغا قارىغاندا ئادەت كۈچى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىكەن.

نىكاھلىنىدىغان ئەرلەر شەرىئەت بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئايالنى ئەمرىگە ئالىدىكەن ھەم توي قىلغاندىن كېيىن باشقا ئاياللارغا ئىش - پەش تارتىش مەنئى قىلىنىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز قەشقەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە كۆنۈپ قالدۇق. قەشقەرلىكلەر بىز كىيىۋالغان تاتارچە يەكتەك ۋە بۆكلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. بىزمۇ ئۆز - ئۆزىمىزدىن خۇدۇكسىرەپ ماڭالماي ئاخىرى ئەنجانلىقلارغا ئوخشاش بېشىمىزغا سەللە يۆگەپ (دىنىي ئۆلىمالاردىن باشقا قەشقەرلىكلەر ئادەتتە سەللە يۆگىمەيدۇ) بۇخاراچە يەكتەكلەرنى كىيىۋالدۇق.

بۇ چاغدا ئات - تۆگىلىرىمىز ئورۇقلاپ جىنازىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلارنى سەمرىتىپ يولغا چىقىپ بولغۇچە يەنە ئىككى ئاي بىكار قالاتتۇق. شۇڭا مەن مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يەكەننى كۆرۈپ

كېلەيمىكىن دېگەن نىيەتكە كەلدىم. بۇخارالىق بۇھېسىن سافىتوۋ ئىسىملىك بىر ھەمراھىمنىڭ سېتىپ بولالمىغان بىر قىسىم ئۈزۈملىرى بار ئىدى، ئىككىيلەن ئاشۇ ئۈزۈملەرنى ساتقاچ يەكەنگە بىللە بارماقچى بولدۇق. بىز ھۆكۈمەتنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن مالنى ئالدىن ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۆزىمىز ئاقساقالدىن يول خېتى ئېلىپ ئارقىدىن ماڭدۇق.

10 - ئۆكتەبىر، بىز قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ ئازغۇن بىلەن يەنە بىر جاينىڭ ئارىسىدىكى تۇساقتا يول خېتىمىزنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، بىر قونۇپ ئەتىسى ئاق ۋاقتى بىلەن يېڭىسارغا باردۇق. بۇ ئەرياندا بىز مەھەللە ئىچى بىلەنمۇ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىمۇ ماڭدۇق. ھارۋىكەشلەرنى شەھەر سىرتىدىكى بىر دەڭدە قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزىمىز شەھەرگە كىرىپ بىر تونۇشىمىزنى تاپتۇق. يېڭىساردا بىز قەشقەردە تونۇشقان ئەنجانلىقلار خېلى كۆپ بولغاچقا، ئۇلار بىزنى مەشرەپ قىلىپ بېرىمىز دەپ قويۇپ بەرمەي ئىككى كۈن كاشىلا قىلدى. شۇنداق قىلىپ بىز قەشقەردىن چىقىپ بەشىنچى كۈنى ئاران يېڭىساردىن چىقىپ كېتەلىدۇق. يېڭىساردىن كۆكرابات دېگەن ئۆتەڭگىچە بىز مىڭ - مىڭ ئادەملەر بىلەن تولغان كەنتلەر، ياپ - يېشىل دەرەخزارلىقلار ئارىسىدا ماڭدۇق. كىچىك ئېقىنلارمۇ ئۇچراپ تۇردى. ئەمما قىزىل ئۆتەڭدىن ئۆتۈشىمىزگىلا كۆز ئالدىمىزدا چۆل - جەزىرە نامايان بولۇشقا باشلىدى. قىزىل بازىرىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە قۇم شەھىدان دەپ ئاتىلىدىغان بىر شېھىتلىك بار ئىكەن. مۇسۇلمانلار بۇ يەرنى بەكمۇ ئۇلۇغلايدىكەن. بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەرقانداق بىر يولۇچى بۇ شېھىتلىككە يانداپ سېلىنغان مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇپ ئۆتىدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، بىر زامانلاردا بۇ يۇرتنىڭ غازى ئارسلانخان ئىسىملىك بىر پادىشاھى ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانمىش.

كۆكرابات 30 غا يېقىن ئائىلە جايلاشقان، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان كىچىك بىر يېشىللىق مەھەللە. كۆكراباتتىن ئۆتۈپ كەتسەك يول بويى قۇم بارخانلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. سۇيى تۇزلۇق كۆللەرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. بىز كۆكرابات ئۆتىڭىدىن ئۆتۈپ ئانچە ئۇزاقلا بارمىغاندۇق، قەشقەردىن ئەۋەتىلگەن بىر چاپارمەن كەينىمىزدىن ئاتلىق قوغلاپ يېتىپ بىزگە بىر خەتنى يەتكۈزدى. بۇ قەشقەردىكى بۇرادەرلىرىمىز ئالاھىدە ئەۋەتكەن خەت بولۇپ، خەتتە: قوقاندا مەللەيەگ تەختنى تارتىۋاپتۇ، ۋەلىخان تۆرە قوقاندىن قېچىپ چىقىپتۇ دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ، قەشقەردە خەلق ئەنسىزچىلىككە چۈشتى، سىلەر يەكەنگە بارماي تېز قايتىپ كېلىڭلار، دېيىلگەنىدى. بىز خەتنى كۆرگەندىن كېيىن بىرەر كېلىشىمسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال قەشقەرگە قايتتۇق.

قوقاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا بىز ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئارىسىغا كەلگەن چاغلىرىمىزدىلا ھەر خىل مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغاندۇق. تېرەك داۋىنىدا قىرغىزلارنىڭ ھېچ تەپتارتماستىن بىزنى ئارىغا ئېلىۋالغىنىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. قوقان خانلىقىدا بىر خان ئاغدۇرۇلۇپ يەنە بىر خان

تەختكە چىقىپ بولغىچە بەزى ئىشلار يۈگەنسىز قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا تاغ بويلىرىدا بۇلاڭچىلارنىڭ ۋەخاننىڭ ئەمىرى دېگەن نامدا ئېلىپ بارىدىغان قاقتى - سوقتى قىلمىشلىرى ھەددىدىن ئاشاتتى. قوقاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ خەۋەرلىرى قەشقەرگە مەللەبەگ بىلەن ئاكىسى خۇدايارخاننىڭ ئادەملىرى ئارقىلىق ئارقىلاتتى ھەم قەشقەر تەرەپ ئەۋەتكەن قوقاندىكى پايلاقچىلارمۇ يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى كىرگۈزۈپ تۇراتتى.

ئۆكتەبىر ئېيىدا قەشقەرگە قوقاندا مەللەبەگنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئارقىدىن يەنە خۇدايارخان بىلەن مەللەبەگدىن تەڭلا زاكاتتىن يىغىلغان پۇلنى ئەۋەتىپ بېرىشنى دەپ يارلىق كەلدى. ئاقساقال قايسى خاننىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئەگەر بىر خاننىڭ گېپىنى ئاڭلىسا يەنە بىرى ئۇنى بوش قويمايتتى. زادى قايسى خاننىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

15 - ئۆكتەبىر، قوقاندىن مەللەبەگنىڭ تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. يېڭى خان ئاقساقالنى ئالماشتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئەمما بۇ پەرمان نەسىردىن قولىدىكى پۇلنى يوق قىلىۋەتمىسۇن دەپ ئىشلەتكەن ھىيلىسى ئىدى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ نارمۇھەممەت قوقاننىڭ قەشقەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاقساقاللىققا تەيىنلەنگەنلىكى مەلۇم بولدى. نارمۇھەممەتنىڭ ئادەملىرى نەسىردىننى قولغا ئېلىپ مال - بىساتلىرىنى ئولجا ئالدى. نارمۇھەممەت قەشقەرگە يېتىپ كەلگىچە قەشقەردىكى قوقانلىقلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ بۇرۇن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن ئىنىسى سۇلايمانقۇل باشقۇرغاچ تۇردى.

قوقاندا يېڭى خان تەختكە چىقىشى بىلەن كونا مەنسەپدارلارغا ياخشى كۈن بولمىدى. بۇرۇنقى ئاقساقال بىلەن ئۇنىڭ بەگزادىسىگە ئەمدى جاھان بەكمۇ تارلىق قىلدى. بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ كېتەلمەي قالغانلار ئەمدى يولۇقماس بولۇۋالدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر بىزنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈرگەنىدى. بولۇپمۇ بىر تېنىمغا زار بولۇپ، قېرىپ سىنىپ قالغان ئاقساقالنىڭ ھالىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى. ئەكسىچە بۇرۇن ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان سۇلايمانقۇل ھەممە كىشى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ھەر كۈنى بەزمە - مەشرەپلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ سوۋغا - سالاملار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. يېڭى ئاقساقالنىڭ چاپارمەنلىرى كونا ئاقساقال مال - بىساتىنى يوشۇرۇدىكەن دەپ گۇمانلىق جايلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلار بىزنىڭ سارايغا كېلىپ نەسىردىنگە قانداق سوۋغات بەرگەنلىكىمىزنى سۈرۈشتە قىلدى. بىز بەرگەن نەرسىلىرىمىزنىڭ جايىنى دەپ بەردۇق، ئەمما ئاقساقالنىڭ ئوغلىغا بەرگەن سائەت بىلەن پىستولىنىڭ گېپىنى قىلمىدۇق. نەسىردىن قوقاننىڭ قەشقەردىكى ۋەكىلى بولۇش بىلەن قەشقەرنىڭ تىنچلىقىغا كارامەت كۈچ قوشقان. قەشقەر كاتتىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كەسكىن ھەم يۈرەكلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان، كىشىلەرگە باي، ئامرات دېمەي باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. ئەمما بۇ كىشى

ھەرتۈرلۈك ئالدىراش كۈنلەرنى يىغدا ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقاندىن... 

ەرتۈنۈدىن ئايرىلىپ بېشىغا كۈن چۈشكەندە
ھېچكىم قارشى يېكىردە بولمىدى، بەلكى
سۈكۈت قىلىشتى.

25 ـ نويابىر. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن
ئاقساقال ئارمۇھەممەت قەشقەرگە يېتىپ
كەلدى. خۇدايارخان دەۋرىدە قەشقەر تەرەپ
قوقاندا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرمۇ ئۇنىڭ
بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلىقنىڭ
ئورنىتىلىشتۇرۇشى بويىچە قەشقەردىكى چەت
ئەللىكلەر، يۇرت چوڭلىرى، مۇتىۋەرلەر ھەم
قەشقەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىشىك ئاغىسى
بولۇپ ئۇنى قارشى ئالغىلى چىقتۇق.
ئارمۇھەممەت ھەمراھلىرى بىلەن شەھەرگە
كارامەت داغدۇغا بىلەن كىردى. ئۇنىڭ
ئەتراپىنى ئارغىماق ئاتقا مىنگەن يىگىتلەر
ھىمايە قىلىپ ماڭاتتى. ئالدىدا بىر ئەسكەر
بولنى بوشتىڭلار دەپ توۋلىغىنىچە يول
ئېچىپ ماڭدى. ئەتىسى قەشقەردىكى چەت ئەل
پۇقرالىرى بەس ـ بەستە ئاقساقالدىن ھاردۇق
سوراپ باردۇق. بىزمۇ كارۋانغا ۋاكالىتەن بىر
تاغىتا چاي ئاپىرىپ ھاردۇق سورىدۇق. بىز
يۈسىگەدىن ئىلگىرى مەللەبەگنىڭ قوقان خانى
بولغانلىقى خەۋىرى كەلگەندە بىر تاختىدىن چاي
ھەدىيە قىلىپ مۇسۇلمانلىقنى تەبرىكلەپ
بولغانىدۇق. كېيىن بىز يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ ئۇنىڭغا تون، تۆمۈر كارىۋات،
ئالتۇن سائەتلەرنى سوۋغا قىلدۇق.
ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ ئوبدان
رازى قىلدۇق.

يېڭى ئاقساقال قارىماققا بەكمۇ مۇلايىم
ھەم رايىش ئادەم ئىدى. ئاشۇر ۋۇ ئەتسىدەك
بۇنداق كىشىلەر قوقانلىقلار ئارىسىدىن
ناھايىتى ئاز تېپىلاتتى. ئارمۇھەممەت
ئاقساقالنىڭ يەنە دادخاھلىق دەرىجىسىگە تەڭ
كېلىدىغان ئىشىك ئاغىسى دېگەن مەرتىۋىسىمۇ
بار ئىدى. ئۇ يۇرۇن مىڭ بېگى بولغان كىشى
ئىدى. بۇ ئاقساقال ئاچچىق ـ چۈچۈك
ئىچىملىكلەرگە ئامراق بولغاچقا، قەشقەر
بايلىرى ئۇنى دائىم ئويۇن ـ تاماشىغا ئاپىرىپ
تۇراتتى ھەم ئۇنىڭدىن ھېچقىمايتتى. ئاقساقال
كۆرۈنۈشتە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى
ئۇرمايدىغاندەك قىلاتتى. بىرەر مۇھىم ئىش
چىقىپ قالسا مۇسۇلمانلىقنى چاقىرىپ
بارمەسلىھەت ئىش قىلاتتى. بىز سۇلايماقۇل
بىلەن ئىلگىرىمۇ تونۇشاتتۇق، شۇڭا ئۇ
ئارقىلىق يېڭى ئاقساقال بىلەنمۇ ئاسانلا
چىقىشىپ كەتتۇق. مېھماندارچىلىقلاردا بىللە
بولدۇق. ئاقساقال كارۋىنىمىزدىكى
بىرەيلەننى ئەڭ يېقىن ئادىمىم دەپ قاراپ
ئۇنىڭغا زەر تون، ئات ۋە ھەربىيچە ئۆتۈك
تەقدىم قىلىپتۇ. بىز بۇ چاغلاردا قەشقەردىكى
ئەڭ نوپۇزلۇق ھەم ئەركىن كىشىلەر
ھېسابلىناتتۇق. شۇ چاغلاردا قەشقەردە كېچىدە
يول يۈرۈش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، بىز
خالىغانچە كېتىۋېرەتتۇق.

قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئات ـ
ئۇلاغلىرىمىزمۇ سەمىرىپ ئوبدان بولۇپ
قالدى. ئەمدى كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى
قىلمىساق بولمايتتى. بىز كەلگەن ئاقساي
يولى قار ئاستىدا قالغاچقا، ئۇ تەرەپ بىلەن
ماڭغىلى بولمايتتى. قوقان يولى بىلەن
ماڭساق يەنە چوڭ كىلەپ قالاتتۇق، يەنە كېلىپ
ئۇ تەرەپتە مېنى تونۇپ قالىدىغانلارنىڭ چىقىپ
قېلىشىدىن قورقاتتۇق. شۇڭا بىز ئۈچتۇرپان
تەرەپ بىلەن ماڭماقچى بولۇپ، بىر مەھەل
توختاپ نېمە بەرگەن ماللىرىمىزنىڭ پۇلىنى

يېنەدۇق. چىڭ تەرەپنىڭ بېرىدىغان يول خېتىمىز فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاران تەييار بولدى.

بىز ئەمدى ماڭايلى دەپ تۇرۇۋاتسىمىزغا يەنە پالاكەت باستى. بۇ چاغدا غۇلجىدىن چىققان قەشقەرلىك سودىگەرلەر بىلەن شەمەيدىن چىققان تاشكەنتلىك سودىگەرلەر قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ بىزنىڭ كارۋاندا روسىيىنىڭ پايلاقچىسى بار ئىكەن دېگەن گەپنى قەشقەرگە تارقىتىۋېتىپتۇ. نارمۇھەممەت ئاقساقال بۇ گەپكە قەتئىي ئىشەنمىدى. بىر قىسىم قوقانلىقلار ھېلىقى ئورۇس پايلاقچىسىنى بىزنىڭ شەھەر سىرتىدىكى تۆگىلىرىمىزنى باقىدىغانلار ئارىسىدا ئىكەن دەپ گەپ تارقاتتى. قوقان ئەسكەرلىرى بېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىپ پايلاقچىنى تاپالمىدى. قەشقەر تەرەپنىڭ بىزگە چولىسى تەگمەيتتى. بۇ چاغدا قوقاندىن قېچىپ چىققان ۋەلىخان خوجا ئۈچتۇرپان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، پۈتكۈل قەشقەرلىكلەر ۋەلىخان خوجا ھەققىدىكى پاراڭلار بىلەن ئاۋارە ئىدى. شەھەر ئىچىدە جىسەكچىلەر قايتا كۆپەيتىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ مۇداپىئەسى كۈچەيتىلگەنىدى. چېگرىدىمۇ ئەسكەرلەر ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدى.

ھۆكۈمەت تەرەپ داڭزىنغا نەيزە، دېگەندەك قورال - ياراغلارنى يىغىپ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. ھازىرچە بىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسىمۇ، بىزنىڭ قەشقەرگە كېلىشىمىزدىكى ھەقىقىي مەقسىتىمىز ئاشكارىلىنىپ قالغىچە بۇ يەردىن قەتئىي كېتىشىمىز كېرەك ئىدى.

فېۋرال ئېيى كىرىشى بىلەنلا قەشقەردە ھاۋا ئىسسىپ ئەتىياز كىردى. شۇڭغا مارت ئېيى كىرسە تاغ يولى ئېچىلىپ قالارمىكىن دەپ توختاپ قالدۇق.

7 - مارت. كارۋىنىمىز قەشقەردىن يولغا چىقىپ تېرەك داۋانغا يول ئالدى. بىز بىرقانچەيلەن يول خېتىمىزنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئارقىدا قالدۇق. يول ئەھۋالىنى ئوقۇپ باققىلى كەتكەن ئادەملىرىمىز تېرەك داۋاندا تېخىچە قار قېلىن بولۇپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت قوقان خانلىقى باشقۇرۇۋاتقان قورغا قەلئەسى ئارقىلىقلا ماڭغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بىز ئاقساقالنىڭ يول پۈتۈنلەي ئېچىلغىچە توختاڭلار دېگىنىگىمۇ قارىماي تېز مېڭىشنىڭ كويىغا چۈشتۇق. ئاڭلىساق قورغا قەلئەسىنىڭ بېگى بۇغا قەبىلىسىدىن بولغان قىرغىزلارنىڭ گېپىگە بەكمۇ ئىشىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ قىرغىزلارنىڭ بىزنىڭ كارۋىنىمىز ئىنتايىن باي كارۋان ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قىزىقتۇرۇشلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ، بىزدىن تازا بىر زاكات ئېلىۋېلىشنىڭ كويىدا ئۆتكەللىرىنى ئېتىۋېلىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئاقساقال بىزگە بىر ئەسكەر قوشۇپ بەردى ھەم قورغا قەلئەسىنىڭ بېگى ئۆمىرازاققا سوۋغا - سالاملار بىلەن بىزنى ئۇيەدىن كۆتۈرۈۋېلىشنى ئېيتىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. 1859 - يىلى 12 - ئاپرېل مەن ۋېرنىي قورغىنىغا قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ قەشقەرگە قىلغان سەپىرىم 1859 - يىلى 28 - ئىيۇندىن 1859 - يىلى 12 - ئاپرېلغىچە جەمئىي 10 ئاي 14 كۈن داۋام قىلدى. قەشقەردە تۇرغان ۋاقتىم 1 - ئۆكتەبىردىن 13 - مارتقىچە بولۇپ بەش ئايدىن ئاشىدۇ. قەشقەردىكى سودىمىزدىن خېلى

ئوبدان پايدا چىقتى. يولغا چىققىنىمىزدا 19 مىڭ سوم كۆمۈش پۇلغا يارىغۇدەك مىلىمىز بار ئىدى. بىر قىسىم مالنى قازاقلار بىلەن قىرغىزلاردىن قويغا تېگىشىۋېلىپ قالغىنىنى قوي بىلەن قوشۇپ ئەسكەرگە 4068 قوقان پۇلىنى (ئالتۇن پۇل) غا ساتتۇق. 1857 - يىلدىكى قوزغىلاڭدىن كېيىن قەشقەر بىلەن قوقاننىڭ سودىسى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، بىز قەشقەرگە بۇنداق كۆپ مال ئاپارغان تۇنجى كارۋان بولۇپ قالدۇق. بولۇپمۇ قويلىرىمىز 63 يامبۇدىن سېتىلىپ كۆپ پايدا باراتتى. پۇل بويى باشقىلارغا زاكات، سوۋغاتلار بېرىش ئۈچۈنمۇ خېلى پۇل كەتتى. ئات - ئۇلاغلىرىمىزمۇ يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئاۋات قەشقەر بازىرىدىن مال ئەكېلەلمىدۇق. قەشقەر بىلەن ئالاقىسى ياخشى چىققان سودىگەرلەر ئالدى بىلەن ماللىرىنى ماڭغۇزۇپ كېيىن ئۆزلىرى ئارغىنە ئادىمى بىلەن ماڭاتتى. بىز بولساق بۇ ناتونۇش يۇرتتا 32 ئادەم ياللاپ تۆرغۇن جارۋا مالنى ھەيدەپ باردۇق. شۇڭا ئادەملىرىمىزنىڭ ئىش ھەققى بىلەن كېيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈنمۇ 1036 سوم 13 تىيىن سەرپ قىلىندى. قەشقەردە مال يىغىش بەكمۇ قىيىن. بۇ يۇرتتا يايلاق بولمىغاچقا، مالنى يىل بويى بوغۇز بېرىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر بازارلىرىدا يەم - خەشەك بەك قىس بولغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ ئاتىنى بىلەن ئات - ئۇلاغلىرىمىزنىڭ يەم - خەشەكلىرىگىمۇ 4067 سوم پۇل خەجلىۋەتتۇق. قەشقەرگە يارىغىچە 60 تۈگە بىلەن سەككىز ئات يولدا ئۆلدى. ئەگەر يۈك ئارتىدىغان ئات - ئۇلاغلىرىمىز يېتىشسە قەشقەردىن مال ئەكېلەلىگەن بولساق پايدىسى

يامان بولمايتتى. قەشقەردىن ئەكەلگەن بولساق چاي، مەشۇت، ماتا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكىلەتتۇق. ئەگەر ئەكىلىش جەريانىدا ئات - ئۇلاغلىرىمىز جىق ئۆلۈپ قالسا بۇ نەرسىلەردىن چىققان پايدىنىمۇ يەپ كېتەتتى. بىز ھەر ھالدا قىرغىزلاردىن قويغا تېگىشكەن 14 مىڭ 51 سوم 75 تىيىنغا يارىغۇدەك مال ئالغاچ كەلدۇق. 11 تۆگە سېتىۋېلىپ 11 يەشىك چاي ھەم قوقاننىڭ خام مەشۇتلىرى بىلەن ماتالىرىنى تۆگىلەرگە ئارتتۇق. ئەڭ يامىنى مەندەك بىر ئادەم كارۋاندا بولغانلىقىم ئۈچۈن كارۋان كۆپ ھاللاردا پاسسىپ ئەھۋالدا قالدى. كارۋاندىكىلەر بىزنى يولغا سېلىشتا روسىيە تەرەپنىڭ قولى بارلىقىنى قوقان دائىرىلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ خەققە سوۋغا - سالاملارنى ئايىماي بېرىپ بوچىلارنى ئېتىپ ماڭدى. بىز قەشقەردىن قايتىشىمىزدا باشقىلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ قوقانغا بارغان بولساق، ماللىرىمىزنى خېلى ئوبدان پۇل قىلىپ قايتاتتۇق. ئەمما قوقان، تاشكەنتلەردە مېنىڭ سالاھىيىتىم ئاشكارىلىنىپ قالغۇدەك بولسا ھەممىمىز شۇ يەردىلا تۈگىشەتتۇق.

مەن كىچىك بۇخارا دەپ نام چىقارغان قەشقەر شەھىرىدە بۇ يۇرتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئەڭ تولۇق، ئەڭ ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاشقا تىرىشتىم. ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل گۇرۇھ، سۇلۇكلەرگە تەۋە كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدىم. خوجىلار ھەققىدە يېزىلغان بىرمۇنچە كىتابلارنى سېتىۋالدىم. ئامۇن -

ئۇلىمالار بىلەن سۆھبەتلەردە بولدۇم. ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگىچە ۋە مانجۇلار بۇ يۇرتنى ئىگىلىگەنگە قەدەر بۇ يۇرتتا ئۆتكەن خوجا - ئىشانلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئۆزەم توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا بىرمۇ بىر خاتىرىلەپ ماڭدىم. 1825 - يىلىدىن بىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قوزغىلاڭلار، بۇ قوزغىلاڭلارغا قاتناشقان قوقانلىقلار ۋە ئۇششىلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر قىسىم ئاخۇن - ئۇلىمالاردىن سوراپ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇردۇم. قوقاننىڭ قەشقەردىكى ئاقساقىلى نارمۇھەممەت ئەينى چاغلاردا خوجىلار قوزغىغان ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان كىشى ئىدى. بىرىنچى قەشقەردىن قورغا قەلئەسىگە يول باشلىغۇچى بولۇپ ئاپارغان توختار ئىسىملىك كىشى ئەسلى سىبىرىيىلىك قازاق بولۇپ، ئۇ 1857 - يىلى خوجىلارنىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ لەشكەر بېشى بولغانىدى. بۇ كونا ئىسيانچى بوۋاي ھازىر ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، خوجىلار ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. مەن قەشقەردە ۋەلىخان خوجىنىڭ ھوزۇرىدا مۇلازىم، ھۆددىچى (قائىدە، مۇراسىم ئەمەلدارى) دېگەندەك ۋەزىپىلەردە بولغان كىشىلەر بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ چىقتىم. خوجىلار توغرىسىدا مەرغىلانلىق نايماناباي ئىسىملىك سودىگەردىنمۇ خېلى كۆپ ئەھۋاللارنى ئىگىلىۋالدىم. نايماناباينىڭ بىر سىڭلىسى ئەينى چاغلاردا كاتتىخان تۆرىگە ياتلىق بولۇپ ئەتىۋارلىق خانىشقا ئايلانغانىدى. ئالتە شەھەر ھەم ئالتە شەھەر ئاھالىلىرى توغرىسىدا قەشقەردىكى بەگلەر، ئاخۇن - ئۇلىمالار، شەيخلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى رەتلەپ يېزىپ چىقتىم.

مېنىڭ ئالتە شەھەر ھەققىدىكى خاتىرەم بەش بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. مەن ئۇنى قايتا بىر قېتىم رەتلەپ چىقىشنى نىيەت قىلغان بولسامۇ، ئەمما ناگاھ رودنىيادەك چاپلىشىۋالغان كېسەللىك ئازابى پەقەتلا ئىمكان بەرمىدى. شۇڭا بۇ خاتىرىلەرنى باشقىدىن رەتلەپ چىقالمىدىم.

1985 - يىلى ئالمۇتىدا قازاق تىلىدا نەشر قىلىنغان «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى»دىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمتىمىن ئۆمەر

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن

## بوزدۆڭ سىنتېشى

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پونكىتى، ئونسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتى بىرلىكتە ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بوزدۆڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى قازدى. بۇ قەبرىستانلىقتا 58 قەبرە بولۇپ، بوزدۆڭ كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكىگە ۋە بۇ تۈزلەڭ يەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇرۇق ئېقىنغا جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا باپ شەكىلدە تىزىلغان، بۇ قەبرىلەر تاشتىن دۆۋىلەنگەن ۋە تاشتىن قورشالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە M1 نومۇرلۇق سىنتاش ئورنىتىلغان قەبرە مۇشۇ قەبرىستانلىقتىكى بىردىنبىر كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان قەبرە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سىنتاش كۆكۈش قۇم تاشقا ئويۇلغان، ئېگىزلىكى 1.25 مېتىر، كەڭلىكى 0.37 مېتىر، قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇ مىلادى 6 - 7 ئەسىرلەرگە تەۋە.

# قەشقەردىكى چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى

مەريەم ئابلەت

(ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدىن)

چاررۇسىيە پېتېر I نىڭ ئىسلاھاتىدىن كېيىن كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ، تەدرىجىي شەرققە كېڭىيىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بۆلۈنمە خانلىقلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن چاررۇسىيىنىڭ زېمىنى بىۋاسىتە چىڭ سۇلالىسى بىلەن چېگرىلىنىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زېمىن ماجىراسىنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنلىرى بارلىققا كەلدى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن كۆپلىگەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، ئېلىمىز زېمىنىنى ھامتالاش قىلىپ، ھەرخىل كۆلەمدىكى «تەسىر دائىرە»لەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان چاررۇسىيە ئۈزۈندىن بۇيانقى شىنجاڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىشتەك شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. شېرىن چۈشنىڭ تۇنجى قەدىمى سۈپىتىدە 1851 - يىلى ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قەشقەرنى چاررۇسىيە سودىگەرلىرىگە سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، 1859 - يىلى «جۇڭگو - چاررۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاش ۋاقتىدا چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئىگىناتىيېۋ ئارقىلىق «قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش چاررۇسىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. كېيىنكى يىلى «جۇڭگو - چاررۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى - داۋامى»نى ئىمزالىغاندا ئېنىق قىلىپ «چاررۇسىيىلىكلەر قەشقەردە سىناق تەرىقىسىدە سودا قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى ھەمدە چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلدى، چىڭ ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا چاررۇسىيە تەۋەسىدە كونسۇلخانا قۇرىدىغان بولدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى شەرتنامىدە يەنە «ھەرقايسى تەرەپ قۇرغان كونسۇلخانىلار شۇ دۆلەت تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ئىمارەتتە ئىش بېجىرىدۇ، بەرلىكتىن ئۆي ئىجارە ئېلىشنى خالىغۇچىلار بولسا ئۆزى خالىغان ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئالسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

1864 - يىلى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشى نەتىجىسىدە چاررۇسىيىنىڭ كونسۇلخانا قۇرۇش پىلانى بوشقا چىقتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قەشقەرگە بولغان قىزىقىشى توختاپ قالمىدى. 1872 - يىل 5 - ئايدا كاپىتان گراف

گۇلبارىس باشچىلىقىدىكى چاررۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى بىلەن ئاتالمىش «چاررۇسىيە يەتتەشەھەر دۆلىتى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

چاررۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ قورال كۈچى بىلەن ئىلىنى ئىشغالىدىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى «ئاۋۋال لەشكىرىي كۈچ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش، ئاندىن لەشكىرىي ئۈستۈنلۈككە سۈيىنىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش» تەدبىرىنى يولغا قويدى. ئاخىرى ياقۇپبەگ ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېڭىۋاشتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو بىلەن چاررۇسىيە كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 1881 - يىلى «جۇڭگو - چاررۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. نەتىجىدە شەرتنامىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇشى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى ھەمدە «جۇڭگو - چاررۇسىيە پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالارنى چاررۇسىيە كونسۇلى بىلەن جۇڭگو تەرەپ مەمۇرلىرى كېڭىشىپ بىر ياقلىق قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 4 - ئايدا چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى رەسمىي قۇرۇلدى، قەشقەر كوناشەھەردىكى شىمالىي قوۋۇقتا پۇقرالارنىڭ بىرنەچچە ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ كونسۇلخانىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىندى.

1882 - يىلى 11 - ئايدا پېتروۋسكىي چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەندى. ئەينى ۋاقىتتىكى كونسۇلخانىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى قەشقەردىكى چاررۇسىيە سودىگەرلىرىگە ئائىت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بولدى. بۇ ۋاقىتتا چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا چەمبىرىكى تېخى بېكىتىلمىگەن بولغاچقا، قەشقەرگە كەلگەن چاررۇسىيە سودىگەرلىرى شىمالىي قوۋۇق ئەتراپىغا مەركەزلىشىپ، شۇ يەردىكى خەلق بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، كونسۇلخانا باشقۇرۇشىدىكى چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا پائالىيىتى تەدرىجىي پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىپ، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسى بويىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قەشقەر كوناشەھەردە دەرھال چاررۇسىيە پوچتا ئىدارىسى قۇردى، جۇڭگو - چاررۇسىيە چېگرىسىدىكى ئەركەشتامدا رابات تەسىس قىلدى ھەمدە كۆپلەپ پوچتا ماركىسى تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چاررۇسىيە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پوچتا ئىشلىرى چاررۇسىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا چاررۇسىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يىللىق كىرىمى 100 مىڭ رۇبلىدىن ئاشقان.

1893 - يىلى چاررۇسىيە دائىرىلىرى قەشقەردە مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سەمەن (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى سەمەن يولىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدا) دا ئىمارەت سېلىپ كونسۇلخانا قۇرۇشقا كىرىشتى. كونسۇلخانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىگىلىگەن يېرى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر (تەخمىنەن 20 مو) چە كېلەتتى، ئىمارەتلەر ۋە ئۆي ئىچى لازىمەتلىكلىرى پۈتۈنلەي رۇس

پايونىدا ئىدى. كونسۇلخانا قۇرۇلۇشى مەيلى ئۇسلۇب ياكى مۇئەسسەسە جەھەتتىن بولسۇن ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى، بۇ ھال كېيىنچە قەشقەرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن: 1933 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىسى (ھازىرقى خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) ۋە ئازادلىقتىن كېيىن سېلىنغان «1 - ماي» كىنوخانىسى، پوچتا بىناسى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىمارەتلىرىدە روشەن رۇس ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن.

چاررۇسىيىنىڭ تاشقى كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا ئەگىشىپ، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بارا - بارا تاجاۋۇزچىلىق ۋاستىسىغا ئايلاندى. كونسۇلخانا 1885 - يىلى يوشۇرۇن تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەن قۇرۇمتاغقا دائىر جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار توپلىمىنى چاررۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىدى. نەتىجىدە چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى دەرھال گېرۇمبىچېۋىسكى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنى ئەۋەتىپ چاررۇسىيىنىڭ فەرغانە ئۆلكىسى (ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدە) بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقىنى قايتىدىن بېكىتىشكە كىرىشتى، قەشقەردىن لاداققا ۋە فەرغانىدىن كەشمىرنىڭ شىمالىي قىسمىغا بارىدىغان چېگرا بولىنىنى تەكشۈردى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى رويخەتكە ئېلىش، جەنۇبىي شىنجاڭنى مونوپول قىلىشقا پاتال تەييارلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ، قەشقەر ۋە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى، يەنە سودا ۋە سودىغا ئائىت دەۋا ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتىن ھالقىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى، دىنىي ئۇيۇشمىلار، پوچتا ئىشلىرى، بانكا كەسپى قاتارلىق ساھەلەرگە قول تىقتى.

1900 - يىلى چاررۇسىيە قەشقەردە چاررۇسىيە داۋشىڭ بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسىنى قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ئىقتىسادىي تالان - تاراجنى كۈچەيتتى. شۇ يىلى چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەردىكى يوللار ئارقىلىق قىلغان ئېكسپورت كىرىمى 2 مىليون 500 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن، ئەمما ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 700 مىڭ رۇبلىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلگەن. بۇ خىل ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي تەسىر قوراللىق تاجاۋۇزنىڭ تەسىرىدىن قېلىشمىدى. شۇ يىلى باش كونسۇل پېتروۋسكى سارىقول (ھازىرقى تاشقورغان) دىكى چاررۇسىيىلىكلەرنىڭ قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى باش مۇپەتتىشى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ تىدۇسى جاڭ زۇڭمىننى سارىقولدىكى يارلىقچى بەگ دەي قۇچىيىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش پەرمانى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. كېيىنكى يىلى پېتروۋسكى يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى بىرنەچچە مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇشىغا بىۋاستە ئارىلاشتى.

1902 - يىلى كونسۇلخانا خادىملىرى زىياپەت ئۈستىدە يەرلىك بىر ئۇيغۇر ئايالغا

بوھۇرلۇق قىلغاچقا، 3000 چە ئادەم كونسۇلخانا ئالدىغا يىغىلىپ نارازىلىق بىلدۈرگەندە، كونسۇلخانا مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان كازاك ئەسكەرلەر ئادەمنى قاتتىق قىرغىن قىلىپ تارقىتىۋەتتى. تىدۇ جاڭ زۇڭبىڭ ئادەمنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى قوللىغاچقا، پېتروۋسكىي چاررۇسىيىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىسى ئارقىلىق چىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، جاڭ زۇڭبىڭنى ئىچكىرىگە چاقىرتىشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە قەشقەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، چاررۇسىيەپەرەس ئىلى باش بۇغى جياڭ داجۈنى قەشقەرگە تىدۇ قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا بارلىق چۈشۈرگۈزدى.

1906 - يىلى قەشقەردىكى چاررۇسىيە كونسۇلى چارپادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چاررۇسىيىنىڭ داۋشېڭ بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قەشقەرنىڭ ۋالىيسى يۈەن خۇڭيۇگە 20 مىڭ رۇبلى قەرز بېرىپ، قەشقەر كوناشەھەردىن تورغات پورتىغا ئۆتىشىدىغان يول ياسىتىپ، قەشقەردىن ئەنجانغىچە بولغان قاتناش يولىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى. كېيىنكى يىلى قەشقەردىكى چاررۇسىيە كونسۇلى يۈەن خۇڭيۈنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ خوتەندە ئالتۇن كېنى ئاچقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كاننىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى.

1910 - يىلى يۈەن خۇڭيۇ چىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئۆزىنىڭ سىرتقا توشۇلۇشىنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندە چاررۇسىيە كونسۇلى بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ مەزكۇر چەكلەش بۇيرۇقىنى مەجبۇرىي ئەمەلدىن قالدۇردى.

1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا قاراشلىق چولىسى تەگمىگەندە چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئورۇنباسار كونسۇل برونىسكىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەر، يەكەن، قاغىلىقلاردا يەرلىك ئۇيغۇرلارنى «چاررۇسىيە مۇھاجىرى» لىققا ئۆتكۈزدى، چاررۇسىيە گىراژدانلىقىغا ئۆتكەنلەرنىڭ مانجۇ ھۆكۈمىتىگە باج - سېلىق تاپشۇرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ۋە چاررۇسىيە پۇقرالىرىغا ئوخشاش تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى، گىراژدانلىققا تىزىملاتقانلاردىن 20 — 25 كىچە كۆمۈش يىغدى. نەتىجىدە چىرىدا سۈپۈرگە ئاخۇن باشچىلىقىدا چاررۇسىيىگە قارشى خەلق ھەرىكىتى قوزغالدى. ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چاررۇسىيە گىراژدانلىرى 200 گىمۇ يەتمەيتتى، چاررۇسىيە كونسۇلى سۈكوف يەرلىك كىشىلەرنى كۆپلەپ گىراژدانلىققا تىزىملىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ھەتتا بىر قېتىمدا 2000 پاسپورت تارقىتىلغان ۋاقىتمۇ بولدى. چاررۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكۈچىلەرنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى نەتىجىسىدە كونسۇلخانا تەييارلاپ قويغان ئاق پاسپورت يېتىشمەي، «سودا چېكى» (بىر چەكنىڭ قىممىتى 5 سەر كۆمۈشكە تەڭ) نى ۋاقىتلىق پاسپورت سۈپىتىدە تارقاتتى. «سودا چېكى» ئەسلىدە چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە سودا قىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سودا ئىجارەتنامىسى خاراكتېرىدىكى گۇۋاھنامە ئىدى. بۇ خىل «سودا چېكى» نى سېتىۋالغان ساختا چاررۇسىيە گىراژدانلىرى

چاررۇسسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئاستىرتتىن مەدەت بېرىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جاي- جايلىرىدا يايلاق، مۇنبەت ئېتىزلار ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئىگىلىۋالدى، پۇقرالارنىڭ يايلىقىنى قاقتى- سوقتى قىلدى.

1912 - يىلى «چىرا ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى چاررۇسسىيە ئوتتۇرىغا قويغان «ئەيىپ سوراش، قاتىللارنى جازالاش ۋە تۆلەم تۆلەش»تىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك شەرتنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، قەشقەرنىڭ بېگىدىن تەيىنلەنگەن تىدۇسى يالڭ زەنشۇگە «تېزدىن چاررۇسسىيە كونسۇلخانىسى بىلەن كېلىشىپ مەزكۇر ۋەقەنى بالدۇرراق بىرياقلىق قىلىش» توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

1913 - يىلىنىڭ بېشىدا يالڭ زەنشۇ ئېلى ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، سۆھبەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرى يالڭ زەنشۇ زېمىن كېسىپ بەرمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا چاررۇسسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى سوكوف بىلەن «چىرا ۋەقەسىنى بىرياقلىق قىلىش ھەققىدىكى ئون ماددىلىق كېلىشىم»نى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى چاررۇسسىيەگە 70 مىڭ رۇبلى تۆلەم تۆلىدى. خوتەن مەمۇرلىرىدىن ئاڭ يۈنجۇڭ بىلەن شېن يۈجىڭغا ئېغىر جەرىمانە قويۇلدى، سېيىت ھاجى باشچىلىقىدىكى ساختا چاررۇسسىيە پۇقرالىرىغا ھۇجۇم قىلغان يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى شىۋلاڭ گاۋشىڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى، سېيىت ھاجى چاررۇسسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بىرياقلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى يەنە بىر قېتىم نومۇسسىزلارچە سېتىۋېتىلدى.

1916 - يىل 10 - ئايدا تۆت يىل ئىلگىرىكى «چىرا ۋەقەسى»دىن قىساس ئېلىش كويىغا چۈشكەن چاررۇسسىيە ھۆكۈمىتى قەشقەرگە قوراللانغان كازاك ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق 500 دىن ئارتۇق پۇقرانى قىرىپ تاشلىدى.

1918 - يىلىغا كەلگەندە كونسۇلخانا خادىملىرى چاررۇسسىيەگە چاقىرتىپ كېتىلدى، كونسۇلخانىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى قەشقەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى يالڭ زېڭشىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇڭگو كونسۇلخانىلىرىغا قەشقەرگە بارىدىغان چاررۇسسىيە پۇقرالىرىغا پاسپورت تارقىتىشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

1925 - يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى چاررۇسسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئورنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنى قۇردى. يېڭى كونسۇلخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىدىكى نەشر بۇيۇملىرى يوشۇرۇن تارقىتىلىپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم تەشۋىقاتى ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىندى.

1956 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بىكار قىلىنىپ، كونسۇلخانا ئورنى قەشقەردىكى ئەڭ دەسلەپكى مېھمانخانىلاردىن بولۇپ قالدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، ئەدەبىي لەنشى نەشرىياتى، 1958 - يىلى نەشرى.
2. لى جىگچى: «شىنجاڭ خاتىرىلىرى»، 1935 - يىلى فۇرىن نەشرىياتى.
3. زىاڭ جىزى: «‹جۇڭگو - چارروسىيە سۆھبەت خاتىرىسى›»، 1900 - يىلى تاش باسما نۇسخا.
4. دىاڭ زىشىن: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ چارروسىيىگە قارشى كۈرەشلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1979 - يىلى نەشرى.
5. جاڭ شاۋيۇ: «شىنجاڭ دىپلوماتىيىسىدىن دوكلات»، 1910 - يىلدىكى باسما نۇسخا.
6. «چارروسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى.
7. ئا. ن. كروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئىلى

## سۇبېشى بۇددا خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 25 كىلومېتىرچە كېلىدىغان كۇچا دەرياسىنىڭ چۆلتاغدىن چىقىش ئېغىزىنىڭ 2 تەرىپىگە جايلاشقان. كۇچا دەرياسى ئۇنى ئوتتۇرىدىن غەربىي ۋە شەرقىي ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋەتكەن. بۇ خارابىلىكنى 1998 - يىلى گوۋۇيۈەن 4 - تۈركۈمدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى دەپ ئېلان قىلدى.



سۇبېشى غەربىي ئىبادەتخانا



سۇبېشى شەرقىي ئىبادەتخانا

# قومۇل رايونىدىكى «ئۇلۇغ» جايلار

ئابكۆل مۇھەممەت

(قومۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر، تىل - يېزىق ئىشخانىسىدىن)

قومۇل شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئەڭ كېيىن تارقالغان رايونلارنىڭ بىرى، يەنى 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىسلام دىنى تولۇق ئومۇملاشقان. بۇ بىر مۇرەككەپ جەريان. باشقا رايونلاردا دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىشى چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ۋە ھاكىمىيەت تۈپەيلىدىكى كىشىلەرنىڭ دىنىنى ئالدىن قوبۇل قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ. قومۇل رايونىدا بولسا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئاھالىنىڭ توپ ئولتۇراقلاشمىلىقى، ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ئاھالە نۇقتىلىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇشى سەۋەبلىك، دىنىنى بىردىنلا ئومۇملاشتۇرۇش ئانچە ئاسانغا چۈشمىگەن. ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا تارقىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ غازات ئۇرۇشلىرى ھەققىدە رىۋايەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا. بۇنىڭ ئەكسىچە ئايرىم شەخسلەرنىڭ قومۇلنىڭ جاي - جايلىرىدا دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر خەلقنىڭ ئاغزىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قومۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مازارلاردا ياتقان شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردۇر. مازارلاردا ياتقان شەخسلەر ئاساسەن 15 -، 16 - ئەسىرلەردە قومۇلغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ ۋاپات بولغان كىشىلەر ياكى شۇ كىشىلەر بىلەن قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىپ «غوجام» دېيىلىدۇ. بۇ خوجىلار مازارلىرى باشقا رايونلاردىكىدەك مۇقەددەس تاۋاپگاھ سۈپىتىدە قارىلىپ داغدۇغىلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنىغا ئايلىنالمىسىمۇ، لېكىن قومۇلدا ئۆزىگە خاس «ئۇلۇغ جاي»لىقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بۇ مازارلار ئادەتتىكى قەبرىلەردىن چوڭ ھەم ياسىداق گۈمبەز قاتۇرۇلۇشى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى چوڭ يول بويلىرىغا جايلاشقان مازارلاردىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى، كېيىنكى مەزگىللەردە يولۇچىلار ۋېلسىپىتلىرىدىن چۈشۈپ ياكى موتسىكلىت، ماشىنا، تراكتورلارنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ دۇئا قىلىپ ئۆتىدىغان بولدى. شۇ سەۋەبلىك مازارلار ئەتراپىدا قانداقلىكى قاتناش ياكى باشقا ھادىسە يۈز بەرسە بۇنىڭ سەۋەبى يۇقىرىقى پەرزلەرنىڭ ئادا قىلىنمىغانلىقىدىن كۆرۈلەتتى. يەنە بىرى، بۇ مازارلار روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى كۆزىرەك يوقلىنىپ تۇرىدۇ. يىلنىڭ خالىغان بىر پەسلىدە ئايرىم ھاجەتمەنلەر ۋە تەقۋادار

كىشىلەر تەرىپىدىن تۈرلۈك ئىستەك ـ تىلەكلەر بىلەن تاۋاپ قىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن داغدۇغىلىق ئامىۋى پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. ئەل ئارىسىدا پۈتكۈل قومۇل تەۋەسىدە 72 مازار بار دەپ رىۋايەت قىلىنسا، بەزىدە 50 مازار بار دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. لېكىن 50 مازارنىڭ بارلىقىغا دائىر رىۋايەت ئەمەلىيەتكە سەل يېقىن كېلىدۇ. بۇ ئىنچى تەتقىقات ئۈستىدىكى مەسىلە بولغاچقا ئېنىق يەكۈن چىقىرىشقا بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

بۇ مازارلاردا ياتقان شەخسلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە تۈرلۈك رىۋايەتلەر بار. لېكىن ئورتاق بىر يېرى شۇكى، ھەممىسىنىڭ ئېگىسى ئەرەبىستان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىياغا باغلىنىپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. قولىمىزدا ئېنىق يازما پاكىت بولمىغاچقا، ھازىرچە ئاغزاكى ماتېرىياللارغا تايىنىشقا مەجبۇرمىز. «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، «تەزكىرەئى ئىمام مۇھەممەت غەززالى» قاتارلىق قوليازمىلاردىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدىن شىنجاڭغا ئىسلامنى تەرغىب قىلغۇچى پىدائىيلارنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىگە دائىر بابلار بار. بىراق بۇ قوليازمىلارنىڭ ئەپسانە تۈسى قويۇق، يىل ـ دەۋر، ماكان ئۇقۇمى ئېنىق بولمىغاچقا رېئال تارىخنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىش تەس. شۇنداق بولسىمۇ ئەينى دەۋردە شۇ جايلاردىكى تۈرلۈك گۇرۇھ، مەزھەپۋازلىق كۈرەشلىرىدە مەغلۇپ بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ باشقا تەسىر دائىرە ئىزدەش باھانىسىدە ياكى ھەقىقىي كۈچلۈك ئېتىقاد تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ پائالىيەت قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

قومۇلدىكى مازارلارنىڭ تارىخىغا دائىر رىۋايەت مۇنداق: ئۆز زامانىدا ئەرەبىستاندىن دىن تارقىتىشقا يولغا چىققان بىر توپ كىشى قومۇل قارادۆۋىنىڭ ئەللىك دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار شۇ يەردىن خىزمەت تەقسىماتى بويىچە قومۇلنىڭ جاي ـ جايلىرىغا دىن تارقىتىشقا ئاتلىنىپتۇ. ئەللىكتە دىننى تەرغىبات قىلىپ ۋاپات بولغان كىشى «ئەللىك غوجام» دەپ ئاتىلىپتۇ. قومۇلغا ئەڭ بالدۇر بېرىپ پائالىيەت قىلغان كىشى «ئالدى بۇزرۇرگاھ» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇغ كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشى «تۇغلۇق بۇزرۇرگاھ» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ ئىككى مازار ھازىر قومۇل شەھەرئىچى يېزىسىدا. قومۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بوغاز يېزىسىغا بېرىپ ۋاپات بولغان كىشى «بوغاز غوجام» دەپ ئاتالغان. قالغان مازارلارمۇ ئاساسەن جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىرى بويىچە ھەر خىل ئاتىلىدۇ. بىراق ھەممىسىنىڭ ناھايىتى ئاز كىشىلەرگە مەلۇم بولغان ئەسلى نام ـ شەرىپلىرى بار.

قومۇل شەھەرئىچى يېزىسى تۇققۇزئەجدىھاتال مەھەللىسىگە جايلاشقان غايىپ مازاردا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى ھەزرىتى مەۋلانا خوجاھەسەن ئاتا بولۇپ، بۇخارادىن كەلگەن دېيىلىدۇ. 1940 ـ يىلى ۋاڭنىڭ ئوردا سېپىلىنى بۇزغاندا مازار ئىچىدىكى سېپىلدىن پولات قۇرمىلىق ھەربىي كىيىم، پولات قالپاق، ئىلمە ئۈتۈك قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. مۇشۇلارغا قاراپ بۇ كىشى ئىسلام ئېچىش يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان دەپ قارىلىدۇ.

قومۇل شەھىرىنىڭ تاشبېلىق يېزىسىدىكى يالغۇزتۇبۇن مازىرىمۇ بۇقىرىغا ئوخشاش بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى غازات

ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان كىشىنىڭ مازىرى دەپ قارىلىدۇ. بۇ كىشىنىڭ جەسىتى مەنزىرىسى ئۆزگىچە تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان. بۇ كىشى ۋاپات بولۇپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن يەنى مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە ۋاڭلىقتىن مەخسۇس گۈمبەز قاتۇرۇلۇپ ئالاھىدە تاۋاپگاھقا ئايلانغان. قەبرىدە ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى ئەل ئارىسىدا ناھايىتى ئاددىيلا قىلىنىپ نۇر ئاخۇن دەپ ئاتىلىدۇ، ھەقىقىي ئىسمى ئۇنداق بولمىسا كېرەك. بۇ جاي قومۇل تەۋەسىدە خېلىلا داغدۇغىلىق تاۋاپ قىلىنىدىغان، مەنزىرىسى ئۆزگىچە جاي ھېسابلىنىدۇ. قومۇل مۇقاملىرى ئىچىدە قومۇللۇقلارنىڭ قالماقلار بىلەن قىلغان قانلىق ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلىنىدىغان «يالغۇز تۇيۇن مۇقامى» دېيىلىدىغان ھەسرەتلىك بىر مۇقام بار. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ نوقۇل ئىسلام بىلەن ئالاقىدار جاي بولماستىن بەلكى قومۇل خەلقىنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بىرەر چوڭ تارىخىي ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئىسلام ئېچىش يولىدا شېھىت بولغان خوجىلار مازىرى قاتارىغا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى دەرەخلىك خوجا مازىرى كىرىدۇ. مازاردا ياتقان كىشىنىڭ ئىسمى ئەرشىدىن بولۇپ، بۇ كىشى يالغۇز تۇيۇن مازىرىدا ياتقان نۇر ئاخۇن دېگەن كىشىلەر بىلەن بىرگە 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن قومۇلغا دىن تارقىتىشقا پىيادە بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىرىمىش، ئۇلار ئەسلىدە يۈز كىشى بولۇپ بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئېرىنكىر تەۋەسىگە كەلگەندە ئوق تېگىپ ۋاپات بولغان. قومۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاڭى شاھ مەخسۇت بۇ كىشىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە مەخسۇس گۈمبەز ياساتقان. بۇ مازارنىڭ قومۇل بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق بولغانلىقى، شۇ ئەتراپتىمۇ ئاھالە شالاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، تاۋاپ قىلغۇچىلار ھەمدە بۇ ھەقتە بىلىدىغان كىشىلەر نىسبەتەن ئازراق.

قومۇل تەۋەسىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن مازار ئارايۇلتۇز خوجا مازىرىدۇر. بۇ مازاردا ياتقان كىشى مىلادىيە 7 - ئەسىردە ئەرەبىستاندىن جۇڭگوغا دىن تارقىتىشقا كەلگەن تۆت كىشىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى قەيس ئەنسارى. 635 - يىلى ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ قومۇلغا كېلىش يولىدا ئارايۇلتۇزدا ۋاپات بولغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى بولۇپ كەلگەن بۇ مازار 1939 - يىلى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ گازارما قىلىش ئېھتىياجى بىلەن بۇزۇشقا توغرا كەلگەچكە، قومۇلدىكى ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ دىنىي زاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كاتتا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈلۈپ، قومۇلغا يۆتكەپ كېلىنىپ، قايتا دەپنە قىلىنغان ۋە ھازىرقى قەيس خوجا مەقبەرىسى ياسالغان. قومۇل شەھەر ئەتراپىنىڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان بۇ مازار ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ كاتتا نەمۇنىسى سۈپىتىدە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە خېلى ئىشەنچلىك يازما ماتېرىياللار بار.

قومۇل ئاستانىدىكى سۇلتان ئابدۇلئەلىم تۈركىستانى مازىرىمۇ قومۇلدىكى خېلى چوڭ مازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مازاردا ياتقان زات ھەققىدە يېزىلغان بىر قىسىم قەسىدىلەر بۇ كىشىنىڭ ئەينى دەۋردە ئەسىرى

خېلى زور شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ كىشى تۈرلۈك مېۋە، چېچەكلەرنى تۆگىگە ئارتىپ قومۇل بىلەن ئاستانا ئارىلىقىدا قاتراپ يول يۈرۈپ مېۋە-چېچەك تارقىتىش ئۇسۇلى بىلەن بالىلارغا ئىمان ئۆگەتكەن ۋە ئىمان ئېيتقۇزغانىكەن.

قومۇلدىكى مازارلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، قومۇلغا ئىسلام دىنى تارقالغان مەزگىل پۈتكۈل شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سوپىزىم تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىل ئىدى. شۇڭا دىنىي تەرغىباتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تەرىقەت يولىنى تۇتقان سوپى-ئىشانلاردىن ئىبارەت ئىدى. قومۇلدا ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئەنە شۇ سوپى-ئىشانلار ئاماللىغانىدى. شۇڭا نەچچە يۈزمىڭلاپ كىشى زىكرى-ساما تۈزىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ سوپىزىم ئوچاقلىرىنىڭ بۇ نام بىلەن سۆيەتلەنمەي پەقەت كىچىككىنە قومۇلنىڭلا «سوپىيانە قومۇل» دەپ سۆيەتلىنىشى بىكار ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك قومۇلدىكى مازارلار ئادەتتىكى تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئەمەس ئاساسلىقى سوپى-ئىشانلار ۋە بۈۋىلەرنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە لەڭگەر مازار، قاراياغاچلىق مازار، سۇمقارغا مازار، چاقماق مازار، چاقارغا مازار، ئولانبۇلاق مازار قاتارلىق مازارلار قانداقتۇر تارىختىكى دىن تارقىتىش، غازات ئۇرۇشلىرىغا ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سوپىزىمدا ئالاھىدە ئورنى، تەسىرى بار شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاد ۋە شاگىرتلىرى ياتقان جاي بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى مازارلارغا سوپى-ئىشانلار، بۈۋىلەر ھېيتنىڭ ھارپا ئاخشىمى كېلىپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپ، زىكرى سېلىپ، دۇئا تىلاۋەت قىلىپ كېتىدۇ.

قومۇلدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش — خەلقنىڭ ئىپتىدائىي ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن نىيازلىق قوجاملارغا تېۋىنىش ئادىتىدۇر. قومۇلدا پەنجە نىياز يەنى بەش نىياز نامىدا بىر نەچچە جايدا نىيازلىق خوجا مازىرى بار. بۇلارنىڭ بىرى شەھەرئىچى يېزىسىدىكى خوجا نىياز مەسچىت مازىرى. ئەسلى ئىسمى خوجا نىياز ئەزەم ئاتا، تېگى قومۇللۇق. يەنە بىرى راھەتباغ يېزا يوڭگۇمىيات مەھەللىسىنىڭ ئۈستىدىكى خوجا مۇھەممەت نىياز قومۇلى مازىرى. خوتۇنتام يېزىسى ئېلىمنىڭ تېمى دېگەن جايدىكى سۇبۇرنىياز خوجا مازىرى. يەنە ئىككى نىيازلىق قوجامنىڭ ئورنى شەھەرئىچى يېزا ئورداباغدىكى پەنجە باغنىڭ ئىچىدىكى قومۇشلۇق تۈۋىدە، ئەسلى ئىسمى مەلۇم ئەمەس.

قومۇلدا تەبىقە، مەزھەپ، گۇرۇھ ئايرىماي ھەممىلا ھاجەتمەن بارىدىغان مازار نىيازلىق قوجام مازارلىرىدۇر. ئومۇمەن بالىسى تۇرمىغان كىشىلەر، بولۇپمۇ يالغۇز ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغ يۇرتىپ نىيازلىق قوجاملارغا بېرىپ شەيخلەرگە دۇئا-تەكبىر ئوقۇتۇپ، بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى نىيازغا ئۆزگەرتىدۇ. ھەمدە بالىنىڭ بېشىغا كىچىككىنە نىيازلىق چاچ قويۇپ بىر تال ئۆرۈپ قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلىنىش، ئەگىرىنىڭ نەزىرى چۈشۈپ ئۇ دۇنياغا بالدۇر ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالىلارغا كىشىلەرنىڭ ئاسان نەزىرى چۈشمەيدىغان سۇبۇرگە نىياز، يوسۇق نىياز،

كۆسۈنىياز، تۆمۈرنىياز دېگەندەك قوپال ئىسىملارنى قويۇپ قويىدۇ. بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىلار يەنە قائىدە بويىچە بالىنى شۇ نىيازلىق غوجامغا ئاپىرىپ چېچىنى چۈشۈرگۈزىدۇ.

قومۇلدا يەنە ئىككى تۈرۈندا مەخسۇس ئاياللارلا بېرىپ تېۋىنىدىغان، ھاجەتلىرىنى تىلەپ زىكرى سالىدىغان ئايال كىشىلەرنىڭ مازىرى بار. بۇنىڭ بىرى قومۇل شەھىرى ئەزىزىمدىكى ئەزىزىم ئاغچا مازىرى، يەنە بىرى چارباغدىكى قۇرغۇي ئاغچام مازىرىدۇر. ئەزىزىم ئاغچا مازىرىدا ياتقانلار ئىككى ئايال كىشى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى بۈۋى رابىيە، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بۈۋى ئەدۋىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مازار ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىغا قومۇل ۋاڭلىقىدىن ئىككى مەڭگۈ تاش ئورنىتىلغان بولۇپ، ئورنىتىلغان ۋاقتى شاھمەخسۇت ۋاڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ھەر ئىككى تاشقا ناھايىتى چىرايلىق تەكشى قىلىپ 20 نەچچە قۇردىن ئۇيغۇرچە خەت ئويۇلغان. خەتنىڭ مەزمۇنى تېخىچە تەتقىق قىلىنىپ جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىنمىغاچقا، بۇ ئىككى ئايال كىشىنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش تەس. ھەر قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا ئاخشىمى بالا يۈزى كۆرمىگەن ئاياللار ۋە باشقا تۈرلۈك ھاجەتلىرىنى تىلەيدىغان ئاياللار بۇ مازارغا كېلىپ زىكرى - تىلاۋەت قىلىپ كېتىدۇ.

قۇرغۇي ئاغچام مازىرىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئاياللارمۇ ھەمدە بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرمۇ خېلى بار. لېكىن مازار ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاشقا ياردىمى تېگىدىغان قولىيازما ھەم باشقا مەنبەلەر ئاز. شۇ سەۋەبلىك بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتمۇ بىر ئىزدا تۇرۇپ قالدى.

بۇ مازارلارغا تېۋىنغۇچى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قومۇلدىن سىرت گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن كەلگۈچى خۇيزۇلارمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەيس غوجا مازىرىنىڭ خۇيزۇلار ئارىسىدىكى تەسىرى بەك كۈچلۈك، شۇڭا تاۋاپچىلار ئارىسىدىمۇ ئۆلكە ئاتلاپ كېلىپ تېۋىنغۇچى خۇيزۇلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

قىسقىسى، قومۇلدىكى مازارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئورۇنلاشقان جۇغراپىيىلىك نامى بويىچە ئاتىلىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچىسىنىڭ ئەسلى نامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي نامى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. مازارلاردا ياتقان كىشىلەر مەيلى قانداق سالاھىيەتتىكى كىشىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ھەقتىكى تەتقىقات قومۇلنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىرلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەردىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئىسلامغا يات تۈرلۈك ئەنئەنىلىرىنى بىللە ئېلىپ كىرگەچكە قومۇللۇقلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ئومۇمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك ئەقىدە - ئېتىقادلىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئوخشاش كىشى ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

غوجائەخمەت يۈنۇس

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

2000 - يىلى 11 - ئايدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»گە بېسىلغان، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بوكس مۇسابىقە ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان بىر ماقالىدە «كىچىك ئەكرەم» دېگەن كىشى ئىسمى (بوكس ماھىرى) نى چېلىقتۇرغانىدىم. 2001 - يىلى قۇربان ھېيت ھارپىسىدا «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىگە بېغىشلانغان مەخسۇس بېتىدىن يەنە «كىچىك پەرھات» دېگەن كىشى ئىسمى (كۆلدۈرگە ماھىرى) نى كۆرۈپ قالدىم. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل ئادىتى بويىچە ناتوغرا ھالدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئىپادىلەيدىغان «چوڭ ئەخمەت»، «كىچىك ئەخمەت»، «چوڭ روزىخان»، «كىچىك روزىخان» دېگەنگە ئوخشاش تىل ئادىتىمىزگە خىلاپ سۆزلەرنىڭ مەتبۇئاتتىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغانلىقى كىشىنى ئويغا سالماي قويمايدۇ.

خەنزۇلاردا فامىلە ئادەتتە بىر خەتتىن (بىر بوغۇملۇق سۆزدىن)، ئارىلاپ ئىككى خەتتىن (ئىككى بوغۇملۇق سۆزدىن) تەركىب تاپىدۇ، ئىسىم بولسا، بىر خەت ياكى ئىككى خەتتىن تەركىب تاپىدۇ، كىشىلەر ئارا ئالاقىدە، ئىككىنچى تەرەپنىڭ يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، ھۆرمەت مەنىسىدىكى «老» (پېشقەدەم، چوڭ، ياشانغان، قېرى) ياكى «小» (ياش، كىچىك) دېگەن سۆزلەر فامىلىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئېيتىلىدۇ، خىزمەت ۋەزىپىسى ياكى ھەربىي، ئىلمىي، كەسپىي ئۇنۋانلارنىڭ ئالدىغا فامىلە قوشۇپ ئاتاشمۇ خېلى ئومۇملاشقان. دېمەك، خەنزۇلاردا مەيلى كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئاتاشتا بولسۇن، مەيلى فامىلىنىڭ ئالدىغا ھۆرمەت مەنىسىدىكى سۆزلەرنى قوشۇپ ئېيتىشتا بولسۇن ياكى خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە ھەربىي، ئىلمىي، كەسپىي ئۇنۋانلارنىڭ ئالدىغا فامىلىنى قوشۇپ ئاتاشتا بولسۇن، سۆزنىڭ ئىخچام بولۇشىغا دىققەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر خەتلىك ياكى ئىككى خەتلىك فامىلە مۇستەقىل مەنە بىرىدىغان بولغاچقا، مۇنداق ئۈچ خىل ئاتاش كىشىلەرگە غەيرىي بىلىنمەيدۇ. رېئال تۇرمۇشىمىزدا خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئاتاش ئادىتى بويىچە قىسقارتىپ ياكى ئۆزگەرتىپ ئاتايدىغانلىقى ھەمىشە قۇلاققا كىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار «ئايگۈل»، «ئايشەمگۈل»، «پاتىگۈل»، «نۇرگۈل» دېگەندەك ئۇيغۇر كىشى

كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى

ئىسىملىرىنى قىسقارتىپ «گۈلى» دەپ ئاتايدۇ. بىر ئىدارە ياكى ئورۇندا «گۈل» بىلەن ئاخىرلاشقان كىشى ئىسمىدىن بىرنەچچىسى بولسا، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «ئېگىز گۈلى»، «پاكار گۈلى»، «سېمىز گۈلى»، «ئورۇق گۈلى» دەپ ئاتايدۇ. كىشى ئىسمىنى قىسقارتىپ ئاتاش ئەمەلىيەتتە شۇ ئادەمگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ. قىسقارتىلغان كىشى ئىسمى ئالدىغا سۈپەت قوشۇپ ئاتاش ئىشلىتىشكە تېخىمۇ يات قىلىق.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىر كىشى مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا «تۇرسۇنتاي» ئىسىملىك مەسئۇل ۋراچنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. دوختۇرخانىدىكى مەسئۇل تىببىي خادىملاردىن مەسئۇل ۋراچ تۇرسۇنتاينى سورۇشتۇرسا، ئۇلار مۇنداق مەسئۇل ۋراچنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاخىر ئۇ كىشىگە بىر ئۇيغۇر سېستىرا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىغانىكەن، بۇ سېستىرا ئۇ كىشىگە بۇ دوختۇرخانىدىكىلەر تۇرسۇنتاي دوختۇرنى «تاي» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، بۇ دوختۇرنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە باشقىلارنىڭ «تۇرسۇنتاي» دېگەن بىر پۈتۈن كىشى ئىسمىنى قىسقارتىپ ئاتىشى بىر گەپ، بۇ ئىسىم ئىگىسىنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم تاي ئەمەس» دېمەي، مۇشۇنداق ئاتاشقا كۆنۈپ قالغانلىقى يەنە بىر گەپ.

تېخىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش: ئۈرۈمچىدىكى بىر ئىدارىدە «مۇھەممەتئېلى»، «مۇھەممەتئىمىن» ئىسىملىك ئىككى ئۇيغۇر كادىر بار ئىكەن. ھەر ئىككىلىسى باشقارما باشلىقى بولغاچقا، بۇ ئىدارىدىكى خەنزۇ كادىرلار ئۇلارنى «مەي چۇجاڭ» (باشقارما باشلىقى مۇھەممەت) دەپ ئاتاشقا ئىلاجىسىز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاق يۈزلۈك مۇھەممەتئېلىنى «بەي مەي» (ئاق مۇھەممەت)، قاراقۇمچاق يۈزلۈك مۇھەممەتئىمىننى «خېي مەي» (قارا مۇھەممەت) دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ. بۇ ئىدارىدىكى ئۇيغۇر، قازاق كادىرلارمۇ ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتايدىكەن. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ھەرگىز ئۇ ئادەمنىڭ فامىلىسى ئەمەس، شۇڭا بىر پۈتۈن كىشى ئىسمىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى فامىلە ئورنىدا شۇ ئادەمنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ياكى ھەربىي، ئىلمىي، كەسپىي ئۇنۋانى بىلەن قوشۇپ ئاتاش توغرا ئەمەس. ھازىر «ئا جۇرېن»، «سا تىڭجاڭ»، «يا جۇجاڭ»، «يا شىجاڭ» دېگەندەك ئاتاشلار ھەرۋاقىت قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئالدى بىلەن مۇشۇ ۋەزىپىدىكى خادىملار يىغىندا ياكى خىزمەت داۋامىدا بىر - بىرىنى مۇشۇنداق غەيرىي ئاتاق بىلەن ئاتىماسلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا مۇنداق ئاتاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

ئۇيغۇرلاردىكى كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئائىلە، يەسلى، باللار باغچىسى، مەكتەپ، خىزمەت ئورنى، يېزا - قىشلاق قاتارلىق سورۇنلاردا كىشىلەر بىر - بىرىنى كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما روبىھەت، گۇۋاھنامە، ھۆججەت - ماتېرىياللار، گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردا ۋە رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىسمىغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ يېزىش ۋە ئاتاش خېلىدىن بېرى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. مۇنداق يېزىش ۋە ئاتاش بىر تەرەپتىن، شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئىززەت - ھۆرمەت مەنىسىنى

بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوخشاش كىشى ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى ئوخشاش كىشى ئىسىملىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم بولغان ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەن تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيانقى كۆزىتىش ۋە ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## ئىسمى ئوخشاش بولغان كىشى ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش

مۇنداق كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى مۇنداق تۆت خىل ئۇسۇل ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ:

1. ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ھاكىم جاپپار، ھاكىم تۇرسۇن (مائارىپچىلار)؛ ئۇيغۇر سايرانى، ئۇيغۇر مۇنۇپ (ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر)؛ ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇسالام توختى (تىلشۇناس، مائارىپشۇناسلار)؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇشۈكۈر تۇردى (تەتقىقاتچىلار)؛ ھۈسەنجان جامى، ھۈسەنجان ھەسەن (چالغۇچىلار)؛ مۆمىن سەپىرى، مۆمىن مۇھەممىدى (شائىر، يازغۇچىلار)؛ يارمۇھەممەد يۈسۈپ، يارمۇھەممەد ئەبەيدۇللا (دۆلەت ئەمەلدارلىرى)؛ ئەبەيدۇللا تۇردى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم (كومپوزىتورلار)؛ ئايتىللا قاسىم، ئايتىللا ئەلا، ئايتىللا جامال (ئۇسسۇلچى، ناخشىچىلار)؛ ئەكرەم ئىسھاق، ئەكرەم بارات (بوكس ماھىرلىرى)؛ پەرھات ماخمۇت، پەرھات تۇراخۇن، پەرھات غوجائەخمەت (كۈلدۈرگە ماھىرلىرى).

2. كەسپىي ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: دارۋاز ئادىل، ئارتىس ئادىل.

3. ھەربىي ئۇنۋانى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: گېنېرال مايور ئىسمىنوف، كاپىتان ئىسمىنوف؛ پولكوۋنىك ئابدۇرېشىت، مايور ئابدۇرېشىت.

## فامىلىسى ئوخشاش بولغان كىشى ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش

مۇنداق كىشى ئىسىملىرىنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن فامىلىسىنى قوشۇپ ئاتاش ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: مامۇتوف قۇربان، مامۇتوف تۇرسۇن؛ ئابدۇرېھىم ھەسەنوف، ئابدۇراخمان ھەسەنوف؛ مۇزەپپەر ئابدۇللايوف، ئابلىكىم ئابدۇللايوف؛ ناسىروف مىرزىگۈل، ناسىروف نۇرمۇھەممەت؛ ئابلىكىم ھاجىيوف، ئەخمەت ھاجىيوف؛ ئەنۋەر مۇسابايوف، تەلئەت مۇسابايوف، قاسىم مۇسابايوف، ئىمىنىياز مۇسابايوف.

## ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولغان كىشى ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش

مۇنداق كىشى ئىسىملىرىنى تۆۋەندىكى ئالتە خىل ئۇسۇل ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ:

1. كەسپىي ياكى ۋەزىپىسى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن مۇئاۋىن رەئىس توختى سابىر، ئاۋاز ئارتىسى توختى سابىر؛ دراماتورگ تۇرسۇنجان لېتىپ، ئوقۇتقۇچى تۇرسۇنجان لېتىپ؛ نازىر ماخمۇت مۇھەممەت، شائىر ماخمۇت مۇھەممەت؛

ـمىزبېبىر مۇھەممەت قۇربان، تەرجىمان مۇھەممەت قۇربان؛ ئاگرونوم غەيرەت ئوسمان، ئاۋاز ئارتىسى غەيرەت ئوسمان؛ كومپوزىتور ئابلەت ئابدۇللا، مۇھەررىر ئابلەت ئابدۇللا.

2. خىزمەت ئورنى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى ماھىنۇر قاسىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ماھىنۇر قاسىم؛ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئابلىمىت سادىق، شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىدىكى ئابلىمىت سادىق؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى مۇھەممەت ئىسمائىل، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى مۇھەممەت ئىسمائىل؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئىسمائىل ئىبراھىم، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىكى ئىسمائىل ئىبراھىم؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ئابدۇۋەلى ئەلى، شىنجاڭ ئىقتىسات ئىنستىتۇتىدىكى ئابدۇۋەلى ئەلى؛ «مىللەتلەر» سۈرەتلىك ژۇرنىلىدىكى ئەركىن قادىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىدىكى ئەركىن قادىر؛ «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى زۇلفىيە ئابدۇرېھىم، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئورنىدىكى زۇلفىيە ئابدۇرېھىم.

3. يۇرتى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: توختى باقى ئارتىشى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن، يەنە بىر توختى باقى ئاپتونوم رايونلۇق بىمەكلىكلەر

شىركىتىدە)؛ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى («قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدىن، يەنە بىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)؛ تۇرسۇن قۇربان كەلپىنى (كەلپىن ناھىيىسىدىن، يەنە بىر تۇرسۇن قۇربان شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىدا).

4. تەخەللۇسى ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: نىياز كېرىم شەرقىي (ئاتاقلىق خەتتات، يەنە بىر نىياز كېرىمى شىنجاڭ ئىقتىسات ئىنستىتۇتىدا)؛ پەرھات ئابىت جوغلان (كومپوزىتور، يەنە بىر پەرھات ئابىت شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا)؛ ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى (ئوقۇتقۇچى، يەنە بىر ئابلەت ئابدۇرېشىت مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە)؛ مۇھەممەت روزى يارقىن (سېنارىست ۋە رېژىسسور، يەنە بىر مۇھەممەت روزى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە).

5. بۇۋىسى ياكى ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تۇردى قادىر نازىرى (نازىر — تۇردى قادىرنىڭ 6 ـ ئاتىسى)، ئەخمەت ئىمىنھاجى جوبەيرى (جوبەيرى — ئەخمەت ئىمىنھاجىنىڭ 5 ـ ئاتىسى)، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، مۇختەر مامۇت مۇھەممىدى.

6. فامىلە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان لەقەم ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتىدىن)، ئەلىياس روزى گۆيباڭ (توقسۇن ناھىيىسىدىن).

# شويىڭپەندىكى چاغلار

شويىڭپەن رايونى بورتالا شەھىرىنىڭ غەربىي - شىمال قىسمىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى چىندىبل يېزىسى بىلەن، غەرب تەرىپى يېزا ئىگىلىك 5 - شىنىڭ 87 - تۇمەن - مەيدانى بىلەن، جەنۇبىي ئارالتوغاي چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن، شىمالى كۆكلەم ۋە كۈزلەكلەر بىلەن تۇتىشىدۇ.

1954 - يىلى شاكىر سايىم، ياسىن يۇرۇت قاتارلىق يېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1913- يىلى بورتالاغا ئازكەم 200 قاسقان شەيكىلىك ئەسكەر كەلگەنىكەن. ئۇلار بازار ئىچى، سارىبوغ، قارابوغ، ئارشاڭلاردا تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ ياڭ تۇڭ ئىسىملىك قوماندانى بازار ئىچىنى 大营盘 (چوڭ گازارما)، سارىبوغنى 小营盘 (كىچىك گازارما)، قارابوغنى 中营盘 (ئارا گازارما)، ئارشاڭنى 后营盘 (ئارقا گازارما) دەپ ئاتىغانىكەن.

1931 - يىلى قارا مەمتىل، غوپۇر قىسىق دېگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئامبالدىن يەر سېتىۋالغانىكەن. قارا مەمتىل دادامغا، بىزنىڭ جاڭزىغا چىقىپ تېرىقچىلىق قىلىشلىرىمىزغا قارشىپ بەرسەڭ، دېدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆيىمىزنى ئىككى ئات قوشۇلغان كۆتەك هارۋا بىلەن جاڭزىغا كۆچۈرۈپ چىقتى.

ئۇ چاغدا يىڭپەننىڭ ئورنى هازىرقى قاراتۇرۇق چېگرا ساقچىخانىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بۇ يەردە ئەسكەرلەر قورغان جۇۋازخانا، دەڭ (ئورنى هازىرقى سودا كوپېراتىپى ئورنىدا) دىن باشقا، 15 ئۆيلۈك ئاق ئورۇس بار ئىدى. بۇ يەر لامجىن، بولغۇن، ئۇنىڭ دېگەن ئۈچ ئامبالنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئىككى جاڭزىنىڭ ئەتراپىدىكى چىغلىق - چەڭگەللىكتە ئوتلاپ يۈرگەن تۆگە، ئات - كالا، قوي - ئۆچكىلەر كۆرۈنمەي قالاتتى. هەر يىلى ئېرىم، يىغىم مەزگىلىدە، بازاردىن چىقىدىغان ئايلىق، پەسىللىك ئىشلەمچىلەرنى هېسابقا ئالمىغاندا، جاڭزىدا بىر يېرىم ئۆيلۈك بەش جان ئادەم تۇراتتۇق. يىڭپەندىكى ئەسكەرلەر ۋە 15 ئۆيلۈك ئاق ئورۇسنىڭ ئىش پائالىيىتى مۇنداق ئىدى:

ئەسكەرلەر هەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەيداندا مەشىق قىلاتتى (مەيدان ئورنى هازىرقى بازارلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ). ئاكام ئىككىمىز يىكار چاغلىرىمىزدا ئالايىتەن بېرىپ ئۇلارنىڭ مەشىقىنى كۆرەتتۇق. ئەسكەرلەر بەزىدە بىزگە قېتىق، سۇزمىلەرنى ئەكەلدۈرەتتى. چېلىپ باق، ئېتىپ باق دەپ كانايى، مىلتىقلىرىنى بېرەتتى. بىر قېرى ئەسكەر بار ئىدى، ئۇ دائىم ئاكام ئىككىمىزنى «بالاڭزا لەي - لەي» دەپ، قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتەتتى. مېنى ئەركىلەتكەندە باش - كۆزۈمنى سىلاپ سۆيۈپ قوياتتى. باشقا ئەسكەرلەرمۇ بىزگە قارىشىپ كېتەتتى. ئورۇسلارنىڭ باللىرىنى ئۇلار «لاۋماۋزىدى ۋاۋا» دەيتتى. كېيىن ئويلاپ باقسام ئۇلار باللىرى، ئىنى - سىڭىللىرىنى ئەسلەپ، بىزنى شۇلارغا ئوخشاتقانىكەن. ئەسكەرلەر كۈز، قىش كۈنلىرى توشقان، غاز، ئۆردەك، قىرغاۋۇل ئوۋلايتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئۈچ قېتىم دەريادىن ئاق قۇ ئېتىپ چىققانلىقىنى كۆرگەن.



بۇ يەردە تۇرغان ئەسكەرلەر بىرەر قېتىممۇ ئادەم ئۇرۇپ باقمىغان. ئالۋان - سەيسىگە ئادەم تۇتمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئەشۇ يىللاردا شويىسېگېندە ئۇلار ئۇرغىدەك، سەيسىگە سالغىدەك ئادەممۇ، ئىشمۇ يوق ئىدى. ئەسكەرلەر ئورۇسلارغا چېقىلمايتتى. يىڭپەن باشلىقىنىڭ ئۈچ ئامبال بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى.

15 ئۆيلۈك ئاق ئورۇسنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىگە كەلسەك، بىر ئائىلىلىك بالا ئوقۇتاتتى؛ پىلىوتكا ئىشلىنىڭ بىرسى تۈگمەن چۆرۈپ باشقىلارنىڭ ئۇنىنى تارتاتتى؛ قالغانلىرى سېير، غاز، ئۆردەك باقاتتى. ئاياللىرى كۆزدە جىغان ئۈزۈمى پىشقاندا ۋارىنا قاينىتاتتى. ئەرلىرى يازدا مال باقسا، كۆزدە تۆپچىن ئات قوشۇلغان بىرىشكا ھارۋىغا كۆچمۈگۈر ئىشلىرىنى سېلىپ شىن تارايىسىن تازالاردىن ياۋا توڭگۇز ئوۋلاپ كېلەتتى. 12 ـ، 1 ـ ئايلاردا قاراتۇرۇقتىن ئاتلارغا قارىغاي سۆرىتىپ ئەكىلىپ قازارمىدىكىلەرگە ساتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئىشتاش چانىسىغا ھەرە، پالتا، شىنا قاتارلىق نەرسىلىرىنى سېلىپ، بازارغا بېرىپ بايلارنىڭ ئوتۇنلىرىنى يېرىپ پۇل ئالاتتى. ئۆزلىرى سۈرلىگەن غاز ـ ئۆردەك، توخۇ گۆشلىرىنى قازاقىستاننىڭ ئاياگوز شەھىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلەتتى.

1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يىڭپەندىكى ئەسكەرلەر نەگىدۇر غايىب بولدى. يىڭپەننىڭ بايراق چىقىرىش خادىسىغا قارىساق ئالتە يۇلتۇزلۇق بايراق چىقىرىلىپتۇ. ئەسكەرلەرمۇ ئالتە يۇلتۇزلۇق كاكار قادالغان شەپكە كىيىپتۇ. بۇ ئەسكەرلەرمۇ ئوخشاشلا مەيداندا مەشىق قىلاتتى، ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئۆزگىچە، قوراللىرى خىل بولۇپ، ئەسكەرلەر ئارىسىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇللار بار ئىدى. كېيىن ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن ئۈچى بىزنىڭ ئۆيگە بىر قانچە قېتىم كېلىپ تاماق يەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دادام بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كوماندىرى جاڭزىنغا بۇغداي ئالغىلى كېلەتتى. ئۇلار ئەكتىنىڭ تورپاننىڭ ھولاڭ دېگەن يېرىدىن ئىكەنلىكىنى، بىرىنىڭ ئىسمىنىڭ خالىق كوماندىر بولۇپ، خاۋنىسەي دەپ چاقىرىلىدىغانلىقىنى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئابدۇرېھىم (ئاكايىڭ)، يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ھەمدۇل (ھوشۇرۇڭ) ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

بىر قېتىم ئۈچى ئۆيىمىزگە كەلگەندە، ھەمدۇل:

— ھېلىقى ئەسكەرلەر كۆلىغا(ئىچكىرىگە) كەتتى، بىزنى ساۋەتدىن يۆتكەپ كەلگەن، ھازىر شىنجاڭ شىڭنىڭ (ئۆلكىسىنىڭ) ھوقۇقى شىڭ دۈبەننىڭ قولىدا، بىر يىڭپەندە قانچىلىغان تۇرىمىز، بۇنى باشلىق بىلىدۇ، - دېگەنىدى.

1942 - يىلى جاڭزىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر خېلى كۆپ ئېچىلدى. شويىسېگېندە كىرسىن، چاي، رەخت، تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان ماگىزىن، ئېرە - ئۈجمە، بۇغا مۇڭگۇزى، قىرغاۋۇل، ئۆردەك گۆشى، ئات قېزىسى سېتىۋالىدىغان خام مال پونكىتى ئېچىلدى. لامجىن ئامبالنىڭ جاڭزىسىدىكى بىر موڭغۇل سۈت، ھاراق دۇكىنى ئاچتى. شۇنداقتىمۇ شويىسېگېننىڭ پايانسىز كەتكەن چىغلىق - چەڭگەللىكلىرىدە لامجىن، بولغۇن، ئوتكا ئامبال، فويۇز قىسىقلارنىڭ جاڭزىسىغا پەقەت ئاتلىق بارغىلى بولاتتى. 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلار كۈزلەك بولۇپ ئولتۇراتتى. چارۋىچىلار 10 - ئايدا بىر نۆۋەت قاشقىر ئاغدۇرۇش ئېلىپ باراتتى. شۇڭلاشقا مۇشۇ مەزگىللەردە لامجىن ئامبالنىڭ مالچىلىرى ئوقايلىق، چىغلىقلارنى ئاتلىق ئارىلاپ يۈرۈشەتتى. بەزىدە جاڭزىغا كېلىپ دادامغا:

— ئاغا ئىككى كۈن بولدى بىر ئات يوق، شۇ

ھەممە ياقنى ئارىلىدى، تاپالمىدى. بىر ئاي ئالدىدا ئىككى ئۆكۈز يوق بولۇپ تۇر، كىم ئالدى شۇ بىز بىلمەي تۇر، ئامبال قايتاپ تۇر، ـ دېيتتى.

1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەسكەرلەر يىڭپەن سىرتىغا تۆت يەرگە پوتەي ياسىدى. بۇ چاغدا ئەسكەرلەر 12 پۇلتۇزلۇق شەپكە كىيەتتى. ئۆيىمىزگە كېلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلىدا قوراللىق ئۇرۇش بوپتۇ، ھۆكۈمەتنى قورۇلۇپتۇ، ھازىر زامان مالىمان، شۇ ھۆكۈمەت قىبنى ئىسمىلىك بىرسىنى باش قىلىپ ئارشاڭغا ئەۋەتىپتۇ.

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈچ بىر ـ بۇ يەرلەردە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاكام ئىككىمىز يىڭپەننىڭ يېنىغا بارساق بۆرىسىگە مىلتىق ئاسقان، ھەر خىل كىيىم كىيگەن ئادەملەر يىڭپەن ئىچىنى تىنتىۋېتىپتۇ. ئاشخانا ئۆيدە 20 دەك توشقان، 15 تەك قىرغاۋۇل، ئاتنىڭ بىر سان گۆشى، بىر قاسقان موما تورۇپتۇ، قازاندا پىشۇرۇلغان گۆش توشلاپ قاپتۇ. شۇ چاغدا جوۋازخانا قورۇسىدىن توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. يىڭپەن ئىچىنى تىنتىۋاتقانلارنىڭ بىر قىسمى جوۋازخانىغا كىرىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كىردىم، ئۇ يەردە ئۈچ ئۆكۈز بوغۇزلانغان پېتى ياتاتتى، ئۆكۈزلەرنىڭ كەينى ساغرىلىرى تېرىسى بىلەن شىلىپ ئېلىنغانىدى، جوۋاز كۆرۈنمەيتتى.

ئەتىسى ئۇلار بورتالا بازىرىغا كېتىشتى.

1946 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئازكەم 40 ئەسكەر يىڭپەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرى ھەيۋەت، قوراللىرى خىل، مىنگەن ئاتلىرى بىردەك جىگەررەڭ ئاق قاشقىلىق ئىدى. ئۇلار يىڭپەنگە ئورۇنلىشىپلا مەشىق مەيدانىنى تۈزەشتۈردى، خەندەكلەرنى تۈزلىدى، پوتەيلەرنى بۇزۇۋەتتى، كېيىن يەر ئېچىپ قوناق، قوغۇن تېرىدى. ئۇلار ھەر كۈنى مەشىق مەيدانىدا قارىغا ئېتىش، قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلاتتى، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتەتتى. ئۇلار ھەر يىلى قۇربان ھېيت كېلىشتىن ئاۋۋال بۇ يەردىكىلەرنى ھېيت پەتىسىگە چاقىراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كوماندىرى بىزنى يوقلاپ كەلگەندە دادامدىن بەزى ئىشلارنى سورىدى. شۇ چاغدا دادام ئۇنىڭغا ئائىلىمىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى، ئەسكەرلەرنىڭ يەرلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، يەرلىكلەرنىڭ بۇ يەرنى ئەسلىدە سارىبۇغ دەپ ئاتىغانلىقىنى، ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان يىلدىن باشلاپ شويىڭپەن دەپ ئاتالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

1949 ـ يىل 11 ـ ئايدا بۇ يەردىكى ئەسكەرلەر بازارغا يۆتكەلدى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا قارامەتىل جاڭزىغا چىقىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىغا قارىغاندا پارتىيە كېلىدىكەن، ھازىر ئۇلار ئۈرۈمچىگە كېتىپتۇ، سىلەرمۇ بۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇردۇڭلار، سىلەرگە مەھەللىدىن ئۆي تېپىپ قويدۇم، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، ئۆيىمىزنى دۆلەت باغرى (ھازىرقى گۈللۈمتى 3 ـ كەنت) كە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇن نەچچە يىللىق ھاياتىم شويىڭپەندە ئۆتۈپ بىر قېتىممۇ بازارغا كىرمىگەچكە بازاردىكى كۆتەرمە، پىشايۋانلىق ئۆيلەر، دۇكانلار، سانجاق مەھەللىلەر، بولۇپمۇ مۇنار، مەسچىتلەر كۆزۈمگە ئاجايىپ كۆرۈندى. دادام ئاكام ئىككىمىزنى قاراتورك بولۇپ قالمىسۇن دەپ بېشىمىز چوڭ بولسىمۇ مەكتەپكە بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئائىلىمىز 1 ـ رايوننىڭ 2 ـ يېزىسىدا ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، كوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتى. 1958 ـ يىلى «ئۇچقۇن» گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا ئالغا كوپىراتسىيىدە، 1963ـ يىلى «غالىبىيەت» گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا «ئاڭنۇر» چوڭ ئەترىتىدە بولدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇراخمان ئەيسا

رەتلىگۈچى: قۇربان داۋۇت

تەھرىرلىگۈچى: خالىدە قادىر

# چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى زادى نەدە؟

«چىڭگىزخان — جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى يايلاق كۆچمەنلىرى مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى» يېقىندا بېيجىڭدىكى ئەسىرسىتاندا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە گەرچە «چىڭگىزخان» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن كۆرگەزمە قىلىنغان 300 يادىكارلىق ئىچىدە ئىككىسىلا چىڭگىزخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ بىرى، چىڭگىزخاننىڭ يارلىقنامىسى، يەنە بىرى، چىڭگىزخاننىڭ 3 - قىزىنىڭ مىس مۆھۈرى، خالاس.

ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇنداق ھالەتنى پەيدا قىلغان سەۋەب ناھايىتى جىق ئىكەن، بىراق ئەڭ مۇھىمى چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ ئورنىنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە نامەلۇم بولۇپ تۇرۇشى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە سىرلىق چىڭگىزخان قەبرىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان تېمىغا ئايلاندۇردى.

## قەبرە ئورنى توغرىسىدىكى 4 خىل پەرەز

ئىچكى موڭغۇل مۇزېيىنىڭ باشلىقى شاۋ چىڭلۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ ئېنىق ئورنى مەسىلىسى دۇنيادىكى ئارخېئولوگلارلا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالماستىن، جۇڭگو يۇقىرى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئىكەن. ھازىر تاڭ، سۇڭ، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىسى تېپىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېچىلدى، پەقەت يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىسىلا تېپىلمىدى. چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ تېپىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ كۆرگەزمىدە ھەقىقىي مەنادىكى «چىڭگىزخان مەدەنىيەت يادىكارلىقى» تولىمۇ كەم بولۇپ قالغان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ كونكرېت ئورنى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەردە مۇنداق تۆت خىل پەرەز تۇغۇلدى: بىرىنچى خىل پەرەزدىكىلەر چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى موڭغۇلىيىدىكى خېنتېيىن تېغىنىڭ جەنۇبىدا دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچى خىل پەرەزدىكىلەر ئوردوس يايلىقىدا دەپ قارايدۇ؛ ئۈچىنچى خىل پەرەزدىكىلەر چيەنلىشەن تېغىدا دېسە، تۆتىنچى خىل پەرەزدىكىلەر ئالتاي تېغىدا دەيدۇ. قەبرە ئورنىنىڭ تېپىلماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەرنىڭ مەخپىي دەپنە قىلىش تۈزۈمىنى قوللانغانلىقىدا، يەنى پادىشاھلار قەبرىسىگە بەلگە قويۇلمايدىغانلىقى، ئېلان قىلىنمايدىغانلىقى ۋە خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇلمايدىغانلىقىدا.

مۇزېي باشلىقى شاۋ چىڭلۇڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ



بارغاندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ خېنتىيىن تېغىدىكى مەلۇم ياتتۇلۇقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، لېكىن كونكرېت ئورنى توغرىسىدا تېخى ھۆكۈم قىلماق تەس، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: خېنتىيىن تېغىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، كەڭلىكى 200 — 300 كىلومېتىر كېلىدۇ، 1000 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇققا سوزۇلغان. ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە چىڭگىزخان ھايات چېغىدا بىر كۈنى خېنتىيىن تېغىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچ تۈۋىدە ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ، كېيىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىڭلار» دەيدۇ.

**مەخپىي دەپنە قىلىنغان، كۆرمىڭلىغان ئاتقا چەيلىتىلگەن**

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن ئەدىپلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ: «چىڭگىزخان شۇ يىللىرى نىڭشيادا كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى خېنتىيىن تېغىنىڭ تۈۋىدىكى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، چوڭقۇر دەپنە قىلىنغان. جەسىتى بىر پۈتەك تاۋۇتقا سېلىنغان. پۈتەك تاۋۇت دېگىنى چوڭ ياغاچنىڭ بىر بېشىنى كېسىپ، ئىچى ئويۇلۇپ تەييارلانغان تاۋۇت. پۈتەك تاۋۇت قويۇلغاندىن كېيىن توپا بىلەن تىندۇرۇلىدۇ ۋە ئۈستى ئاتقا چەيلىتىلىدۇ. باشقىلارنىڭ بۇ يەرنىڭ كولانغانلىقىنى سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تۈمەنلىگەن ئاتقا چەيلىتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چۆرىسىگە چېدىر تىكىپ قورشىلىدۇ. كېيىن شۇ يەرگە ئوت - چۆپ ئۈنۈپ ئەتراپىدىكى يەرلەر بىلەن پەرقى قالمىغاندىن كېيىنلا چېدىر ئېلىپ كېتىلىدۇ، بۇ ھالەتتىكى قەبرىنىڭ ئورنى ئاشكارىلانمايدۇ.

يېزىلمىلارغا قارىغاندا، بىر يۈرۈش دەپنە ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، موڭغۇللار دەپنە قىلىنغان جايدا بىر بوتىلاقنى بوغۇزلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا بۇ بوتىلاق بىلەن بىللە كەلگەن ئانا تۆگە بۇنى كۆرۈپ ئارابلىق بوزلايدۇ ۋە بۇ يەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ، 2 - يىلى نەزىر قىلغاندا ئانا تۆگىنى يېتىلەپ شۇ ئەتراپقا ئېلىپ كەلگەندە ئۇ يىراقتىن قايغۇلۇق بوزلىغىنىچە ھېچنېمىگە قارىماي ئۇچقاندەك چېپىپ بوتىلاق بوغۇزلانغان جايغا كېلىپ توختايدۇ، نەزىر قىلىدىغانلار شۇنداق قىلىپ دەپنە قىلىنغان ئورۇننى تاپالايدۇ.

يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تا بۈگۈنگىچە ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ قەبرىسى تېپىلمىدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە بىر پۈتەك تاۋۇت كۆرگەزمە قىلىندى، ئۇ جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى تۇنجى قېتىم ئاچقان يۈەن سۇلالىسى زامانىدىكى موڭغۇللارنىڭ تاۋۇت مەخپىيەتلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئارخېئولوگلارنىڭ قېزىشىدىن ھېچنېمە ھاسىل بولمىدى**

چىڭگىزخان قەبرىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خالقئارا ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى قىزىقتۇرىدىغان تېمىغا ئايلاندى. لېكىن چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىنى تېپىش ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچىنى مۆلچەرلەش تەس.

شاۋ چىڭلۇڭنىڭ ئاشكارىلىشىچە يېقىندىن 7 يىل ئىلگىرى ياپونىيىلىكلەر چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىنى تېپىش ئۈچۈن كاتتا ئارخېئولوگىيىلىك پىلاننى يولغا قويغان، نەتىجىدە 1 مىليارد 200 مىليون يېن خەجلەپ

خىنتېيىن تېغى ئۈچچۈرىسىدە 200 — 300 قەدەمنى قەبرىنى كولاپمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن. 2002 ـ، 2003 ـ يىللىرى ئامېرىكىلىقلارمۇ چىڭگىزخان قەبرىسى ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سىرتى تاش تام بىلەن قورشالغان يەر قەبرىنى تاپقان، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەر ھۇن قەبرىسى بولۇپ چىققان.

ھەرقايسى دۆلەت ئارخېئولوگلىرىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىنى ئىزدەش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكى بار. موڭغۇلىيىنىڭ ئۈستۈنلۈكى جۇغراپىيىۋى جايلىشىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك، يەنى خىنتېيىن تېغى ئۆزىنىڭ تەۋەسىدە. جۇڭگونىڭ ئۈستۈنلۈكى تارىخىي ماتېرىيال جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بولۇپ، مەيلى موڭغۇلچە ماتېرىيال بولسۇن ۋە ياكى خەنزۇچە ماتېرىيال بولسۇن، ئۇلار ناھايىتى تەپسىلىي ھەم تولۇق. ياپونىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكى مەبلەغنىڭ كەڭ ـ كۆشادە بولۇشىدا. شاۋ چىڭلۇڭ يەنە بۇ يىل 7 ـ ئايدا دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى موڭغۇلىيىگە بارغاندا، چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئىككى تەرەپنىڭ مۇھاكىمە تېمىلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقىدىن ئۇچۇر بەردى.

**ئىمپېرىيە بوۋىسىنىڭ قەبرىسىدە نېمىلەر باردۇ؟**

تارىختىكى ھەممىدىن چوڭ ئىمپېرىيە — يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ بوۋىسى ھېسابلىنىدىغان چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىگە زادى نېمىلەر كۆمۈلگەندۇ؟

ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردا بېرىلىشىچە، دەيدۇ شاۋ چىڭلۇڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ: — چىڭگىزخاننىڭ ھاياتى ھەربىي يۈرۈش ئىچىدە بىكار ئەلەتلىكتە ئۆتكەن ھايات، 500 دىن ئارتۇق خوتۇنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى ھەشەمەت ئىچىدە ئۆتكەن دېگىلى بولمايدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئۆلگەندىن كېيىن بىللە كۆمۈلىدىغىنى ھايات چېغىدا دائىم ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرىدىن ئىبارەت، خان ـ پادىشاھلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن قوشۇپ بىللە كۆمۈلگىنى ھايات ۋاقتىدا جەڭلەردە مىنگەن ئېتىنىڭ ئېگىرى، ئالتۇن جام ۋە نازىنىنلاردىن ئىبارەت. لېكىن كونكرېت سانى نامەلۇم. چىڭگىزخان ھايات چېغىدا سان ـ ساناقسىز لەشكەر ئىشلەتكەن، يۈەن ئىمپېرىيىسى قىلغان جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك غەلىبە قازانغان، شۇڭا ئۇنىڭ قەبرىسىدە ئۇ ئىشلەتكەن شەمشەر ـ قىلىچ، ئوقيا، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا قاتارلىق ھەربىي قورال ـ ياراغلار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

شاۋ چىڭلۇڭ مۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ: چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى كەم دېگەندىمۇ 10 نەچچە چاڭ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقتا كەم دېگەندىمۇ 100 نەچچە ئادەم ياتىدىغان كىگىز ئۆي ياسىغىلى بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بولۇشى مۇمكىن، چىڭگىزخانغا ئىشلىتىلگەن يۇتەك تاۋۇتقا كەلسەك، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال مىڭ سۇلالىسى زامانىدىكى ياكى چىڭ سۇلالىسى زامانىدىكى خان ـ پادىشاھلارغا ئىشلىتىلگەندەك ئالتۇن زەنجىر بولماسلىقى، بەلكى چوڭ مىڭگان قاتارلىق جايلاردا بولىدىغان قارىغاي قاتارلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق دەل ـ دەرەخ ياغىچى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ماتېرىيال «جۇڭگونىڭ شەھەر گېزىتى»دىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

# مۇنارنى ئەپچىللىك بىلەن يۆتكەش

خۇ جېڭخۇا

1937 - يىلى شىڭ شىـەي ئۈرۈمچىدىكى جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن) نىڭ سىرتىدىكى يولنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، يولغا توغرا كېلىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىنى چاقماقچى بولدى. نەتىجىدە خانىقاگىرى مەسچىتىنىڭ مۇنارىنى 6.7 مېتىر ئارقىغا سۈرۈشكە توغرا كەلدى.

بۇ ئەزان توۋلايدىغان مۇنار بولۇپ، خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۈچ قەۋەتلىك ئىدى. ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ ئالدى تەرىپى ياي شەكىللىك كارىدور، ئوتتۇرا قەۋىتى پۈتەي، ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ تۆت تەرىپىدە بىردىن ئىشىك بار ئىدى. مۇنارنىڭ ياغاچتىن ياسالغان گۈمبىزىدە ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن قۇببا بولۇپ، تىپىك ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ مەسچىتنى داڭلىق قۇرۇلۇش ئۇستىسى ئۆمەرھاجى نىياز ئۇستام سالغان. مۇنارنىڭ ئاستىنقى قىسمى 25 كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 30 توننا كېلەتتى.

مۇنارنىڭ چېقىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلدى، چېقىۋېتىش تاھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى، يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ ھەقتە كىشىلەر ھەدەپ بەس - مۇنازىرە قىلىشتى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئاخىرىدا يەنىلا بۇ قۇرۇلۇشنى سالغان ئۆمەرھاجى نىياز ئۇستام ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇنارنى يۆتكىمەكچى بولدى. ئۇ ئاۋۋال شال ۋە ئارغامچىلار بىلەن مۇنارنىڭ ئاستىنى مەھكەم باغلىدى، ئاندىن يۆتكەش جەريانىدا بوشاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇنارنىڭ ئىچى تەرىپىگە ياغاچتىن تىرەك قويۇپ، ئىچى بىلەن سىرتىغا چۈشىدىغان بېسىم كۈچىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. كېيىنكى قەدەمدە مۇنارنىڭ تېگىنى كولاپ بوشىغان يەرگە چاسىلانغان قارىياغاچ كۆتەكنى قويۇپ ماڭدى. ئاندىن سەل يانتۇ قىلىپ ئېرىقچە كولاپ، ئىككى يېنىغا رېلىس شەكلىدە ياغاچ ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇمىلاق كۆتەكلەرنى توغرىسىغا قىلىپ قويدى. ئالدىغا سۈرىدىغان چاغدا ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئارغامچا بىلەن مۇنارنىڭ گەۋدىسىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ، مۇنارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىدى. ئاندىن ئىتتىرىدىغانلار بىلەن تارتىدىغانلار تەڭ ماسلىشىپ، مۇنارنى ياغاچ رېلىس ئۈستىدىكى يۇمىلاق كۆتەك ئۈستىگە چىقاردى. يۇمىلاق كۆتەكلەرنى ئاستا - ئاستا دومىلىتىش ئارقىلىق ئۈچ سائەتتىن كېيىن، مۇنارنى بەلگىلىگەن يەرگە ساق يۆتكەپ كەلدى.

مۇنارنى يۆتكىگەن كۈنى ئەتراپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. مۇنار غەلىبىلىك يۆتكەلگەندىن كېيىن، خەلق شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ، ناغرا - سۇناي چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى.

پولات ھېمىت تەرجىمىسى

# يۇسۇپجان پاراكەندىچىلىكى ۋە گۈلشىرخان بىگۈم

قەيسەر دۆلەتبېك

(تاشقورغان ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

يۇسۇپجان پاراكەندىچىلىكى تاشقورغان رايونىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 — 30 - يىللىرىدا شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق مىللەتچىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، شىنجاڭ خەلقى، جۈملىدىن تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولغانىدى. ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقى تۈرلۈك يوللار بىلەن زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، لېكىن بۇ قوزغىلاڭلاردىن بەزىلىرى يەنە ئەكسىيەتچى بۆلگۈنچى كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا سابىت داموللا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا يىتىراپ يۈرگەن باسمىچىلاردىن يۇسۇپجان، يۇنۇسجان ئاكا - ئۇكا ئۇلارغا قوشۇلۇۋالغانىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىتچىت قىلىنغاندا، ئۇلار قېچىپ تاشقورغانغا بېرىپ، ھەدەپ بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلىپ، خەلققە ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى. تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى شۇ ۋاقىتتىكى تاشقورغان ھاكىمى شەرىپ ۋە ئىنىسى تولىبەتشاھ (شۇ ۋاقىتتا چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى) نىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن يۇسۇپجان پاراكەندىچىلىكىنى تارمار قىلىپ، تاشقورغان خەلقىنى بالا - قازادىن ساقلىدى. گۈلشىرخان بۇ ۋاقىتتا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇسۇپجان پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھېلىمۇ خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرمەكتە.

گۈلشىرخان بىگۈم تاشقورغاننىڭ دەپتەر يېزىسىدا تۇغۇلغان، بوۋىسى ئەلقىبەگ ۋە دادىسى بىگۈمنىڭ قولىدا دىنىي بىلىم ئالغان. ئۇنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسى دەپتەر دىيارىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە خەلقپەرۋەر كىشىلەر بولۇپ، يۇرتىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ياشقۇرغاندىن ئاشقىرى، يەنە قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. گۈلشىرخان كىچىكىدىن ئارتۇقلا ئەقىللىق، زېرەك، سۆزمەن بولۇپ، دادىسىدىن دىنىي ئىلىمنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن.

1912 - يىلى ئۇ سارىقول ناھىيىسىنىڭ ئەمۇرىي ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭنىڭ سارىقول ناھىيىسىدىكى ئىچكى ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ چېگرىدىن كىرىپ چىققانلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە كىرگۈزۈلگەن ماللارنى تەكشۈرگەن.

يۇسۇپجان تاشقورغان تەرەپكە قېچىپ، بىرمۇنچە



ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ئاغارمىسىنىڭ دەرشات ئىغىزىدىن كىرىپ، ئۆيمۇئۆي بۇلاڭچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ مال - چارۋىلىرىنى تارتىۋېلىپ، بىگۇناھ پۇقرالارغا زۇلۇم سالدى، چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، يول بويى چوشمان، شىرناپ، ۋەرشىدى، دەقتەر قاتارلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ ئالدى، ھەتتا پەسىراۋاتتىن كىرىپ قوغۇشلۇقنىمۇ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.

شەرىپ، ئۇلپەتشاھ، گۈلشىرخان قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. گۈلشىرخان بىرمۇنچە ئەسكەرنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئوق - دورا ۋە مىلتىق ئېلىپ كەلدى. گۈلشىرخاننىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان يولۋېجان ئۇنىڭ دەقتەردىكى ئۆينى بۇلاپ - تالاپ ئوت قويدى ھەمدە سايدىقول جىلغىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بارلىق مال - مۈلكىنى تېپىۋېلىپ مۇسادىرە قىلدى. گۈلشىرخان ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ دەقتەر يېزىسىنىڭ داڭباش، سەرەرىق يايلىقىدىكى كىگىز ئۆيلىرىنىمۇ بىرىم كېچىدە قورشاپ ئوققا تۇتتى. شۇ چاغدا گۈلشىرخانمۇ شۇ كىگىز ئۆيلەرنىڭ بىرىدە بار بولۇپ، مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئايالى ئەلىيە بىلەن كىگىز ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كىرەگۈنى كېسىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن گۈلشىرخاننىڭ ئىنىسى كىرىمخانغا ئوق تېگىپ قازا قىلدى. باسمىچىلار گۈلشىرخاننىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، كىگىز ئۆيلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. باسمىچىلار يەپىك جىلغىسىغا كەلگەندە، ئازكەم 100 يەرلىك تاجىك ئەسكەرنىڭ پىستىرمىسىغا دۈچ كېلىپ، بەرداشلىق بېرەلمەي قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئافغانىستانغا چىقىپ كېتەلمەي كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولدى. بىر تۇغقان قېرىندىشى ۋە بارلىق مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان گۈلشىرخان يولۋېجاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئاساسىي جەھەتتىن تارمار قىلدى. چەتنىڭ باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى.

1937 - يىلى شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ شەكىللەندى ھەمدە بىر تۈركۈم جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلىپ، كومپارتىيىنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى، گۈلشىرخان بىر تەرەپتىن سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كومپارتىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خىزمەت ئۇسۇلىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

1943 - يىلى شىڭ شىسەي ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاشتىن سەل ئىلگىرى، كوممۇنىستىك ئىدىيىدە بولغانلارنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كۆزدىن يوقىتىش كويىغا چۈشۈپ، باشقا يەرگە يۆتكەپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ناھىيە ھاكىمى شەرىپ ۋە ئىنىسى ئۇلپەتشاھلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ يوق قىلدى. گۈلشىرخان بىگۇننى ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قويدى. كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. بىر يېرىم يىلدىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. 1944 - يىلى 12 - ئايدا ئۇ مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئات، تۆگە بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆگىگە ئارتىپ، دەقتەرگە ئاپىرىپ دەپنە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئاتاپ مەقبەرە ياساتتى.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن

# تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى

يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلەر

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا، كۇتۇپخانا ۋە ناھىيىلىك ئارخىپخانىلار بىلەن مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاز - تولا ساقلانغانىدى. 1981 - يىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقى كۆرگەزمىسى قۇرۇلۇپ، ئىككى ئادەم قوشۇمچە مەسئۇل قىلىندى. 1984- يىلى 6 شتاتى بولغان، مەدەنىيەت يادىكارلىقنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، ئۇ بۆلۈم دەرىجىلىك بولدى. 1988 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن بىللە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى 6 ناھىيە، بىر شەھەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 150 نەچچە مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسى (قەدىمىي ئىز، قەدىمىي قەبرە، قىياتاش رەسىملىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) نى بايقىدى ھەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارخىپى تۇرغۇزدى، 1 - تۈركۈمدە 44 ئورۇننى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى. 1989 -، 1990 - يىللىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، چۆچەك شەھىرىنىڭ ساز يېزىسىدىكى خارابىلىك بىلەن قەدىمىي قەبرىلەرنى داۋاملىق قېزىپ، 100دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقنى تاپتى.

## I باب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

### §1 : قەدىمىي خارابىلەر

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ۋىلايىتىمىزدىكى 6 ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسىدىن قەدىمىي خارابە تېپىلدى، بۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىسىنىڭ يىل دەۋرى بۈگۈندىن تەخمىنەن 3500 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا يەنى تاش قوراللار بىلەن مىس قوراللار ئەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە.




تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تاش قو- راللار، قۇم قاچىلار، سۆڭەك قوراللار، مىس - برونزا قوراللار، تۆمۈر قوراللار، فارفور قاچىلار، ئۆرنەك بېرىلگەن تېپىر خىش، خەت يېزىلغان قەغەز

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. خارابىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىل چېكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

### تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 1990 - يىلدىكى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

| مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى | ياسالغان - شەكىللەنگەن ۋاقتى | ئورنى |
|---|---|---|
| سۈيجەك قورغىنى خارابىسى | 1766 | چۆچەك شەھىرى |
| تارباغاتاي قورغىنى | 1891 | |
| ھەسەن سېيت مەسچىتى (قىزىل مەسچىت) | 1876 | |
| سېيت كامال مەسچىتى | 1885 | |
| خانىقا مەسچىتى | 1910 | |
| ئايىنشوقى قىياتاش رەسىملىرى | | |
| سىنتاش قەبرىستانلىقى | | |
| قىرتقوشاق قەبرىستانلىقى | | دۆربىلجىن ناھىيىسى |
| شولاقئاردا قەبرىستانلىقى | | |
| بېرىك قاراسىنتاش قەبرىستانلىقى | | |
| گورشى سىنتاش قەبرىستانلىقى | | |
| بايمىرزا سىنتاش قەبرىستانلىقى | | |
| ئېمىل قەدىمىي خارابىسى | | |
| ماخات مازىرى | يۈەن سۇلالىسى | |
| كۆشباي مازىرى | چىڭ سۇلالىسى | |
| دۆربىلجىن سېپىلى خارابىسى | چىڭ سۇلالىسى | |
| قارائېمىل قىياتاش رەسىملىرى | چىڭ سۇلالىسى | |
| جولبۇلاق قىياتاش رەسىملىرى | | |
| موتىتىسالا سىنتاش قەبرىستانلىقى | | شىخۇ ناھىيىسى |
| ئوباتى قەدىمىي قەبرىستانلىقى | | |
| شىخۇ قورغىنى خارابىسى | چىڭ سۇلالىسى | |
| مانى ۋالا سارىيى خارابىسى | مىنگو دەۋرى | |
| كېچەك ئېرەكلىك جىلغىسى قىياتاش رەسىملىرى | | ساۋەن ناھىيىسى |
| لاۋجۇنمياۋ خارابىسى | | |

| | | |
|---|---|---|
| ئەتەكۇبا قەبرىستانلىقى | | تولى ناھىيىسى |
| قىزىلقىيا تاش دۆۋە، تاش قورغان قەبرىستانلىقى | | |
| سارىجاق تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى | | |
| ساز قەبرىستانلىقى | | |
| تۇيە قىشلاق قىياتاش رەسىملىرى (A، B، C گورۇپپا) | | |
| ئۆڭكەرتاس قىياتاش رەسىملىرى | | |
| كۆكباستاۋ قىياتاش رەسىملىرى | | |
| ئىسمايىل قىياتاش رەسىملىرى | | |
| مايىر تىغى سىنتىبىشى | | |
| بارداقۇل قىياتاش رەسىملىرى | | چاغانتوقاي ناھىيىسى |
| شورشۇت قىياتاش رەسىملىرى | | |
| ساي توسمىسى قەبرىستانلىقى | | |
| تىرەكتى تاش قەبرىستانلىقى | | |
| مىيەك يېزا مەسچىتى | | |
| بېشكىن گوبالى قىياتاش رەسىملىرى | | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى |
| شەرقىي ساي قىرغىقى قەبرىستانلىقى | | |
| ئاۋزىجىخ قەبرىستانلىقى | | |
| خالىنتارا تاش تاۋۇت قەبرىستانلىقى | | |
| سېمىز تايىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى 8 قەبرە | | |
| ئۇتىنگى قەدىمىي شەھىرى خارابىسى | مىڭ سۇلالىسى | |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن چۆچەك شەھىرىدىكىسى 1986 ـ يىلى، باشقا ناھىيىلەردىكىسى 1990 ـ يىلى ئېنىقلانغان.

## 1. ئۇلاستاي ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قەدىمىي خارابىلىك

بۇ خارابىلىك چۆچەك شەھەرلىك سەھىيە مەكتىپىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي چېتىگە جايلاشقان، كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپىدىن 4 تۈگمەن ئىشى، قۇم ئارىلاش خارقور پارچىلىرى، قىزغۇچ رەڭلىك قارقور پارچىلىرى، غەربىي تەرىپىدىن تاش توقماق، تاش كەكە، تاش ھەيكەل، تاش شارچە ۋە تورغۇن قارقور پارچىلىرى تېپىلدى. بۇ ئىككى جايدىن تېپىلغان قارقور پارچىلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ مىس دەۋرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## 2. ساز كەنتىدىكى قەدىمىي خارابىلىك

ئۇ چۆچەك شەھىرى ئەركۆك يېزىسىدا، شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىي بولۇڭىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان، كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇ خارابىنىڭ 40 ـ 50 سانتىمېتىر ئېگىزدىن تۈگمەن ئىشى، پالتا، قارقور قاچا قاتارلىقلاردىن 10نى قېزىۋېلىندى. بۇنىڭدىن سىرت بىر تاش دۆۋىسىدىن بىر ئىرىگە چۈيلەپ ئىككى قات قىلىپ ياسالغان شېغىل تاش تېپىلدى. بۇ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئوتتۇرا ئۆزلەكلىك ئۈۋى

قورۇلۇشلىرىنىڭ ئۈگزە گىرۋەكلىرىدىكى سىر ئېقىش قورۇلمىسىغا ئوخشاپراق قالىدۇ. مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتە ئۆلاستاي ئېقىنىنىڭ غەربىدىكى قەدىمىي خارابە بىلەن ئوخشاش.

### 3. تۆۋەنكى قاراتۈڭكۈر كەنتىدىكى قەدىمىي خارابىلىك

ئۇ چۆچەك شەھىرى ئەرگۈلۈك يېزىسىدا، تۆۋەنكى قاراتۈڭكۈر كەنتىنىڭ تېرىلغۇ يېرىگە جايلاشقان، كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر. خارابىلىكتىن 4 ئېغىزلىق كۆيگەن يېرى، تاش قورال قالدۇقلىرى بىلەن قارقور پارچىلىرى تېپىلدى. قارقور پارچىلىرى ئىچىدە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قوڭۇر قارقور، كۆيدۈرۈلگەن قوڭۇر كۈلرەڭ قارقورلار بار.

### 4. ئېمىل قەدىمىي خارابىلىكى

ئۇ ئېمىل قىرىمىسى تەۋەسىدە، دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئېگىز ھەم تەكشى يەرگە جايلاشقان، ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. يۈزىدىكى 30 سانتىمېتىر بوش تۇپىنىڭ ئاستىدا يېرىم مېتىر مەدەنىيەت قاتلىمى بار. ئۇنىڭدىن قىزىل قارقور پارچىلىرى، تۆمۈر قوراللار، ئوت ياققان كۆل ئىزى، ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى قېزىپ چىقىلدى.

### 5. مۇتىڭگى قەدىمىي قورغىنى

ئۇ سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە سېلىنغان. قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ مۇتىڭگى يېزىسىدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان، كۆلىمى 168 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر. قورغان چاسا شەكىلدە بولۇپ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 410 مېتىر، شىمالىي تېمىدا 20 مېتىر كېلىدىغان بوغۇق بار، شەرقىي تەرىپىدە بوغۇق يوق، جەنۇبىي، غەربىي تاملىرىدا بىردىن دەرۋازا ئورنى بار. دەرۋازا ئورنىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر. قورغان تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 5.2 مېتىر، ئۈلىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 5 مېتىر، ئوتتۇرا قىسمى سوقۇلغان، سوقمىسىنىڭ قېلىنلىقى 0.15 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر. سىرتى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.43 مېتىر، كەڭلىكى 0.25 مېتىر، قېلىنلىقى 11.0 مېتىر. تامنىڭ ئۈستى قارامتۇل كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئەسلى پېتى ساقلىنىپ قالغان. قورغاننىڭ شىمالىي تېمىدىكى بوغۇق ئورنىدىكى خارابىدىن توپا سۆپا، نو شەكىلدىكى نېپىز خىش، ئۆرنەك بېرىلگەن نېپىز خىش، لالەگۈل شەكلى چۈشۈرۈلگەن تۆت چاسا خىش تېپىلدى. غەربىي شىمالىي بۇلۇڭىدىن تىبەتچە بۇددا مۇنارىنىڭ قالدۇقى، مۇنار ئىچىدىن نوم، لاي بۇت ۋە مىس تەڭگە تېپىلدى.

### 6. دۆربىلجىن سېپىلى خارابىسى

ئۇ دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان، كۆلىمى 3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تۆت چاسا شەكىلدە، 17. ئەسىردە سېلىنغان، ھازىر سېپىلنىڭ ئۈچ بۆلىكىلا قالغان، ئۇلار ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا. سەردار سۆيىلىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان، سېپىل ئىچكى، تاشقى ئىككى قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان، سىرتى سېرىق توپىدىن سوقۇلغان، ئىچى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. ئۈلىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر، قالدۇق تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر.

### 7. سۈيجىك قورغىنى خارابىسى

ئۇ چۆچەك شەھىرى تىنچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 31. يىلى (1766- يىل) سېلىنغان. قورغاننىڭ ئايلانمىسى 1.35 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 6 مېتىر، ئۈلىنىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 2.7 مېتىر. شەرقىدە شاڭخېمېن، غەربىدە بۇيۈمېن، جەنۇبىدا سۈيتىڭمېن دەرۋازىلىرى بار. شىمالىدىكى راۋاقتا بىر ئىبادەتخانا بار. قورغان ئىچىدە 200 ئېغىز مانجۇ قوشۇن كازارمىسى، 60 ئېغىز مۇسۇلمان قوشۇن كازارمىسى، 60 ئېغىز يېشىل تۇغلۇقلار كازارمىسى، 36 ئېغىز

قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئامبىرى بار. قورغاننىڭ دەل شىمالىغا ۋەشۇگۇڭ سارىيى جايلاشقان. بۇ قورغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغان، ھازىر شۆبە ھەربىي رايون قورۇسىدا گۇڭنەيمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇلى ساقلانماقتا.

## 8. تارباغاتاي قورغىنى خارابىسى

ئۇ چۆچەك شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) سۇيجىڭ قورغىنى ۋەيران قىلىنۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا گۇاڭشۈ 15 - يىلى (1889 - يىلى) تارباغاتاي قورغىنى سېلىنىپ، 1891 - يىلى پۈتكۈزۈلگەن. ئەسلىھەتچى ۋەزىر ئىرچىڭگا قورغاننى سېلىشقا مەسئۇل بولغان، 198 مىڭ 300 سەر كۈمۈش ئىشلىتىلگەن. يېڭى قورغاننىڭ شەرقىدە سۈيجىڭ دەرۋازىسى، غەربىدە خۇيدې دەرۋازىسى، جەنۇبىدا ۋېيشى دەرۋازىسى بار. قورغان چاسا شەكىلدە، ئايلانمىسى 2.5 كىلومېتىر، قورغان تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 3.7 مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 7.3 مېتىر كېلىدۇ. سېپىلدا ئۈچ چوڭ راۋاق، ئۈچ ئايراۋاق، بىر چوڭ زەمبىرەك سۇپىسى، ئالتە كىچىك زەمبىرەك سۇپىسى، تۆت بۇلۇڭ راۋاق، بىر ئىبادەتخانا ئۇلى بار. قورغاننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر قەدىمىي راۋاق بار. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە قورغاندىكى راۋاق - سۇپىلار قالمىغان، سېپىلى ئاساسەن ساقلىنىپ قالغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، كىشىلەر سېپىل توپىسىنى ئىشلىتىپ، سېپىلنىڭ بىرقىسمىنى بۇزۇۋەتتى.

## 9. شىخۇ قورغىنى سېپىلىنىڭ خارابىسى

ئۇ شىخۇ بازىرى تەۋەسىدە، قورغان چاسا شەكىلدە، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىدە بىردىن دەرۋازىسى بار، جەنۇبىي دەرۋازىسى چوڭ دەرۋازا. ھازىر شىخۇ بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورغان سېپىلىنىڭ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان 57 مېتىر قالدۇقى بار، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 3.5 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.3 مېتىر كېلىدۇ. سېپىل ئىچكى، تاشقى ئىككى قات بولۇپ، سېرىق توپىدىن سوقۇلغان. سوقمىسىنىڭ كەڭلىكى 0.12 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.45 مېتىر. ئاھالىلەر سېپىلدىن توپا قېزىش جەريانىدا ياغاچتىن ياسالغان ئىككى ۋەۋسكا تېپىۋالغان.

## 10. جىن جاڭجۈن گازارمىسى خارابىلىكى

ئۇ شىخۇ ناھىيە شىخۇ بېزىلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 500 مېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، يەر يۈزىدىن 0.3 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى مەدەنىيەت قەۋىتىدىن كۆل ئورىكى، قارقۇر، ساپال پارچىلىرى، چىڭ دەۋرىگە دائىر ياماقلار قېزىۋېلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى) جىن جاڭجۈن جىلىن ئۆلكىسىدىن 2 تۇغ ئەسكەر بىلەن يولغا چىقىپ، يول بويى ئەسكەر ئېلىپ ئەسكىرىي كۈچىنى 7 تۇغقا يەتكۈزۈپ، شىخۇغا كېلىپ جايلاشقان. گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) ئىلى جاڭجۈنى جىن شۇن نەچچە 10 يىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان.

## 11. تۆمۈر دەرۋازا بوسۇغىسى

ئۇ ساۋەن ناھىيىسى تەۋەسىدە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ماناس دەرياسىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان، كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. چاسا شەكىلدە، سېرىق توپىدىن سوقۇلغان، ئىچى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. خارابىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تار يولنىڭ ئىزى بار. خارابىدىن تۆمۈر قوراللار، مىس قوراللار يەنە «تيەنلۇڭ تۇڭباۋ» مىس يارمىقى تېپىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ جاي ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئالتاي بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى قونالغۇسى ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا يولاۋچىلار يات - يات كېلىپ تۈزىمەنىن بولغاچقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغانىكەن.

### 12. شۈيموگۇ (تۇگمەن) گازارمىسى خارابىلىكى

ئۇ ساۋەن ناھىيە ئۇلانئۇس يېزىسى تۇگمەن كەنتىنىڭ شىمالىغا 100 مېتىر كېلىدىغان جايدا، كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر. چاسا شەكىلدە، جەنۇبتىن شىمالغا 102 مېتىر، غەربتىن شەرققە 105 مېتىر كېلىدۇ. تېمى سېرىق توپىدىن سوقۇلغان، سوقما قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر. تام ئىككى قەۋەت بولۇپ، ھەر بىر قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 0.9 مېتىر. قالدۇق تامنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى 3.3 مېتىر. تامنىڭ شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلىرىدە بوجۇق بار. شەرق تەرىپىدىكى بوجۇق 14 مېتىر كېلىدۇ. گازارمىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇلۇڭىدا بىر دۆڭگىلەك راۋاق، تامنىڭ سىرتىدا خەندەك بار.

## § 2. قەدىمىي مەسچىت - ئىبادەتخانىلار

### 1. جۇڭفاڭ مەسچىتى

بۇ مەسچىت چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) جامائەت پۇلى بىلەن شىخو ناھىيىسىنىڭ شىخو يېزىسىغا سېلىنغان، ئۇ چاغدا بەرلىك مەسچىت دەپ ئاتالغان، 40 يىلدىن كېيىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. جياچىڭ 3 - يىلى (1798 - يىلى) ھازىرقى شىخو ناھىيە بازىرىغا قايتا سېلىنغان، كېيىن تاملىرى يېرىلىپ يەنە ئۆرۈلگەن. مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) ئەسلى ئورنىغا قايتا سېلىنغان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1022 كۋادرات مېتىر، تۆت چاسا شەكىلدە، خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق. چوڭ ساراي، جەنۇبىي - شىمالىي ساراي دېگەن ئىككى ساراي بار. چوڭ سارايىنىڭ كۆلىمى 638 كۋادرات مېتىر، ئۆلى تاشتىن، تېمى كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئۈستىگە لىم ياغاچلار قويۇلغان، ئالدىغا تۆۋرۈك قويۇلۇپ، پېشايۋان چىقىرىلغان. پېشايۋاننىڭ ئىككى بۇرجىكىگە ئەجدىھا نەقىشلەنگەن. چوڭ سارايىنىڭ پېشايۋانىغا مەسچىت دېگەن تاختاي ئېسىلغان، ئاۋام ئۇنى ئوتتۇرا مەسچىت دەپ ئاتىغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇزۇۋېتىلگەن. 1982 - يىلى جامائەت پۇل يىغىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆلىمى 840 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەسچىت سېلىپ، ئۇنى «جۇڭفاڭ مەسچىتى» دەپ ئاتىدى. بۇ مەسچىت خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، چوڭ ساراي، قانات ئۆيلىرى بار. ئەزان مۇنارى 7 قەۋەت، ئېگىزلىكى 21 مېتىر، گۈمبىزىگە ھىلال ئاي شەكلى ئورنىتىلغان. چوڭ سارايىنىڭ 3 چوڭ ئىشىكى بولۇپ، ئىشىك ماڭلىيىغا تاختايچە ئېسىلغان. چوڭ سارايىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە ئىسلامچە نەقىشلەنگەن گۈمبەز شەكلىدىكى كارىدور بار.

### 2. چېڭخۇاسى ئىبادەتخانىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) ھازىرقى شىخو ناھىيىسىنىڭ بايىنغۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا سېلىنغان، چىڭ ھۆكۈمىتى «چېڭخۇاسى» دەپ ئات قويۇلغان تاختاي ئىنئام قىلغان. كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات مېتىر، 169 ئېغىز ئۆي بار. ئىبادەتخانا زال، دىنىي كىتاب ئۆيلىرى ۋە ياتاق ئۆيلىرىدىن تەركىب تاپقان، «خان ئاشلىقى»، «بىلىم كىتابلىرى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان «خاسىيەتلىك» رەسىملەر قىزىل بوياق بىلەن سىزىلغان. «چېڭخۇاسى» دېگەن ۋۇتىنكا ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىدا ساقلانماقتا. 1990 - يىلى مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ ياردىمىدە ئەسلىدىكى ئورنىغا چېڭخۇاسى ئىبادەتخانىسى سېلىنىدى.

### 3. شارسۇم لاما ئىبادەتخانىسى

خەنزۇچە نامى «پۇجىڭسى»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 5 - يىلى (1879 - يىلى) سېلىنغان. شىخو ناھىيە ئابلىخات موڭغۇل يېزىسىدا. ئىبادەتخانا پەلەمپەيسىمان تەكشىلىككە سېلىنغان، ئەڭ ئۈستىدىكى



خانىقا

...نەقىشلەنگەن ئاساسلىق سارىيى سېلىنغان. 1959 - يىلى ئىبادەتخانا چېقىۋېتىلگەن. 1986 - يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر كىلومېتىر جەنۇبىغا كۆلىمى 329 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ئوتتۇرىدا زال، ئىككى تەرىپىدە قاتار ئۆي بولغان، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق يېڭى ئىبادەتخانا سېلىنىدى.

4. مانى ۋاڭ سارىيى خارابىسى

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى سېلىنغان. ئورنى شىخۇ ناھىيىسىنىڭ خاتۇبۇخ بازىرىدا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 . 69 كۋادرات مېتىر، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق. ھازىر جەنۇبقا قارىغان ئىككى قەۋەت ئۆيدىن بىرىلا قالغان، پېشايۋانلىرىغا نەقىش ئىشلەنگەن.

5. جىيەك مەسچىتى

خۇيزۇلارنىڭ مەسچىتى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى سېلىنغان، ياقاتوقاي ناھىيىسىنىڭ جىيەك يېزىسىدا. كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تۆت چاسا شەكىلدە، ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 7 مېتىر. ئىشىكى شەرققە قارايدۇ، ئۆگزىسى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، روس قۇرۇلۇشلىرى ئۇسلۇبىنى ئالغان.

6. خانىقا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) سېلىنغان، چۆچەك شەھىرىدىكى ئىتتىپاق كوچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، ئۇنى سىدارلار پۇل يىغىش قىلىپ سالدۇرغان. مەسچىتنىڭ كەينى تەرىپى بۇزۇلۇپ، ئورنىغا باشقا قۇرۇلۇش سېلىنغان. قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان ئەزان مۇنارى ھازىرمۇ بار، مۇنار 8 قىرلىق بولۇپ، ئېگىزلىكى 18 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئۈستىدە 8 قىرلىق راۋاق بار.

7. ھەسەن سېيىت مەسچىتى (قىزىل مەسچىت)

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 2 - يىلى (1876 - يىلى) سېلىنغان. مەسچىتنىڭ نامى ئۇنجى ئىمام ھەسەن سېيىتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، چۆچەك شەھىرىدىكى ساقلىقنى ساقلاش كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا. كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر، مەسچىت پۈتۈنلەي قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 35 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 7 مېتىر كېلىدۇ، ئۆگزىسى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان. تاملىرى نەقىشلەنگەن.

مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) ئۇيغۇر سودىگەر ھەسەن باي پۇل چىقىرىپ سالدۇرغان، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئازادلىق يولىدا. خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۆگزىسى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان. مەسچىتنىڭ ئېگىزلىكى 7 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 45 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر، ئۈچ ئېغىز ئۆيى بار، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە، ھېلىمۇ مۇكەممەل تۇرماقتا.

9. سېيىت كامال مەسچىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11 - يىلى (1885 - يىلى) ئۆزبېكلەرنىڭ پۇل ئىئانە قىلىشى بىلەن سېلىنغان. چۆچەك شەھىرىدىكى ئىتتىپاق كوچىسىنىڭ شەرقىي بېشىدا. ھازىر ئەزان مۇنارىلا ساقلىنىپ قالغان، مۇنار خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، ئېگىزلىكى 30 مېتىر. مۇنارنىڭ تۈۋى تۆت چاسا، ئېگىزلىكى 3 مېتىر، كەڭلىكى

بىر مېتىر، مۇنارنىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە، قاقالتىر بىلەن يېپىلىپ قارا كۆك رەڭدە سىرلانغان، ئۈستىدە تۆمۈر تۈۋرۈككە ئورنىتىلغان ھىلال ئاي شەكلى بار، ئەرەب قۇرۇلۇشى ئۇسلۇبىغا ئىگە.

## 10. شىبىتىر كۈرەسى لاما ئىبادەتخانىسى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چاغانكۆل يېزىسىدا، كۆلىمى 320 كۋادرات مېتىر. كېسەك ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئىككى ئەۋەت، ئېگىزلىكى 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. پېشايۋاندا يۈەدا دىنى سۈرەتلىرى بار، ھازىر ئاشلىق ئامبىرى قىلىنماقتا.

## § 3 . قەدىمي قەبرىلەر

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە قەدىمىي قەبرىلەر كەڭ تارقالغان. ئۇلار كۆپىنچە سۇيى ئەلۋەك، چۆپلىرى مول تاغ جىلغىلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقان. قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ كۆپىنچىسىدە 100 دىن ئارتۇق قەبرە بار. بەزىلىرى تارقاق ئورۇنلاشقان، كۆپ ھاللاردا كۆچ يوللىرى بويىغا ئورۇنلاشقان. قەبرىلەرنىڭ تاش تاۋۇتلۇقلىرى، تاش بىلەن قورشالغانلىرى، تاش دۆۋىلەنگەنلىرى، توپا دۆۋىلەنگەنلىرىمۇ بار.

### 1. توپا قەبرىلەر

تۆۋەنكى قارائۆتكۈر كەنتى قەبرىستانلىقى — چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەرگۈل يېزىسىدا، چۆچەك ماي ئىسكىلاتىنىڭ شەرقىگە بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. كۆلىمى 314 كۋادرات مېتىر، توپا دۆۋىلەنگەن ئىككى قەبرە بار. ئۇنىڭ بىرى دۈگىلەك تەكشى شەكىلدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 2 مېتىر، تۆپىسى ئويمان، تۆپىسىنىڭ دىئامېتىرى 10 مېتىر، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى 20 مېتىر.

خۇەنلىڭ ئەسكەرلەر قەبرىستانلىقى — بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا شىنجاڭغا كىرگەن خۇەن ئەسكەرلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى، چۆچەك شەھىرىدىكى قاتاش كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا. قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا «زوگۇڭسى» دەپ ئاتىلىدىغان، خۇەنلىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغان ئىبادەتخانا بار.

تورا قەدىمىي قەبرىستانلىقى — چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىسىنىڭ تورا كەنتىدە، كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر. سېرىق توپىغا بىرلىك شېغىل تاش ئارىلاشتۇرۇپ دۆۋىلەنگەن، رەتسىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان 15 قەبرە بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېگىزلىكى 2 مېتىر، دىئامېتىرى 10 مېتىر كېلىدىغان بىرسىلا ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

سىنتاش قەدىمىي قەبرىستانلىقى — چاغانتوقاي ناھىيىسىدە، چوڭقۇلۇقى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئارىلىقى 30 مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەبرە بار. سېرىق توپا بىلەن دۆۋىلەپ، ئۈستىگە شېغىل يېپىتىپ تۆپىسىنى تەكشىلەپ ياسىغان، غەربتىن شەرققە تىزىلغان، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 10 مېتىر.

يالغۇزياغاچ قەبرىستانلىقى — چاغانتوقاي ناھىيىسى قارابۇرا يېزىسىنىڭ يالغۇزياغاچ كەنتىدە، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، دىئامېتىرى 32 مېتىر، سېرىق توپىغا شېغىل ئارىلاشتۇرۇپ دۆۋىلەنگەن، تۆپىسى تەكشىلەنگەن بىر قەبرە بار. 7 يەردىكى يىرىك شېغىل تاش دۆۋىسى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

ئوبالى قەبرىستانلىقى — دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ شاڭخۇ يېزىسىدا، جەنۇبتىن شىمالغا تىزىلغان چوڭ ـ كىچىك ئۈچ قەبرىدىن تەركىب تاپقان. قەبرىنىڭ ئۈستى تۈز، شېغىل تاشلار بىلەن قويۇلغان، بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، دىئامېتىرى 28 مېتىر.

شۇلاقشاردان قەبرىستانلىقى دۆربىلجىن ناھىيىسى دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىك 9 - شى 166 - تۇەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا. ئىلگىرى 100 گە يېقىن قەبرە بار ئىدى، ھازىر 30 نەچچىسى قالدى. سېرىق تۇپا بىلەن ئۇششاق شېغىلدىن دۆۋىلەنگەن، ئۈستى تەكشىلەنگەن، شىمالدىن جەنۇبقا بىر نەچچە قاتار تىزىلغان(ھەر بىر قاتاردا 4 - 10غىچە قەبرە بار) . بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، دىئامېتىرى 12 مېتىر.

قىرتقوشاق قەبرىستانلىقى دۆربىلجىن ناھىيىسى دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىك 9 - شى 168 - تۇەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا، تۇەن شتابىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، سېرىق تۇپىغا ئۇششاق شېغىل ئارىلاشتۇرۇپ دۆۋىلەنگەن، ئۈستى تەكشىلەنگەن بىر قەبرە بار، دىئامېتىرى 191 مېتىر، يانتۇلۇقى 127 مېتىر، ئېگىزلىكى 20 نەچچە مېتىر. يەنە تۇەن شتابىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا 6 قەبرە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا تىزىلغان، سېرىق تۇپىغا ئۇششاق شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، ئۈستى تەكشىلەنگەن، بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر، دىئامېتىرى 27 مېتىر.

جەلدىقارا قەبرىستانلىقى دۆربىلجىن ناھىيە خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسىدا. قۇم - تۇپىدىن دۆۋىلەنگەن، ئۈستى تەكشىلەنگەن، ئايلانما شەكىلدە تىزىلغان 14 قەبرە بار، كۆپىنچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، دىئامېتىرى 10 مېتىر ئەتراپىدا.

قاراتۆپە كەنتى قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسىنىڭ قاراتۆپە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى قاراتۆپە كەنتىدە. سېرىق تۇپا بىلەن ئۇششاق شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، ئۈستى تەكشىلەنگەن، ئېگىزلىكى 8 مېتىر، دىئامېتىرى 40 مېتىر.

ساز كەنتى قەبرىستانلىقى تولى ناھىيە قاراتۆپە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى ساز كەنتىدە. سېرىق تۇپا بىلەن يىرىك شېغىل تاشتىن دۆۋىلەنگەن، شەكلى يۇمىلاق، كۆپىنچىسىنىڭ ئۈستى تەكشىلەنگەن، ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر، دىئامېتىرى 25 - 35 مېتىرغىچە، ئەسلى شەكلى تولۇق ساقلانغان 11 قەبرە بار.

كۆك بۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيە كۆپ يېزىسىنىڭ يالغۇز قاراتۆپە كەنتىدە، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا تىزىلغان 5 قەبرە بار. ئۈستى تەكشىلەنگەن، ئېگىزلىكى 0.5 - 1 مېتىرغىچە، دىئامېتىرى 13 - 24 مېتىرغىچە.

يەتتەتۇپا قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسىنىڭ كۆپ يېزىسىدا. سېرىق تۇپا بىلەن شېغىل تاش ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، ئۈستى يۇمىلاق، بەزىسىنىڭ ئالدىغا يىرىم چەمبەر تاش تىزىلغان. كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلى شەكلى تولۇق ساقلانغان، ئېگىزلىكى 1.7 - 4 مېتىرغىچە، دىئامېتىرى 25 - 40 مېتىرغىچە.

بەيتىنگى قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيە دولاتى يېزىسىنىڭ بەيتىنگى كەنتىدە، كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 7 قەبرە بار. سېرىق تۇپا بىلەن ئۇششاق شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، ئۈستى يۇمىلاق، ئەسلى پېتى ساقلىنىپ قالغان، ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 27 مېتىر.

لابا قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسىنىڭ كۆپ يېزىسىدا. كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر، 8 تۇپا قەبرە بار، ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر، دىئامېتىرى 5 - 10 مېتىرغىچە.

سارغىسۇن قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسىنىڭ دولاتى يېزىسىدا، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 20 مېتىر كېلىدىغان ئەللىك چولاق قەبرىنى چۆرىدەپ 10 نەچچە قەبرە قورۇنلاشقان.

كۆرشىنىڭ غەربىدىكى قەبرىستانلىق شىخۇ ناھىيىسىنىڭ كۆرتى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا. سېرىق تۇپا بىلەن شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، شىمالدىن جەنۇبقا تىزىلغان. بەزىسىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق، بەزىسىنىڭ ئۈستى تۈپمان، 24 قەبرە بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 7 مېتىر،

دىئامېتىرى 40 مېتىر.

كۆرتىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىق شىخو ناھىيىسىنىڭ كۆرتى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا. سېرىق توپا بىلەن ئۇششاق شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، شىمالدىن جەنۇبقا تىزىلغان 20 نەچچە قەبرە بار. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 7 مېتىر، دىئامېتىرى 32 مېتىر. يەنە بىرىنىڭ دىئامېتىرى 1.4 مېتىر بولۇپ، ئېچىلىپ قالغان. گۆرىنىڭ يان گۈرى تاشتىن قوپۇرۇلغان. يەنە بىرنەچچە توپا قەبرە بولۇپ، بىر تەرىپى ياتقۇ قىلىنىپ چاسا تاشتىن قوپۇرۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 3.4 مېتىر، كەڭلىكى 2.6 مېتىر.

چىڭگىشور يېزىسىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق بۇ شىخو ناھىيىسىنىڭ چىڭگىشور يېزىسىدا، شىمالدىن جەنۇبقا تىزىلغان، سېرىق توپىدىن دۆۋىلەپ، ئۈستىگە تاش ياتقۇزۇلغان. بەزىلىرىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق، بەزىلىرىنىڭ ئويمان. 31 قەبرە بار، ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، دىئامېتىرى 22 مېتىر.

سالكىنتى قەدىمىي قەبرىستانلىقى شىخۇ ناھىيىسىنىڭ سالكىنتى چارۋىچىلىق فېرمىسى تەۋەسىدە، فېرما ئورگىنىنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن شەرقىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا تىزىلغان، سېرىق توپىدىن دۆۋىلەنگەن، ئەتراپىغا تاش ياتقۇزۇلغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق، بەزىلىرىنىڭ دۈمبەلچەك، بەزىلىرىگە چوقراق تاش دۆۋىلەپ، ئوتتۇرىسىغا چوڭ بىر تاش تۇرغۇزۇلغان، 25 قەبرە بار. بۇلاردىن بىرىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى 0.45 مېتىر، قېلىنلىقى 0.2 مېتىر، ھېچنېمە ئويۇلمىغان.

ئۇلاستاي قەدىمىي قەبرىستانلىقى بۇ شىخو ناھىيىسى بايىنغو چارۋىچىلىق فېرمىسى ئورگىنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدە جەنۇبتىن شىمالغا بىر نەچچە قاتار تىزىلغان، ھەر قاتاردا 4 تىن 5 كىچە ياكى 10 نەچچە قەبرە بار. قەبرىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش، سېرىق توپىدىن دۆۋىلەپ ئۈستىگە تاش قويۇلغان، بەزىلىرىنىڭ تۈپى تەكشى، بەزىلىرىنىڭ ئويمان. جەمئىي 50 تىن ئارتۇق قەبرە بار. بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، دىئامېتىرى 10 مېتىر.

كىچىك يەنسىخەي قەدىمىي قەبرىستانلىقى شىخو ناھىيە بايىنغو چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى كىچىك يەنسىخەي ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا. شىمالدىن جەنۇبقا تىزىلغان، كۆلىمى 2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 100 دىن ئارتۇق قەدىمىي قەبرە بار. سېرىق توپىدىن دۆۋىلەنگەن، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە ماللا تاش ياتقۇزۇلغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستى ئويمان، بەزىلىرىنىڭ تەكشى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر، دىئامېتىرى 20 نەچچە مېتىر.

قىزىلتاغ كۆمۈركانى قەدىمىي قەبرىستانلىقى بۇ شىخۇ ناھىيە بايىنغو چارۋىچىلىق فېرمىسى ئورگىنىنىڭ شەرقىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بايىنغو ئېقىنىنىڭ غەربىدە. جەنۇبتىن شىمالغا تىزىلغان 20 نەچچە قەبرە بار، بىر قىسىملىرى سېرىق توپا بىلەن شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، ئېگىزلىكى 1.4 مېتىر، دىئامېتىرى 15 مېتىر. بەزىلىرى سېرىق توپا، شېغىل، تاش ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، دىئامېتىرى 4 — 5 مېتىر.

باقى قەبرىستانلىقى ئۇ شىخو ناھىيىسىدە، كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر. 3 قەبرە بار. ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئورۇنلاشقان، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 10.6 مېتىرغىچە. توپا دۆۋىسىنىڭ ئەتراپى 0.5 مېتىر ئېگىزلىكتە تاش بىلەن قاشالانغان.

ياڭگۇ قەبرىستانلىقى ساۋەن ناھىيە بورقۇنگۇر يېزىسى چوڭ گازگو بىلەن كىچىك گازگونىڭ ئالدىدىكى تەكچە جايدا. سېرىق توپا بىلەن تاش قوشۇپ تۇرغۇزۇلغان 14 قەبرىنىڭ قالدۇقى بار. توپا دۆۋىسىنىڭ دىئامېتىرى 16 مېتىرچە كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىرىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 2 مېتىر، دىئامېتىرى 41 مېتىر،

بۇ قەبرىلەر ئىچىدە شەرقتىن غەربكە ئىككى چوڭ چاسا ئازگال بولۇپ، ئارىلىقى بىر مېتىر كېلىدۇ، بىرى 1.61×3.1 مېتىر، يەنە بىرى 1.4×2.2 مېتىر.

سېمىزتاينىڭ شىمالىي باغرىدىكى A قەبرىستانلىق قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە، بەش قەبرە بار، جەنۇبتىن شىمالغا تىزىلغان. ئېگىزلىكى 0.2 — 1.5 مېتىرغىچە، دىئامېتىرى 3 — 15 مېتىرغىچە.

سېمىزتاينىڭ شىمالىي باغرىدىكى B قەبرىستانلىق قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە، سېرىق توپا بىلەن شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ دۆۋىلەنگەن، جەنۇبتىن شىمالغا تىزىلغان چوڭ، كىچىكلىكى ئوخشاش، ئۈستى ئويمان 6 قەبرىدىن تەركىب تاپقان. ئېگىزلىكى 0.3 — 1.5 مېتىرغىچە، دىئامېتىرى 10 ـ 20 مېتىرغىچە، مۇكەممەل ساقلانغان.

قوشتولغاي قەدىمىي قەبرىستانلىقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تېپىكسىن يېزىسىدا. 1640 كۋادرات مېتىر دائىرىگە تارقالغان، سېرىق توپا بىلەن شېغىلدىن دۆۋىلىنىپ ئۈستىگە بىر قەۋەت شېغىل ياتقۇزۇلغان، ئۈستى تەكشى. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا تىزىلغان تۆت قەبرە بار. ئېگىزلىكى 0.3 — 1 مېتىرغىچە، دىئامېتىرى 10 — 20 مېتىرغىچە، مۇكەممەل ساقلانغان.

ئاۋۇزچىغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى دائىرىسىدىكى يېزا ئېكىلىك 7 ـ شى 137 ـ تۇەن چارۋىچىلىق يېڭىدا. سېرىق توپا بىلەن شېغىلدىن دۆۋىلەنگەن بىر قەبرە بار، ئۈستى تەكشى، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، دىئامېتىرى 20 مېتىر، مۇكەممەل ساقلانغان.

## 2. تاش قەبرىلەر

مىنتاش قەدىمىي قەبرىستانلىقى چۆچەك شەھىرىنىڭ سالقىبۇلاق يايلىقىدا. ئەڭ چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر، دىئامېتىرى 12 مېتىر، ئەڭ كىچىكىنىڭ ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر، دىئامېتىرى 2 مېتىر.

ئۇرا كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قەبرىستانلىق بۇ چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىسىنىڭ ئۇرا كەنتىنىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئالتە تاش قورغان قەبرە بار. قەبرىنىڭ يۈزى يەر يۈزى بىلەن تەڭ، دىئامېتىرى 10 مېتىر، قەبرىنى چۆرىدەپ قورشاشقا ئىشلەتكەن تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.4 مېتىر ئەتراپىدا.

قارائۆڭكۈر قەبرىستانلىقى چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىسىدىكى قارائۆڭكۈر كەنتىنىڭ شىمالىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، تاش بىلەن چۆرىدەلگەن 7 قەبرە بار، قەبرىنىڭ يۈزى يەر يۈزى بىلەن تەڭ، دىئامېتىرى 8 — 12 مېتىرغىچە، تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.4 مېتىر ئەتراپىدا.

ئۇلاستاي ئېقىنىدىكى قەبرىستانلىق بۇ چۆچەك شەھىرى دۆبىلەك مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەۋسىدە، ۋىلايەتلىك تىببىي مەكتەپنىڭ غەربىي شىمالىدا. كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، شەرقتىن غەربكە تىزىلغان 20 نەچچە قەبرە بار. ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر، ئاۋۇتنىڭ ئېغىزى تاش بىلەن يېپىلغان. بۇ قەبرىلەردىن تۆت دانە مىس قورال ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ مىس قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەدەنىيەتكە ئائىت فارفور پارچىلىرى قېزىۋېلىندى.

كۆل كەنت قەبرىستانلىقى چاغانتوقاي ناھىيىسى جىيەك يېزىسى كۆل كەنتىدە، كۆلىمى 3200 كۋادرات مېتىر. سېرىق توپا دۆۋىلەنگەن، ئەڭ چوڭ قەبرە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. ئېگىزلىكى 5 مېتىر، دىئامېتىرى 8 مېتىر، قېلىنلىقى 1.5 مېتىر، ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە يېپىلغان، غەربىي تەرىپىنىڭ يېرىمى يامغۇر سۈيىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەن.

چالپاقتال قەبرىستانلىقى بۇ چاغانتوقاي ناھىيىسى بېگى بەر يېزىسى چالپاقتال كەنتىنىڭ شەرقىگە بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. ئادەم شەكلى ئويۇلغان سىنتاشنىڭ ئاستىدا تاشتىن دۆۋىلەنگەن قەبرە بار، دىئامېتىرى 3 مېتىر، سىنتاشنىڭ رەڭگى كۈلرەڭ، يەر يۈزىدىن 0.9 مېتىر چىقىپ تۇرغان، كەڭلىكى 0.3 مېتىر.

قوشقارباي مازىرى بۇ دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ شاگخۇ يېزىسىدا. 1850 - يىللار ئەتراپىدا ئورغۇزۇلغان، كېسەكتىن كونۇس شەكىلدە ياسالغان، قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى 8 مېتىر، ئۇلىنىڭ دىئامېتىرى 11 مېتىر، قېلىنلىقى 1.7 مېتىر. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئېگىزلىكى 1.6 مېتىر، كەڭلىكى 1.1 مېتىر كېلىدىغان ئىشىكى بار، گۈمبەزنىڭ ئۈستىدە تۆت قاناتلىق ئىشىك، دېرىزە بار. قەبرىنىڭ بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

كوشباي قەبرىستانلىقى بۇ قازاق مىللىتىدىن بولغان كوشباينىڭ قەبرىسى بولۇپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ شاگخۇ يېزىسىدا، ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان.

مايقاينىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ شاگخۇ يېزىسىدا. كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر. شىمالدىن شەرققە 40° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ قاتار تىزىلغان، چۆرىدەپ تاش دۆۋىلەنگەن ئۈچ قەبرە بار، بىر-بىرىنىڭ ئارىلىقى 35 مېتىر ۋە 14 مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ دىئامېتىرى 6.4 مېتىر.

كۆرتىقارا قەبرىستانلىقى بۇ دۆربىلجىن ناھىيىسى خوجىرىتى موڭغول يېزىسى كۆرتىقارا كەنتىدە. ئۈچ تاش دۆۋە قەبرە بار، بىرىنىڭ دىئامېتىرى 10 مېتىر، ئۈستىگە ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 0.5 مېتىر، قېلىنلىقى 0.3 مېتىر كېلىدىغان قارامتۇل تاش ئورنىتىلغان، تاشقا ھېچنىمە ئويۇلمىغان.

قىزىلكۆل قەبرىستانلىقى دۆربىلجىن ناھىيىسى دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىك 9 - شى 165 - تۇەن 4 - لىيەنىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا، كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر. كۆل بويىغا جايلاشقان، ئىككى بۆلەككە ئايرىلغان، دىئامېتىرى 0.3 مېتىرچە كېلىدىغان تاشلاردىن دۆۋىلەنگەن، جەنۇب تەرىپىدىكى چەمبەر شەكىلدە تىزىلغان 6 قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭراقىنىڭ ئېگىزلىكى 0.4 مېتىر، دىئامېتىرى 2 مېتىر. غەربىدىكى 3 قەبرىنىڭ ئېگىزلىكى 0.2 مېتىر، دىئامېتىرى 1.5 مېتىر.

جەلپىرسۇ قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسى دولاتى يېزىسى جۇماباي كەنتىدە، كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر. ئارىلىقى 100 مېتىر كېلىدىغان، شەرقتىن غەربكە تاش بىلەن قورشالغان ئىككى قەبرە بار، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 8 مېتىر. ئۈستى قىزىل گرانت تاش بىلەن يېپىلغان. قەبرىنىڭ بىر مېتىر ئەتراپى تاش بىلەن قورشالغان.

جايىرتاۋ قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسى دولاتى يېزىسى جۇماباي كەنتىدە، 4 كىلومېتىر دائىرىدە غەربتىن شەرققە تىزىلغان 20 نەچچە قەبرە بار، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى، چوڭ، كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، ھەممىسى 0.3 مېتىرچە كېلىدىغان قىزىل گرانت تاشتىن دۆۋىلەنگەن. چوڭراقىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىئامېتىرى 10 مېتىر، كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 0.4 مېتىر، دىئامېتىرى 2 مېتىر.

كۆكباستاۋ قەدىمىي قەبرىستانلىقى بۇ تولى ناھىيىسى كۆپ يېزىسى يالغۇز قاراتۆپە كەنتىدە. جەنۇبتىن شىمالغا تىزىلغان 6 تاش دۆۋە قەبرە بار، يەر يۈزىدىن ئازراقلا چىقىپ تۇرىدۇ، دىئامېتىرى 8 — 12 مېتىرغىچە.

قاراقىياق قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسىنىڭ قاراتۆپە چارۋىچىلىق فېرمىسىدا.

دۆگىلەك كەلگەن 30 نەچچە قەبرە بار بولۇپ، يەردىن ئازراقلا چىقىپ تۇرىدۇ.

لاپا قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسىنىڭ كۆپ يېزىسىدا. 0.2 مېتىرچە كېلىدىغان تاشتىن دۆۋىلەنگەن 4 قەبرە بار، ئېگىزلىكى 0.3 مېتىر، دىئامېتىرى 5 مېتىر.

ئۈڭگۈرتاس قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيىسىنىڭ ئۆرشۈلېت يېزىسىدا بولۇپ، تۆمۈرتام بازىرىدىن غەربىي جەنۇبقا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، بىر تاش ھەيكەلنىڭ ئاستىدا تاشتىن دۆۋىلەنگەن تاش قەبرە بار. گۆر ئېغىزى ئۇزۇنچاق بولۇپ، دىئامېتىرى 2.5 مېتىر.

سىنتاش قەدىمىي قەبرىستانلىقى تولى ناھىيە دولاتى يېزىسىنىڭ جۇماباي كەنتىدە، بىر تاش ھەيكەلنىڭ ئاستىدا تاش دۆۋە قەبرە بار. يەر يۈزىدىن چىقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 0.2 مېتىر، دىئامېتىرى 3 مېتىر.

يوقنباي قەبرىستانلىقى 1890 - يىللىرى ئەتراپىدا قازاق كىرەي قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى يوقنبايغا تۇرغۇزۇلغان قەبرە. ئورنى تولى ناھىيە دولاتى يېزىسىنىڭ بايتىشى كەنتىدە. قەبرە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، تام بىلەن قورشالغان، دىئامېتىرى 17 مېتىر، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 2.7 مېتىر، ئەتراپىدا تېمىر مازار، جۇياندى مازارلىرى بار.

ئوباتى قەدىمىي قەبرىستانلىقى شىخو ناھىيىسىنىڭ بايىنغو چارۋىچىلىق فېرمىسى 7 - ئەترىتىگە تارقاق ئورۇنلاشقان، 40 تىن ئارتۇق قەبرە بار. ئۇلار كونۇس شەكلىدە بولۇپ، سىرىق توپىغا شېغىل ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە تاش ياتقۇزۇلغان. ئېگىزلىكى 0.5 ـ 0.8 مېتىرغىچە، دىئامېتىرى 4 ـ 5 مېتىرغىچە. بەزى قەبرىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

كىچىك يەنسىخەي قەدىمىي قەبرىستانلىقى شىخو ناھىيە بايىنغو چارۋىچىلىق فېرمىسى ئورگىنىنىڭ 12 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، بىر سىنتاشنىڭ شىمالىدا. ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان 10 نەچچە دۆگىلەك قەبرە بار.

مۇتىسالا قەدىمىي قەبرىستانلىقى شىخو ناھىيىسىدە، سىنتاشنىڭ كەينىدە، دىئامېتىرى 2.2 مېتىر كېلىدىغان بىر تاش دۆۋە قەبرە بار.

ئاۋات قەدىمىي قەبرىستانلىقى شىخو ناھىيە بايىنغو چارۋىچىلىق فېرمىسى 7 - ئەترىتىدىكى بىر سىنتاشنىڭ شەرقىگە 100 مېتىر كېلىدىغان جايدا. بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.1 مېتىر كېلىدۇ.

سېمىزتايىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ئەتراپىدا بىر قەبرە بار. مالتاشتىن چۆرىدەپ ياسالغان، ئوتتۇرىسىغا چوڭراق مالتاش قويۇلغان، ئۇنىڭدىن باشقا مالتاشنى دۆۋىلەپ قويۇرغان ئېگىزلىكى 0.4 مېتىر، دىئامېتىرى 5 — 10 مېتىر كېلىدىغان 3 قەبرە بار.

ماسىق بۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر سىنتاشنىڭ غەربىدە، بىر قەبرە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىئامېتىرى بىر مېتىر كېلىدىغان ئۈت قورام تاش قويۇلغان.

قوگىرتۇلەك قەدىمىي قەبرىستانلىقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر سىنتاشنىڭ غەربىدە. تاشتىن دۆۋىلەنگەن بىر قەبرە بار، ئېگىزلىكى 0.6 مېتىر، دىئامېتىرى 6 مېتىر.

ئاۋزىشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر سىنتاشنىڭ ئەتراپىدا. تاشتىن دۆۋىلەنگەن 20 نەچچە قەبرە بار.

### 3. سىنتاش

جالپاقتال سىنتېشى چاغانتوقاي ناھىيە يېڭىيەر يېزىسىنىڭ جالپاقتال كەنتىدە، يەر يۈزىدىن

ئېگىزلىكى 0.9 مېتىر، بىر تەرىپى 0.3 مېتىر، كۆلرەڭ قوناشقا ئوخشىغان. ئادەمنىڭ يۈزىلا بار، ئۇزۇنلۇقى 0.2 مېتىر، كەڭلىكى 0.12 مېتىر، ئەمما ئويما ئىزى تېيىز بولغاچقا بەك ئوچۇق كۆرۈنمەيدۇ.

بېشكقارا مىڭئۆيى — دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قارا ئېمىل يېزىسىدا. ئېگىزلىكى 3.32 مېتىر، كەڭلىكى 0.47 مېتىر، قېلىنلىقى 0.29 مېتىر كېلىدىغان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك گىرانىت تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان، ئەر كىشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، بىر تەرىپىدە تۇتۇق يېزىق بار.

بايمىرزا مىڭئۆيى — دۆربىلجىن ناھىيىسى بايمىرزا چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ غەربىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر، كەڭلىكى بىلەن قېلىنلىقى 0.3 مېتىر كېلىدىغان گىرانىت تاشقا بىر ئادەمنىڭ يۈز شەكلى ئويۇلغان، بۇرنى ئۇزۇن، بۇرۇتى يوق، مۇكەممەل ساقلانغان، ئەمما ئەسلى ئورنى ئېنىقسىز.

كۆكتال مىڭئۆيى — دۆربىلجىن ناھىيىسى خوجېرتى موڭغۇل يېزىسىدا. ئىككى پارچە تاش بار، بىرى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلگەن، قىزىل گىرانىت تاشقا ئۇزۇنچاق بىر ئەر كىشىنىڭ ھەيكىلى ئويۇلغان، چېچى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلغان، قۇلاقلىرىغا ھالقا تاقىغان، دۈمبىسىدە ئويۇقچە بار، ئوڭ مۇشتىمى كۆكسىگە قويۇلغان، سول قولىدا خەنجەر تۇتۇپ تۇرغان. ئېگىزلىكى 1.15 مېتىر، كەڭلىكى 0.5 مېتىر، بېشى، بوينى، مۈرىسى ئېنىق ئايرىلغان. يەنە بىرى كۆلرەڭ گىرانىت تاشقا ئويۇلغان، يۈزى غەربكە قارىتىلغان، بۇرۇتى بار، يەر يۈزىدىن 0.92 مېتىر چىقىپ تۇرىدۇ، ئەڭ كەڭ يېرى 0.43 مېتىر.

كۆرىيشى مىڭئۆيى — دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئېمالغول موڭغۇل يېزىسىدا، ياپارتاغ ماگمىسىغا ئويۇلغان، يۈزى شەرققە قارىتىلغان، يۈزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس ئارتۇقى بار، بۇرۇتلۇقى، يەر يۈزىدىن چىقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 1.23 مېتىر، كەڭلىكى 0.5 مېتىر. ھازىر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

ئۆڭگۈرتاش مىڭئۆيى — تولى ناھىيىسى ئۆرشۈلىت يېزىسى تۆمۈرتام بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. گىرانىت تاشقا ئويۇلغان، يۈزى غەربىي شىمالغا قارىتىلغان، باش كىيىمى بار، بۇرنىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئۆپىرىغان، بۇرۇتى يوق. ئېگىزلىكى 1.13 مېتىر، كەڭلىكى 0.44 مېتىر، قېلىنلىقى 0.27 مېتىر.

مىڭتاش — تولى ناھىيىسى دولاتى يېزىسى جوماباي كەنتىدە. كۆكۈش كۆلرەڭ گىرانىت تاشقا ئۇزۇنچاق ئەر كىشىنىڭ بېشى ئويۇلغان. ئېگىزلىكى 1.3 مېتىر، كەڭلىكى 0.32 مېتىر، قېلىنلىقى 0.23 مېتىر، باش قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.52 مېتىر، پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى 0.35 مېتىر.

لاڭگوتېل مىڭئۆيى — تولى ناھىيىسىنىڭ كۆپ يېزىسىدا، قىزىل گىرانىت تاشقا بىر باتۇرنىڭ شەكلى ئويۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 1.9 مېتىر، ھەيكەل بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر، ئۇلىنىڭ ئېگىزلىكى 0.2 مېتىر، قېلىنلىقى 0.2 مېتىر، مۈرىسىنىڭ كەڭلىكى 0.63 مېتىر، چېچى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلغان، بۇرۇتى بار، قۇلاقلىرىدا ھالقا بار، ئۈستىگە قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن، بىر مۇشتى كۆكسىگە قويۇلغان، يەنە بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان. ھەيكەلنىڭ بېشى ئۇرۇۋېتىلگەن.

جىلاندى مىڭئۆيى — تولى ناھىيىسى قاراتۆپە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى جىلاندى ساي ئېغىزىنىڭ شىمالىي بويىدا. كۆلرەڭ ھاكتېش بىلەن يارتاشنىڭ بىر يۈزىگە ئويۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 1.4 مېتىر، كەڭلىكى 0.4 مېتىر، قېلىنلىقى 0.3 مېتىر. باش شەكلى بىرقەدەر ئوچۇق، بۇرۇتى بار، قالغان قىسمى ئانچە ئېنىق ئەمەس. ھازىر تولى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

كىچىك يەنسىخەي مىڭئۆيى — شىخو ناھىيىسى بايىنغۇ چارۋىچىلىق فېرمىسى ئورگىنىنىڭ

بەرىگە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. يۈزى شىمالغا قارىتىلغان، بۇرۇتى بار. ئۇنى كىشىلەر ھاجەتخانىنىڭ تۈلىغا قويۇۋالغان.

مۇتتىسالا سىنتېشى شىخو ناھىيىسىدىكى مۇتتىسالا سېيىدا. كۆكۈش گرانىت تاشقا ئويۇلغان، يۈزى شىمالغا قارىتىلغان، بۇرۇتلۇق ئەر كىشى. بەر يۈزىدىن چېقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 0.85 مېتىر، كەڭلىكى 0.5 مېتىر، قېلىنلىقى 0.25 مېتىر.



ئوباتى سىنتېشى

ئوباتى سىنتېشى شىخو ناھىيىسى بايىنغو چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ 7 - ئەترىتىدىكى تاغ جىلغىسىدا. ئاق گرانىت تاشقا ئويۇلغان. يۈزى شەرققە قارىتىلغان، باش، بويۇن قىسمى، بۇرۇتى بار، بوينىغا زەنجىر ئېسىلغان. تاشلارغا يۆلەپ تۇرغۇزۇلغان، ئېگىزلىكى 0.73 مېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 0.33 مېتىر، ئەڭ قېلىن يېرى 0.25 مېتىر. سىنتاشنىڭ جەنۇبىدا بىر تاش دۆۋىسى ۋە تاش قورشاۋ، شەرقىدە 120 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاش تىزمىسى بار.

سېپىق بۇلاق سىنتېشى قوبۇقسار ناھىيىسىدە. كۆك گرانىت تاشقا ئەر كىشىنىڭ يۈزىلا ئويۇلغان، يۈزى شەرققە قارىتىلغان، يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.44 مېتىر، كەڭلىكى 0.34 مېتىر، تاشنىڭ كەڭلىكى 0.45 مېتىر، قېلىنلىقى 0.40 مېتىر.

قوڭىر ئۆلەڭ سىنتېشى قوبۇقسار ناھىيىسىدە. قىزىل گرانىت تاشقا بىر ئادەمنىڭ يۈز شەكلىلا ئويۇلغان، يۈزى شەرققە قارىغان، ئۇزۇنلۇقى 0.2 مېتىر، تاشنىڭ ئېگىزلىكى 0.35 مېتىر، كەڭلىكى 0.2 مېتىر، قېلىنلىقى 0.35 مېتىر. مۇشۇ سىنتاشنىڭ شىمالىدا يەنە بىر چالا - پۈچۈق سىنتاش بار.

ئاۋۇزشى سىنتېشى قوبۇقسار ناھىيىسىدە، يۈزى شەرققە قارايدۇ، كۆكۈش گرانىت تاشقا بىر ئادەمنىڭ يۈز شەكلى ئويۇلغان، تاشنىڭ ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر، كەڭلىكى 0.25 مېتىر، قېلىنلىقى 0.20 مېتىر.

## 4 §. ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاشكارىلاش تورىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە قېزىۋېلىنغان ۋە جەمئىيەتتىن يىغىۋېلىپ ساقلىنىۋاتقان يادىكارلىقلاردىن تاش قوراللار، قارىقۇر قاچىلار، مىس قوراللار، تۆمۈر قوراللار، قوم قاچىلار، ياغاچ قوراللار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمىيلىرى 3000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ياسالغان، ئەڭ يېڭىلىرى مىنگو دەۋرىدە ياسالغان.

### 1. تاش قوراللار

تۆگمەن تېشى چۆچەك شەھرى ساز كەنتىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3500 يىل بۇرۇنقى مىس - تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە، ئۇزۇنلۇقى 37.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 21.1 سانتىمېتىر، ئىگەر شەكلىدە بولۇپ، خېلى چوڭ.

تاش توقماق تاش - مىس قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە، چۆچەك شەھرى ساز

كەتمەندىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، سوقىچاق شەكلىدە بولۇپ، ساپ تەرىپى كىچىكرەك، قول ئىزلىرى ئېنىق.

تاش كەكە تاش ـ مىس قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ساز كەنتىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 9 سانتىمېتىر، ھېگىر شەكلىدە، باش تەرىپىدە 2 ـ 3 سانتىمېتىر كېلىدىغان كېسىشكەن تۇقۇرچە بار.

تاش ئوق تاش ـ مىس قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ساز كەنتىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر.

## 2. مىس (برونزا) قوراللار

مىس پالتا چۆچەك شەھىرى ئۇلاستاي ئېقىنىنىڭ قىرغىقىدىكى قەدىمىي خارابىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 6.7 سانتىمېتىر، ئىشتايىن ئۆتكۈر. جەنگو دەۋرىگە تەۋە.

مىس پىچاق چۆچەك شەھىرىنىڭ ئېمىل يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان. جەنگو دەۋرىگە تەۋە. جەمئىي ئىككى دانە، بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.9 سانتىمېتىر بولۇپ، يۈزى بىلەن ئۇچى ياي شەكلىدە، سېپىدا بىر تۆشۈك بار.

مىس پالتا چۆچەك شەھىرى ئۇلاستاي ئېقىنىدىكى قەدىمىي خارابىلىكتىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 17.5 سانتىمېتىر، گەۋدىسى قېلىن، تىغى ياپىلاق، بىسى كەمتۈك، ئاي شەكلىدە، دىئامېتىرى 3.5 سانتىمېتىر. مىس ـ تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە.

مىس قازان جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ئەرگۈڭ يېزىسى شىناۋ ئەترىتىدىن قېزىۋېلىنغان. قازاننىڭ كىچىك پۇتى ۋە ئىككى قۇلىقى بار. تېگى ياپىلاق، چوڭقۇرلۇقى 76 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 40.5 سانتىمېتىر.

ھايۋانلار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس ئەينەك تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ئەرگۈڭ يېزىسى تۇۋەنكى قاراتۆڭكۈر كەنتىدىن قېزىۋېلىنغان. دىئامېتىرى 16 سانتىمېتىر. كەينىگە 10 نەچچە ئۇششاق ھايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بىرى تولغىنىپ تۇرغان. ئەينەك يۈزى پارقىراق. تۆت ئەتراپىدا ئەلەتە ھايۋانلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىشىپ تۇرغان.

مىس نەيزە جەنگو دەۋرىگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ئېمىل يېزىسى سەنگۇڭ كەنتىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر. ئىنچىكە سېپى بار، ئۇچى ياپىلاق.

مىس كەكە مىس ـ تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ساز كەنتىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 17 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.6 سانتىمېتىر. بىسى ئۆتكۈر، گەۋدىسى قېلىن.

مىس خەنجەر جەنگو دەۋرىگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى تۇۋەنكى قاراتۆڭكۈر كەنتىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.5 سانتىمېتىر. ئىككى بىسلىق، سېپىغا يوپۇرماق شەكلى نەقىشلەنگەن.

مىس تەڭگە جەنگو دەۋرىگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ئەرگۈڭ يېزىسى تۇۋەنكى قاراتۆڭكۈر كەنتىدىن قېزىۋېلىنغان. دىئامېتىرى 23 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر، قورسىقى تەك، ئاستى تەكشى.

مىس ئورغاق جەنگو دەۋرىگە تەۋە. ئۇلاستاي ئېقىنى بويىدىكى تاش تاۋۇتلۇق قەبرىدىن

قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 24 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.5 سانتىمېتىر، بېشى ئۇچلۇق، كەينى تەرىپى قېلىن، ياي شەكىللىك، سېپىدا تۆشۈك بار.

مىس پىچاق      جەنگو دەۋرىگە تەۋە، ھەربىي قورال. چۆچەك شەھىرى ئەرگۈلۈك يېزىسى تۆۋەنكى قاراتۆڭكۈر كەنتىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 22.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر، قوش بىسلىق، ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە.

ئىسرىقدان      داسلىق شۇەندې ئىسرىقدانى، مىڭ سۇلالىسىگە تەۋە. چۆچەك شەھىرى ئۇلاستاي يېزىسىنىڭ باش تەرىپىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان. ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر، مىستىن ياسالغان. ئىككى ئۇز قۇلىقى، ئۈچ پۇتى بار. ئىچكى تەرەپ ئاستىدا «داسلىق شۇەندې ياسىغان» دېگەن خەت بار. تېگىدە مەرۋايىت چىشلەپ تۇرغان ئىككى ئەجدىھانىڭ نەقىشى بار.

سايلىق مىس ئەينەك      سۇڭ دەۋرىگە تەۋە، جەمئىيەتتىن يىغىۋېلىنغان. ئەينەك يۈزىنىڭ دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر، سېپى 10.5 سانتىمېتىر. ئەينەكنىڭ كەينىدە ئادەمنىڭ قوپما شەكىللىرى بار.

ئۈزۈم نەقىشلەنگەن مىس ئەينەك      تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىگە تەۋە. دۆربىلجىن ناھىيىسى دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىك 9 - شى 168 - تۇەن - مەيدانىدىكى قەدىمىي قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. دۈگىلەك، دىئامېتىرى 11.5 سانتىمېتىر. كەينىدە ئۈزۈمنىڭ، ئۈچار قۇشنىڭ نەقىشلىرى بار. ئەينەكنىڭ يۈزى تەكشى ھەم پارقىراق.

مىس پالتا      جەنگو دەۋرىگە تەۋە. تولى ناھىيىسىنىڭ ئۈرشۈلىت يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 25.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6.7 سانتىمېتىر، يۈزىگە يول چېقىرىلغان، بېشى ئۈچلۇق.

## 3. ئالتۇن يالىتىلغان مىس ئەسۋابلار

ئاۋالۇ كىستى سۆۋارا      مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە. شىخو ناھىيىسىدىكى تۆت سۇمىن لاما ئىبادەتخانىسىدىن يىغىۋېلىنغان. ئاۋالۇ كىستى سۆۋارا نىلۇپەر ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، بېشىدا تاجىسى بار. ئېگىزلىكى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12.3 سانتىمېتىر، پۈتۈن بەدىنىگە ئالتۇن يالىتىلغان. يەنە بىر ئاۋالۇ كىستى سۆۋارا تامىسىغا ۋە كۆكسىگە بىر نەچچە قىزىل، يېشىل ياقۇت ئورنىتىلغان. ئېگىزلىكى 22.1 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17.3 سانتىمېتىر. ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغان. بەدىنىگە ئالتۇن يالىتىلغان، نىلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان.

قوچاق قاراۋۇل      مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە. شىخو ناھىيىسىدىكى تۆت سۇمىن لاما ئىبادەتخانىسىدىن يىغىۋېلىنغان. ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13.5 سانتىمېتىر. پۈتۈن بەدىنىگە ئالتۇن يالىتىلغان. دوبۇلغا كىيىۋالغان، تۆرقى ھەيۋەتلىك.

قوچاق چەۋەنداز      مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە. شىخو ناھىيىسىدىكى تۆت سۇمىن لاما ئىبادەتخانىسىدىن يىغىۋېلىنغان. پۈتۈن بەدىنىگە ئالتۇن يالىتىلغان. تۇلپار مىنىپ، دوبۇلغا كىيىۋالغان، قولىدا قىلىچ تۇتقان، كۆزلىرى ئۈتكۈر، تۆرقى ھەيۋەتلىك. ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر.

مىس شىر      مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە. شىخو ناھىيىسىدىكى تۆت سۇمىن لاما ئىبادەتخانىسىدىن يىغىۋېلىنغان. ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر، مىستىن قۇيۇلغان، يۈزىگە ئالتۇن يالىتىلغان، سول پۇتىنىڭ ئاستىدا كەشتىلەنگەن شارنى قوچاقلاپ تۇرغان ئارسلانى بار.

ياتقان مىس كالا      مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە. شىخو ناھىيىسىدىكى تۆت سۇمىن لاما

ئىبادەتخانىسىدىن يىغىۋېلىنغان. ئېگىزلىكى 8 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 7 سانتىمېتىر. ياتقان كالىنىڭ يېنىدا بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرىسىغا ياتقان كۆرۈنۈشى بار. بۇنداق قىزىلما لاما دىنىدا كەڭ تارقالغان.

### 4. ياغاچ ئايىدە

قايتا ئېلىنغان تارباغاتاي سۈيجىڭ قورغىنى ئابىدىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 15. يىلى (1889 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - يىلى (1891 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر، تارباغاتاي سۈيجىڭ قورغىنى قۇرۇلغاندا ئورنىتىلغان. ياغاچ تاختايغا ئويۇلغان. تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.45 مېتىر، كەڭلىكى 1.55 مېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر. خەتنىڭ رەڭگى ئۆچكەن. ئۇ ھازىر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

### 5. تامغا

گۇڭگى شەرلىنى تامغىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 15 - يىلى (1785 - يىلى) چىڭ خاندانلىقى تورغان قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇق قانات جاساقى گۇڭگى شەرلىنگە بەرگەن تامغا. كۈمۈشتىن ياسالغان، ئېغىرلىقى 1.4 كىلوگرام، تۆت چاسا شەكىلدە، ھەر بىر تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 10.7 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.7 سانتىمېتىر، تۇپىدە 5.5 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قويۇلغان يولۋاس شەكىلدىكى تۇتقۇچى بار، يان تەرەپلىرىگە «چيەنلۇڭ 50 - يىلى 9 - ئاينىڭ پالانى كۈنى ياسالدى»، «تەقدىم ىىرقىسى»، «چىەن 609 - نومۇرلۇق» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار. تامغا يۈزىدە مانجۇچە، موڭغۇلچە تامغا خەتلىرى ئويۇلغان. ھازىر قوبۇقسار ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا ساقلانماقتا.

قەبىلە ياردەمچى ئەمىرلىرى تامغىسى تۆرگۈت قەبىلىسىنىڭ توققۇز ياردەمچى ئەمىرىنىڭ تامغىسى، مىستىن قۇيۇلغان، تۆت چاسا شەكىلدە، ھەر بىر تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 8.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.8 سانتىمېتىر، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 0.775 كىلوگرام، سېپىنىڭ ئېگىزلىكى 8.2 سانتىمېتىر، مانجۇچە، موڭغۇلچە خەت ئويۇلغان. بۇنىڭ ئالتىسى چيەنلۇڭ يىللىرىدا ياسالغان. ئۇلارنىڭ يان تەرىپىگە خەنزۇچە «چيەن 14956 - نومۇرلۇق»، «چيەنلۇڭ 42 - يىلى 12 - ئاينىڭ پالانى كۈنى»، «تەقدىم ىىرقىسى ياسىدى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. تامغىنىڭ ئۈستىگە موڭغۇلچە «تۆرگۈت قەبىلىسىنىڭ يەتتە ياردەمچى ئەمىرى تامغىسى» دېگەن خەت ئويۇلغان. قالغان ئۈچى داۋگۇاڭ يىللىرىدا ياسالغان. يان تەرىپىدە «داۋگۇاڭ 1227 - نومۇرلۇق»، «داۋگۇاڭ 13 - يىلى 4 - ئاينىڭ پالانى كۈنى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر ئويۇلغان. تامغىنىڭ ئۈستى ۋە سېپىگە «تۆرگۈت قەبىلىسى 7 - ياردەمچى ئەمىرى تامغىسى»، «تەقدىم ىىرقىسى ياسىدى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر ئويۇلغان. بۇلارنىڭ موڭغۇلچە ئويۇلغانلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىلايەتلىك ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

### 6. فارفور، ياغاچ ئەسۋابلار

لاما دىنىنىڭ لايدىن ياسالغان ھەيكىلى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە، چۆچەك شەھىرى چاشا يېزىسى 4 - ئەترىتىدىن قېزىۋېلىنغان. گۈمبەزچە ئىچىدە ئېگىزلىكى 9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8 سانتىمېتىر كېلىدىغان نەپچە ئولتۇرغان ئۆششاق ھەيكەل بار، قىزىل لايدىن ياسالغان.

مېيخۇا گۈلدېنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە، چۆچەك شەھىرىدىن يىغىۋېلىنغان. ئېگىزلىكى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.7 سانتىمېتىر، تېگى تەكشى، گۈلداننىڭ يۈزىدە 3 — 4 سانتىمېتىردەك مېيخۇا گۈلىنىڭ قاپارتمىسى بار، تېگىگە بىر قەۋەت قوڭۇر دانچىلىرى يېپىشقان.

فارفور گۈلدان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە، دۆربىلجىن ناھىيىسى دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىك

ۋ - شى 168 - تۈەن - مەيداندىن يىغىۋېلىنغان. ئېگىزلىكى 32 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 5.5 سانتىمېتىر، ئىككى بېشى كىچىكرەك، قورسىقى كۆپتۈرۈلگەن، ئېگى تەكشى.

## 5 §. قىياتاش رەسىملىرى، تاش ئويمىلار

قىياتاش رەسىملىرى ۋىلايىتىمىزدىكى ئالتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسىدە بايقالدى، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، كۆچمە چارۋىچىلىق، ئوۋ ئوۋلاش، ئۇسسۇل، ھارۋا، ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار، ئادەملەرنىڭ ئېلىشىشى قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان. پۈتكۈل ۋىلايەتتىكى قىياتاش رەسىملىرىنى رەڭلىك رەسىم، سىزما رەسىم، ئويما رەسىم دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇلار دېڭىز يۈزىدىن ئانچە ئېگىز بولمىغان سايلارغا، قىياتاشلارغا، كۆچ يوللىرىغا سىزىلغان. قىياتاش رەسىملىرى جىق جايلاردا نەچچە يۈزگە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىرەر ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بولسا، بەزىلىرى بىرەر مۇكەممەل ھېكايىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ قىياتاش رەسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، بەزىلىرى ئەمەلىيەتنى ئەينەن خاتىرىلىگەن، بەزى قىيا تاشقا سىزىلغان ھاۋاناتلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئەمەلىيەتتىكىگە ئوخشاش بولغان، بەزىلىرى بىر نەچچە كۋادرات مېتىرلا سىزىلغان.

### 1. قىياتاش رەسىملىرى

نايىنشوقى قىياتاش رەسىملىرى    چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر يېزىسىدىكى جامىرزا كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى نايىنشوقى تېغىدا، كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر. تاغ يوقىسىغا يېقىن جايدىكى بەش قارا ۋىزاشتقا سىزىلغان، ئۇنىڭدا ئىلگىرى - كېيىن سىزىلغان ئىككى يۈرۈش رەسىم بار. بەش يەردىكى ئىلگىرى سىزىلغان رەسىم بولۇپ، جەنۇبقا قاراپ تۇرغان، يوغۇر ئويۇلغان، يوغلۇقى 0.3 × 0.3 مېتىر ئەتراپىدا. ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ.



قىياتاش رەسىمى

قان، سوقۇشۇۋاتقان، ئاتقا مىنىۋالغان، ھارۋىدا ئولتۇرغان ھالەتلىرى سىزىلغان. ئۇلاردىن باشقا يەنە تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئات، كالا، تۆگە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. كېيىنرەك سىزىلغانلىرى شەرىقچە، غەربكە قاراپ تۇرغان، ئۈستىدا قازاق كىشى ئىسىملىرى، مىلادىيە يىل ھېسابى، چارۋىلار ۋە يەنە بىر ئايروپىلاننىڭ رەسىمى سىزىلغان.

**باردائۇل قىياتاش رەسىملىرى** چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ يېڭىيەر يېزىسىدىكى باردائۇل تېغىنىڭ غەربىدىكى كۆنگەي قىياتاشقا سىزىلغان. كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، چوڭلۇقى 0.3 × 0.2 مېتىر ئەتراپىدا. ئەڭ چوڭى بىر كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 300 دىن ئارتۇق رەسىم بار. بۇ يەردە ئاساسەن تاغ ئۆچكىسى، ئات، كالا، تۆڭگۈز، بۇغا، تۆگە، ئىتلارنىڭ شەكلى، ئوۋچىلىق ھەرىكەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يەنە بىر قىسمىدا قەدىمكى چارۋىچىلارنىڭ جىنسىي چوقۇنۇش ئېتىقادى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**شورشۆت قىياتاش رەسىملىرى** چاغانتوقاي ناھىيىسى مىلاندى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى چىگرىغا يېقىن بىر سايدا. ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر كېلىدىغان قىزىل، قارا قىياتاشلارغا تاغ ئۆچكىسى، بۆكەن ۋە ئۆچكىنىڭ شەكىللىرى ئويۇلغان.

**ئېمىل دەرياسى چېگرا پونكىتى قىياتاش رەسىملىرى** چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ جىيەك يېزىسىدىكى ئېمىل چېگرا پونكىتى قاراۋۇل مۇنارىنىڭ ئەتراپىدا. 800 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا 20 دىن ئارتۇق قىياتاش رەسىملىرى بار. كەڭلىكى 0.2 مېتىر، كۆپىنچىسى تاغ ئۆچكىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەكشى يۈنىلىشتە ئويۇلغان، بۇغا، ئىت، ئادەم ۋە ئوقيا ئېتىۋاتقان ئادەم قاتارلىق شەكىللەر بار.

**بېيىتبۇلاق قىياتاش رەسىملىرى** دۆربىلجىن ناھىيە قارائېمىل يېزىسىنىڭ بېيىتبۇلاق كەنتىدە، بىر قارا قىياتاشقا تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ شەكلى ئويۇلغان.

**قارائېمىل قىياتاش رەسىملىرى** دۆربىلجىن ناھىيە قارائېمىل يېزىسى جارقوجا كەنتىنىڭ 3 كىلومېتىر شىمالىدىكى جايدا. كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قىياتاشنىڭ يۈزىدە ھەر خىل بەلگىلەر بىلەن ئادەم، ھارۋا، بۇغا، ئارقار، تۆگە، كالا، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلارنىڭ ئويما رەسىمى بار.

**جولبۇلاق قىياتاش رەسىملىرى** دۆربىلجىن ناھىيە قارائېمىل يېزىسىنىڭ جولبۇلاق سېيىدا. يۈزى غەربىي جەنۇبقا قارىغان، كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قارا قىياتاشقا ئويۇلغان، ئادەمنىڭ، ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بار. بۇ يەردىكى ئادەم رەسىمى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**تۆبېقستاۋ قىياتاش رەسىملىرى (A گۇرۇپپا)** تولى ناھىيىسىنىڭ ئۆت بازىرى دائىرىسىدىكى يېغىنتىدىن ئۈتتىچە بولغان ناشىولنىڭ 81 كىلومېتىرلىق جايدا. چوققىدىكى قىياتاشنىڭ يۈزىگە 20 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئويۇلغان، ئەمما شەكىللىرى بۇزۇلغان 20 نەچچە قىياتاش رەسىمى بار. ھەر بىرىنىڭ چوڭلۇقى 0.35 × 0.15 مېتىر بولۇپ، ئاتقا مىنگەن مالچى، ئوقيا ئاتقان ئوۋچى ۋە بۇغا، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى بار.

**تۆبېقستاۋ قىياتاش رەسىملىرى (B گۇرۇپپا)** تولى ناھىيىسىنىڭ ئۆت بازىرى دائىرىسىدىكى يېغىنتىدىن ئۈتتىچە بولغان ناشىولنىڭ 83 كىلومېتىرلىق جايدا. كۆلرەڭ قىياتاشقا ئويۇلغان 50 نەچچە قىياتاش رەسىمى بار. كۆپىنچىسى جەنۇبقا قارايدۇ. ئىچىدە مال بېقىش ھەرىكىتى تەسۋىرلەنگەن. يەنە چوڭلۇقى 1 × 1 مېتىرلىق ھايۋانات رەسىمى بار. بولۇپمۇ بىر ھارۋىنىڭ رەسىمى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۈستىدە ئاتقا مىنگەن ئادەمنىڭ كەينىدە ئىككى چاقلىق ھارۋا بار. ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان بىر ئادەم قولىغا قامچا تۇتۇپ ئات ھەيدەۋاتقان. رەسىمنىڭ چوڭلۇقى 0.5 × 0.25 مېتىر.

تۆپچىستاۋ قىياتاش رەسىملىرى (C گۇرۇپپا) تولى ناھىيىسىنىڭ ئوت بازىرى دائىرىسىدىكى بۇقتىدىن ئۆتكۈچە بولغان تاشيولنىڭ 85 كىلومېتىرلىق جايىدا. يۈزى جەنۇبقا قارىتىلىپ، جەنۇبتىن شىمالغا سىزىلغان، كۆلىمى 9000 كۋادرات مېتىر، ھۆركەپ ۋە ئويۇپ سىزىلغان. چوڭلۇقى 0.35 × 0.15 مېتىر ئەتراپىدا، كۆپ قىسمى ئىت، بۇغا، ئارقار، تاغ ئۆچكىلىرىنىڭ رەسىمى.

كۆلە باستاۋ قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى تۇمۇرتام بازىرىنىڭ 16 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى جايىدا. بىر كىلومېتىرغا سوزۇلغان سايدىكى تاشلارغا ئوچۇق قىلىپ ئويۇلغان، ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرى بار.

نۇرسىلا كەنتىدىكى قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى قاراتۇبە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى تۈگەسايىنىڭ ئېغىزىدىكى قىياتاشنىڭ كۈنگەي يۈزىدە. كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر، چوڭلۇقى 0.3 × 0.3 مېتىر. ئۇنىڭغا ئاساسلىقى بۇغا، بۆرە، تاغ ئۆچكىسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

قاراتۇبە قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى قاراتۇبە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى نۇرسىلا قىياتاش رەسىمىگە يېقىن جايدىكى بۇلاقنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ چوققىسىدا، كۆلىمى 50 كۋادرات مېتىر. بۇ سۈرەتلەردە ئۆلگەنلەرنى ياد ئېتىۋاتقان، ئالاھىدە كىيىنىۋالغان ئادەم ۋە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ سۈرەتلىرى، ھەر خىل بەلگىلەر بار.

ئىشمايىل كەنتىدىكى قىياتاش رەسىملىرى بۇ تولى ناھىيىسى قاراتۇبە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى توساي جىلغىسىدا. كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ سۈرەتلەر قىياتاشنىڭ ئۇۋۇن قىسمىدىكى كۈنگەي تەرىپىگە سىزىلغان، چوڭلۇقى 0.4 × 0.4 مېتىر. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۈچ بۇرنىڭ قوي بېيىشى»، «نەيزە تۇتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر» قاتارلىق رەسىملەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ھەم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

لاباتاغبالى قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى قاراتۇبە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى لابا كەنتىگە ئوت كىلومېتىر كېلىدىغان سايىنىڭ ئىچىدە. ئىككى كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۆكۈش ھاكتاشقا ئويۇلغان، لابا دىنى ھەرپلىرىنىڭ نۇسخىسى بار. چوڭلۇقى 0.18 × 0.27 مېتىر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئويغان ئادەم رەسىمى بار، چوڭلۇقى 0.27 × 0.27 مېتىر.

قىزىلقورا قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى قاراتۇبە چارۋىچىلىق فېرمىسى ئورگىنىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىكى سايدا. سايىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كۆلرەڭ ھاكتاشقا ئويۇلغان، كۆلىمى 50 كۋادرات مېتىر، چوڭلۇقى 0.3 × 0.3 مېتىر ئەتراپىدا. قىزىل رەڭ بېرىلگەن تۆگە، ئادەم رەسىملىرى بار.

تاغبالى قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى دولاتى يېزىسى جۇمابای كەنتىنىڭ جايىر تېغىدا. كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قىزغۇچ گرانت تاشنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىگە ئويۇلغان، چوڭلۇقى 1 × 1 مېتىر ئەتراپىدا، كالا، بۇغا، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى بار.

قىينايات قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى كۆپ يېزىسى بۇلغىستاي كەنتىدىكى ئۆتنىڭ 11 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى بىر كىچىك ئېقىن بويىدىكى گرانت تاشنىڭ جەنۇبىي يۈزىگە ئويۇلغان، كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. رەسىمدە كالا، تۆگە، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلارنىڭ شەكلى بار.

كۆكخادا تاغبالى قىياتاش رەسىملىرى تولى ناھىيىسى كۆكخادا تاغلىق رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئويمانلىقنىڭ شىمالى قىرىدىكى كۈنگەي قىياتاشقا ئويۇلغان. تۆگە، بۇغا ۋە ئازراق تاغ

ئۆچكىسىنىڭ شەكلى بار، رەسىملەرنىڭ چوڭلىرى خېلى چوڭ، كىچىكلىرى 0.06 × 0.06 مېتىر كېلىدۇ.

كىچىك تېرەكلىك قىياتاش رەسىملىرى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ سەنداۋخېزى بازىرىدا. قارا تاشقا ئويۇلغان، يۈزى غەربىي جەنۇبقا قارايدۇ. تاغ ئۆچكىسى، بۇغا، تۆگە، تۆڭگۈز قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى بار، تېيىز ئويۇلغان، مەزمۇنىمۇ ناھايىتى ئاددى.

دەۋرسالا چوققىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تېبكىن ئۇسان يېزىسى دەۋرسالا سېيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى چوققىنىڭ ئون نەچچە يېرىدە تۈز تاش يۈزىگە ئويۇلغان. چوڭلۇقى 0.3 × 0.3 مېتىر ئەتراپىدا. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تاغ ئۆچكىسى، قالغانلىرى ئاتلىق ئادەم، ئۈۋچى، تۆگە، كالا، تۈلكە، بۆرە قاتارلىقلار.

ئەركىنامىن قىياتاش رەسىملىرى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قوبۇقسار چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى سالىبىرنىڭ بىر كىچىك چوققىسىنىڭ كەينىدىكى قىزغۇچ تاشقا ئويۇلغان. كۆلىمى 6 كۋادرات مېتىر، چوڭلۇقى 0.3 × 0.2 مېتىر ئەتراپىدا. كۆپ قىسمى تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، تۆگە قاتارلىقلار.

مىشكىن ئوبالى قىياتاش رەسىملىرى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تېبكىن ئۇسان يېزىسى سېيمىزتاي تېغىنىڭ شىمالىي ئېغىزىدىكى ئاقما شېغىل تاشلارغا سىزىلغان، تاشلارنىڭ چوڭلىرى ئون نەچچە كۆپ مېتىر، كىچىكلىرى ئاران 0.06 كۆپ مېتىر كېلىدۇ، ئۇلار يانار تاغنىڭ قارا ماگمىسى بىلەن ئاق گرانىت تاشتىن تەركىب تاپقان. قىياتاش رەسىملىرى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئون نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقتىكى مۇشۇ تاشلارغا ئويۇلغان، رەسىملەر ئادەملەرنىڭ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، ئوقيا ئېتىۋاتقان، ئاتقا، تۆگىگە مىنگەن پائالىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان، يەنە يالىڭاچ ئادەمنىڭ، ئات، كالا، قوي، تاغ ئۆچكىسى، بۆرە، قاپلان، تۈلكە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمىمۇ بار.

## 2. تاش ئويما

كۆلمازار تاش ئويمىسى چاغانتوقاي ناھىيىسى جىيەك يېزىسى كۆل كەنتىدىكى قازاق قەبرىستانلىقىدىكى ئۇزۇنلۇقى 0.8 مېتىر، كەڭلىكى 0.4 مېتىر كېلىدىغان تاشقا بىر خىل يېزىق ئويۇلغان، ئۇنىڭ قايسى يېزىق ئىكەنلىكى نامەلۇم.

تۆمۈرتام تاش ئويمىسى تولى ناھىيىسى تۆمۈرتام بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قىياتاشنىڭ باغرىدا ئېگىزلىكى 1.74 مېتىر، كەڭلىكى 4.27 مېتىر، قېلىنلىقى 0.45 مېتىر تاشقا ئويۇلغان ئۈچ قۇر تېبەتچە خەت بار، ناھايىتى ئېنىق ئويۇلغان ھەرپلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ ئوقۇغىلى بولىدۇ.

تاشقا ئويۇلغان تۈرك ئادىمى بۇ مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە تەۋە ئەتىقە. جايىر تېغىنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر، كەڭلىكى 0.38 مېتىر، قېلىنلىقى 0.27 مېتىر كېلىدىغان كۆك تاشقا ئويۇلغان سىنتاشتىكى ھەيكەلنىڭ چىچى كەينىگە قايرىلغان، يۈزى ئۇزۇنچاق، بۇرۇتلۇق، ئوڭ قولىدا جام، سول قولىدا قىلىچ تۇتۇپ مەيدىسىگە قويۇلغان بولۇپ، تۈرقى ھەيۋەتلىك.

新疆
地方志

（季刊）

目　录

2005 年第二期

总第七十一期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多来提
沙比尔·艾力

主　编
迪木拉提·木沙

副主编
阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格如力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
甫拉提·伊米提

# 目　录

**方志研究**

浅谈志书中的图和地图 …………………… 别丽克孜·买买提 1

**历史资料**

喀什噶尔之行 …………………… 乔汉·瓦里哈诺夫 8
俄罗斯驻喀什噶尔领事馆 …………………… 玛丽亚木·阿布来提 19
哈密地区现存的圣地 …………………… 阿衣姑丽·买买提 25

**人名研究**

同姓同名的区别方法 …………………… 霍加阿合买提·优努斯 30

**历史回忆录**

在小营盘的岁月 …………………… 34

**小常识**

成吉思汗的墓道地在哪儿？ …………………… 37
智移小楼 …………………… 胡正华 40

**历史人物**

玉苏甫江骚乱和吉力西尔汗·比公 …………… 开萨尔·多来提别克 41

**社会主义新方志**

《塔城地区志》第二十三编 文物 胜迹 …………………… 43

封一　属卡喇汗时期的攻打城堡为内容的银盘

特来提　提供

新疆地方志 维吾尔文(季刊)　　شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　办:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
　　　　新疆维吾尔自治区地方志学会

编辑出版:《新疆地方志》编辑部

地　址:乌鲁木齐市南湖路西一巷12号

印　刷:新疆金版印务有限公司

国内统一刊号 CN65—1128/K—W　　CN65—1128/K—W

电话:4640715　邮政编码:830063

定价:3.00元

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2005 · 3

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
22 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 72 - سان

**2005 - يىللىق**
**3 - سان**

**مەسلىھەتچىلەر**
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**
دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇرەۋن، ئابلەت ئىمىن، راملە، غويۇر موشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

**مەسئۇل مۇھەررىر**
پولات ھەمىت


## مۇندەرىجە

### مۇھىم ماقالىلەر


ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................ ئىسمائىل تىلىۋالدى 1
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................ جاپپار ھەبىبۇللا 7
دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، 2005 - يىلى 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلايلى ...... سۇي شۇجيې 10


### يىلنامە تەتقىقاتى


20 يىللىق شانلىق مۇساپە ........................ جەمىلە ئابلا 15


### تارىخ سەھىپىسىدە


ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قومۇل ھاۋا ئارمىيە بازىسى........................ ئايشەم ياقۇپ 22


### مەدەنىيەت يادىكارلىقى


توياشەھەر رىۋايىتى........................ ئىبراھىم ئەلقەم 25


### مەشھۇر شەخسلەر


ئاتاقلىق نەققاش مۇھەممەتئىمىن ئامان ۋە ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى توغرىسىدا........................ ئىمىنجان ئابدۇرېھىم 29


### تۈنۈگۈن - بۈگۈن


يەتتە قۇدۇق ........................ مامۇت غازى 33


### يەر ناملىرى تەتقىقاتى


ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بالىقچىلار ........................ ئىسمائىل تۆمۈرى 36
يوپۇرغىدىكى باغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىكى يەر ناملىرى........................ ئوبۇل مەخمۇت 39
پىچان ناھىيىسىدىكى مەھەللە ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدا ...... ئەھمەد ئىمىن ئەلتەزەر 43


### گۆھەر زېمىندا


ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ قىسقىچە تارىخى........................ رۇخسارى تۇرسۇن، ھەبىبە مەمەت 47


### سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن


«تونسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»دىن ........................ 51


مۇقاۋىدا: يۈز يىل ئاۋۋالقى كۆنا كوناشەھىرى
سۈرەتنى ئەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن تەمىنلىگەن

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

## ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

## (2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىنى تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ ئاپتونوم رايوننىڭ 2004 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ 2005 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر ئورۇنداش ۋە 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەييارلىقلىرىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىنى تۈزۈش ئىلگىرىكىنى تونۇپ يەتكەن، ھازىرقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كېلەچەككە يول ئاچىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئورۇنلاشتۇرغان بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك يېڭى تەزكىرىنى تۈزۈش خىزمىتى 1983 - يىلى رەسمىي باشلانغان بولۇپ، ھازىر 22 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك تەزكىرە خىزمەتچىلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تارىخ ئالدىدا، خەلق ئالدىدا ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن ئىزچىللىقنى يېتىپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ۋولۇمۇ بېقىنقى ئىككى يىلدا، جايلار، تارماقلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ ئاشتى، تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش سۈرئىتى روشەن تېزلەشتى، تەزكىرە كىتابلىرى سۈپىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى، تەزكىرە تۈزۈش كەيپىياتى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) تەزكىرىسى 91 گە، ۋەشىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نەۋسىدىكى كەسپىي تەزكىرە 57 گە، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنغىنى 26 گە يەتتى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» دىن 20 سان نەشر قىلىندى، بۇلاردىن باشقا يەنە رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇن بىر تۈركۈم ماتېرىيال كىتابلار نەشر قىلىندى. بۇ مۇھىم ئەسەرلەردە شىنجاڭنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ھەقىقىي تۈردە ئومۇميۈزلۈك خاتىرىلەنگەن، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ مۇھىم ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى




تارىخىي ئورنەكلەر بىلەن تەمىن ئەتتى، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قالدۇردى. بۇ يەردە مەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى،

سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەنگە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كۆپ يىللاردىن بۇيان باش چۆكۈرۈپ تىرىشىپ ئىشلەپ كەلگەن ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خىزمەتچىلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورايمەن!

تۆۋەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىر نەچچە پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك

تەزكىرە ئېلىمىزدە 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ھازىر بىز شۇغۇللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك تەزكىرە ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ھازىرقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كېيىنكىلەرگە نەپ يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپتە تونۇشنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك: بىرىنچى، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. مەيلى تارىختا بولسۇن، ياكى بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن، شۇ جاينىڭ ئەھۋالى تولۇق خاتىرىلەنگەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدارلار ياكى ھۆكۈمەتلەر تۈزگەن، شۇ سەۋەبتىن تەزكىرە كىتابلىرى «ھۆكۈمەت كىتابلىرى» دېيىلىپ كەلگەن. ھازىر سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىنى تۈزگەنلىك ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا جايلارنىڭ، دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگەنلىك. تەزكىرە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. ئەگەر تەزكىرە خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىگەن بولسا، يەرلىك ھۆكۈمەت مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. ئىككىنچى، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىلمىي پىلان تۈزۈشى ۋە توغرا تەدبىر بەلگىلىشىدىكى ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەت. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلمىغاندا، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە مۇھاكىمە قىلىشتىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى بىر جاينىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، يىغىش، تۈزۈش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئارقىلىق شەكىللەنگەن جاي ئەھۋالى ماتېرىيالى بىر خىل ئۇچۇر بايلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ جاي ئەھۋالىنى ئىگىلىشىنى شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشى ۋە تەدبىر بەلگىلىشىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تەزكىرە خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، ئاندىن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى تولۇق، توغرا ئۇچۇر بايلىقى بىلەن ئىگە قىلالايمىز، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشنى ئاساسىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتەلەيمىز. ئۈچىنچى، تەزكىرە ئىشلىرى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تەزكىرە بىر جاينىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «قامۇس»، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تارقىتىدىغان، ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرىدىغان مۇھىم شەكىل. يېڭى تارىخىي دەۋردە، سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىنى تۈزۈش سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇل قۇرۇلۇش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلمىي تەرەققىيات

يېزىشنى تىكلەش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك ماس جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەزكىرە خىزمىتى ئىشلىنىشىمۇ بولىدىغان، ئىشلەنمىسىمۇ بولىدىغان خىزمەت بولماستىن بەلكى چوقۇم ياخشى ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەت. جايلار، تارماقلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي يولداشلار يېڭى دەۋردە تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىگىلەپ ۋە تونۇپ، تارىخ يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق ھالدا ئۈستىگە ئېلىپ، ئىدىيە جەھەتتە ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەت جەھەتتە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**2. سۈرئەتنى تېزلىتىپ، سۈپەتنى ئۈستۈرۈپ، مۇشۇ يىل ئىچىدە تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك**

ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ ھازىر قويرۇقىنى ئۈزۈش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ يىل ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىز بىر تەرەپتىن تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ تاماملىشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقلىرىنى پۇختا ئىشلىشىمىز كېرەك. مۇشكۇل ھەم ئېغىر تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىگە قارىتا، جايلار، تارماقلار چوقۇم خىزمەت سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، خىزمەت رېتىمىنى تېزلىتىشى، سۈپەت ئۆلچىمىنى چىڭ تۇتۇش ئاساسىدا يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

بىرىنچى، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ قويرۇقىنى ئۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىسىنى (خەنزۇچىسىنى) تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسى 2005 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىشى كېرەك. ھازىر بۇ يىلنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئاران يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قالدى، تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تېخىچە ئورۇنداپ بولالمىغان جايلار ۋە تارماقلار خىزمەت سۈرئىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنداشقا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ئاقسىتىپ قويماسلىقى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورۇنلار، تارماقلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان تەكشۈرۈش ۋە يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمىتىدە كۆرۈلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئاكتىپ ماسلىشىپ، يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى تەزكىرە نەتىجىلىرى بىلەن ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، سۈپەت بىرىنچى دېگەن پرىنسىپتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، نادىر ئەسەر، داڭلىق تەزكىرە چىقىرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۈپەت تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى، شۇنداقلا تەزكىرە كىتابىنىڭ قىممىتى. تەزكىرە خىزمىتى بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىشلەنسىمۇ بولمايدۇ، بولۇپمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرغاندا، ۋاقىتنى، سۈرئەتنى

قوغلىشىپ سۈپەتكە سەل قارىغان بىلەن بولمايدۇ. تەزكىرە كىتابلىرى سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنىڭ تۆرتتۈن تەلەپلىرى بولىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاساسلىق بولغان مۇنداق ئۈچ تەلەپ بولىدۇ: بىرىنچىسى، سىياسىي جەھەتتە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىستىك ۋە تارىخىي ماتېرىيالىستىك قاراشقا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، بولۇپمۇ چوڭ ناھەق - چوڭ ھەق، مەسىلىسىدە، سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىسى، تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش جەھەتتە، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل، مەزمۇنى تولۇق، ماتېرىيال توغرا، يېزىق ئىخچام، قۇرۇلما مۇۋاپىق، بايان جايىدا بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچىسى، ماتېرىيال ئىگىلەش ۋە تاللاش جەھەتتە، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، توغرا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، ئەمەلىيلىكى، ئىلمىيلىقى ۋە ماتېرىياللىقى بىرلىككە كەلگەن بولۇشى، تەزكىرە كىتابى ھەقىقىي ئورىدە داڭلىق ئەسەر قىلىپ تۈزۈپ چىقىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرە خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە، تەرتىپ ۋە تۈزۈملەرنى يوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىشى، سۈپەت ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىگىلەپ، ئالدىراقسانلىق قىلىش ۋە قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قويۇشتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك. تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تېخىچە ئورۇنداپ بولالمىغان جايلار، تارماقلار ۋە ئورۇنلار ھەم ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشى، ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەپ كىتابنى چىقىرىشى؛ ھەم ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى، ھەم ئەستايىدىل بولۇشى، ئىنچىكە، ئۆلچەملىك ئىشلەش ئارقىلىق تارىخقا، خەلققە مۇناسىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى چىقىرىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايون، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى بىر مۇھىم خىزمەت. شۇ سەۋەبتىن ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى خەنزۇچىسى پىكىتلەنگەندىن كېيىن بىرلا ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا چىقىرىشنى بەلگىلىدى. شۇڭا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ خەنزۇچىسىنى نەشر قىلغان جايلار ۋە ئورۇنلار ئۇنى يوقۇم ئىمكانقەدەر تېز ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىرىشى كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئاقسىتىپ قويساق بولمايدۇ، ئىشلىمىسەك تېخىمۇ بولمايدۇ.

تۆتىنچى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، كېلەر يىلى 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك. مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەركەزنىڭ تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئېلىمىزدە كۆپ سانىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئەمچە يىل بۇرۇنلا يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ ئۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغاندىن كېيىن يەنى 2006 - يىلىدىن باشلاپ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىماقچى بولدى. ھازىردىن باشلاپ قەدەم باسقۇچقا بۆلۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كېلەر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقلىرىنى ئوبدان قىلىپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللىرىنى پاتال قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆگىنەك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرىنى باشلىنىشىدىنلا تىرىشىپ بىرقەدەر يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىغا ئىگە قىلىشىمىز ھەمدە تىرىشىپ مەملىكەتنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك.

## 3 . يېڭى يولنى كېڭەيتىپ، رېئاللىققا يېقىنلىشىپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش

## خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك

تەزكىرە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇنداق ئىككى ۋەزىپىسى بار: بىرى، «تۈزۈش»، يەنە بىرى «پايدىلىنىش». «تەزكىرە تۈزۈش چىڭ قائىدە، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ چىڭ قائىدە». تەزكىرىنى تۈزۈشتىن مەقسەت تەزكىرىدىن پايدىلىنىش، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىشقا ئىشلىتىپلا قالماستىن بەلكى ھازىرقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز زور بىر تۈركۈم تەزكىرە كىتابلىرى ۋە جاي ئەھۋالى ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى، ئۇلار ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇچۇر مەنبەسى ۋە غايەت زور بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا كىتاب، ماتېرىياللار ئالالمايدۇ. بىز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئىشلىگەن بۇ ئەسەرلەرنى كىتاب جازىسىغا، كۈتۈپخانىغا قويۇپ قويساق بولمايدۇ، چوقۇم «تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش» پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ ئۇنىڭ رولىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، تارىخ، تەزكىرە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقىغا ئىگە ئوقۇشلۇق ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئۇچۇر قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئورگان، كارخانا، مەكتەپ ۋە مەھەللىگە يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تارىخ، تەزكىرىلەرنىڭ رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، تەشۋىق قىلىش، ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەزكىرىنىڭ رەقەملىشىشى ۋە تورلىشىشىنى تېزلىتىپ، تەرەققىيات ئەندىزىسىنى يېڭىلاپ، تەزكىرە بايلىقىنى پائال ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، تور ئارقىلىق تەزكىرىنى خەلق بىلىش، چۈشىنىش ۋە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ رېئاللىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن تەزكىرىنى ئوقۇشى، تەزكىرىدىن پايدىلىنىشى، تەزكىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدىكى رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئىدارىلىرىدىكىلەر ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، خىزمەت ساھەسى ۋە مۇلازىمەت ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تارىخ، تەزكىرىنىڭ «ئۆرنەك بولۇش، تەربىيىگە ئىگە قىلىش» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تارىخ، تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ زور ئۇتۇققا ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلىشى، تارىخ، تەزكىرە خىزمىتىنى يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

## 4. رەھبەرلىكنى ۋە قوشۇننى كۈچەيتىپ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ساغلام، ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

تەزكىرە خىزمىتى ئۇزاق مۇددەتلىك، سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى «پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت باشقۇرۇش، تەزكىرە ئىدارىلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت تەزكىرە تۈزۈلمىسىدە باشتىن - ئاخىرى چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ «بىرنى كىرگۈزۈش، بەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش» تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، يەرلىك تەزكىرە خىزمىتىنى شۇ جاي، شۇ تارماقنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا ۋە مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، رەھبەر بولۇش، ئاپپارات بولۇش، خىراجەت بولۇش، قوشۇن بولۇش ۋە شارائىت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەشكىللەش، يېتەكلەش، ماسلاشتۇرۇش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى چوقۇم تارىخىي، سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، تەزكىرە تۈزۈشنى ھەقىقىي تۈردە دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق

ئۇلۇغۋار ئىش سۈپىتىدە بىر تۇتاش ئەھمىيەت بېرىپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى تۇتىدىغان تارماق بولۇش، ئىشلەيدىغان ئادەم بولۇشقا، ئاپپارات ۋە خادىمنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، تەزكىرە خىراجىتىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ گۈللىنىشى ئادەمگە باغلىق. تەزكىرە خىزمىتى ۋاقىتلىق ۋەزىپە ئەمەس، قولغا ئېلىنىدىغان ۋەزىپىمۇ ئەمەس، ئۇ يىلمۇ يىل داۋاملاشتۇرۇلمىسا بولمايدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت. شۇڭا چوقۇم تەزكىرە تۈزىدىغان بىر مۇقىم قوشۇن بولۇش كېرەك. تەزكىرە خىزمىتىگە كەلسەك، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ئاپپاراتىنى ئۆزگەرتمەسلىك، قوشۇننى تارقىتىۋەتمەسلىك، خىزمەتنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىق، تەزكىرە ئاپپاراتى، كەسپىي قوشۇن ۋە تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇقىملىقى، ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش. جايلار، تارماقلار تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە كەسپىي قوشۇننىڭ يىراق كېلەچىكىنى كۆزدە تۇتۇشى، ئاپپارات بولۇش، خادىم بولۇش ۋە خىزمەت بولۇشنىلا ئىشقا ئاشۇرۇپ قالماستىن، بەلكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ نورمال راۋاجلىنىشى ۋە كىتاب چىقىرىش خىراجىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەزكىرە كەسپىي قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ھازىر بار بولغان خادىم ۋە قوشۇننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، بولۇپمۇ باش مۇھەررىر ۋە تايانچ خادىملار چوقۇم نىسبەتەن مۇقىم بولۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، كۆپلەپ خادىملارنى تولۇقلاپ ۋە سەپلەپ، تەزكىرە كەسپىي قوشۇنىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەم پېشقەدەم يولداشلارنىڭ بولۇپمۇ پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم ئوتتۇرا ياش - ياش كەسپىي خادىملارنى تاللاپ سەپلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتچىل، پىشىقلىق يارىتىش، ھەمكارلىشىش ۋە تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە بىر ئەۋلاد تەزكىرە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈپ، تەزكىرە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، تەزكىرە كەسپىي خىزمەتچىلىرىگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ۋە كەسپىي ماھارەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى، نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق تەزكىرە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىمەنكى، تەزكىرە خىزمىتى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر مۇھىم بازا، سىياسىي جەھەتتە بولۇپمۇ مىللەت، دىن جەھەتتە ھەرگىز مەسىلە كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە خىزمەتچىلىرى چوقۇم سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى، سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە پۇرسەت قالدۇرماسلىقى كېرەك.

تەزكىرە خىزمىتى ئېغىر تەلەپ قىلىدىغان، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان جاپالىق خىزمەت، تەزكىرە خىزمىتى تارماقلىرىدا ئىشلەۋاتقان يولداشلارغا سەل قارىماسلىق كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، تارماقلار تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىغا، سىياسىي جەھەتتە ئىلگىرىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى تىرىشىپ غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئۇلارغا زۆرۈر خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم خىزمەت قىلىش، تېخىمۇ كۆپ نەتىجە، ياخشى نەتىجە يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

يولداشلار، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى زور، ۋەزىپىسى ئېغىر. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، روھنى ئورغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك ماس شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى: جاپپار ھەبىبۇللا

(2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى)

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە ئېچىلدى. بۇ يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۈنۈگۈن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر بايان قىلدى ھەمدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جايلار ۋە تارماقلارنىڭ رەئىسنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئوبدان تۇتۇشنى ئۈمىد قىلدى.

20 نەچچە يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە مول نەتىجىلەر ۋە شان - شەرەپلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلدى. بۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ ماددىي، سىياسىي، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى. بۇ نەتىجىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ، ئاپتونوم رايون مىقياسىدىكى تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان نام - ئابروي قوغلاشماي خالىس تۆھپە قوشۇپ، جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايون بۆسىدىكى بارلىق تەزكىرە خىزمەتچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

تۆۋەندە مەن تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە بىرنەچچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش كېرەك

تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشى. يولداش جياڭ زېمىن ئىلگىرى: سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سىستېمىلىق قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ھازىرقىلارغا خىزمەت قىلىدىغان، كېيىنكىلەرگە نەپ يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئىش دەپ كۆرسەتكەنىدى. ھازىر نۆۋەتتە رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇھىم، يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. يېڭى ۋەزىيەتتە تەزكىرە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشى ئىشلەش تەزكىرە ھۆججەتلىرىنى توپلاش ۋە ساقلاش، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى

ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. جايلار، تارماقلار بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار تەزكىرە خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تارىخ ـ تەزكىرە خىزمىتى ھەققىدىكى فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشى، تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۈنۈم يارىتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك.

### 2. مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم

2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى ئۈچۈن ئىپتىدادا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىلىدىغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل. بۇ يىل تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ، يېڭى تەزكىرە تۈزۈش باشلىنىدۇ، دېمەك، تەزكىرە خىزمىتى دۇچ كېلىدىغان ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. جايلار، تارماقلار ۋەزىپىنى ئېنىق تونۇپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ھەقىقىي، ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

1) مۇشۇ يىل ئىچىدە تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان يىراق مەزگىللىك نىشان پىلانىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، 2005 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىدۇ. بىراق نۆۋەتتە بەزى نازارەت ـ ئىدارىلەر ۋە ناھىيە (شەھەر) لەر تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تېخى ئورۇنداپ بولالمىدى، نەتىجىدە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاران %77 ى ئورۇندالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان تەزكىرە كىتابىدىن پەقەت 26 سى نەشر قىلىندى، بۇ نىشاندىكى ۋەزىپىدىن خېلى يىراق. تەزكىرە تۈزۈش ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى، قىلسىمۇ ـ قىلمىسىمۇ بولىدىغان خىزمەت ئەمەس، بەلكى چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك قاتتىق ۋەزىپە. جايلار، تارماقلار بولۇپمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولالمىغان ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار مۇشۇ يىغىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پىلان تۈزۈپ، خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھىدايەتچىلىك قىلىش، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن، ۋەزىپىلەرنى ئاقسىتىپ قويغان ئاز ساندىكى ئورۇنلارنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىدۇ، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ.

2) سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. سۈپەت تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جېنى. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر بولۇۋاتقان ھازىرقىدەك ئەھۋالدا جايلار، ئالاقىدار تارماقلار ۋە ھەر مىللەت تەزكىرە خىزمەتچىلىرى چوقۇم «سۈپەت بىرىنچى» ئېڭىنى چىڭ تۇرغۇزۇپ، ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلماسلىقى لازىم، ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەت نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېتەكچىلىك، ماسلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى، ئۇنى

دەرىجىلىك بېكىتىش تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، سىياسىي ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىشى كېرەك. ئۈچ دەرىجىلىك بېكىتىشتىن ئۆتمىگەن كىتابلارنى نەشر قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

3) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى يېرىلتىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنىڭ ھەر ۋىچىسى بېكىتىلىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش كېرەك. ھازىر تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولماقتا. بەزى خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 8 - 9 يىل بولغان بولسىمۇ، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسىنى نەشر قىلىش خىزمىتى تېخى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە تارماقلارنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلمىدى. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شۇڭا كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىدا شىنجاڭنىڭ تارىخى، بىر كەسىپ، بىر رايوننىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتكەنلىكىدەك ئۇلۇغ نۇساپىسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، قوغداش يولىدا نامايان قىلغان تىللاردا داستان بولغۇدەك ئەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئەينەن خاتىرىلىنىدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابلىرى دەۋر مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى «يەرلىك دەرسلىك». جايلار، تارماقلار تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئەھمىيىتىنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ، بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇشى كېرەك. خەنزۇچە تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىپ بولغان جايلار ۋە ئورۇنلار تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ ئىمكانقەدەر نەشر قىلىشى، ئىككى خىل يېزىقتىكى تەزكىرە كىتابىنىڭ ۋاقىت پەرقىنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىشى كېرەك.

4) تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ساھەلىرىنى كېڭەيتىپ، رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش. تەزكىرىنى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغاندىلا ئاندىن ئۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرىدىكىلەر ھەم تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن نادىر تەزكىرىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى، ھەم دەۋرگە خاس مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشى، تەزكىرە تۈزۈش بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئىدارىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ جايلار ئەھۋالىنى بىلىش، تارىخنى چۈشىنىش، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىدىكى زۆرۈر كىتابقا، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قورال كىتابىغا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جايلار ئەھۋالىنى چۈشىنىشتىكى دەرسلىك كىتابىغا، بىر جاي، بىر كەسىپنىڭ قىياپىتىنى تەشۋىق قىلىشتىكى تەشۋىقات كىتابىغا، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا قوللىنىشقا بولىدىغان جۇلا ماتېرىيال كىتابىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم.

## 3. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش لازىم

جايلار تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «بىرنى كىرگۈزۈش، بەش بولۇش»نى يەنى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ۋە ھەر دەرىجىلىك

# دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي تۈتۈپ ئەمەلىي ئىشلەپ، 2005 - يىلى 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلايلى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر: سۈي شۈجېي

رەھبەرلەر، يولداشلار:

بىز ئېرىشكەن بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسلىق قارارىمىز بار: بىرى، 2004 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، 2005 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش؛ يەنە بىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بېكىتىش. تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن.

1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2004 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتى

1) تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشتا يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى.

2004 - يىلى ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىدىن 18 ى نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك

---

ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، رەھبەر بولۇش، ئاپپارات بولۇش، خىراجەت بولۇش، قوشۇن بولۇش، شارائىت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چوقۇم يۇقىرى ساپالىق بىر ئايانچ قوشۇن بولۇشى لازىم. جايلار ۋە تەزكىرە ئىشخانىلىرى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئۇزاق مەزگىللىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە دەپ بىلىپ دائىم چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەزكىرىچىلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. يېڭى كۈچلەرنى تەربىيىلەش ۋە تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خادىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، سىياسىي ساپاسى ياخشى، سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى يۇقىرى، تەزكىرە كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەزكىرە سېپىگە ۋاقتىدا سەپلەپ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يولداشلار گۈللەنگەن دەۋردە تەزكىرە تۈزۈش ھازىرقىلارغا شەرەپ كەلتۈرىدىغان، كېيىنكىلەرگە نەپ يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەۋرگە ماس ھالدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى.

ئويۇنى تەزكىرىسى»، دائىرىسىدىكى كەسپىي تەزكىرە 7 توم يەنى «جاماڭەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى»، «پىلاكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى تەزكىرىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى. ئىشچىلار ئويۇشمىسى»، «ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى - خەلق قۇرۇلتىيى»، «ستاتىستىكا تەزكىرىسى»، داۋاملاشتۇرۇلۇپ ۋرولۇۋاتقانلىرىدىن «ئاماكىچىلىق تەزكىرىسى»، «پوچتا تەزكىرىسى». ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر تەزكىرىسى 12 توم يەنى «ئالتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «تۇرپان ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «باي ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قابا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تېكەس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يېڭىسار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شىنگو رايونى تەزكىرىسى»، «سايباغ رايونى تەزكىرىسى». 2004 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ خەنزۇچىسى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۇيغۇرچىسى يىل ئاخىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇيغۇرچە «ئاشلىق تەزكىرىسى»، «شايار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، قازاقچە «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىندى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 57 توم كەسپىي تەزكىرە نەشر قىلىنىپ، پىلان %66 ئورۇندالدى، 91 توم ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى نەشر قىلىنىپ، پىلان %85 ئورۇندالدى.

2) يىلنامە نەشر قىلىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز سىلجىتىلدى.

ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن بىڭتۈەن تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى يىلنامە چىقارغاندىن سىرت، ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرى، بايىنغولىن، بورتالا ئوبلاستلىرى، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، ئايرىم ناھىيە، شەھەرلەر ۋە قىسمەن نازارەت - ئىدارىلەرمۇ ئۆزىنىڭ يىلناملىرىنى نەشر قىلىپ چىقاردى.

3) تەزكىرىلەرنى ئازسانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بېرىلدى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش خىزمىتى ئالاقىدار تارماق ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە، غەمخورلۇقىغا مۇيەسسەر بولدى. ھازىرغىچە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابىدىن 26سى نەشر قىلىندى.

4) تەزكىرىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

5) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، خىزمەتلەرنىڭ ساغلام ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار خادىملار 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ۋە 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەر، قاراماي شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ، شۇ يەرنىڭ تەزكىرىچىلىك قوشۇنى، خىزمەت شارائىتىغا دائىر ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە ئۇلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تېخى ئورۇنداپ بولالمىغان 22 نازارەت - ئىدارىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەرمى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى قىلىچ داپىنلار يېتەكچىلىك قىلدى.

6) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.

2004 - يىلى «شىنجاڭ يىلنامىسى»، «بىڭتۈەن يىلنامىسى»، «ئۈرۈمچى يىلنامىسى» جۇڭگو يىلنامە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2004 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك يىلنامە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاشتا خەنزۇچە 2002 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ـ يەر تەۋرەش تەزكىرىسى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

7) مەملىكەتلىك تەزكىرە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى.

2004 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مەملىكەتلىك تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2004 - يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تەشكىللىدى ۋە يىغىندىن كېيىنكى ئېكسكۇرسىيە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدى.

8) تەزكىرە كادىرلىرى ئىچكىرىگە ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2004 - يىلى ئاساسىي قاتلامدىكى تەزكىرە كادىرلىرى ئىچكىرىگە ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلار ئاساسلىقى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ كەلدى.

## 2. 2005 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك

1) كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(1) «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. 2005 - يىلى كەمىدە تەزكىرىدىن 18نى نەشر قىلىش پىلانلاندى: «مەدەنىيەت تەزكىرىسى»، «بىناكارلىق تەزكىرىسى»، «ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى ـ ھۆكۈمەت»، «يەر تەزكىرىسى»، «مىللەت تەزكىرىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى ـ سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى ـ ئاياللار بىرلەشمىسى»، «مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسى»، «ئەسەر نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى»، «مائارىپ تەزكىرىسى»، «ساياھەتچىلىك تەزكىرىسى»، «رەڭلىك مېتال سانائىتى تەزكىرىسى»، «تاشقى سودا تەزكىرىسى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقى تەزكىرىسى»، «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەزكىرىسى»، «ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك تەزكىرىسى»، «باھا تەزكىرىسى»، «يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى». ئاپتونوم رايون «شەھەرلەر تەزكىرىسى»، «چوڭ ئىشلار»، «ئومۇمىي بايان»، «رايونلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى»، «مۇزلۇقلار، دەريا، ئېقىنلار تەزكىرىسى»، «يەر شەكلى تەزكىرىسى»قاتارلىقلارنى نەشر قىلىشقا مالىيەدىن 500 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. «ھايۋانات تەزكىرىسى»، «ئۆسۈملۈك تەزكىرىسى»، «تۇپراق تەزكىرىسى»، «يەر ناملىرى تەزكىرىسى»، «گېزىتچىلىك تەزكىرىسى»، «ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى ـ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى»، «دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار تەزكىرىسى»، «دىن تەزكىرىسى»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى»قاتارلىقلارنى چىڭ تۇتۇپ يېزىش ياكى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلىش كېرەك.

يىل بېشىدا كومىتېتىمىز «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىش مەسىلىسى توغرىلىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەخسۇس دوكلات يوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دوكلاتىمىزغا ئېتىبار بىلەن قاراپ، 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى نەشر قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش - كېلىشتۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون 2005 - يىلى نەشر قىلىنىدىغان 18 توم تەزكىرە كىتابىنى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا كاتتا سوۋغا قىلىشنى ئېنىق بەلگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ تەزكىرىلەرنىڭ ۋاقتىدا نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ ھەقتە «يېقىن خاتىرىسى» يازغانىدى.

(2) ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسىدىن توققۇزىنى نەشر قىلىش پىلانلاندى: «جېمسەنەي ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «خوتەن شەھىرى تەزكىرىسى»، «توققۇزتارا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «كېرىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «نىيە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «چىرا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «توقسۇن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاقسۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ۋە «قۇمۇل شەھىرى تەزكىرىسى» (2 - تۈزىتىلمە).

(3) «ئۇرۇمچىلىق تەزكىرىسى»نى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش، «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى» بىلەن «سوت تەزكىرىسى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلىش، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بېكىتىش، «ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ قىرغىزچە تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى تاماملاش كېرەك.

2) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

3) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئازسانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تەزكىرە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. تەزكىرە كىتابلىرى ئاممىغا يۈزلەنگەن، جايلار ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوقۇشلۇق، بولۇپمۇ تەزكىرە كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن پاكىتلار ئاممىغا ئىنتايىن يېقىن بولغاچقا، ئامما ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئىگىلىيەلەيدۇ. شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون، شىنجاڭنىڭ تارىخى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ تارىخىي پاكىت خەنزۇچە تارىخىي ئەسەرلەردىلا كۆپلەپ خاتىرىلەنگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولماستىن، ئاز سانلىق مىللەت تارىخىي ئەسەرلىرىدىمۇ خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن، ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدىكى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر بۇلارنى دەلىللىدى. تەزكىرە كىتابلىرى ئارقىلىق بۇ تارىخىي پاكىتلارنى ئاممىغا بىلدۈرگەندىلا يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تونۇش قىلىش يوليورۇقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىزچىللاشتۇرغانلىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىق. شۇڭا تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشىمىز، تەزكىرىلەرنىڭ خەنزۇچىسى نەشر قىلىنغان ھامان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئانچە ئىشلەنمەي قالدى. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى 1 - نۆۋەتلىك خەنزۇچە تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون مالىيىسى 2002 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 500 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىپ، نامرات ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشىغا ياردەم بەرمەكتە. 1 - نۆۋەتلىك خەنزۇچە تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بۇ مەبلەغنى مىللىي يېزىقتىكى تەزكىرىلەرنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مىللىي يېزىقتىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ.

4) يىلنامىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

«شىنجاڭ يىلنامىسى»نى نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، 2005 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ خەنزۇچىسىنى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئۇيغۇرچىسىنى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن

نەشر قىلىش كېرەك. يىلنامىنىڭ خەنزۇچىسىگە ماقالە، ماتېرىيال تەييارلاش، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنى تارقىتىش ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسى، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنىڭ بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

5) تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇش، تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭى 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش داۋامىدا نۇرغۇن تەجرىبە توپلاندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىمىز بۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مۇكەممەل تەزكىرە ئىلمى بەرپا قىلىپ، ئۇنى تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىدە يېتەكچى قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. كومىتېتىمىز كەسپىي تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىل يەنە ئىككى قارار كۇرس ئاچىدۇ. كۇرس ماتېرىيالى ئۈچۈن، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا «تەزكىرە خىزمىتى قوللانمىسى»نى تۈزۈپ چىقتى.

6) تەزكىرە كىتابى بايلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، تەزكىرە ئۇچۇرلىرىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

7) 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل پىلانلاپ، پائال تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا دەل ۋاقتىدا باشلاش كېرەك.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى باشقا قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىن خېلىلا ئارقىدا. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ھازىرغىچە 22 يىل بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا بىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى تۈزۈش لايىھىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرىنى تۈزۈش لايىھىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)نى تۈزۈپ، ۋەكىللەردىن پىكىر ئېلىشقا سۇندۇق. يىغىندىن كېيىن تۈزىتىپ تولۇقلاپ، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار»ى بىلەن بىرلىكتە چۈشۈرىمىز.

يولداشلار، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا قەدەم قويدى، بىرمۇنچە نازارەت ـ ئىدارىلەر ۋە قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم باسقۇچقا كىردى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى، مانا مۇشۇنداق كۆپ ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە ئالدىمىزدا تۇرماقتا. تەزكىرە خىزمەتچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى يولداشلار بىلەن بىرگە يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى مەركىزىي كومىتېت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەۋقەنى خىزمىتىمىزگە قويۇپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، پارتىيە، خەلق، تارىخ ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش روھىنى تىكلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداپ، تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى!

# 20 يىللىق شانلىق مۇساپە

## جەمىلە ئابلا

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

«شىنجاڭ يىلنامىسى» 1985 - يىلى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ھازىر 20 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تۈزىدىغان ئۇنىۋېرسال يىلنامە. ئۇ يىلنامە تەھرىراتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان چوڭ ھەجىملىك ھۆججەت خاراكتېرلىك يەرلىك قامۇس. ئۇنىڭدا ئالدىنقى بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بولۇپ ئۆتكەن تۈرلۈك ئىشلار سىستېمىلىق، ئەترابلىق بايان قىلىنىدۇ، سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلار ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن تونۇشتۇرۇلىدۇ. «شىنجاڭ يىلنامىسى» يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدۇ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت پىلانى تۈزۈشىنى ئاساس بىلەن، پەن تەتقىقات خادىملىرىنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە دائىر ئەڭ يېڭى ماتېرىياللار ۋە ئۇچۇرلار توپلانغان، ئۇ كەلگۈسىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى يېزىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ماتېرىياللارنى ساقلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى بىلەن تەڭلا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى يالغۇز شىنجاڭدىكى بىر مۆجىزە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت بويىچىمۇ بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ تۇنجى تومى 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان پەيتتە نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن ھازىرغىچە 20 توم نەشر قىلىندى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» تەھرىراتى تەرىپىدىن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسىنىڭ 2 - كوررېكتورلۇق تۈزىتىشى چىققاندىن كېيىن يەنى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى تەرجىمە خىزمىتى باشلىنىپ، ئۇيغۇرچىسى



12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ، 1 مىليون 600 مىڭ خەتلىك مۇشۇنداق چوڭ ھەجىملىك كىتابنى بىرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش ئۈچۈن، تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىدىكى خادىملار بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھاردىم - تالدىم دېمەي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، تىنىمسىز قوشۇپ ئىشلەپ، ۋەزىپىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداش روھى بىلەن ئورۇنداپ كەلمەكتە. يىلنامە خىزمىتىگە يىلنامە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ، تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ قايناق ھېسسىياتى، ئەقىل - پاراسىتى، جاپاغا چىداش روھى ۋە قان - تەرى سىڭگەن. ئۇلار ئۈنسىز قەلەم تەۋرىتىپ تىنىمسىز ئىشلەش ئارقىلىق يىلنامە ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋە ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلدى. بۇ 20 يىل جەريانىدا بارلىق خادىملارنىڭ بوشاشماي ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە، «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ سۈپىتى يىلدىن يىلغا ئۆستى ھەمدە ئاز بولمىغان خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن: 1999 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلەرنى باھالاشتا 1999 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 2004 - يىلى مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك يىلنامىلارنى ئۇنىۋېرسال باھالاشتا 2004 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ يىلنامىنىڭ لايىھىلىنىشى، يېزىلىشى، تۈزۈلۈشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 2004 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلەرنى باھالاشتا 2003 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 1995 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاشتا 1994 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 2002 - يىلى ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى باسما بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان باسما بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاشتا، 2001 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1987 - يىلدىن باشلاپ يىلنامىمىزنىڭ ھەرپى كومپيۇتېردا تىزىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن يىلنامە بەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى ئۆلچەملىك، ھەرپ نۇسخىلىرى چىرايلىق، جەدۋەللەرنىڭ باسىلىشى مۇۋاپىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. يىلنامە مۇقاۋىسىنىڭ سۈپىتىمۇ يىلمۇ يىل ئۆستى.

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك سەۋىيىسى ۋە نەشردىن چىقىش ۋاقتى، تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا زور ئىلگىرىلەش بولدى. 1993 - يىللىق ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ نەشردىن چىقىش ۋاقتى 1992 - يىللىق يىلنامىسىدىن يەنە ئىلگىرى سۈرۈلۈش بىلەن بىللە، ھەرپ شەكلى مۇۋاپىق كىچىكلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بەت سانى 1992 - يىللىق يىلنامىسىدىن

يەنە 500 بەت ئازايدى، شۇنىڭ بىلەن يىلنامىنى يۆتكەش، تارقىتىش ۋە ئىلمىي يۈرۈشكە قولايلىق يارىتىلدى. يىلنامىنى نەشر قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەتمۇ تېجەلدى. 1998 - يىلدىن باشلاپ ھەر توم يىلنامە شۇ يىلى 12 - ئايدا نەشردىن چىقىۋاتىدۇ.

يىلنامە قىسىم، تۈر ۋە ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان. يىلنامىنىڭ تۈزۈلۈشى يىلنامە سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. 20 يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ لايىھىلىنىشى يىلدىن يىلغا ياخشىلىنىپ، ئۆزلۈكسىز ئىلمىيلىشىشقا، قېلىپلىشىشقا، مۇۋاپىقلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يىلنامىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ باردى.

1985 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» «ئالاھىدە ماقالىلەر»، «ئومۇمىي ئەھۋال»، «سىياسىي»، «ھەربىي ئىشلار»، «ئىقتىساد»، «پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت - مائارىپ»، «مىللەت»، «ئىجتىمائىيەت»، «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى»، «1984 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، «ۋاپات بولغان شەخسلەر» ۋە «قوشۇمچە ماتېرىياللار» دىن ئىبارەت 12 قىسىمدىن تەركىب تاپتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مۇھاجىرلار خىزمىتى، تاشقى ئىشلار، سىياسىي - قانۇن قاتارلىق تۈرلەر سىياسىي قىسمىغا كىرگۈزۈلدى؛ ئىقتىساد قىسمىدا مالىيە، پۇل مۇئامىلە، سانائەت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى، ئاتلىق، ماددىي ئەشيا، سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش، مال باھاسى، سودا - سېتىق قاتارلىق تۈرلەر تەسىس قىلىنغاندىن باشقا، يەنە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، كارتوگرافىيە، دۆلەت زېمىنىنى پىلانلاش، ھاۋارايى، گېئولوگىيە قاتارلىق تۈرلەر تەسىس قىلىندى؛ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ قىسمىدا پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلەر تەسىس قىلىنغاندىن باشقا، يەنە نەشرىياتچىلىق، ئاخبارات، رادىئو - تېلېۋىزىيە، سەھىيە، تەنتەربىيە، مىللەت قاتارلىق تۈرلەر تەسىس قىلىندى.

1990 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» 6 - توم يىلنامە بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى چوڭقۇر دائىرىدە تەڭشەلدى. ئالدىنقى توم يىلنامىلەرگە قارىغاندا ئىلمىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭدا ئوتتۇراھال، كىچىك قىسىملارغا بۆلۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئەسلىدىكى 12 قىسىم «ئالاھىدە ماقالىلەر»، «ئومۇمىي ئەھۋال»، «چوڭ ئىشلار» قاتارلىق 35 قىسىمغا كۆپەيتىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر قۇرۇلۇشىغا دائىر مەزمۇن 1985 - يىللىق يىلنامىدە ئومۇمىي ئەھۋال قىسمىغا قوشۇپ بايان قىلىنغانىدى، بۇ توم يىلنامىدە ئايرىم بىر قىسىم قىلىندى. «شەخسلەر» قىسمىدا ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا دائىر ماتېرىياللار كۆپەيتىلدى. 1990 - يىللىق يىلنامىنى 1985 - يىللىق يىلنامە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇرۇلمىسىدا خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، مەزمۇنى تېخىمۇ تولۇقلاندى، تۈرلىرى تېخىمۇ ئېنىق بولدى.

1995 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»

11 - توم يىلنامە بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆزگەرتىلىپ، چوڭ، ئوتتۇراھال قىسىملار تەڭ ئورۇنغا قويۇلدى، ئوتتۇراھال قۇرۇلما ئاساس قىلىندى. 2000 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» 16 - توم يىلنامە بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى 1995 - يىللىق يىلنامىسىنىڭكىگە قارىغاندا خېلى زور تەڭشەلدى؛ «مالىيە، پۇل مۇئامىلە» قىسمى «مالىيە، باج»، «پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، ئاكسىيە» دېگەن ئىككى قىسىمغا، «قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش، كارتوگرافىيە» قىسىملىرى «شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى»، «مۇھىت ئاسراش» دېگەن ئىككى قىسىمغا ئايرىلدى، «مەدەنىيەت، ئاخبارات» قىسمى «مەدەنىيەت» دەپ ئۆزگەرتىلدى. شىنجاڭنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن «شانلىق 50 يىل» دېگەن سەھىپە كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىدى؛ «سىياسەت» قىسمىدا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى سەھىپىسى؛ «مالىيە، باج» قىسمىدا مالىيە، يەرلىك باج، دۆلەت بېجى سەھىپىسى؛ «ساياھەتچىلىك» قىسمىدا ئومۇمىي بايان، مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، كەسىپ باشقۇرۇش قاتارلىق سەھىپىلەر تەسىس قىلىندى.

2004 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» 20 - توم يىلنامە بولۇپ، جەمئىي 39 قىسىمغا ئايرىلدى. بۇنىڭدا «شىنجاڭنى ئېچىش»، «تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار»، «ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك»، «زېمىن بايلىقى»، «مىللەت، دىن»، «نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت» «ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى»، «ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت» قاتارلىق قىسىملار كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 2003 - يىللىق يىلنامىدىكى «قاتناش، ئالاقە» قىسمى «قاتناش، ئۇچۇر كەسپى» گە، «مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق» دېگەن قىسىم «ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق» قا، «سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك» دېگەن قىسىم «تېببىي داۋالاش، سەھىيە» گە ئۆزگەرتىلدى؛ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا دائىر مەزمۇنلار «ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار» قىسمىغا كىرگۈزۈلدى.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئالاھىدىلىكى

1) كەڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇش — «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. «يىلنامە» نىڭ مەزمۇنى مول ھەم يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇچۇر دائىرىسى كەڭ. ئۇنى ئوقۇساق، 1 مىليون 600 نەچچە مىڭ كۋادرات مېتىرلىق دىيارىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خېلى تولۇق خەۋەردار بولىمىز. يەنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر بىر ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزا - قىشلاقلىرىدىكى، شۇنداقلا ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىملار، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ھەرقايسى ساھە، تارماقلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەش - ئەمگەكلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن ۋاقىپلىنىمىز.

2) «يىلنامە» توغرا، ساغلام سىياسىيلىككە ئىگە. بىز «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ ئومۇمىي سىياسىي يۆنىلىشىنىڭ ساغلاملىقىنى ھېس قىلىمىز؛

«يىلنامە» دىكى نۇرغۇن خاتىرىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە بىزنىڭ بۇ سىياسەتلەرنى قايتا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

3) «يىلنامە» يىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ھەر يىللىق تومىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالدىنقى بىر يىللىق ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، يىل ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 2002 - يىللىق يىلنامىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئەھۋالى؛ 2003 - يىللىق يىلنامىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى؛ 2004 - يىللىق يىلنامىدا مارالبېشى ناھىيىسىدە يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ «سارس» قا تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، يىل ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

4) «يىلنامە» دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. 1991 - يىللىق يىلنامىدا شىنجاڭدىكى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي بوشاشماي ئىزچىللاشتۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي مېڭىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى نەتىجىلىرى، يېڭى تەرەققىياتى سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور ئىلگىرىلەشلەر، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىللىق تەرەققىيات پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى كىرگۈزۈلگەن. 1995 - يىللىق يىلنامىدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛ سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى؛ مەركەزنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەزمۇنلار نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 1997 - يىللىق يىلنامىدا شىنجاڭدا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا جىددىي تەسىر كۆرسەتكەن ئەھۋالدا، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلى قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ئومۇمیۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى ساقلاپ قېلىنغانلىقى، شۇنىڭدەك شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقى بايان قىلىنغان. مۇشۇ ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، 1998 - يىللىق يىلنامىدا شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارماق كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى ھەمدە

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئۇقتىلىق رايونلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، زوراۋانلىق - تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارماقلار كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

5) «يىلنامە» يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. «يىلنامە» دە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە يەرلىك ئالاھىدىلىك چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن: 1985 - يىللىق يىلنامىنىڭ دېھقانچىلىق قىسمىدا قوغۇن - تاۋۇز بايلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، شىنجاڭ ئۈزۈمى؛ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت - مائارىپ قىسمىدا شىنجاڭدىكى قۇملۇقلار ۋە ئۇنىڭ تىزگىنلىنىشى؛ ئىجتىمائىيەت قىسمىدا شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج - تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان؛ 1990 - يىللىق يىلنامىنىڭ دېھقانچىلىق قىسمىدا دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى، ئامراتلارنى يۆلەيدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى؛ مائارىپ قىسمىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە دېھقان، چارۋىچىلارغا ئەمەلىي تېخنىكا ئۆگىتىش؛ مەدەنىيەت، ئارخىپچىلىق قىسمىدا مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى؛ ئىجتىمائىيەت قىسمىدا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدىن ئومۇمىي بايان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. 1995 - يىللىق يىلنامىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك قىسمىدا شىنجاڭنىڭ 1994 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلىرى، 1994 - يىلى شەھەر، ناھىيە ئىقتىسادىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان ئون ئورۇننى باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇش ئەھۋالى؛ سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك قىسمىدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سەھىيە خىزمىتىنىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى بايان قىلىنغان. 2003 - يىللىق يىلنامىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش قىسمىدا غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى؛ مىللەت، دىن قىسمىدا شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان 13 مىللەتنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى؛ ساياھەتچىلىك قىسمىدا ئالاھىدە ساياھەت لىنىيىلىرى؛ سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك قىسمىدا تېببىي دورىگەرلىك خىزمىتى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى؛ يېزا ئىگىلىك قىسمىدا شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، قىزىل كەسىپ ئەھۋالى، ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانى؛ چارۋىچىلىق سەھىپىسىدە شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك ئەھۋالى، ئامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش سەھىپىسىدە نامرات ناھىيىلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قاتارلىقلار بايان قىلىنىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

4. «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ پايدىلىنىش قىممىتى

1) ماتېرىيال مەنبەسى مول ۋە سىستېمىلىق،

2) ساقلاش ۋە پايدىلىنىشقا ئەپلىك.

3) ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشتىكى ياخشى ياردەمچى.

4) يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئۈچۈن ئىشەنچلىك ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال ساقلاپ بېرىدۇ. «شىنجاڭ يىلنامىسى»گە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارماقلار، ئورۇنلار، ئوبلاست (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر) لەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملار ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىغان. ئارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار ئويۇزلۇق بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن. شۇڭا بۇ ماتېرىياللار ئىنتايىن توغرا ۋە ئىشەنچلىك. ئاخبارات ۋە تەتقىقات ئىزدىنىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى تولۇقلاش، ئەمەلىيلەش داۋامىدا «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇلارنى ئىشەنچلىك ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

5) تارىخ يېزىش، تەزكىرە تۈزۈشتە پايدىلىنىدىغان ياخشى ئاساس. تارىخ يېزىش ۋە تەزكىرە تۈزۈش ئۈچۈن، ھەر جەھەتتە ئالاقىدار تۈرلۈك ماتېرىياللارنى توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە قەدىمكى زاماندىكىسى، يېقىنقى زاماندىكىسى ۋە ھازىرقى زاماندىكىسى بولىدۇ. «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا ھازىرقى زاماندىكى ھەر جەھەتتە ئالاقىدار تۈرلۈك ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەھۋاللار توغرا ۋە ئەينەن بېرىلگەچكە، تارىخ يازغۇچىلار ۋە تەزكىرە تۈزگۈچىلەرنى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

دېمەك، «شىنجاڭ يىلنامىسى» 20 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 20 يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇساپىسى ئەينەن خاتىرىلەندى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدەك تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىپ بېرىلدى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا گۈزەل يۇرت - ماكانلارنى قۇرۇپ چىققانلىقى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكىدە ھەمنەپەس بولۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئورتاق ئىلگىرىلەش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدەك تارىخىي كۆرۈنۈشلەر نامايان قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە ئائىت ھەقىقىي تەدبىرلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى خاتىرىلەندى.

قىسقىسى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» - جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشىدىكى مۇھىم كۆزنەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم ياراق. ئۇ، ۋەقە، ھادىسە، ئىشلارنىڭ چىن - ھەقىقىي خاتىرىسى، ھازىرقىلار ئۈچۈن دەستۇر، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەينەك. «شىنجاڭ يىلنامىسى» - مۇشۇ زاماننىڭ كەلگۈسى زامانغا يوللىغان يوللانمىسى، ھازىرقىلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان شەجەرىسى، شۇڭا ئۇنى ئوبدان چىقىرىش تارىخنىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قۇمۇل ھاۋا ئارمىيە بازىسى

## ئايشەم ياقۇپ

(قۇمۇل شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە تارىخى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1920 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭغا يالڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ھاۋا يولى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلگەن. دەل مۇشۇ چاغدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى دۇنياغا مەشھۇر رونكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ياۋروپا - ئاسىيا ھاۋا يولىنى ئېچىش ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ۋە ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان. كېلىشىمدە ھاۋا يولى نەنجىڭدىن باشلىنىپ شىنجاڭدىكى قۇمۇل، ئۈرۈمچى، چۆچەك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بېرلىنغا ئۆتىدىغان بولغان. 1929 - يىلىغا كەلگەندە ئۇقمىرىدىكى كېلىشىم بويىچە قۇمۇل، ئۈرۈمچى، چۆچەكلەردە ئايرودروم ياسالغان.

1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ھەربىي ئايروپىلان، ترانسپورت ئاپتوموبىلى، بېنزىن ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى سېتىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. بۇلار شىنجاڭ ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە توشۇلىدىغان بولىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى چۆلگە جايلاشقان بۇرۇنقى ياۋروپا - ئاسىيا ئايرودرومى ئۆتكەن - كەچكەن ئايروپىلانلار چۈشۈپ ماي قاچىلايدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئايرودرومنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئاشخانا قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان بىرقانچە ئېغىز كېسەك ئۆيدىن باشقا ئۆي يوق ئىدى. ھاۋا يوشلۇقىدىكى، يەردىكى ئىشلارنى ئىشلەيدىغانلار ۋە ئايرودروم خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى چېدىردا ياتاتتى. دەسلەپتە قىرغۇچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سەپ بويىچە ئۇچۇپ كېلىپ قۇمۇل ئايرودرومىغا قونۇپ، سۇ، ماي قاچىلاپ (ئەينى چاغدا



ئايروپىلانلارنىڭ بىر قىسمى سۇ بىلەن سوۋۇتۇلاتتى) ، ئاندىن لەنجۇ، شىشەن، يۇچىڭ ۋە ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى. 1938 - يىلى قىرغۇچى ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇلدا قۇراشتۇرۇلىدىغان، زاپچاسلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاپتوموبىل ئارقىلىق توشۇپ كېلىنىدىغان بولدى. ئەينى چاغدا ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسى لەنجۇغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان، ئايرىم بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى تېخى ياقىپكىمۇ ھۇجۇم قىلغانىدى. ئايروپىلانلارنى بىخەتەر قۇراشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇمۇل ئايرودرومىدا V — 16 تىپلىق قىرغۇچى ئايروپىلاندىن ئون نەچچىسى، C6 تىپلىق يېنىك بومباردىمانچى ئايروپىلان ئەترىتىدىن بىرى ۋە ئاز ساندا باشقا تىپتىكى ئايروپىلانلار تۇرغۇزۇلدى. ئايروپىلان قۇراشتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھاۋا ئارمىيىسىدىن زور بىر تۈركۈم ئاۋىئاتسىيە خادىمىنى بۇ ئايرودرومغا ئەۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ خېلى كۆپ تېخنىكنى ئەۋەتتى. بۇ تېخنىكلار شىنجاڭدىكى مېخانىكىلىق مەشغۇلاتلارنى قىلالايدىغان يەرلىك ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئايروپىلان قۇراشتۇراتتى. قۇراشتۇرغان ئايروپىلانلارنى سىناق قىلىپ ئۇچۇرۇش، ئېتىش سىنىقى قىلىش قاتارلىق ئېھتىياجلاردىن چىقىش ئۈچۈن، ئايرودرومنىڭ ماتېرىيال ئامبىرى، ماي ئىسكىلاتى، ئوق - دورا ئىسكىلاتى، ئايروپىلان توختىتىش سۇپىسى كېڭەيتىلدى، يېڭىدىن ئايروپىلان ئىسكىلاتى سېلىندى. ئايرودرومدا يەنە ماي قاچىلاش ماشىنىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى، سىلىقلاش مېيى قاچىلاش ماشىنىسى، ئايروپىلاننى ئوت ئالدۇرۇش ماشىنىسى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ماشىنىلار ۋە خادىملار سەپلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىدى.

قۇمۇل جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى توشۇش تۈگۈنى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، دائىملىق تۇرىدىغانلار ۋە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلار سانى كۆپىيىپ، يەرلىكنىڭ كۆمۈرچىلىك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاشلىق سانائىتىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ ئاشلىق پىششىقلاش ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا قۇمۇل ۋاڭلىرى زامانىسىدىكى 20 تۈگمەننىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالغاندىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان، بۇنىڭ بىلەن يەنە نۇرغۇن تۈگمەن ياسالدى. 1939 - يىلى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا قوش تۇلۇقلۇق يېڭىچە سۇ تۈگمىنى قۇرۇلدى، كىشىلەر ئۇنى «ئەجنەبىيچە» تۈگمەن دەپ ئاتاشتى، بۇ تۈگمەننىڭ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى، تارتقان ئۇنى سۈپەتلىك بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ئۇن تارتىلدى. ئىسسىنىشقا كېرەكلىك ئوتۇن تاغدىن تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كېلىنەتتى، كېيىنچە ئارانچى كان ياي ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ، يېقىلغۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى. قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدا نۇرغۇن كىچىك خۇمدانلار بارلىققا كەلدى. 1938 - يىلى قىزىل 8 - ئۇۋەن قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، ئايرودرومدا ماي ئىسكىلاتى، ئوق - دورا ئامبىرى، ئۈسكۈنە ئامبىرى، ئاپتوموبىل

ئامبىرى، رېمونتخانا ۋە بىر كۆلۈپ سالدى، بۇ قۇرۇلۇشلارغا بىر سوۋېت ئىنژېنېرى يېتەكچىلىك قىلدى.

قۇمۇلدىكى بۇ ئايرودرومدا V—14 تىپلىق، V—16 تىپلىق قىرغۇچى ئايروپىلانلار، يېنىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلار قوراشتۇرۇلدى. C6 تىپلىق يىراق مۇساپىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان، T6—3 تىپلىق ئېغىر بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە P—5 تىپلىق قۇتقۇزۇش ئايروپىلانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇچۇپ، يول ئۈستىدە بۇ ئايرودرومغا قونۇپ، سۇ، ماي قاچىلاپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئۇچاتتى. 1941 - يىلى گېرمانىيە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى پائالىيەتلەر توختاپ قالدى.

قۇمۇلدىكى بۇ ئايرودروم ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنى جۇڭگوغا توشۇشتىكى مۇھىم تۈگۈنگە ئايلاندى. بۇ ئايرودرومنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تۈگۈنلۈك رولىغا ھەمدە قۇمۇل خەلقىنىڭ بۇ جەرياندا ئۈستىگە ئالغان ئېغىر ۋەزىپىسىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە).
2. «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە).
3. «قۇمۇل شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - قىسىم، 8 - قىسىم (ئۇيغۇرچە).

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

## جۇڭگو قاراكۆل قويى ماكانى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى ئالاھىدە مەھسۇلات ئىقتىسادى كەسىپىي ھەيئىتى كۇچا ناھىيىسىگە «جۇڭگو قاراكۆل ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. كۇچا ناھىيىسىنىڭ قولدا قالغان قاراكۆل قويى 400 مىڭ تۇياقتىن ئاشىدۇ.

## جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى كۇچا ناھىيىسىنىڭ چىمەن يېزىسىغا «جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. چىمەن يېزىسىنىڭ ئاھالىسى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزۈندىن بېرى شەكلى ھەر خىل ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، چىمەن يېزىسى دېھقانلىرىنىڭ ياخشى ئەترىتىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇقام خەلق سەنئىتى ئۆمىكى ۋە يېزا مەدەنىيەت پونكىتى تويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، ئۇلار تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر نومۇرلارنى داۋاملىق ئىجادىي قىلىپ، يېزىلارغا بېرىپ تويۇن قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

— ماتېرىيالدىن

# توپاشەھەر رىۋايىتى

ئىبراھىم ئەلقەم

(شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ تەتقىقات كومىتېتىدىن)

توپاشەھەر خارابىسى شايار ناھىيە بازىرىنىڭ 22 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى يېڭىمەھەللە بازىرىنىڭ يېڭىمەھەللە 2 - چوڭ ئەترىتىنى تەۋەسىگە جايلاشقان. مەزكۇر خارابىدىكى شەھەر سېپىلىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قالدۇقىنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى 300 مېتىر بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 80 مېتىر، ئەڭ ئېگىز يېرى 4.32 مېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 12.5 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر خارابىسىنىڭ قالدۇق كۆلىمى تەخمىنەن 6000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. توپا قەدىمىي شەھەرنى يەرلىك كىشىلەر «بوركەشنىڭ قەدىمىي شەھىرى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە («بوركەش» دېگەن ئاتالغۇغا ھازىرغىچە ئېنىق پاكىت يوق).

توپاشەھەر توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان، بۇ رىۋايەتنى ئىلمخۇمار، ھۈنەرۋەن مەھەممەت نىياز كۆنچى سۆزلەپ بەرگەن، ئۇنىڭغا بۇۋىسى، بۇۋىسىغا بۇۋىسى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، بۇ رىۋايەتنى ئاق مەسچىت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىمىن نىياز ئاكا ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان خاتىرىسىدە ساقلاپ كەلگەن.

قەدىمكى زاماندا بۇ دىياردا بىر شەھەر بولۇپ، رەستە - كوچىلىرى ئاۋات، سودا - سېتىق جانلانغان، ھۈنەرۋەن كاسىپلار ناھايىتى كۆپ بىر قايناق شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ بىر ئادالەتپەرۋەر ھەم دانا پادىشاھى بولۇپ، خەلقى باياشات، خاتىرجەم، ئامانلىقتا ھايات كەچۈرىدىكەن. شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىن سۈيى سۈپسۈزۈك بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن، شەھەر ئەتراپى تولىمۇ گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت، بايلىقى مول بولۇپ، ھەر خىل ئۇچار قۇشلار سايرىشىپ، جان - جانىۋارلار ئويناقشىپ تۇرىدىكەن. ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن بۇ گۈزەل ئەلگە بىر يات ئەل پادىشاھىنىڭ كۆزى چۈشۈپ تاجاۋۇز قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەردىكى ۋە بۇ شەھەرگە قاراشلىق پۈتكۈل خەلق ئادىل پادىشاھنىڭ باشچىلىقىدا جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن قان تۆكۈلۈپتۇ. ئاخىرىدا پادىشاھقا سادىق خەلق جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ ياۋ لەشكەرلىرىنى يېڭىپتۇ. ئادىل پادىشاھ ئادالەت



بولىدا غەلىبە قىلىپتۇ. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ تۇرغۇن جەسەتلىرى قەبرىسىز قاپتۇ، بۇ شەھەر بىنا بولغاندىن تارتىپ بۇنداق جەڭ بولۇپ باقمىغانىكەن. جاھان تىنچىغاندىن كېيىن ئۇلار يەنىلا ئۆزىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋېرىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان تاجاۋۇزچى ئەلنىڭ پادىشاھى يەنىلا قارا نىيىتىدىن يانماي تۈرلۈك ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئۆزىگە سادىق بىر لەشكەرنى ئادىل پادىشاھ ئېلىگە مەخپىي ئەۋەتىپ، پادىشاھنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ لەشكەر بارلىقنى ئالغاندىن كېيىن يۇقىراچە ياسىنىپ دەرھال يولغا چىقىپ بۇ ئەلگە كەپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئوردىدىن چىقىپ بوستانلىقلارنى ئارىلاپتۇ. ھېلىقى نامەرد لەشكەر پادىشاھ قايتىدىغان يولغا يوشۇرۇنۇۋې- لىپ، پادىشاھ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا زەھەرلىك ئوقيا ئېتىپتۇ، پادىشاھ يىقىلىپلا جان ئۈزۈپتۇ، بۇنى بىلگەن خەلق ۋە ياساۋۇللار ھېلىقى مەلئۇننى تۇتۇۋېلىپ قىيما-قىيما قىلمۇەتمەكچى بوپتۇ، بىراق قارا نىيەت ۋەزىر ئۇلارنى دەرھال توسىۋاپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۇزۇندىن بېرى خانلىق تەختىگە كۆز تىكىپ تۇرغان، ئەمما پادىشاھقا قەست قىلىشنىڭ ئەپلىك چارىسىنى تاپالمايۋاتقانىكەن، ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇشۇ قاتىل ياساۋۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بوپتۇ. ئۇ كۆرۈنۈشتە قاتتىق قايغۇرغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئازابلىق يىغلاپ خەلقنى ئالداپتۇ، ئەمەلىيەتتە ھېلىقى نامەرد لەشكەرنى قوغداپ قالماقچى بولۇپ، مۇنداق دەپتۇ: ھازىرچە ئاچچىقلانمىسىزغا ھاي بېرىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئالدى بىلەن زىندانغا تاشلاپ تۇرايلى، پادىشاھنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئوبدان ئۇزىتىۋالغاندىن كېيىن بۇ قاتىلنى بىر تەرەپ قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. خەلق مۇشۇ سەۋەبتىن چۈكۈپتۇ، يۇرت باشپاناھسىز قالسا بولمايدۇ دە. شۇنىڭ بىلەن ئوردا مۆتىۋەرلىرى پادىشاھلىق ئورنىغا نامزات تىكلىمەكچى بولۇشۇپتۇ. پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان توققۇز ياشلىق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، ۋەزىرلەر كېڭىشىپ ئۇنى پادىشاھلىققا تەيىنلەشنى قارار قىلىپتۇ، بىراق ئۇ 15 ياشقا كىرگىچە دۆلەت ئىشلىرىنى ۋەزىرلەردىن بىرى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئادالەتنىڭ كۆزى يوق دېگەندەك بۇ قېتىمقى ئامەت ھېلىقى قارا نىيەت ۋەزىرگە كەپتۇ. ئۇ ئىچىدە تولىمۇ خۇشال بولۇپ، قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قارىشىنى ئېتىپتۇ. «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەندەك، ئۇ ۋەزىر كۆرۈنۈشتە پادىشاھلىققا سادىق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەلنى ئادىل باشقۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن كۆڭلىدە كېچە - كۈندۈز شاھزادىنى ئۆلتۈرۈپ، ئوردىنى قانغا بوياپ ئۆزى مەڭگۈ پادىشاھ بولۇشنى ئويلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ياۋ لەشكىرى ئېسىگە كەپتۇ دە، ئۇنىڭ ياۋۇز كۈلكىسى چىرايىغا تېپىپ چىقىپتۇ. قارا كۆڭۈلگە ماسلاشقاندەك بۇ كېچە ئۆتچىلىك قاراڭغۇ بولۇپ كېتىپتۇكى ئاسماندا يۇلتۇزمۇ چىقماپتۇ. مانا بۇ كېچىدە قارا نىيەت ۋەزىر ئۆزى تۇرغۇزۇپ قويغان باقاۋۇل ۋە ياساۋۇللار ئارقىلىق ھېلىقى قاتىل ياۋ لەشكىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ خانىسىدا قاتتىق مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىپتۇ. تاجاۋۇزچى ياۋ ئېلى سىرتتىن

ھۇجۇم قىلسا ۋەزىر ئىچىدىن ماسلىشىپ بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغىماقچى بوپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە قارا نىيەت ۋەزىر ياۋ تەرەپكە بۇ زېمىننىڭ يېرىمىنى بەرمەكچى بوپتۇ، لېكىن بۇ بەتنىيەت ۋەزىر ياۋ ئېلى ئۇتۇق قازانغاندا ئۆزىنى بۇ يۇرتقا باش قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپ قارشى تەرەپنىڭ خانىغا مەكتۇپ يېزىپتۇ.

بىر كۈنى تۈن قاراڭغۇسىدا مۇناپىق ۋەزىر ياۋ لەشكەرلىرىنى باشقىچە ياساندۇرۇپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن قارا تۈن قوينىغا كىرىپ بۇ شەھەردىن غايىب بوپتۇ. مۇناپىق ۋەزىرمۇ، تاجاۋۇزچى ئەلمۇ جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقىنى باشلىۋېتىپتۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كەپتۇ، ئۇلارنىڭ تەييارلىقىمۇ پۈتۈپتۇ. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ياۋ قوشۇنى شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئوردا ئەتراپىدا شەپە چىقارماي قارا نىيەت ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. بۇ كۈنى قارا نىيەتلەرنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ تۈن شۇنچىلىك قاراڭغۇ بوپتۇكى، خۇددى ئەتراپقا قارا لاتا تارتىپ قويغاندەك ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قارا نىيەت ۋەزىر ئوردىدىن ئاستا شەھەر سېپىلى ئۈستىگە چىقىپ گۈلخان يېقىپ بەلگە بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلۈپتۇ، بۇ شەھەردە 3 كېچە - كۈندۈز قىرغىنچىلىق بوپتۇ، تاجاۋۇزچى ئەل ئاتاقلىق ئۆلىمالارنى، پادىشاھلىقتا سادىق ۋەزىرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، خوتۇن - بالىلىرىنى، داڭلىق تېۋىپ ۋە رەققاسلارنى، ئاياللار ۋە بالىلارنى مەيدانغا يىغىپ چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ياۋ لەشكەرلىرى ئۇچرىغانلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇچرىغانلا ئاشلىق ئامبارلىرى، قوتاندىكى چارۋىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئوردا ئىچى ۋە سىرتى ئۆلۈكلەرگە تولۇپتۇ، شەھەر ئىچىدە قان دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. جەڭدىن كېيىن تاجاۋۇزچى ئەل بىلەن مۇناپىق ۋەزىر غالىب كەپتۇ، ئادەم قېلىپىدىن چىققان بۇ قىرغىنچىلىقنى كۆرگەن خەلق يۇرتنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. شەھەرگە ياۋ ئېلى خانى بىلەن قارا نىيەت ۋەزىر ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەڭرىنىڭ بۇ ناھەقچىلىككە غەزىپى كەلدىمۇ بىر كۈنى بۇ شەھەردە قاتتىق بوران چىقىپ دەل - دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ زېمىنغا تاشلاپتۇ، قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئاسماندىن توپا يېغىپتۇ، ھەممىلا يەردە قەھەتچىلىك، ئاچ - زارلىق يۈز بېرىپ، تاجاۋۇزچى ئەل پادىشاھى، ھېلىقى مۇناپىق ۋەزىر ۋە ئۇلارنىڭ قول - چوماقلىرى ئېچىنىشلىق ۋەيران بوپتۇ. قاچقانلار قېچىپتۇ، قاچالمىغانلار خانىۋەيرانلىقتا ھالاك بوپتۇ. شەھەر توپا ئاستىدا قاپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ ئاخىرى بۇ شەھەر بىر دۆۋە توپىغا ئايلىنىپتۇ. بالايى ئاپەت دەستىدىن يۇرتنى تاشلاپ كەتكەن خەلق باشقا يۇرتلارغا چىقىپ جېنىنى ياققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گۈزەل ۋە ئاسايىشلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىنى زادىلا ئۇنتۇيالماي ئانا يۇرتىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە بۇ يەرگە كەلگىنىكەن، قارىغۇدەك بولسا بۇرۇنقى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت شەھەردىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، بۇ گۈزەل شەھەر بىر دۆۋە توپىغا ئايلىنىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەسرەت، نادامەت چېكىپ، ئىچى قاتتىق ئۆرتىنىپ توپاشەھەر بىلەن ئىككىنچى قېتىم

خوشلىشىپتۇ. شۇڭا بۇ شەھەرنى كىشىلەر توپاشەھەر دەپ ئاتاپ كېتىپتۇ.

توپا قەدىمىي شەھىرى خارابىسى 1960 - يىللاردىن بۇرۇن ناھايىتى ھەيۋەتلىك خارابىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى ھالىتىدىن نەچچە ھەسسە كەڭ ۋە چوڭ ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇ يەردىكى دېھقانلار تېرىلغۇ يېرىگە ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن شەھەر خارابىسىنىڭ، سېپىللارنىڭ توپىسىنى قېزىپ، شەھەرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى تۈزلىۋەتكەن، بىرقانچە ئائىلە ھەتتا تراكتور بىلەن شەھەر سېپىللىرىنى تۈرتۈپ تۈزلەپ تۈرالغۇ ئۆي سېلىۋالغان، بەزى قىسىملىرىنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋالغان، بۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر خارابىسى ئەسلىدىكى ھەيۋەتلىك ھالىتىنى يوقىتىپ ھازىرقىدەك ئىگىز - پەس دۆڭلۈككە ئايلىنىپ قالغان. توپاشەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. دېھقانلار توپا ئېلىش جەريانىدا سېپىل تېمىنىڭ ئاستىدىن ئورغاق (تاش ئورغاق)، تاش ساقا، تاش نەيزە، تاش باشاق، تاش يارغۇنچاق، تاش ئىدىش قاتارلىقلارنى تاپقان. بۇلار تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە يادىكارلىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى دېھقانلار ئۇقماي چېقىۋەتكەن، بىر قىسمىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتكەن. تاش ئىدىش ئىچىدىن تېرىق، پاۋا بۇغداي، ئارپا (ئاپاخىنەك)، قىچا، چىگىت، كەندىر، كۆك چاينىڭ قالدۇقلىرى چىققان.

2. سىغىز لايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياساپ خۇمداندا پىشۇرۇلغان كوزا، كوزا پارچىلىرى، چىرايلىق چۆچەكلەر، گۈل نەقىشلەنگەن چوت ئۇرۇقى، مىس بارماق، يەنە بىر تامغا چىققان. بۇ تامغىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئويۇلۇپ بولۇپ، بىر دېھقان ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويغان، بۇ تامغىنىڭ ئۇلاق يۈزىدە خەت بار ئىكەن، لېكىن ئۇ خەتنى ھېچكىم ئوقۇيالمىغان، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بۇ دېھقاننىڭ 10 ياشلىق ئوغلى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ ئويناپ يوقىتىۋەتكەن.

توپاشەھەر خارابىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنىڭ توپىسى قارامتۇل بولۇپ، ياز كۈنلىرى دېھقانلار شەھەر خارابىسىنىڭ ئىچىگە سۇ قويغاندا سۇ پاتلىشاقغۇ بولۇپ كېتىدىكەن، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىغا قارىغاندا «بۇ شەھەرگە بۇرۇن ئوت قويۇۋېتىلگەنلىكى ئېنىق، ئادەم، ياغلىق دان، ئاشلىق، چارۋا بىللە قوشۇپ كۆيدۈرۈلگەچكە، توپىسى نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق پاتلىشاقغۇ پېتى تۇرغان» دېگەن گەپ بار.

تەھرىرلىگۈچى: بىلقىز مۇھەممەد

# ئاتاقلىق نەققاش مۇھەممەتئىمىن ئامان ۋە ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى توغرىسىدا

## ئىمىنجان ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن)

ئاتاقلىق نەققاش، رەسسام ۋە سىرچى مۇھەممەتئىمىن ئامان ئۇستام 1932 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئاتاقلىق نەققاش، سىرچى ئامانخان ئۇستام (ئامان يۈسۈپ) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 8 يېشىدىن ئارتىپلا دادىسىدىن سىرچىلىق، نەققاشچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 18 يېشىدىن باشلاپ نەقىش ئىشلەش، لايىھەلەش، سىرچىلىق، رەسىم سىزىش ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئىشلەپ، بارا - بارا ئەل ئىچىدە نام چىقىرىشقا باشلىغان. 1954 - يىلى شىنجاڭ سانايى نەفىس تەركىبىدە دېكراتسىيە خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە نەتىجىگە ئېرىشىپ ئوبۇن قويۇشقا قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل ئانسامبىلىدا 1958 - يىلغىچە ئىشلىگەن. «چولاق سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇش»، «ئېچىلىش - سايراش» دولقۇنىدا، ئۇ خىزمەتتىن ئاشلاپ غۇلجا شەھىرىگە كەتكەن. غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ساددا ساندۇق (سىرلانمىغان ياغاچ ساندۇق) سېتىۋېلىپ، ئۇنى نەقىشلەپ، سىرلاپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. ساندۇقلارغا چۈشۈرۈلگەن چىرايلىق نەقىشلەر كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇ «قەشقەرلىق» دېگەن نام بىلەن نەققاشلىق، سىرچىلىق كەسپىدە داڭق چىقارغان.

1959 - يىلى ئۇ رۇس رەسسامى گرازوف① بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ئەينى چاغدا گرازوف كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چوڭ مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىپ بېرەتتى، مۇھەممەتئىمىن ئامان ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان. بۇ ئىككىسى ياش جەھەتتە ئانچە پەرقلەنمىگەچكە ئاغىنە بولۇپ ئۆتۈشكەن. گرازوف مۇھەممەتئىمىن ئامانغا رەسساملىقنىڭ ئەڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى يەنى شەكىل، سىزىق، رەڭ، بىر پۈتۈنلۈك، يىراق - يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ۋە رەڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەتكەن. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە مەشھۇر رۇس رەسساملىرى رېپىن، سوركوف، شىشكىن قاتارلىقلارنىڭ رەسىم توپلاملىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان ھەمدە تېخنىكىلىق ماھارەتلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇ بۇ بىلىملەرنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان ھەمدە



بۇلارنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن. ئەينى چاغدا گرازوف چوڭلۇقى 3 - 4 مېتىر كېلىدىغان بىر پارچە ماي بوياق مەنزىرە رەسىمىنى 2 - 3 ئايدا ئاران سىزىپ بولاتتى ھەمدە باھاسىنىمۇ يۇقىرى قوياتتى. لېكىن مۇھەممەتئىمىن ئامان بۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى رەسىمنى 5 - 6 كۈندىلا سىزىپ پۈتكۈزەتتى، بۇ رەسىملەر رەڭلىرى ئانچە تەبىئىي بولمىسىمۇ لېكىن كىشىگە ئوچۇق - يورۇق، پاكىز، ساپ، ئاددىي - ساددا، يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى، شۇنداقلا باھاسىمۇ ئەرزان بولغاچقا كىشىلەرنى خېلىلا جەلپ قىلاتتى. مۇھەممەتئىمىن ياۋروپا رەسساملىقىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر رەسساملىقىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ياراتقانىدى.

1960 - يىلى ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. 1960 - يىللىرى قەھەتچىلىك كۆرۈلۈپ ھەممە ئادەم قورساق غېمىدا قالغاندىمۇ ئۇ ھۈنىرىنى تاشلىماي، بۆشۈك سىرلاش، ساندۇق، كونا پەتنۇسلارغا گۈل - نەقىشلەرنى سىزىش ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدىدى.

1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ ئىچىگە مىللىي پاسوندا شىپاڭ ياسالدى، بۇ شىپاڭلارنىڭ ياغاچچىلىقىنى قەشقەردىكى داڭلىق ياغاچچى تۇرسۇن نىياز ئۇستام، سىرچىلىق ۋە نەققاشچىلىقىنى مۇھەممەتئىمىن ئامان ئىشلىدى. بۇ نەتىجىلەر قەشقەر خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىقتى.



ئاتاقلىق نەققاش مۇھەممەتئىمىن ئامان

شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1990 - يىلغىچە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ساندۇق، ئىشكاپ، تومۇزچىكا ۋە كونا پەتنۇسلارنى سىرلاپ ئۇلارغا گۈل - نەقىش ۋە مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىش، ئەينەككە رەسىم سىزىش، مەككە - مەدىنىنىڭ رەسىمىنى سىزىش، قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىش، 4 - 5 مېتىرلىق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق رەختكە مەنزىرە رەسىمى سىزىش (دېكوراتسىيە)، ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى 4 - 5 مېتىر چوڭلۇقتا سىزىش، ئاياللارنىڭ نېپىز گاز ياغلىقلىرىغا گۈل سىزىش، ئۆي -

ئىمارەتلەرنىڭ تام - تورۇس، ئىشىك - دېرىزە، مېھرابلىرىغا رەڭلىك نەقىشلەرنى سىزىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ 20 نەچچە شاگىرت تەربىيىلىدى، بۇلار ئىچىدە ئوغلى مۇھەممەت تۇرسۇن، ھوشۇر قارى، تۇراخۇنلار بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنۈپ يېتىشىپ چىقتى.

ئۇ 1960 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان 30 يىلدا تۆۋەندىكىدەك كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلدى:

1. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ۋونىكىسىنى رەڭلىك قىلىپ لايىھىلەپ سىزىپ چىقتى.

2. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇببىسىنى لايىھىلەپ سىرلاپ نەقىش ئىشلىدى.

3. ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ يېنىدىكى مەسچىدنىڭ پوتكول سىرچىلىق، نەققاشچىلىق، مەنزىرە رەسسامچىلىق ئىشلىرىنى لايىھىلەپ ئىشلەپ چىقتى.

4. قەشقەر خەلق باغچىسى ئىچىدىكى 2 مىللىيچە ئىشپاكنىڭ سىرچىلىق ۋە نەقىشلىرىنى لايىھىلەپ ئىشلىدى (يۇقىرىقى ئەسەرلەر ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا).

5. ئاپتونوم رايونلۇق ئويۇن ئۆمىكى 1978 - يىلى تەييارلىغان «غېرىپ - سەنەم» دىرامىسىنىڭ دېكوراتسىيە، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا سەھنە جابدۇقلىرىنى لايىھىلىدى ۋە ئىشلىدى.

مەن 1968 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مۇھەممەتئىمىن ئامان ئۇستام بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇستام ھەر كۈنى تامغا رەخت تارتىپ 3 - 4 مېتىر چوڭلۇقتا بىر پارچە ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى سىزاتتى. مەن ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ تاكى 1973 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىچە ئۇنىڭدىن ھۈنەر ئۆگەندىم. ئۇ ناھايىتى كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىنى باھالاپ، پىكىر بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلاتتى.

مۇھەممەتئىمىن ئاماننى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان نەققاش ۋە رەسسام دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەجدادلاردىن قالغان سىزىش تېخنىكىسىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنى يوقاتمىغان، شۇ ئاساستا دەۋر روھىنى قوبۇل قىلىپ يېڭىلىق ياراتقان. ئۇنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى تۆۋەندىكىچە:

1. نەقىشنىڭ رەڭسىز شەكلى جەھەتتە: تىپىك ئۇيغۇر نەقىشىگە ئائىت بولغان ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قالغان. مەيلى قانداق نەقىش ئىشلىسۇن، ھەممىسىدە ئۇيغۇر نەقىشىگە خاس ھېسسىياتنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ نەقىشلەر باشقا ئۇسلۇبتىكى نەقىشلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق نەقىشلىرى» دىكى نۇرغۇن نەقىش ئۆرنەكلىرى مۇھەممەتئىمىن ئاماننىڭ ياكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ.

2. نەقىشنىڭ رەڭگى جەھەتتە: قىزىل، كۆك، يېشىل، ئاق، قارا رەڭدىن ئىبارەت ساپ رەڭلەرنى كۆپ ئىشلەتكەن. ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى رەڭلەرنى كۆپ ئىشلەتكەن. ئاق ياكى قارا سىزىقلار ئارقىلىق نەقىشنىڭ رەڭلىرىنى كۈچەيتكەن. نەقىشلەرنى مۇمكىن قەدەر ئوچۇق، يورۇق رەڭلەر بىلەن قوراشتۇرۇپ چىققان. ئالتۇن ھەل بىلەن كۆمۈش ھەلنى كۆپ ئىشلەتكەن.

3. رەسىمنىڭ شەكلى جەھەتتە: ئۇ

رېئال دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ئۆز ئەينى بويىچە ئەينەكتەك سىزىشقا تىرىشقان. شۇنداقلا ھەرقانداق شەكىل، تۈزۈلۈشلەرنى نەقىشلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

مۇئەممەتئىمىن ئاماننىڭ رەسسامچىلىقىنى ھەقىقىي تۈردىكى ھازىرقى زامان رەسسامچىلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن سىزمىچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ ھازىرقىلاشتۇرۇلغان كونكرېت ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ياۋروپا رەسسامچىلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ھەم جۇڭگوچە رەسىمنىڭ ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرگەن. بۇنى ئۇنىڭ رەسىم ۋە نەقىشلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. نەقىشلەرنىڭ شەكلىدە كونا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى سىزىقنى ئاساس قىلىپ سىزىش ئۇسلۇبى ئاساس قىلىنغان. نەقىشلەرنى قوراشتۇرغۇچى كىچىك شەكىللەر دەل شۇ تام رەسىملىرىدىكى ئاساس شەكىللەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

2. مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىشتا جۇڭگوچە رەسىم ئۇسلۇبى بىلەن ياۋروپا ماي بوياق رەسىم ئۇسلۇبىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەن. ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى ياراتقان.

3. رەڭ جەھەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي رەڭ چۈشەنچىلىرى بويىچە كۆك رەڭنى گەۋدىلەندۈرۈش، يېشىل رەڭنى كۆپ ئىشلىتىش ۋە چوڭ دائىرىلىك يېشىل رەڭ ئىچىدە كىچىككىنە بىر پارچە قىزىل رەڭنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسلۇبىنى قوللانغان.

4. سىزىش ماتېرىياللىرى جەھەتتە، ئۇ دادىسىدىن سىزمىچىلىق ھۈنىرى بىلەن تەڭ سىر ياساش تېخنىكىسىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بازاردىن سىر تاپالمىغان چاغلاردا ئۆزى زىغىر يېغىنى بىر قانچە خىل دورا ـ دەرمەك بىلەن قايىنىتىپ سىر ياساپ ئىشلەتكەن. رەسىمنىڭ تەگلىكىگە ئاساسەن ماي بوياق بىلەن سىرنى قوشۇپ، شارلاك (چىپەن) بىلەن ئاق رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ، قارىغاي مېيى، بوياق تەڭشەش مېيى، چوڭ چوتكا، كىچىك چوتكا، يۇمۇلاق قەلەملەرنى تەڭ ئىشلەتكەن. ئۇ كۆپىنچە ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ ئۈستىگە سىزاتتى. بەزىدە ياختا رەخت ياكى كاناپ رەختلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق سۇ بىلەن يار يېلىمىنى قوشۇپ، پات بېرىپ ئاندىن رەسىم سىزاتتى.

ئۇستامنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك سەنئىتىگە بىر قانچە ئاتاقلىق رەسسام مۇنداق باھا بەرگەن:

1. ياڭ مىشەن②: 1979 ـ يىلى ئاۋستىرالىيىگە كېتىش ھارپىسىدا قەشقەرگە بېرىپ رەسىم سىزغان مەزگىلىدە مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئادەم ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارى ئىكەن، بۇ كىشىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەڭ ئىشلىتىشىدىكى ماھارىتىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر ئىكەن، دەپ باھا بەرگەن.

2. ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەھمەد: 1977 ـ يىلى قەشقەرگە بارغاندا ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، شۇ يىلى ئۇستامنى شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلغان.

3. ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى ئابدۇكېرىم

(ئاخىرى 46 ـ بەتتە)

# يەتتە قۇدۇق

## مامۇت غازى

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن)

ئازادلىقتىن ئىلگىرى قۇمۇلغا ياكى لەنجۇغا بېرىش ئۈچۈن ئاتلىق، ئېشەكلىك، هارۋىلىق يۈرگەن ياكى پىيادە ماڭغان يولۇچىلار پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئەنخولى قونالغۇسىدىن چىقىپ، 300 كىلومېتىر ئادەمسىز، سۇسىز، ئېگىز - پەس چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتەتتى. مۇشۇ چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنى قۇمۇل بازىرىغا 200 كىلومېتىرچە كېلىدىغان، قىش - ياز توپا - چاڭ ئۇچۇپ تۇرىدىغان بەردە يولۇچىلارنى تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلەيدىغان، هاراق، تاماكا دۇكانلىرى بولغان بىر قونالغۇ — يەتتە قۇدۇق قونالغۇسى بار. ئەگەر سىز بۇ بەردە قونسىڭىز، دۆلەت يولىنىڭ ئاستىدىن تەشمە تېشىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كارىز كۆلىگە قويۇلىدىغان سۈزۈك سۇنى كۆرگەن بولىسىز. بۇ جايدىكى ئابادلىقنىڭ «سۈرگۈن»دە تۇرغانلار چاپقان كارىزنىڭ سۈيىدە پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ قونالغۇنىڭ ئەنە شۇ كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ سانى بىلەن ئاتالغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز.

1953 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىئەن بانكا مەكتىپىگە بارىدىغان 21 كىشى ئۈستى ئوچۇق قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئەتىسى بۇ قونالغۇغا كەلگەندە، شوپۇر ماشىنىغا سۇ قۇيۇۋالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن بىر نەچچە كىشى ماشىنا ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئارىمىزدا لۈكچۈنلۈكلەر بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈردى، ئارىمىزدا لۈكچۈنلۈك يوق ئىدى. ئۇلار بولسا شىمال تەرىپىدىكى قورۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ قورۇنى مۇشۇ كارىزنى چاپقان كىشى سالغانىكەن، ئۇ كىشى كېتىدىغان چاغدا بىر ئادەمگە بەرگەنىكەن، ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتتى، هازىر ئوغلى ئولتۇرىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ بالىلىرىنى ئېلىپ قۇمۇل بازىرىغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى كەتتى، بىر كۈن ئىلگىرى كەلگەن بولساڭلار، سىلەرگە بۇ كارىزنى كىمنىڭ چاپقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى، دېگەنىدى. كېيىنكى ئىزدىنىشىمىز ئارقىلىق سۈرگۈندە تۇرۇپ كارىز چاپقان كىشى پىچان ناھىيە



رېئال دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ئۆز ئەينى بويىچە تەبىئىي سىزىشقا تىرىشقان. شۇنداقلا ھەرقانداق شەكىل، تۈزۈلۈشلەرنى نەقىشلەش، تۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

مۇئەممەتئىمىن ئامانىنىڭ رەسساملىقىنى ھەقىقىي تۈردىكى ھازىرقى زامان رەسساملىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن سىزمىچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ ھازىرقىلاشتۇرۇلغان كونكرېت ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ياۋروپا رەسساملىقىنىڭ ئۇسلۇبى ھەم جۇڭگوچە رەسىمنىڭ ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرگەن. بۇنى ئۇنىڭ رەسىم ۋە نەقىشلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. نەقىشلەرنىڭ شەكلىدە كۆچا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى سىزىقنى ئاساس قىلىپ سىزىش ئۇسلۇبى ئاساس قىلىنغان. نەقىشلەرنى قۇراشتۇرغۇچى كىچىك شەكىللەر دەل شۇ تام رەسىملىرىدىكى ئاساس شەكىللەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

2. مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىشتا جۇڭگوچە رەسىم ئۇسلۇبى بىلەن ياۋروپا ماي بوياق رەسىم ئۇسلۇبىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەن. ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى ياراتقان.

3. رەڭ جەھەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي رەڭ چۈشەنچىلىرى بويىچە كۆك رەڭنى گەۋدىلەندۈرۈش، يېشىل رەڭنى كۆپ ئىشلىتىش ۋە چوڭ دائىرىلىك يېشىل رەڭ ئىچىدە كىچىككىنە بىر پارچە قىزىل رەڭنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسلۇبىنى قوللانغان.

4. سىزىش ماتېرىياللىرى جەھەتتە، ئۇ دادىسىدىن سىرچىلىق ھۈنىرى بىلەن تەڭ سىر ياساش تېخنىكىسىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بازاردىن سىر تاپالمىغان چاغلاردا ئۆزى زىغىر يېغىنى بىر قانچە خىل دورا - دەرمەك بىلەن قاينىتىپ سىر ياساپ ئىشلەتكەن. رەسىمنىڭ تەگلىكىگە ئاساسەن ماي بوياق بىلەن سىرنى قوشۇپ، شارلاك (چېپەن) بىلەن ئاق رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ، قارىغاي مېيى، بوياق تەڭشەش مېيى، چوڭ چوتكا، كىچىك چوتكا، يۇمىلاق قەلەملەرنى تەڭ ئىشلەتكەن. ئۇ كۆپىنچە ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ ئۈستىگە سىزاتتى. بەزىدە پاختا رەخت ياكى كاناپ رەختلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق سۇيى بىلەن يار يېلىمنى قوشۇپ، پات بېرىپ ئاندىن رەسىم سىزاتتى.

ئۇستامنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك سەنئىتىگە بىر قانچە ئاتاقلىق رەسسام مۇنداق باھا بەرگەن:

1. ياڭ مىشەن②: 1979 - يىلى ئاۋستىرالىيىگە كېتىش ھارپىسىدا قەشقەرگە بېرىپ رەسىم سىزغان مەزگىلدە مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئادەم ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارى ئىكەن، بۇ كىشىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەڭ ئىشلىتىشىدىكى ماھارىتىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر ئىكەن، دەپ باھا بەرگەن.

2. ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەھمەد: 1977 - يىلى قەشقەرگە بارغاندا ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، شۇ يىلى ئۇستامنى شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلغان.

3. ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى ئابدۇكېرىم

(ئاخىرى 46 - بەتتە)

بۇلارنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن. ئەينى چاغدا گرازوف چوڭلۇقى 3 ـ 4 مېتىر كېلىدىغان بىر پارچە ماي بوياق مەنزىرە رەسىمنى 2 ـ 3 ئايدا ئاران سىزىپ بولاتتى ھەمدە باھاسىنمۇ يۇقىرى قوياتتى. لېكىن مۇھەممەتئىمىن ئامان بۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى رەسىمنى 5 ـ 6 كۈندىلا سىزىپ پۈتكۈزەتتى، بۇ رەسىملىك رەڭلىرى ئانچە ئەتىۋارلىق بولمىسىمۇ لېكىن كىشىگە ئوچۇق ـ يورۇق، پاكىز، ساپ، ئاددىي ـ ساددا، يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى، شۇنداقلا باھاسىمۇ ئەرزان بولغاچقا كىشىلەرنى خېلىلا جەلپ قىلاتتى. مۇھەممەتئىمىن ياۋروپا رەسساملىقىنىڭ مەۋھەرلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر رەسساملىقىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ياراتقانىدى.

1960 ـ يىلى ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. 1960 ـ يىللىرى قەھەتچىلىك كۆرۈلۈپ ھەممە ئادەم قورساق غېمىدا قالغاندىمۇ ئۇ ھۈنىرىنى تاشلىماي، بۆشۈك سىرلاش، ساندۇق، كونا پەلتۇسلارغا گۈل ـ نەقىشلەرنى سىزىش ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدىدى.

1965 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ ئىچىگە مىللىي پاسوندا شىپاڭ ياسالدى، بۇ شىپاڭلارنىڭ ياغاچچىلىقىنى قەشقەردىكى داڭلىق ياغاچچى تۇرسۇن نىياز ئۇستام، سىرچىلىق ۋە نەققاشچىلىقىنى مۇھەممەتئىمىن ئامان ئىشلىدى. بۇ نەتىجىلەر قەشقەر خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 11 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ

خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىقتى.



ئاتاقلىق نەققاش مۇھەممەتئىمىن ئامان

شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1990 ـ يىلغىچە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ساندۇق، ئىشكاپ، تومپۇچكا ۋە كونا پەلتۇسلارنى سىرلاپ ئۇلارغا گۈل ـ نەقىش ۋە مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىش، ئەينەككە رەسىم سىزىش، مەككە ـ مەدىنىنىڭ رەسىمىنى سىزىش، قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىش، 4 ـ 5 مېتىرلىق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق رەختكە مەنزىرە رەسىمى سىزىش (دېكوراتسىيە)، ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى 4 ـ 5 مېتىر چوڭلۇقتا سىزىش، ئاياللارنىڭ تېپىز گاز ياغلىقلىرىغا گۈل سىزىش، ئۆي ـ

ئىمارەتلەرنىڭ تام ـ تورۇس، ئىشىك ـ دېرىزە، مېھرابلىرىغا رەڭلىك نەقىشلەرنى سىزىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ 20 نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ، بۇلار ئىچىدە ئوغلى مۇھەممەت تۇرسۇن، ھوشۇر قارى، تۇراخۇنلار بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنۈپ يېتىشىپ چىقتى.

ئۇ 1960 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان 30 يىلدا تۆۋەندىكىدەك كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلدى:

1. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ۋوسكىسىنى رەڭلىك قىلىپ لايىھىلەپ سىزىپ چىقتى.

2. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇببىسىنى لايىھىلەپ سىرلاپ نەقىش ئىشلىدى.

3. ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتنىڭ پۈتكۈل سىرچىلىق، نەققاشچىلىق، مەتىرە رەسىمچىلىك ئىشلىرىنى لايىھىلەپ ئىشلەپ چىقتى.

4. قەشقەر خەلق باغچىسى ئىچىدىكى 2 مىللىچە شىپاڭنىڭ سىرچىلىق ۋە نەقىشلىرىنى لايىھىلەپ ئىشلىدى (بۇ قىرىقى نەتىجىلەر ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا).

5. ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى 1978 ـ يىلى تەييارلىغان «غېرىپ ـ سەنەم» دراممىسىنىڭ دېكوراتسىيە، كىيىم ـ كېچەك، ۋە باشقا سەھنە جابدۇقلىرىنى لايىھىلىدى ۋە ئىشلىدى.

مەن 1968 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مۇھەممەتئىمىن ئامان ئۇستام بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇستام ھەر كۈنى تامغا رەخت تارتىپ 3 ـ 4 مېتىر چوڭلۇقتا بىر پارچە ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى سىزاتتى. مەن ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ تاكى 1973 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغىچە ئۇنىڭدىن ھۈنەر ئۆگەندىم. ئۇ ناھايىتى كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىنى ياھالاپ، پىكىر بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلاتتى.

مۇھەممەتئىمىن ئاماننى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان نەققاش ۋە رەسسام دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەجدادلاردىن قالغان سىزىش تېخنىكىسىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنى يوقاتمىغان، شۇ ئاساستا دەۋر روھىنى قوبۇل قىلىپ يېڭىلىق ياراتقان. ئۇنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى تۆۋەندىكىچە:

1. نەقىشنىڭ رەڭسىز شەكلى جەھەتتە: تىپىك ئۇيغۇر نەقىشىگە ئائىت بولغان ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قالغان. مەيلى قانداق نەقىش ئىشلىسۇن، ھەممىسىدە ئۇيغۇر نەقىشىگە خاس ھېسسىياتنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ نەقىشلەر باشقا ئۇسلۇبتىكى نەقىشلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق نەقىشلىرى» دېگەن نۇرغۇن نەقىش ئۆرنەكلىرى مۇھەممەتئىمىن ئاماننىڭ ياكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ.

2. نەقىشنىڭ رەڭگى جەھەتتە: قىزىل، كۆك، يېشىل، ئاق، قارا رەڭدىن ئىبارەت ساپ رەڭلەرنى كۆپ ئىشلەتكەن. ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى رەڭلەرنى كۆپ ئىشلەتكەن. ئاق ياكى قارا سىزىقلار ئارقىلىق نەقىشنىڭ رەڭلىرىنى كۈچەيتكەن. نەقىشلەرنى مۇمكىن قەدەر ئوچۇق، يورۇق رەڭلەر بىلەن قوراشتۇرۇپ چىققان. ئالتۇن ھەل بىلەن كۈمۈش ھەلنى كۆپ ئىشلەتكەن.

3. رەسىمنىڭ شەكلى جەھەتتە: ئۇ

رىشال دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ئۆز ئەينى بويىچە ئەينەن سىزىشقا تىرىشقان. شۇنداقلا ھەرقانداق شەكىل، تۈزۈلۈشلەرنى نەقىشلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

مۇئەممەتئىمىن ئامانىنىڭ رەسسامچىلىقىدىكى ھەققىي تۈردىكى ھازىرقى زامان رەسسامچىلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن سىزمىچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ ھازىرقىلاشتۇرۇلغان كونكرېت ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ياۋروپا رەسسامچىلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ھەم جۇڭگوچە رەسىمنىڭ ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرگەن. بۇنى ئۇنىڭ رەسىم ۋە نەقىشلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. نەقىشلەرنىڭ شەكلىدە كۆچا مېڭىتۈي تام رەسىملىرىدىكى سىزىقنى ئاساس قىلىپ سىزىش ئۇسلۇبى ئاساس قىلىنغان. نەقىشلەرنى قوراشتۇرغۇچى كىچىك شەكىللەر دەل شۇ تام رەسىملىرىدىكى ئاساس شەكىللەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

2. مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىشتا جۇڭگوچە رەسىم ئۇسلۇبى بىلەن ياۋروپا ماي بوياق رەسىم ئۇسلۇبىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەن. ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى ياراتقان.

3. رەڭ جەھەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي رەڭ چۈشەنچىلىرى بويىچە كۆك رەڭنى گەۋدىلەندۈرۈش، يېشىل رەڭنى كۆپ ئىشلىتىش ۋە چوڭ دائىرىلىك يېشىل رەڭ ئىچىدە كىچىككىنە بىر پارچە قىزىل رەڭنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسلۇبىنى قوللانغان.

4. سىزىش ماتېرىياللىرى جەھەتتە، ئۇ دادىسىدىن سىرچىلىق ھۈنىرى بىلەن تەڭ سىر ياساش تېخنىكىسىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بازاردىن سىر تاپالمىغان چاغلاردا ئۆزى زىغىر يېغىنى بىر قانچە خىل دورا - دەرمەك بىلەن قاينىتىپ سىر ياساپ ئىشلەتكەن. رەسىمنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ماي بوياق بىلەن سىرنى قوشۇپ، شارلاك (چېپەن) بىلەن ئاش رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ، قارىغاي مېيى، بوياق تەگشەش مېيى، چوڭ چوتكا، كىچىك چوتكا، يۇمۇلاق قەلەملەرنى تەڭ ئىشلەتكەن. ئۇ كۆپىنچە ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ ئۈستىگە سىزاتتى. بەزىدە پاختا رەخت ياكى كاناپ رەختلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق سۇيى بىلەن يار بىلىمنى قوشۇپ، پات بېرىپ ئاندىن رەسىم سىزاتتى.

ئۇستامنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك سەنئىتىگە بىر قانچە ئاتاقلىق رەسسام مۇنداق باھا بەرگەن:

1. ياڭ مىشەن②: 1979 - يىلى ئاۋستىرالىيىگە كېتىش ھارپىسىدا قەشقەرگە بېرىپ رەسىم سىزغان مەزگىلدە مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئادەم ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارى ئىكەن، بۇ كىشىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەڭ ئىشلىتىشىدىكى ماھارىتىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر ئىكەن، دەپ باھا بەرگەن.

2. ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەھمەد: 1977 - يىلى قەشقەرگە بارغاندا ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، شۇ يىلى ئۇستامنى شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلغان.

3. ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى ئابدۇكېرىم

(ئاخىرى 46 - بەتتە)

# يەتتە قۇدۇق

## مامۇت غازى

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن)

ئازادلىقتىن ئىلگىرى قۇمۇلغا ياكى لەنجۇغا بېرىش ئۈچۈن ئاتلىق، ئېشەكلىك، هارۋىلىق بولغان ياكى پىيادە ماڭغان يولۇچىلار پىچان ناهىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئەنخۇلىنى قونالغۇسىدىن چىقىپ، 300 كىلومېتىر ئادەمسىز، سۇسىز، ئېگىز - پەس چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتەتتى. مۇشۇ چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنى قۇمۇل بازىرىغا 200 كىلومېتىرچە كېلىدىغان، قىش - ياز توپا - چاڭ ئۆچۈپ تۇرىدىغان يەردە يولۇچىلارنى تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلەيدىغان، هاراق، تاماكا دۇكانلىرى بولغان بىر قونالغۇ — يەتتە قۇدۇق قونالغۇسى بار. ئەگەر سىز بۇ يەردە قونسىڭىز، دۆلەت يولىنىڭ ئاستىدىن تەشمە تېشىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كارىز كۆلىگە قۇيۇلىدىغان سۈزۈك سۇنى كۆرگەن بولىسىز، بۇ جايدىكى ئاۋادانلىقنىڭ «سۈرگۈن»دە تۇرغانلار چاپقان كارىزنىڭ سۇيىدە پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ قونالغۇنىڭ ئەنە شۇ كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ سانى بىلەن ئاتالغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز.

1953 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىئەن بانكا مەكتىپىگە بارىدىغان 21 كىشى ئۈستى ئوچۇق قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئەتىسى بۇ قونالغۇغا كەلگەندە، شوپۇر ماشىنىغا سۇ قۇيۇۋالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا خەنزۇ، ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچە كىشى ماشىنا ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئارىمىزدا لۈكچەكلەر بار - يوقلۇقىنى سوراشتۇردى، ئارىمىزدا لۈكچەكلىك يوق ئىدى. ئۇلار يولنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قورۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ قورۇنى مۇشۇ كارىزنى چاپقان كىشى سالغانىكەن، ئۇ كىشى كېتىدىغان چاغدا بىر ئادەمگە بەرگەنىكەن، ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتتى، هازىر ئوغلى ئولتۇرىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ بالىلىرىنى ئېلىپ قۇمۇل بازىرىغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى كەتتى، بىر كۈن ئىلگىرى كەلگەن بولساڭلار، سىلەرگە بۇ كارىزنى كىمنىڭ چاپقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى، دېگەنىدى. كېيىنكى ئىزدىنىشىمىز ئارقىلىق سۈرگۈندە تۇرۇپ كارىز چاپقان كىشى پىچان ناهىيە



دالانكارىز بېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ئابلا ئاكىنىڭ دادىسى ئايۇپبەگ ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ كىشى كۆپ ئوقۇغان كىشى بولۇپ، لۈكچۈن بازىرىدىكى شۇرخانا مەھەللىسىدە ئولتۇرىدىكەن. كىچىك ئوغلىنىڭ قولىدا ساقلانغان نەسەبنامىدە ئايۇپبەگنىڭ دادىسى سەيپۇلبەگ دورغا، ئۇنىڭ دادىسى ساتىرىك شائىر نايخانبەگ (1850 — 1915) بولۇپ، 6 - بوۋىسى يۇنۇسبەگ جۇڭۋاڭغا يېتىپ بارىدۇ. 1901 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭۋاڭلىقتا ئولتۇرغان ئىمىن ۋاڭ 1904 - يىل 12 - ئايدا ئايۇپبەگكە ۋاڭلىقنى تالاشتى دېگەن گۇناھنى قويۇپ، ئايۇپبەگنى ئائىلىسى بىلەن مورى قۇمۇل ئارىلىقىدىكى داشتۇ دېگەن چۆلگە سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇ جاي قىش - ياز تەنۇر قويۇن چىقىپ تۇرىدىغان چۆللۈك بولغاچقا، ئايۇپبەگ ئائىلىسى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىچىدىغان سۇ، تۇرىدىغان جاي تاپالماي چىدىغۇسىز قىيىنچىلىقتا ئۇچرايدۇ. دادىسى بىلەن 18 يىل سۈرگۈندە بىللە تۇرغان، بىللە قايتىپ كېلىپ بەشتام كارىزدا ئولتۇرۇپ 1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 93 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن چوڭ ئوغلى روزمۇلخان ئاكا سەنئەت خۇمار، مېھماندوست، يالغانچىلىقتا ئۆچ ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يىترگە سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ئائىلىدە يەتتە جان كىشى بولۇپ، بەش بالىنىڭ ھەممىسى كىچىك ئىكەن. سەيدۇل دېگەن ئىشچى بىلەن سەككىز جان كىشى ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىن سۇ توشۇپ ئىچىپ، ئىككى ئويا كولاپ ئۈستىنى كىگىز بىلەن يېپىپ جان ساقلايدۇ. ئەمما ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى باشقا جايغا كۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ پات - پات كېلىپ ئازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئايۇپبەگ لۈكچۈندىن ئۈچ كارىزچىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئەترابنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ بىر كارىز چېپىشنى باشلايدۇ. ئۇزۇنغا قالماي يەتتە قۇدۇقلۇق بىر كارىز چېپىلىپ، بۇ ئادەمسىز قاقاس چۆلدە سۈزۈك سۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ كارىزدىكى قۇدۇق سانى ئاز، قۇدۇق ئارىلىقى ئادەتتىكى كارىزنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئۇزۇن بولسىمۇ، بىر كۈندە ئوت مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدىغان سۇ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە خەنزۇ، خۇيزۇلار كېلىپ ئايۇپبەگنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئولتۇراقلىشىدۇ. كارىز يۇتۇپ كۆلگە سۇ باشلانغان كۈنى ئايۇپبەگ ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ خېلى كۆپ قوشاق توقۇغانىكەن، مەن ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ قوشاقلاردىن ئىككىلىكەنلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم:

مېنى سورىساڭ يۇرادەرلەر،
ئاتام سەيپۇللابەگ دورغا.
مەھەللىمىز ئاباد ئىدى،
يېقىن بولغاچ بازارغا.

ئىمىنى قويغانىكەن ئايۇپ،
يىراق بولسۇن دەپ قازاغا.
تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم،
شۈكرى دەيتتۇق خۇداغا.

ئىككى كىشى كېلىپ ئەپ ماڭدى،
سەھەردە چىقسام تالاغا.
زالىم ۋاڭلار تۆھمەت بىلەن،
مېنى تارتتى جازاغا.

ۋاڭلىقنى تالاشتى دەپ،
قالدىم تۈگمەس بالاغا.
بويسۇنۇپ جىم تۇردۇق،
قالمايلى دەپ ئىزاغا.

سۇرگۈن قىلىپ ھەيدىدى،
داشتۇ دېگەن بىيابانغا.
كېچىلەپ چىققان بوران،
تۇزگىرىدىكەن قۇيۇنغا.

سىگىپ جايا بىلەن كەلدۇق،
جاننى ئېلىپ ئالقانغا.
ئوتتۇن قالاپ ئولتۇردۇق،
تەسەللى بېرىپ جانغا.

ئايلاپ ياتتۇق ئوبادا،
چىققالماستىن تالاغا.

شۇبرغان سوغۇق دەستىدىن،
ئىمكان بولماي تۇرارغا.

. . .

ئايۇپېيەگ بۇ يەردە كارىز سۈيىگە تايىنىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، سۇرگۈندە 18 يىل تۇرغاندىن كېيىن، لوكچۈندىكى بەزى ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ ئىمىن ۋاڭغا يېكىر قىلىش ئارقىسىدا ئىمىن ۋاڭ ئايۇپېيەگنى سۇرگۈندىن قايتىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ لوكچۈندە تۇرۇشىغا قوشۇلماي، ئەينى چاغدا لوكچۈن بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆلگە جايلاشقان بەشتام كارىزىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھېلىمۇ بۇ كارىزنى ئاساس قىلىپ ياشاپ كەلمەكتە.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توقرۇل

---

**جۇڭگودىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا ماكانى**

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاۋات ناھىيىسىگە «جۇڭگودىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېرى تۈز، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2735 سائەت، قىروسىز مەزگىلى 206 كۈن، بۇ كېۋەز ئۆستۈرۈشكە ئازا باب كېلىدىغان جاي. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىسى شىنجاڭدىكى 10 چوڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، سورت سۈپىتى يارغانسېرى ئۆستى. داڭلىق ماركا ئۈنۈمى يارىتىلىپ، مۇئەييەن بازار سالمىقى ئىگىلەندى.

**جۇڭگو ئاق كىشمىش ئۈزۈك ماكانى**

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمى جەمئىيىتى ئالاھىدە مەھسۇلات ئىقتىسادى كەسپىي ھەيئىتى كۇچا ناھىيىسىگە «جۇڭگو ئاق كىشمىش ئۈزۈك ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. كۇچا ناھىيىسىدە ئاق كىشمىش ئۈزۈك ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 60 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدۇ. 40تىن ئارتۇق سورت، 170 ئەۋرىشكىسى بار.

— ماتېرىيالدىن

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بالىقچىلەر

ئىسمائىل تۇمۇرى

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىدىن)

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 866 — 1334 - يىللار) ئۇيغۇرلار قۇرغان بەگلىك، خانلىقلار ئىچىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن خانلىقلارنىڭ بىرى①. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ 500 يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تارىخىدا سىياسىي جەھەتتىن كۈچەيگەن - چۈشكۈنلەشكەن؛ ئىقتىسادتا روناق تاپقان - ئاجىزلاشقان؛ مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللەنگەن - خارابلاشقان؛ زېمىنى كېڭەيگەن - تارايغان دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. يەر زېمىنغا كەلسەك بۇ خانلىقنىڭ بىرقەدەر ئەمىلىكتە ئۆتكەن دەۋرلىرىدىكى زېمىن ئىگىلىكىنى مۇقىمراق تېررىتورىيە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. زېمىن - تېررىتورىيە مەسىلىسى ئىدىقۇتشۇناسلىقتىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى، ۋاھالەنكى، بۇ تېما ھازىرغىچە چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىنغىنى يوق. بۇ ماقالىدە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان ھالدا مەزكۇر تېما ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار دۇنخۇاڭدىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر ئارىلىقىدا بولغان كەڭ زېمىندا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ زېمىندىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنى مۇھىتىدا، قاراخانىيلار ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى ئۆتكۈزدى. قىتانلار غەربكە سىلجىغاندا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى، كېيىنچە قاراخانىيلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى پەقەت ئۆزلىرىگە باج - ئالۋان تۆلەتكۈزۈپلا ھەم سىمۋول خاراكتېرلىك نازارەتچى قويۇپلا ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز كەلتۈرمىدى. بۇ ئەھۋال چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىمۇ تەكرارلىنىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زېمىن ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى خېلى بىر مەزگىلگىچە مۇستەقىل ساقلاپ قېلىشىغا مۇۋەپپەق بولدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تازا كۈچەيگەن



مەركەزلەردە ئۆزىنىڭ چېگرىسىنى شەرقتە چىۋچۈەن، دۇنخۇاڭلارغىچە، جەنۇبتا خوتەن چېگرىسىغىچە، غەربتە ئۈچ (ئۇچتۇرپان) غىچە، شىمالدا ئىلا (ئىلى ۋادىسى) — مىڭلاققىچە كېڭەيگەنىدى. مۇشۇنداق كەڭ زېمىنغا ئىگە بولغان «ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» يات - ياتلا تۇيۇت، قاراخانىيلار بىلەن زېمىن تالىشىش ھەۋەسلىرى بىلەن جېدەل قىلىشىپ تۇرغان. قاراخانىيلار ئىسلام دىنى تارقىتىش باھانىسى بىلەن شەرققە يەنى ئىدىقۇت زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بىر مەزگىل ئىلا - مىڭلاقنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندىن سىرت، غەربىي پاسىلىنىمۇ قارا شەھەر بوسۇغىسىغىچە سۈرۈپ كەلگەنىدى. نىھايەت ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى چىڭگىزخان ئىمپېراتورلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، بۇ زېمىنلار چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە يۈزلەنگەندە بولسا، ئىدىقۇت خانلىقى مىلادىيە 1275 - يىللىرى ئەتراپىدا موڭغۇل خانزادىلىرىدىن دۇۋا بىلەن قايدۇنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىنى ھەم ئالتە ئاي جەريانىدىكى قورشاۋنى باندۇرۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بولغان يۈەن سۇلالىسىگە يېقىنلاشقانىدى. مانا شۇ چاغدا يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىدىقۇت خانلىقىغا يوللانغان ھۆكۈمەت پەرمانىدا ئىدىقۇت خانلىقىغا 24 شەھەر - بالىقچىنىڭ قارايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ②.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەللىرىدىن بىرى بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە رىۋايەت بولسىمۇ مەلۇمات بەرگەن، بىراق ئۇلارنىڭ «ئەشەددىي كاپىرلار» ئىكەنلىكى سەۋەبلىك تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغان.

مىلادىيە 1276 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىدىن (يۈەن سۇلالىسى) ئىدىقۇت خانلىقىغا چۈشۈرۈلگەن «ئومۇمىي ئوقتۇرۇش»تا مۇنداق مەلۇمات بار: «ئىدىقۇتقا، تەختىيۇقا ۋە ئىبىيۇقا دېگەن ئىككەيلەنگە، قاراقوچو، لۈكچۈن، تۇرپاندىن باشلاپ 24 بالىقچىدىكى قۇتلۇق راھىبلارغا، ئېركىئۇنلارغا (مەزكۇر ئاتالما ياپونچىدە «خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىئان مۇخلىسلىرىغا» دەپ ئىزاھلانغان - ئا)، يۇقىرىلارغا مۇقەددەس مەقسەت مەلۇم بولغايكى: ...»③.

بۇ مەلۇماتقا ھەم مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدە 24 بالىقچە (شەھەر - قەلئە) بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ شەھەرلەرنى شەرقتىن غەربكە قاراپ سانىغاندا تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن.

شاجۇ④، تويىەن شەھىرى (كېيىنچە يۈيى شەھىرى دەپ ئاتالغان، ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدا - ئا)، نامى 纳职 شەھىرى (ھازىرقى لايچۇق)، ئىزىرغول (قۇمۇل)، بارسكۆل (باركۆل)، لۈكچۈن، قوچۇ، تۇرپان، يارغول، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار تەۋەسىدە)، قانتۇڭگەربالىق (جىمسار - گۇچۇڭ تەۋەسىدە)، 1 - يۈلۈي (ھازىرقى گۇچۇڭ)، 2 - يۈلۈي (ھازىرقى مورى ناھىيىسى تەۋەسىدە)، ئامىبالىق 俺鼻城 (ئورنى نامەلۇم)، ئۈرۈمچىنا (ئاللىق يەنى ئۈرۈمچى، ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدىكى ئېدىرلىق يانباغىرلىقتا خارابىسى بار)، چانبالىق (ھازىرقى سانجى ئەتراپىدا)، قۇتەبا (ھازىرقى قۇتۇبى دائىرىسى)⑤، ئىككى ئۆكۈز

(بورتالانىڭ ئەينى زاماندىكى ئاتىلىشى يەنى ئىككى دەريا)، ئىلا - مىڭلاق (ئىلى ۋادىسى يەنى غۇلجا)، ۋېيشۈيگۇ (ھازىرقى خوشۇت ئەتراپىدا)، يۇلىسى (قاراشەھەر)، بۈگۈر، كۈسەن (كۇچا)⑥، ئۈچ (ئۈچتۇرپان).

يۇقىرىقى شەھەر - بالىقچىلار (يەرلىرى قەلئە شەكلىدە) نىڭ كۆپ قىسمى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئېلىندى، شۇڭلاشقىمۇ بۇ تېما يېتەرلىك تارىخىي دەلىل - ئىسپاتلار، ئەڭ مۇھىمى ئارخېئولوگلارنىڭ تېپىلمىلىرى بىلەن تارىخنىڭ تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىشى كېرەك. بۇ تېما بىر بوشلۇق سۈپىتى بىلەن ئىدىقۇتشۇناسلار، تارىخچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ قەلىمى بىلەن تېخىمۇ يورۇق يورۇتۇلۇشى زۆرۈر.

ئىزاھلار:

① ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت تارىخىدا دەسلەپتە قارا قىتانلار (لياۋ سۇلالىسى) غا، كېيىنرەك چىڭگىزخان بەرپا قىلغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قارام بولغان. لېكىن ئىدىقۇتلۇقلار قارام بولغان تاشقى كۈچنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلپان تۆلەپ تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۆز دائىرىسىدە يەنىلا خانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋەرگەندى.

② يۈەن سۇلالىسىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇ ھۆججەت - پەرمان يايونچە «شەرقىي دىگىز ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1977 - يىل 10 - ئايلىق سانى — ئومۇمىي 59 - جىلد، 1 ،، 2 - قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى نەشر قىلىنغان.

③ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 3 - بەتكە قارالسۇن.

④ شاجۇ دەسلەپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىدە ئىدى، بۇ خانلىق قىتانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن بىر بۆلۈك ئاھالە ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئىدىقۇتلۇقلار يېنىغا پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن. بۇ شەھەرمۇ بىر مەزگىل ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان (بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا، دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ).

⑤ قۇتابا توغرىسىدا مۇھەممەتىرېھىم سايىت، ئىسرائىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 237 - بېتىدە «ئات يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مانا سىراكۆچقا يىراققا بېرىش ئۈچۈن ئېشەك ئۇلاغ لازىم بولۇپ، قىيىرەۋۇتنىڭ ئېشىكىنىڭ ھەر 10 كۈنلۈكىنى 29 لۇق بۆزگە ئىجارىگە ئالدىم. قۇتابادىن قايتىپ كەلگەندە بۇ ئېشەكنىڭ ئىجارىسى بىلەن بىللە ساق قايتۇرۇپ بېرىمەن ...» دېگەن مەلۇمات بار. بۇ ۋەسىقە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە مىسالغا ئالدىم — ئا.

⑥ كۈسەن ئىدىقۇت خانلىقى تەركىبىدە بولغان، ئەمما ئۇنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا بىرىم مۇستەقىللىق ئىگىدارچىلىقى ساقلىنىپ قالغانىدى — ئا.

تەھرىرلىگۈچى: بىلقىز مۇھەممەد

# يوپۇرغىدىكى ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىكى يەر ناملىرى

ئوبۇل مەخمۇت

(يوپۇرغا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسى يوپۇرغا ناھىيە ئىبرىم يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇغراقۇم قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىگە، دۆلەتلىك AAA دەرىجىلىك ساياھەت رايونى — داۋاكۆل قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، مەزكۇر ساياھەت رايونى بىلەن ئوز لىنىيە بويىچە ھېسابلانغان ئارىلىقى 9 كىلومېتىر، ئىبرىم يېزىسىنىڭ ئورگىنىغا 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە ئېگىز چاقىدىكى قورۇلۇشلارنىڭ ئىزناسى ئېنىق يالىڭاچ ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسلىدە ئايۋان، سارايلىرى پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان ئۆتەڭ ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ جاينى «ياغاچ ئايۋان» دەپ ئاتىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاي قەدىمكى زامانلاردا ئازا گۈللەنگەن شەھەر ئىكەن. دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ شەھەر مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋەيران بولغان. بۇ خارابىلىك 2003- يىل 3- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، بۇ جاي قەدىمكى زامانلاردا كاتتا شەھەر بولۇپ، يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىكەن. كېيىن قۇم ئاستىدا قېلىپ ۋەيران بولغان. بۇ يەردە ھازىر قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىزناسىنى ۋە خۇمدانلارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىن ئىقتىسادىي ئۇنۇمى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مىقا (چۆل گۆرۈچى)، توشقان زەدىكى، يۇلغۇن يىلتىزى قاتارلىقلار چىقىدۇ. بۇ يەردىكى داغلىق ئىزلارنى بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، بۇ يەر گوياكى ئۈستى ئوچۇق مۇزېيغا ئوخشايدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ خارابە ئەتراپىدىكى بەزى يەر ناملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## بۇغرا قۇمى

بۇغرا قۇمى — يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ئۇتىشىدىغان جايغا جايلاشقان پايانسىز قۇملۇقنىڭ نامى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1- توم 631- بېتىدە بۇ قۇملۇقنىڭ نامى «باغرام قۇم» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئىلگىرى قەشقەر — يەكەن يولى مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، بۇ يولنىڭ نامى مۇشۇ قۇملۇقنىڭ نامى بىلەن «بۇغراقۇم يولى» دەپ ئاتىلاتتى،

## قىز قۇمى

قىز قۇمى ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزاقلارغا سوزۇلغان بۇ ئېگىز قۇم دۆۋىسى ناھايىتى ئىسقۇلسىز، قۇرغاق ھالەتتە شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاۋۋال كىشىلەر باھار پەسلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرۈشىدۇ، بۇ يەردە كۆپ ئۆسىدىغان يۇلغۇن، جىگدە، توغراقلار بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. ئىلگىرى كونىراپ قالغان تۇرالغۇ جايلار قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ، ھازىرمۇ قۇم دۆۋىسى ئىچىدىن ئىنسانلار ياشىغان ئورۇنلارنىڭ ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

قىز قۇمى ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزاقلارغا گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىز قۇم دۆۋىسىدىن تەركىب تاپقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا ياغاچ ئايۋان شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئوغۇ ئوۋلاپ يۈرۈپ، مۇشۇ يەردە مال باقىدىغان پادىچى يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. كېيىنچە ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ توي قىلماقچى بوپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يىگىتنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى لەخمە كولاپ يىگىتنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھ لەشكەرلىرىگە قىز بىلەن يىگىتنى قوغلاپ تۇتۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. لەشكەرلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇلارنى تېپىۋاپتۇ ۋە قوغلاپ يېتىشىۋالاي دېگەندە قىز بىلەن يىگىت ئالدىدىكى قۇم دۆۋىسىگە قاراپ: «ئەي قۇم، بىزنى قوينۇڭغا ئالساڭچۇ؟» دەپ نىدا قىپتۇ، شۇ ئەسنادا قۇم ئىككىگە بۆلۈنۈپ قىز بىلەن يىگىتنى قوينىغا ئاپتۇ. شۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقىپ لەشكەرلەرنى قۇم ئاستىغا كۆمۈۋېتىپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى شۇ قېتىملىق بوراندا قۇم ئاستىدا قالغانمىش. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ قۇمنى «قىز قۇمى» دەپ ئاتاپتۇ.

## تەڭگىلىك

تەڭگىلىك ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1000 موچە كېلىدۇ. بۇ بىر بايما قۇملۇق بولۇپ، ئەترابىغا قارىسىڭىز ھەممە يەر تەڭگە، يارماق تۆكۈپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر سىز بۇ تەڭگە ۋە يارماقلارنى ئۈنسىڭىز شۇ ھامان ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاي ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرىنىڭ خەزىنىسى بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆن ئورنىدا تەڭگە، يارماقلارنىڭ ئور سۈپىتى ئۆزگىرىپ ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغان. كىشىلەر بۇ جايدىن ئورغۇن تىللا ۋە تەڭگىلەرنى تېپىۋالغان. شۇڭا كىشىلەر بۇ جاينى تەڭگىلىك دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

## ئامۇتلۇق

ئامۇتلۇق ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ جايدا پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈز تۈپ ئامۇت دەرىخىنىڭ كۆتىكى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەينى يىللاردا بۇ يەردە قويۇق ئامۇت دەرىخى ئۆسكەنىكەن. بۇ يەردە ھازىر بۆرە ئۈزۈمى، مىغا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. مىغا سامان قوللۇق ئۆسۈملۈك، دېنى تېرىق دېنىنىڭ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ياخشى ئۆسكەن بىر تۈپ مىغىدىن بىر جىڭ مىغا دېنى ئالغىلى بولىدۇ. مىغىنى يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىپ نان ياققىلى، ئۇماچ ئەتكىلى بولىدۇ. كىشىلەر مىغا بىلەن ئورغۇن كېسەللىكنى يەنى سوغۇقتىن، يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ كەلمەكتە.

## سوكلۇق

ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپىدە نەچچە مىڭ مو كېلىدىغان سوكلۇق بار. سوكلۇق ئەترابىنى پايانسىز قۇم بارخانلىرى قورشاپ تۇرغاچقا، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ كېلىپ ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن

كېسىشىدىن ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى يوكلارنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ. پايانسىز قۇملۇق ئارىسىدا بىر پارچە يېشىل سوكلۇقنىڭ بولۇشى بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەر تەبىئىي باغچا بولۇپ، توشقان، كىيىكلەر ياكدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېمەك، بۇ يەر تەبىئىي ھايۋانات باغچىسىدۇر.

## شامالكۆل

شامالكۆل ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كۆلىمى نەچچە مىڭ مو كېلىدۇ. شامالكۆل ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ياغاچ ئايۋان شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى 40 كېنىزەك بىلەن بۇ كۆلگە يۇيۇنغىلى كەپتۇ، شۇ ئەسنادا شامال چىقىپ ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. قىزلار يۇيۇنۇپ قىرغاققا چىقسا كىيىم - كېچەكلىرى يوق تۇرغىدەك، ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا يەنە شامال چىقىپ قىزلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئەسلى جايىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ نامى شامالكۆل بولۇپ قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئۆزگىچە، بۇ يەرگە بارسىڭىز دائىم شامال چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز.

## نىيازنىڭ توغراقلىقى

نىيازنىڭ توغراقلىقى ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، نىيازنىڭ قىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېڭىسار دەرياسى يار ئېلىپ كېتىپ، ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرىنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ، خەلق غەم قايغۇغا چۆمۈپتۇ. شۇ چاغدا نىياز ئىسىملىك بىر يىگىت كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ 10 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان دامبا سوقۇپ سۇنى توسۇپتۇ. كېيىن سۇ بېسىپ كەتكەن جايلارغا توغراق ئۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ توغراقلىقنى نىيازنىڭ توغراقلىقى دەپ ئاتاپتۇ.

ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئاتخانا، بۆرە ئۆزۈملۈكى، بەلقۇم، داۋزاقۇم، ئايدىڭكۆل دېگەندەك يەر ناملىرى بار. بۇ جايلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغانلىقى توغرىسىدا داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## داۋاكۆل

«داۋاكۆل» مەملىكەتلىك AAA دەرىجىلىك قۇملۇقتىكى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى. ئۇ ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇملۇقتىكى «يېشىل مەرۋايىت» يوپۇرغا ناھىيىسىمۇ «داۋاكۆل» گە ياندىشىپ يىراق - يېقىنغا تونۇلۇشقا باشلىدى.

مەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا قەدىمىي ئىزلار، داڭلىق ئاسارئەتىقىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە يەنە «داۋاكۆل» ۋە بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئۇزۇن يىل ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، بۇ ھەقتە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. تۆۋەندە مەن «داۋاكۆل» ھەققىدىكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

«داۋاكۆل» دېگەن بۇ نام كېسەل داۋالايدىغان كۆل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سۇ كىرىش مەنبەسى

بولمىسىمۇ كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتا تاكى بۈگۈنگىچە قۇرۇپ قالماي بىر خىل ھالەتتە تۇرۇشى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك كۆل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «داۋاكۆل»نى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان بولساممۇ، ئەمما بۇ كۆل توغرىسىدا بىرەر يازما ماتېرىيال ئۇچراتمىدىم، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن بۇ كۆلگە دائىر رىۋايەتلەردىن بەزىبىر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم.

«داۋاكۆل» يوپۇرغا ناھىيىسى ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر، ئاخۇنلۇقۇم يېزىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئالتە كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە مارالبېشى ئۆستىڭى بىلەن، جەنۇبتا بايئاۋات يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، كۆلنىڭ ئەتراپى دولقۇنسىمان كەتكەن قۇملۇقتىن ئىبارەت. بۇ يەردە توغراق، يۇلغۇن، كۆك يانتاق، چاكاندا، توقا چىگە، قومۇشلار ئۆسىدۇ. ياز كۈنلىرى بۇ يەردىكى دەرەخلەر ياپراقسانلىشىپ ۋە يۇلغۇنلار چېچەكلەپ، گۈل ـ گىياھلار ئېچىلىپ گۈزەل مەنزىرە شەكىللىنىدۇ.

بۇ يەردە ئەسلىدە پەقەت كۆل بولۇپ، سۇ كىرىش ئېغىزى يوق، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە سۈيى بىر خىل تۇرىدۇ. بۇ كۆللەرنىڭ سۈيى دەملەنگەن چاينىڭ رەڭگىدە، ئادەم سۇغا كىرسە لەيلەيدۇ، سۇغا كىرگەن ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى راھەت ھېس قىلىدۇ. داۋاكۆل توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار ئىلگىرى يەكەن دەرياسىغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، بۇ يەرلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەن، كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن قۇملۇقتىكى ئويمان يەرلەرگە سۇ يىغىلىپ قالغان. بۇنىڭدىن 400 نەچچە يىل ئىلگىرى مەكىتلىك بوۋىخان تۇرۇم دېگەن كىشى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئاقساپ قالغان ئاتنى قىچىرلىرى بۇ توختام سۇلارنى كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن پۇتلىرى ساقىيىپ كەتكەن، بۇ ئىشتىن كېيىن بوۋىخان تۇرۇم باشقىلارغا «بۇ كۆلنىڭ سۈيى داۋا ئىكەن، بۇ راستىنلا داۋاكۆل ئىكەن» دېگەن. كېيىنچە بۇ ئىش قۇلاقتىن قۇلاققا تارقالغان، رىماتىزىم خاراكتېرلىك پۇت، بەل، بوغۇم ئاغرىقى بارلار بۇ كۆلگە چۆمۈلۈپ ساقايغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «داۋاكۆل» دېگەن بۇ نام ئومۇملاشقان. ئەمما يىللارنىڭ ئۆتۈشى، يوللارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ كۆللەر بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان. 50 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېرىم يېزا يېڭى ئۆستەڭ 11 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىسىدىكى ئاتاك مۆمىن دېگەن كىشى دادىسىنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئىزدەش ئارقىلىق بۇ كۆللەرنى قايتىدىن تاپقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۆللەر كىشىلەر تەرىپىدىن «خاسىيەتلىك كۆل»، «شىپالىق كۆل»، «داۋاكۆل» دەپ تەرىپلىنىپ، كىشىلەرنىڭ سەيلىگاھىغا ۋە بىمارلارنىڭ داۋالىنىدىغان جايىغا ئايلاندى. ھەر يىلى 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا بۇ كۆلنىڭ نامىنى ئاڭلىغان، يىراق ـ يېقىندىكى رىماتىزىم خاراكتېرلىك بەل، پۇت، بوغۇم ئاغرىقى بار بىمارلار بۇ كۆلگە كېلىپ داۋالىنىپ كېتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ كۆلنىڭ سۈيىدە ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغانلىقىمۇ بايقالدى. ئەتراپى قۇم بىلەن قاپلانغان مەنبەسى بولمىغان بۇ كۆللەرنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللارغىچە قۇرۇپ كەتمەي سۈيىنىڭ بىر خىل ھالەتتە تۇرۇشى، قۇم بوراندا كۆمۈلۈپ كەتمىگەنلىكى، كۆل سۈيىنىڭ بىر قىسىم كېسەللەرگە داۋا بولۇشى كارامەت بىر مۆجىزە دەپ قارالماقتا.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# پىچان ناھىيىسىدىكى مەھەللە نامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى يەر - جاي نامىلىرى توغرىسىدا

ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن)

پىچان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئەزەلدىن تۇرپان بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، تۇرپانغا ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. پىچاندىكى مەھەللە نامىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نام قويۇش ئادىتىگە ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

1. كارىزغا مۇناسىۋەتلىك مەھەللە نامىلىرى:

كارىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجادىيىتى. ئەجدادلىرىمىز كارىز قېزىپ، كارىز ئەتراپىدا بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ تۇرغۇن مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا كارىز بىرقەدەر كۆپرەك تارقالغان پىچانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كارىز نامى مەھەللە نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن.

1) كارىز قازغان ياكى قازدۇرغان كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە نامىلىرى:

جامال كارىزى، زىرىپ كارىزى، ئامىر كارىزى، ئاخۇنبەگ كارىزى، مىلىك ھاجى كارىزى، مېيتنىياز كارىزى، زۇنىياۋۇدۇن كارىزى، مەرھان كارىزى قاتارلىقلار.

2) كارىز قازغان ياكى قازدۇرغان كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان مەھەللە نامىلىرى:

قۇمسى (گېپى تولا) كارىزى، ساڭقار (شوڭقار) كارىزى، تورغاي كارىزى، ساقال كارىزى، ئۆۋكى كارىزى، قولاق كارىزى، چەنپەن (جاھىل) كارىزى، جەندەن (ھىيلىگەر) كارىزى، چىلان كارىزى، سېمىز كارىزى، تولكە كارىزى، پاكار كارىزى، چايخالتىسى كارىزى، پۇپەك كارىزى قاتارلىقلار.

3) كارىزنى سېتىۋالغۇچى ياكى باشقۇرغۇچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە نامىلىرى:

ما ۋەنشياڭ كارىزى (بۇ كارىزنى ئەسلى روزى كۆچلۈك دېگەن كىشى قېزىپ، ما ۋەنشياڭ دېگەن خوزىۋۇ كىشىگە سېتىپ بەرگەن)، كى لىزى كارىزى (بۇ كارىزنى

قاتارلىقلار.

6. نام _ ئەمەل ۋە باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان مەھەللە نامىلىرى:

ھەزرەت مەھەللىسى، خاتىپ مەھەللىسى، خەلپەت مەھەللىسى، سەپتەگۈر مەھەللىسى، ئاخۇن مەھەللىسى، ئاسقال (غوجىدار) مەھەللىسى، مىراب مەھەللىسى، مۇلاڭ (ئەقىلسىز) مەھەللىسى، ئىرلىڭ (پالاكەت) مەھەللىسى، گالۋاڭ مەھەللىسى، باتۇر مەھەللىسى، قونچاق مەھەللىسى، داراز (دارازا، ئېگىز بوي) مەھەللىسى، قاغا مەھەللىسى، ئۆردەك مەھەللىسى، ھوڭ (ھون) مەھەللىسى، قازاق مەھەللىسى، بۇڭكان مەھەللىسى قاتارلىقلار.

تۆۋەندە «پىچاننىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا نامۇۋاپىق ئىزاھلانغان بىرنەچچە يەر - جاي نامى ھەققىدە قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. دۇڭبازار ( 东巴扎 ) — بۇ پىچان ناھىيىسىدىكى دۇڭبازار خوبىزۇ مىللىي يېزىسىنىڭ نامى. بۇ يەر پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى ناھىيە بازىرىدىن ئېگىز بولغاچقا، يەرلىك شېۋە بويىچە «دۆڭبازار» دەپ ئاتالغان. بىراق بۇ جايدا خوبىزۇلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، دۆڭبازارنى «دۇڭبازار» دەپ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلغان ھەمدە خەنزۇچە 东巴扎 دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن «پىچان ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» دىمۇ بۇ يەرنىڭ نامى خەنزۇچە ئاتىلىشى بويىچە «دۇڭبازار» يەنى «شەرقىي بازار» دەپ خاتا ئىزاھلانغان①.

2. خاندۇ — بۇ پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىغا قاراشلىق بىرنەچچە مەھەللىنىڭ ئورتاق نامى. بۇ يەر لەمجىن بازىرىنىڭ قىيپاش شەرقىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ نامى «پىچان ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»②، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، سىن جۇڭمېيەن ئەپەندى يازغان «جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ - دەلىللەش» ناملىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە «بۇ جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان ئىككى دۆڭ (تۇر) بولغاچقا، خەندۆڭ دەپ ئاتالغان، كېيىنچە تەلەپپۇزدا بارا - بارا ئۆزگىرىپ خاندۇ بولۇپ قالغان» دېيىلگەن③. يۇقىرىقى كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان ئىككى تۇرنىڭ بارلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، بىراق بۇ ئىككى يادىكارلىقنىڭ نامى قانداقتۇ «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان دۆڭ (تۇر)» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قاغان، خاقان سۆزلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان «خان» سۆزى بىلەن «دۆڭ» (تۇر) سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان «خاندۆڭ» سۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىل تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ئىبارەت.

3. ئاستانە — بۇ لەمجىن بازىرىنىڭ غەربىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى. بۇ يەرنىڭ نامى «پىچان ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»دە: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا 1533 - يىلى تۇرپان قاراغوجىدىن سۇلتان سوپى دېگەن دانىشمەن بۇ يەردە قونۇپ ئۆتكەنىكەن، كېيىن بۇ كىشى تۇرغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئاستانە دەپ ئاتالغان» دەپ ئىزاھلانغان④. «شىنجاڭ يەر نامىلىرى

ئەسلى مەتنىياز خەلپەت دېگەن كىشى قېزىپ، كېيىنكى ئىنىسى دېگەن خوجىزۇ كىشىگە سېتىپ بەرگەن).

4) كارىز قازدۇرغان كىشىنىڭ دىنىي مەنسىپى ياكى ئەمەل ناملىرى بىلەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

ئاخۇن كارىزى، مايىزىن (مەزىن) كارىزى، پىرلىق كارىزى، ئەيجى كارىزى، جىسا كارىزى، دوغا كارىزى، مىراب كارىزى، كادوغا كارىزى، قورولچى كارىزى قاتارلىقلار.

5) كارىز قازغۇچى ياكى باشقۇرغۇچىنىڭ كەسپىي نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

سەيپۇڭ كارىزى، ناۋاي كارىزى، جوخى (ئېشەك بىلەن يۈك توشۇغۇچى) كارىزى، مۇجاڭ (باغاچچى) كارىزى قاتارلىقلار.

6) كارىز قېزىلغان جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

ساي كارىز، قۇم كارىز، شور كارىز، ئەمجىلغا كارىز، بوستان كارىز، شىلەن (سۈيى سىرغىپ چىقىدىغان جاي) كارىز، چۆيا (چۆلىيار) كارىز قاتارلىقلار.

7) كارىز ئەتراپىدىكى بىرەر ئىمارەت نامى ياكى دەل-دەرەخ نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

تۇر كارىز، دالان كارىز، گۈمبەز كارىز، سوقما كارىز، ئاقئۆي كارىز، جىگدە كارىز، توغراق كارىز قاتارلىقلار.

8) كارىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

ئىلانلىق كارىز، بويۇنچاق (مۇشۇ كارىز ئەتراپىدىكى سۆگەتنىڭ بويۇنچاق كۆپ باسالغان) كارىز، ئاچچىق كارىز، تۆت كارىز، چوڭ كارىز، كىچىك كارىز قاتارلىقلار.

2. مەلۇم ئورۇننىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

سايەۋۇڭ، ئاقدۆڭ، يادالڭ (يارداڭ)، لەمجىن (نەم، چىملىق)، كۆيا (كۆكيار)، بۇلۇڭ مەھەللە، يۇقىرى مەھەللە، تۆۋەن مەھەللە، ئارا مەھەللە، تېتىر، ئېغىز، تۇيۇق (تار جىلغا)، قىزىل سىڭگىر، شورخانا قاتارلىقلار.

3. سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە تۈگمەن نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

كېچىك، سۇبېشى، ئاقبۇلاق، يانبۇلاق، شەنبە كۆل، ئۈزۈنكۆل، دېھقانسۇ (سۈيىنى دېھقانلار ئىشلىتىدىغان ئۆستەڭنىڭ نامى)، سىپاھسۇ (سۈيىنى سىپاھ بەگلەر ئىشلىتىدىغان ئۆستەڭنىڭ نامى)، سايتۈگمەن، تۈگمەنبويى، ئۈچتۈگمەن، قوشتۈگمەن، قوشبېشى (سۇ ئايرىلىدىغان جاي) قاتارلىقلار.

4. قەدىمىي قەلئە، ئىمارەت، تۇر قاتارلىقلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

سوققىشە (سوققىچاق شەھەر)، شا (شەھەر)، كۆنشا (كونا شەھەر)، يېڭىشا (يېڭىشەھەر)، ئامانشا (تىنچ شەھەر)، ئۈلۈغتۇر، قاغىتۇر، چوقىتام، بەشتام، تاشئۆي، قورغان، كورە (ھويلا)، ئۈچكۆۋرۈك، تاختىكۆۋرۈك، قوتان، بەشئېغىز ئۆي، مەيدان، مازارئالدى، غوجامئالدى قاتارلىقلار.

5. «باغ» ۋە «قىر» سۆزلىرى قوشۇلغان مەھەللە ناملىرى:

دۆلەتباغ، چىنارباغ، بوغاقىر، سايقىر

ئېتنولوگىيىسى» دە «ئاستانە — پارىچە سۆز بولۇپ، مەنىسى يوسۇغا، ساراي، ھوزۇر دېگەنلىك بولىدۇ. ئاستانە سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ سۆز ئەزەلدىن بىرەر جاينىڭ نامى بولغان ئەمەس»⑤ دەپ ئىزاھلانغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئاستىن» سۆزى «ئاستىن، تۆۋەن تەرەپ» دەپ ئىزاھلانغان⑧. بۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ ئەسلى نامىنىڭ ئاستانە ئەمەس بەلكى ئاستىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى ھازىرمۇ ئاستىن دەپ ئاتايدۇ.

ئىزاھلار:

1. ①②④ «پىچان ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، پىچان ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى، 57 -، 86 -، 98 - بەتلەر.

2. ③⑤ قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر ناملىرى ئېتنولوگىيىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 8 -، 86- بەتلەر.

3. ⑧ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 1 - نەشرى، 1 - توم 147 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

(بېشى 32 - بەتتە)

ئەسىردىن: 1981 - يىلى مەكتىكە بېرىپ رەسىم سىزىپ قايتىشىدا قەشقەرگە كېلىپ ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ رەڭ ئىشلىتىش ماھارىتىگە قايىل بولغان ھەمدە ھەم ساپ ھەم قارىمۇ قارشىلىقى كۈچلۈك بولغان رەڭلەرنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش قىيىن مەسىلە، ئۇنىڭ نەقىشلىرىدە ۋە پاكى رەسىملىرىدە بۇ مەسىلە ھەل بولغانىكەن، رەڭدىكى ئۇس مەسىلىسىمۇ ھەل بولغانىكەن، بۇ كىشى بۇلارنى ئىپادىلەشنى بىلىدىكەن، دېگەن.

گەرچە ئۇيغۇر خەلقىدىن چىققان ئاتاقلىق نەققاش مۇھەممەتئىمىن ئامان كېسەل سەۋەبى بىلەن 1990 - يىلى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر رەسساملىقى، نەققاشچىلىق سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىسى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

ئىزاھلار:

① گىرازوپ رۇس بولۇپ، ئۆزبېكىستاندا ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇش جەريانىدا ئۆزبېكچىنى پىششىق ئۆگەنگەن. 1946 - يىللىرى ئەتراپىدا شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكە ئازاد بولغىچە غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1953 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىدا رەسىم ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

② ياڭ مىشەن، رۇس، سابىق شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىدە ئۇزۇن مۇددەت ماي بوياق رەسىم ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئاۋسترالىيە ئەۋەسىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك رەسسام.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

# ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ قىسقىچە تارىخى

رۇخسارى تۇرسۇن، ھەبىبە مەمەت

(ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسىدىن)

قەدىمدىن ئىلى ۋادىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق خاتىرىسى بولغان ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۇرتۇپ سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. مۇزېينىڭ ئەسلىدىكى ئورنى ھازىرقى غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان كوچىسىغا جايلاشقان خەلق باغچىسىدىكى سابىق «ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى» بىناسىدا ئىدى. مۇزېي مىللىيچە ئۇسلۇبتا ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان، 1 - قەۋىتى 200 كۋادرات مېتىر، ئاستى - ئۈستى ياغاچلىق، مۇزېيدا 23 كۆرگەزمە ئىشكاپى بولۇپ، ئىشكاپقا 240 دانە مەدەنىي يادىكارلىق ۋە قوشۇمچە 56 كۆرگەزمە بۇيۇمى قويۇلغان.

2001 - يىل 4 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتى ئىلى ئوبلاستىغا قوشۇۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي دەپ ئاتالدى. ئۇ ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان بولدى.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىشلىرىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشىپ، ئىلىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ 3000 غا يېقىن يادىكارلىق توپلىدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى 2000 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە قەدىمىي قەبرىلەرنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدە چوڭ كۆلەملىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك قىممەتلىك قېزىلما بايلىقلارنى بايقىدى.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي ئەسلىدىكى ئورنىدىن غۇلجا شەھىرى ئايرودروم كوچىسى 122 - نومۇرلۇق قورۇغا كۆچۈرۈلدى. بۇ قورۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 8 مو، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا 5300 كۋادرات مېتىرلىق ئۈچ قەۋەتلىك مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئاق



رەڭلىك بىنا بار. بىنانىڭ ئۈستىدىكى قارا رەڭ بىلەن ھەل بېرىپ بېزەلگەن قازاقچە، خەنزۇچە ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېي دېگەن خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مۇزېينىڭ سۇ، توك، كۆزىتىش، مۇداپىئە مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل، بىنانىڭ ئەتراپى چىملىق بىلەن كۆكەرتىلگەن بولۇپ، ئازادە مۇھىت، گۈزەل مەنزىرە بەرپا قىلىنغان. بىنانىڭ ئۆگزىسى گۈمبەزسىمان بولۇپ ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنىدۇ. ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى ئايلانما شەكىللىك يېڭى زالى. 3 - قەۋىتى فوتو سۈرەت كۆرگەزمە زالى بولۇپ، ئىلى ۋادىسىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەنزىرىلىك جايلارنىڭ فوتو سۈرەتلىرى شۇنداقلا ئىلى ۋادىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ - ئادىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن فوتو سۈرەتلەر قويۇلغان. 2 - قەۋەتتە ئۈچ زال بولۇپ، بۇ زاللارغا ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ھەر قايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر قويۇلغان. يەنە بىر تەرەپكە 13 ئېغىزلىق ئىشخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇزېينىڭ 1 - قەۋىتى ئۈچ ئايرىم زال ۋە بىر ئايلانما زالدىن تۈزۈلگەن. ئىشىكتىن كىرگەندىلا جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتە ئىككى تارىخىي كۆرگەزمە زالى بار. ئوتتۇرىدىكى ئايلانما زالدا يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان فونتان، فونتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىن ئەينەككە چۈشۈرۈلگەن ئوبلاست خەرىتىسى بار. ئايلانما زالنىڭ تېمىغا ئىلى ۋادىسىدىكى تارىخىي ئەسلىمىلەر، بۇ تۇپراقتا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئويۇلغان. ئايلانما زالدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئودۇلدىكى زال مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر كۆرگەزمە زالىدۇر.

1 - قەۋەتتىكى ئىككى تارىخىي كۆرگەزمە زالىغا ئىلى ۋادىسىنىڭ 10 مىڭ يىللىق تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 575 دانە يادىكارلىق قويۇلغان.

1 - تارىخىي كۆرگەزمە زالىغا ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە تاش ئۆزەك، تاش يالپاق، تاش ياپراق، تاش باشاق ۋە قىرىش قورالى قاتارلىقلار قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئوۋچىلىق دەۋرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان برونزا دەۋرىدىكى يايلاق مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مىس قوراللارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر خىل قورالنىڭ ھەممە خىل شەكلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئىنچىكە كۆزلۈك مىس پالتا، قوش قۇلاقلىق مىس پالتا، تۈز كۆزلۈك مىس پالتا قاتارلىقلار. بۇ قېزىلمىلار ئەينى دەۋردىكى گۈللەنگەن يايلاق مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ. يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولغان يايلاقتىكى بۇغا تاشلار، قىيا تاشلارغا سىزىلغان، ئويۇلغان رەسىملەردە بۆرە بىلەن قوي، ئىتنىڭ يۈگۈرۈشى، ئادەمنىڭ قوي، كالا بېقىۋاتقان، كالىغا مىنىۋالغان، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەينى چاغدىكى تۇرمۇش ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. چوڭ تاش

قوراللار دەۋرىگە ئائىت تاشتىن ياسالغان پاسىغۇچ، پالتا، يارغۇنچاق، ئوغۇت تېشى، ئۇرچۇق قاتارلىقلار ئەينىلا شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان كۆچمە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر جەنۇبىغا، قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاۋرال ئېغىنىنىڭ نۇراساي جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان نۇراساي قەدىمكى مىس كان خارابىسى 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ساقلىنىشى ئەڭ ياخشى، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن مىس كان خارابىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىس كان خارابىسىدىن تېپىلغان زۇدا ئەۋرىشكىسى، ئەگىۋۈك تاش بولقا، تاش قېلىپ، مىس ئەيزە قېلىپى، ئاق شتېيىن ئۇكچىسى قاتارلىقلار شۇ دەۋردە شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي سانائەتنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2 . تارىخىي زالغا يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولغان ئات كۆندۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مىستىن ياسالغان ئېغىز دۇرۇق، ئېغىز دۇرۇق توسقۇسى، كەمەر توقىسى، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كىچىك مىس ئات قاتارلىقلار، ئىلى ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي كۆچمە چارۋىچى قەبىلە ھېسابلىنىدىغان ساكلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مىستىن ياسالغان تۇۋكەر، مىس ئادەم ھەيكىلى، ھەر خىل شەكىلدىكى مىس داشقان، قازان، پەتنۇس، قوغۇزاق قاتارلىقلار قويۇلغان بولۇپ، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايەن قىلىدۇ. 2001 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە نىلقا ناھىيىسى جىرىنتاي سۇ ئامبىرى ۋە تېكەس ناھىيىسى قاپچىغاي سۇ ئامبىرى رايونىنى قېزىشتا بايقالغان 980 قەبرىدىن (جىرىنتاي سۇ ئامبىرىدىن 700 قەبرە قېزىلغان، قاپچىغاي سۇ ئامبىرىدىن 280 قەبرە قېزىلغان) ھەر خىل شەكىلدىكى ساپال ۋە مىستىن ياسالغان قېزىلمىلار، قەدىمىي قەبرىنىڭ شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى، دەپنە قىلىنىش ئۇسۇلى ۋە جەسەت بىلەن ھەمدەپنە قىلىنغان بۇيۇملار قېزىلغان. موڭغۇلكۈرەنىڭ 100 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بوما قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئالتۇن نىقاب، قىزىل ياقۇت ئورنىتىلغان ئالتۇن بىزەك، قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، ئالتۇن قەغەز بىلەن ئاسرىغۇچ، ئالتۇن قەغەز قول بارمىقى، گۈل نەقىشلەنگەن ئېغىزلىق كومزەك، قىزىل ياقۇت ئورنىتىلغان بىر قۇلاقلىق ئالتۇن جام، ئالتۇن مونچاقلىق كەشتىلەنگەن توقۇلما، «قۇچاڭ» خەتلىك كىمخاب، چاقماق گۈللۈك شايى، روما ئۇسلۇبلۇق دارايى، كۈمۈش ئاياغ قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. بۇ قېزىلمىلار ئىلىدا قەدىمدىن باشلاپ كېلىۋاتقان ساك، ئۇيسۇن ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالتايدىكى شەمشىرەك، نىلقا ناھىيىسى قوجىرتاي جىلغىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئەگرىتاغ بېرىسى ۋە غۇلجىدىكى تۈرك بالباللىرى تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ بالبال مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چاغاتاي خانلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى رەڭلىك ۋە رەڭسىز فارفور قاچىلار، مىس، كۈمۈش، تۆمۈر، ئالتۇندىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى شۇنداقلا ھەر خىل مىس، ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىلەر ئىلىدىكى مىڭ، چىڭ

سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىمارەتلەر، دىنىي بۇيۇملارنىڭ تەتقىق قىلىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى.

مىللىي ئۆرپ - ئادەت كۆرگەزمە زالى ئوبلاستتىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان قازاقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلغان. 1 - قەۋەتتىكى چوڭ زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىلى ئوبلاستىدىكى مىللەتلەردىن قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، رۇس، ئۆزبېك، تاجىك، خۇيزۇ، داغۇر، شىبە، قىرغىز قاتارلىق 13 مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى كىيدۈرۈلگەن ئەر - ئايال مودېلدىن 26 سى قويۇلغان. زالنىڭ ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ قازاقلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، مىللىي چالغۇ - ئەسۋابلىرى، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قورال - سايمانلىرى، ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، ئوخشىمىغان جىنس ۋە ئوخشىمىغان ياشتىكىلەرنىڭ ئادەتتە، سەھنىدە، توي - تۆكۈنلەردە ۋە دىنىي مۇراسىملاردا كىيىدىغان يازلىق، قىشلىق كىيىملىرى قويۇلغان. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قازاق ئۆيى قازاقلارنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى تۇرمۇش ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئامغا تويۇپ چىقىرىلغان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئات رەسىمى قازاقلارنىڭ ئەركىن، مەردانە، قىزغىن ھاياتىنى ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. مانا بۇلار «تۇلپار دىيارى» دەپ نام ئالغان ئىلى ۋادىسىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىلى ۋادىسىنى بەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈسى.

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن

## جۇڭگو قىزىل ئالمىسى ماكانى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانىنى كۆرسىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى تەشكىلىي ھەيئىتى ئاقسۇ شەھىرىگە «جۇڭگو قىزىل ئالمىسى ماكانى» دېگەن نامنى بەردى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. شەھەر بويىچە قىزىل ئالما ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم تەخمىنەن 2000 گېكتارغا يېتىپ، ئالما ئۆستۈرۈلگەن كۆلەمنىڭ %70 نى ئىگىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 40 مىڭ توننىغا يەتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىلا، ئاقسۇ شەھىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرى تەرىپىدىن «ئالما ئۆستۈرۈش بازىسى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ئالما مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى، سۈپىتى ئەڭ ياخشى ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ قالدى.

— ماتېرىيالدىن

## سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن

# ئونسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى

## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

## IV باب ھەربىي ئىشلار

### § 1 . چاڭ خۇينىڭ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشى

خەن سۇلالىسىنىڭ يىڭتى 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 72 - يىلى) كۈزدىن 3 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى) 4 - ئايغىچە چېرىكچى چاڭ خۇي ئۇيسۇندىن ئۇيسۇنغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇيسۇنغا 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر يولغا سالدى. شەرق تەرەپتە 5 ساتغۇن رەھبەرلىكىدىكى 150 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ، ھۇنلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.

### § 2 . بەن چاۋنىڭ قۇم قەلئەسىنى ئېلىشى

خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنچۇ 3 - يىلى (78 - يىلى) 4 - ئايدا بەن چاۋ سۇلى، كانجۇت، ئۇدۇن، كېرىيىلەردىن 10 مىڭ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ قۇم قەلئەسىنى ئالدى. خەن سۇلالىسىنىڭ جيانخې 1 - يىلى (87 - يىلى) بەن چاۋ ساكاراتۇلغا يۈرۈش قىلغان چاغدا ئۇنسۇ، قۇم قاتارلىق بەگلىكلەر ئەسكەر ئەۋەتىپ ساكاراتۇلغا ياردەم قىلدى. ئۇنسۇ بېگى 8000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن شەرقىي چېگرىدا ئۇدۇن ئەسكەرلىرىنى توستى. بەن چاۋ ساكاراتۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنسۇ، قۇم ئەسكەرلىرى چېكىنىپ تارقىلىپ كەتتى.

### § 3 . ئاشىناشېرنىڭ بارقۇئان قەلئەسىنى ئېلىشى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 21 - يىلى (647 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئاشىناشېرنى قوزغىتىپ غەربىي يۈرۈش ئالىي باش بۇغى قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ ئەنشى قورۇقچىبېگى گو شياۋكې قاتارلىقلارنى باشلاپ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلدى، كۇسەن بېگى قالى پوسيا غەربكە قاراپ بارقۇئان قەلئەسىگە كەتتى. ئاشىناشېر ئەسكىرى كۈچىنى توپلاپ بارقۇئان قەلئەسىگە كىرىپ، كۇسەن سەركەردىسى جېلىيېدەننى ۋە ئۇنىڭ بېگى قالى پوسيانى ئەسىر ئالدى.

### § 4 . يۈنۇسخاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشى




مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 17 - يىلى (1481 - يى-لى) چاغاتاي خانلىقىدىكى يۈنۇسخان ئاقسۇدىن چىقىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى موغۇلىستان رايونىغا بارغاندا، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا

باشقىلارنىڭ قوشكورتۇشى بىلەن بىردىنلا يۈز ئۆرۈپ سېپىل دەرۋازىسىنى ئېتىۋالدى. يۈنۇسخان يەنە بىر قەلئەدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى مەغلۇپ قىلدى.

## § 5 . ئابابەكرىنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنى ۋەيران قىلىشى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 17 - يىلى ( 1504 - يىلى) چاغاتاي خانلىقىدىكى مەنسۇرخان بىلەن خان جەمەتى تەركىبىدىكى مىرزا بالىبەردى ئوتتۇرىسىدا نىزا تۇغۇلغاندىن كېيىن، مىرزا بالىبەردى قەشقەردىكى مىرزا ئابابەكرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 30 مىڭ ئادەمنى باشلاپ ئاقسۇغا كېلىپ قەلئەنى ۋەيران قىلىپ قۇرۇۋەتتى. مەنسۇرخان باي بىلەن كۇچاغا چېكىندى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدې 8 - يىلى (1513 - يىلى) يۈنۇسنىڭ ئوغلى سەئىدخان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئىنىسى ئىمىنخوجا سۇلتاننى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، ئابابەكرى ۋەيران قىلىۋەتكەن قەلئەنى يېڭىۋاشتىن ياساتقۇزدى.

## § 6 . جاۋخۇينىڭ ئاقسۇ (ئونسۇ) غا كېلىپ ئورۇنلىشىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خوجا جاھان ئونسۇغا قېچىپ كەلگەن چاغدا، شەھەر ئاھالىسى دەرۋازىنى ئېتىۋېلىپ ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. 17 - كۈنى خوجا جاھان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ئاھالىسى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، خوجا جاھان يېڭىلىپ ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەتتى. شەھەردىكى كاتتىۋاشلاردىن موللا ھوشۇر قاتارلىقلار مەكتۇپ يوللاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. 25 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ بىر پاي ئوق چىقارمايلا ئونسۇنى ئالدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جاۋ خۇي گازارمىسى ئونسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. جاۋ خۇي قاراسۇدا مۇھاسىرىدە قالغان چاغدا، شۇ خېدې بىلەن فۇ دېنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ئونسۇغا يېتىپ كېلىپ قۇتقۇزۇشقا تەييارلىق كۆردى. جاۋ خۇي مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ئەسكەر باشلاپ ئونسۇغا كېلىپ، فۇدې قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قەشقەر ۋە ياركەنتنى ئىگىلەپ ياتقان چوڭ - كىچىك خوجىلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، ئونسۇغا 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن، 30 مىڭ ئات، 1000 تۆگە ھازىرلىدى. 6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئونسۇنىڭ ھاكىمبېگى خوجىسنى يول باشلىغۇچى قىلىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ياركەنت بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. 9 - ئايدا چوڭ - كىچىك خوجىلار بەدەخشانغا كەلگەندە كىچىك خوجا ئۆلتۈرۈلدى، چوڭ خوجا قولغا ئېلىندى، بەدەخشان خانى سۇلتانشاھ ھۆججەتلىرىنى تاپشۇرۇشنى ئۇنىمىغاندى، جاۋ خۇي قاتارلىقلار زورلاپ تۇرۇپ ئالدى. سۇلتانشاھ چوڭ خوجىنى قەتلى قىلىپ، كىچىك خوجىنىڭ كاللىسى بىلەن قوشۇپ چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىگە تەقدىم قىلدى ھەمدە تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلدى. ھاكىم خوجىس چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەنسەپ بېرىلدى ۋە ماقاشى ئۆستۈرۈلدى.

## § 7 . ئىلى جاڭجۈنىنىڭ شەھەردە تۇرۇپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قوماندانلىق قىلىشى

داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) جاھانگىر خوجا باندىتلىرى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەنلەرنى ئالغاندىن كېيىن 6 - ئايدا قەشقەر باندىتلىرىدىن ئىككى كىشىنى ئونسۇغا ئاممىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە

قوزغىلىشقا ئۆتتى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىدىن 6000دىن ئوشۇق كىشى شەھەرگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان ئاقسۇ دەرياسىغىچە قىستاپ كېلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ ئاقسۇ شەھىرىنى (ھازىرقى ئونسۇ بازىرىنى) ئالماقچى بولىدۇ. 27 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئىلى جاڭجۈنى چاڭ لىڭ، شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى ياڭ يۇجۇن، شەندۇڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋۇ لوڭالار ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن كەلگەن 36 مىڭدىن ئوشۇق لەشكەر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ، جاھانگىر خوجا باندىتلىرىنى تازىلاشقا كىرىشتى، باندىتلارنى قومباش دەرياسىنىڭ بويىدا توسۇپ ئۇلارنى كۆپ قېتىم دەريادىن ئۆتكىلى قويمىدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەنە ئۆتكە بۇلۇنۇپ دەريانى بۇسۇپ ئۆتمەكچى بولغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئونسۇ خەلقىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلىپ، 1000دىن ئوشۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، قومباش دەرياسى زور غەلىبىگە ئېرىشتى.

## §8 . راشىدىن خوجا بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئۇرۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) راشىدىن خوجا ئۆزىنىڭ دىنىي ساھەدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، قوزغىلاڭنى ئويۇق يولغا باشلاپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، خاتىپنى بىر قىسىم قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قارايۇلغۇنغا كەلگەندە، ئاقسۇدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ۋە ھاكىمبەگ ئەربىيەدىن مەغلۇپ قىلىندى. راشىدىن خوجا يەنە جامالىددىننى قوشۇن باشلاپ ياردەمگە ئەۋەتتى، 7 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرىنى ئېلىپ، «كاپىرلار» ۋە «ئاسىيلار»نى قاتتىق قىرغىن قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ شەھىرى راشىدىننىڭ بۆلۈنمە ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 6 - يىلى (1867 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قوقانلىق ئوفىتسېر ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى قوشۇننى ۋە تۇتۇپ كېلىنگەن خەلقنى باشلاپ، مارالبېشى ئارقىلىق ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى، راشىدىن خوجىنىڭ يولدا توسۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان قوشۇنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. ياقۇپبەگ ئاقسۇ شەھىرىنى بېسىۋېلىپ «يەتتە شەھەر» ئەكسىيەتچىل مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەڭ زېمىننى ئۆزىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىغا ئالدى. تۇڭجى 9 - يىلى (1870 - يىلى) 2 - ئايدا ياقۇپبەگ شەرقتە تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا قېچىپ كېلىپ خوبرۇ خەلقىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. ئاندىن كېيىن قوشۇننى باشلاپ ۋە ناھىيە ئەۋەسىدىن 6000دىن ئوشۇق كىشىنى زورلۇق بىلەن ئەگەشتۈرۈپ داۋاملىق شەرققە قاراپ ماڭدى.

## §9 . لىيۇ جىنتاڭنىڭ ئاقسۇغا كىرىپ ئورۇنلىشىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى) 5 - ئايدا ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالدۇق قوشۇنى ھېكىمخان تۆرىنى خان قىلىپ كۆتۈردى ۋە ئاقسۇغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگ قۇلىبەگ قەشقەردىن ھېكىمخان تۆرىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، ھېكىمخان تۆرە مەغلۇپ بولۇپ روسىيىگە قېچىپ كەتتى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ لىيۇ جىنتاڭ قوشۇنى ئاقسۇ (ئونسۇ)غا يېتىپ كەلدى، خەلق ئاممىسى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى ئەڭگە تىزىلىپ تۇرۇپ قارشى ئالدى، بەگ قۇلىبەگ بىلەن بەي يەنخۇنىڭ قالدۇق قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەرگە چېكىندى. لىيۇ جىنتاڭ قوشۇننى غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتىن ئىككى يول بويىچە قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى، يەرلىك كاتتىۋاشلارغا تەسەللىي بېرىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

## § 10 . مىللىي ئارمىيىنىڭ ناھىيە بازىرىنى ئېلىشى

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) مىللىي ئارمىيىسى ئونسۇدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلدى.

### ئونسۇنىڭ 1 - قېتىم ئېلىنىشى

مىنگونىڭ 34 - يىلى(1945 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بايدىن ئونسۇنىڭ شىمالىدىكى قىزىلبۇلاق ۋە قورغاندىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئونسۇ ۋە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى جاۋ خەنجى قورغانى بىلەن قىزىلبۇلاقنىڭ قولدىن كېتىشىدىن قورقۇپ، ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن يېتىپ كەلگىچە قاتتىق مۇداپىئە قىلىشنى بۇيرۇغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - تۇەنى پىلىموتچىلار لىيەنىنى لىيەنجاڭ لى شۇجۇنىڭ باشلامچىلىقىدا قىزىلبۇلاققا ياردەمگە، زۆرۈر تېپىلغاندا، قورغاندا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇننى قوغداشقا ئەۋەتتى. جاۋ خەنجى ئونسۇنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن شۇ يەردىكى زور كۆپچىلىك ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى تۇتۇپ كېلىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا سالدى، ساقچى ئىدارىسىنى شەھەر ئامانلىقىنى قاتتىق ساقلاشقا بۇيرۇدى ھەمدە سېپىل ئۆپچۆرىسىدىكى بىنالارنى چاقتۇرۇۋەتتى. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىن ئىككى قوشۇن قورغاننىڭ شىمالىدىكى مۇزداۋانغا جايلاشقان گومىنداڭ ئەسكەرلەر 5 - تۇەنىنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بىر لىيەنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - تۇەنىنىڭ 2 - لىيەنى جامدىن ياردەمگە يولغا چىقىپ، ئۇزئاۋاتتا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ 200 دىن ئوشۇق ئادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مۇداپىئەدىكى قوشۇن تولۇق يوقىتىلىپ، 17 دانە يېنىك ۋە ئېغىر پىلىموت، 170 دانە مىلتىق، 20 تاپانچا، 100 مىڭ پايدىن ئوشۇق ئوق غەنىيمەت ئېلىندى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىن 1000 دىن ئوشۇق كىشى قىزىلبۇلاق ۋە قىرشادىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئونسۇ بىلەن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جامدا ئاممىنى تەشكىللەپ ئادەم تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىلىدىن 400 دىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئونسۇ ئەتراپىدا ئۇششۇ - تۇشتىن مىلتىق ئاۋازلىرى ياڭرىدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مىللىي ئارمىيە تۆت يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلىپ سېپىلغا كەلدى. چۈشتىن كېيىن ناھىيە شەھىرىنى ئالدى، گومىنداڭ ئاتلىق قوشۇنى 5 - تۇەنىنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ شەھىرىگە تولۇق چېكىندى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مىللىي ئارمىيە 3000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنى قورشىۋالدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قالڭ چېكىتتىن قىسمى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جاۋ خەنجى بىلەن قالڭ چېكىتتىن ئونسۇنى ئالغان مىللىي ئارمىيىگە ئىككى يول بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئونسۇنى قايتۇرۇۋالدى، مىللىي ئارمىيە ياردەم كۈتۈش ئۈچۈن قىرشاغا چېكىندى.

### ئونسۇنىڭ 2 - قېتىم ئېلىنىشى

مىنگونىڭ 34 - يىلى(1945 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ياردەمگە كەلگەن قوشۇن بىلەن موڭغۇل بىكتۇەنىدىن 1500 دىن ئوشۇق كىشى ئابباسوف، قاسىمجان، ھوشۇرخان، ھۇسەنقارى خوجا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر تاغ زەمبىرەكى لىيەنى، سەككىز دانە يېنىك، ئېغىر مىنامىيوت ئېلىپ، مۇز داۋاندىن قىرشاغا كېلىپ، ياردەم كۈتۈپ تۇرغان قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى، ئەتىسى مىللىي ئارمىيە تۆت يولغا بۆلۈنۈپ يەنە ئونسۇغا ھۇجۇم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە، مىللىي ئارمىيە ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئونسۇدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئىككى تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىپ، بىرنەچچە سائەت شىددەتلىك جەڭ قىلدى. گومىنداڭ مۇداپىئەدىكى قوشۇننىڭ ئوت كۈچى ئاجىز بولغاچقا، تولىسى يوقىتىلدى، ئاز بىر قىسمى ئاقسۇغا قېچىپ بېرىۋالدى. مىللىي ئارمىيە 2 - قېتىم ئونسۇ ناھىيىسىنى ئالدى ۋە ئاقسۇنى زور كۈچ بىلەن قورشىۋالدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتە، ئاقسۇنى

قورشۇالغان مىللىي ئارمىيە ئوق - دورىسى يېتىشمىگەنلىكتىن ئونسۇغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. جۇڭشىن كېيىن گومىندالڭ ئاتلىق قوشۇنى 5 - تۈمەننىڭ 3 - لىيەنى ئونسۇغا شىددەتلىك ئېتىلىپ كەلگەندە، مىللىي ئارمىيە بايىنناڭ قېيىر تېغى ئەترابىغا چېكىنىپ كەتتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم

# مائارىپ

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇزۇن تارىختا ئىگە. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، يەرلىك تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغاندىن باشقا، كارۋشتىچەدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى مائارىپنىڭ تارقىلىش دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيدى. ئىسلام دىنى بۇ ناھىيە تەۋەسىگە تارقالغاندىن كېيىن، مەدرىس مائارىپى يەنە ئاساسى ئورۇنغا ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېيەنلۇڭ يىللىرىدا، ناھىيە بازىرىدا خەنزۇچە شۇتاڭ ئېچىلدى. چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئاساسەن، دىنىي مەكتەپلەردە دىنىي دەرس ئوقۇش بىلەن تەڭ، باشقا بىلىملەر ۋە ئۇيغۇر تىل يېزىقىنى ئۆگەندى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933 - يىلى) دىن كېيىن، ئونسۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرغان مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم مۇتتەۋەرلەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلارمۇ سېخىيلىق بىلەن مەكتەپ ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىيلار، ئۇيۇشما ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت 3 خىل مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى بارلىققا كەلدى. يېڭى مەكتەپلەر تەرەققىي قىلىپ، ھەممىلا يەرنى دىنىي مەكتەپ قاپلاپ كەتكەن ۋەزىيەت بۇزۇپ تاشلاندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ مائارىپى تېز تەرەققىي قىلدى. 1954 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 17 گە، ئوقۇغۇچىسى 7332 گە يەتتى. 1956 - يىلى 3 باشلانغۇچ مەكتەپتە 3 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلدى. 1957 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گوڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا، مائارىپ قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغاچقا، مائارىپنىڭ سۈپىتى چۈشۈپ كەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مائارىپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، مەكتەپلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 80 - يىللاردىن كېيىن، ئونسۇ ناھىيىسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى مۇۋاپىق تەرتىپكە سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىزىغا چۈشتى. 41 يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، مائارىپ سانىسىنىڭ ئۆسۈشىمۇ تېز بولدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەتكە زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەپ بېرىلدى. «تۆت تونۇم» ۋە چوڭلار مائارىپى بويىچە «ئىككى ئۇنۇم» ئاپتونوم رايون بېكىتكەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى. ناھىيە 1986- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تارقاتقان لاياقەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

## I باب ئاپپاراتلار

1950 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1954 - يىلى مەدەنىيەت، مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، شتاتى تۆت قىلىپ بېكىتىلدى. 1962 - يىلى شتاتى بەشكە يەتتى. 1963 - يىلى مەدەنىيەت، مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، شتاتى ئالتىگە يەتتى. 1965 - يىلى شتاتى يەتتىگە يەتتى. 1973-

يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەدەنىيەت، سەھىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1976 ـ يىلى مەدەنىيەت، ماائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىق(بۆلۈم باشلىق)لىرى

جەدۋەل: 24 — 1

| ۋەزىپىسى | ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىدارە باشلىقى (بۆلۈم باشلىقى) | ھاجىيوف | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر شەھىرى | 1950.3 ـ 1958.5 |
| | ئەمەتنىياز مەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ شەھىرى | 1962.4 ـ 1962.5 |
| | ئەخمەتجان | ئەر | ئۇيغۇر | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 1962.5 ـ 1964.8 |
| | ليۇ شياڭلاڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ لىنتاۋ ناھىيىسى | 1979.4 ـ 1982.12 |
| | ئابدۇكېرىم ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | ئونسۇ ناھىيىسى | 1985.7 ـ |
| ئىدارە مۇئاۋىن باشلىقى (بۆلۈم مۇئاۋىن باشلىقى) | شۇ كۈيپۈەن | ئەر | خەنزۇ | ئونسۇ ناھىيىسى | 1950.3 ـ 1953.5 |
| | گا بىكشىن | ئەر | خەنزۇ | ئونسۇ ناھىيىسى | 1953.3 ـ 1954.5 |
| | نىياز نۇر | ئەر | ئۇيغۇر | ئونسۇ ناھىيىسى | 1962.5 ـ 1966.5 |
| | تۇنىياز ھوشۇر | ئەر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ شەھىرى | 1964.2 ـ 1966.5<br>1979.5 ـ 1980.2 |
| | ھۈسەن ھەسەن | ئەر | ئۇيغۇر | ئونسۇ ناھىيىسى | 1976.11 ـ 1984.8 |
| | ئابدۇكېرىم ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | ئونسۇ ناھىيىسى | 1981.5 ـ 1985.7 |
| | ئابلىكىم ھەسەن | ئەر | ئۇيغۇر | ئونسۇ ناھىيىسى | 1984.8 ـ 1990.6 |
| | خاۋ چىندى | ئەر | موڭغۇل | بېيجىڭ شەھىرى چاقپىڭ ناھىيىسى | 1985.5 ـ 1987.4 |
| | ئىمىن مۇسا | ئەر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ شەھىرى | 1985.4 ـ |
| | شىي تاۋ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى خۇڭتۇڭناھىيىسى | 1987.6 ـ |

1982 ـ يىل 3 ـ ئايدا مائارىپ بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا مائارىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، قارمىقىدا ئادەتتىكى مائارىپ مۇئەسسەسىلىكى ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، چوڭلار مائارىپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى، ئېلېكترلاشكەن مائارىپ خىزمەت پونكىتى، رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، خىزمەت پونكىتى، كادىرلار ئىشلىرى ـ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلار ئىشخانىسى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى ئىشخانىسى، دېھقانلار مائارىپى ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. مائارىپ ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىن مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت شىركىتى، ئىرشاتلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسى، سىرتتىن ئوقۇش پېداگوگىكا خىزمىتى پونكىتى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كونسۇلتاتسىيە پونكىتلىرى بار. 1990 ـ يىلدىكى شتاتى 66گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي شتات توققۇز، كەسپىي شتات 57.

# II باب كونىچە مائارىپ

## § 1 . خەيرى - ساخاۋەت مائارىپى

يېقىنقى زامان خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش چيەنلۇڭ يىلى، كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن باشلاندى، بۇ مەكتەپلەردە قوشۇنلەشكەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە دەرس ئۆتۈلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 56 - يىلى (1791 - يىلى) ئاقسۇ هاكىمبېگى مەيرەت ئابدۇللا ماتجۇچە مەكتەپ ئېچىش هەققىدە يۇقىرىغا مەلۇمات يوللىدى. گۇاڭشۇ 3 - يىلى (1877 - يىلى) ليۇ جىنتاڭ تۇنسۇنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن زو زۇڭتاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خەير - ساخاۋەت مەكتىپى ئېچىپ، ئۇيغۇر باللىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ مەكتەپتە باللارغا «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»، «ئورلۇق فامىلىلەر»، «مىڭ خەتلىك دەستۇر» ھەمدە «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر» قاتارلىقلاردىن دەرس ئۆتۈلدى. ئۇيغۇر باللىرى تىل ئايرىمىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆگىنىشتە قىينىلىپ، ئۆگىنىشنى «قورقۇنۇچلۇق قىيىن ئۆتكەل» دەپ قارايتتى. نامرات ئائىلىلەر باللىرىنى ئوقۇتۇشتىن قاچۇراتتى، بايلار باشقىلارنىڭ باللىرىنى تۇتۇپ بېرەتتى. شۇڭا بۇ، «ئوقۇش چاكىرى بولۇش»، «شەكىل جەھەتتىنلا ئوقۇش» دەپ ئاتالغانىدى. چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى مەكتەپلەرنى قەلەم، سىياھ، كىتاب بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيتتى ھەمدە «بىرەر دەستۇرنى ئوقۇيالىغۇدەك بولسىلا، ئەمەلدارلىق بۆكى ئاتا قىلىش توغرىسىدا مەلۇمات يوللاش» تەك چارىلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇلاتتى. بىراق، بۇ چارىلەر جەمئىيەتكە ماس كەلمىگەچكە ئۈنۈمى بولمىدى.

## § 2 . شۆتاڭ

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى) دىن كېيىن، ئۇنىڭ مەھكىمىسى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى يولغا قويدى. «ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئايماق ئەمەلدارلىرى مەكتەپ ئېچىشنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ تەيىنلىنەتتى، شۇڭا مەكتەپ ئېچىش كۆزنى يۇمۇپ تەرەققىي قىلغانىدى». ناھىيەدە هۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ دەرىجىلىك خەنزۇچە شۆتاڭ 19، شۆتاڭلاردىكى ئوقۇتقۇچى 20، ئوقۇغۇچى 575 ئىدى. شۆتاڭلاردا «ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەتلەر دەرسلىكى» ئۆتۈلەتتى، دەرسلىك مەزمۇنىدا يەنىلا فېئوداللىق ئەدەپ - ئەخلاق ئاساس قىلىنغان بولۇپ، «ساداقەتمەن بولۇش»، «كۆڭلىنى هۆرمەتلەش»، «ۋاپادار بولۇش، ئاكىسىغا هۆرمەت قىلىش، ساداقەتمەن بولۇش، ۋەدىسىدە تۇرۇش، ئەدەپلىك بولۇش، ئىنساپلىق بولۇش، پاك بولۇش، ئار - نومۇسنى ساقلاش» قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلىناتتى. خەنزۇ يېزىقى، خەنزۇ تىلى بىلىم ئىگىلەشتىكى ئالامەت قورال قىلىنغاچقا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى ئېغىر هاشار دەپ بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي مەكتەپلەر ھەدەپ توسالغۇلۇق قىلغاچقا، مەكتەپ ئېچىش تازا ئۈنۈملۈك بولمىغانىدى.

شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) يۈەن داخۇا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مائارىپ خىراجىتىنى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىۋالغاچقا، خەنزۇچە شۆتاڭلار ئاستا - ئاستا تاقىلىشقا باشلىدى.

**گۇاڭشۈ 33 - يىلىدىن شۈەنتۇڭ 2 - يىلى(1907 — 1910 - يىل) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆتاڭلار**

جەدۋەل: 24 _ 2

| مەكتەپ نامى | مەكتەپ ئورنى | قۇرۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا | گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا | شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 1.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى خانىقا مەسچىتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 2.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى كۆك بازار مەسچىتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 3.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى كىگىزچىلەر كوچىسى مەسچىتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 4.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى مىسكەرچىلەر كوچىسى مەسچىتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 5.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى خانىقا مەسچىتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 6.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى يوقىرى قوۋۇقتا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 7.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى كونا بازار مەسچىتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 8.خەنزۇچە شۆتاڭ | ناھىيە بازىرىدىكى ئارقا بازار مەسچىتىدە | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 9.خەنزۇچە شۆتاڭ | جامدا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 10.خەنزۇچە شۆتاڭ | يېڭى بازاردا | شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 11.خەنزۇچە شۆتاڭ | ئامباغاچتا | شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 12. ئاددىي سائات چىقىرىش مەكتىپى | ناھىيە بازىرىدىكى يۈگۈەن ئارقا مەھەللىسىدە | شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 1 - ئومۇمىي تىل ئوقۇتۇش ئورنى | 1 - خەنزۇچە شۆتاڭ قارىمىقىدا | شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 2 - ئومۇمىي تىل ئوقۇتۇش ئورنى | 1 - خەنزۇچە شۆتاڭ قارىمىقىدا | شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) |

## 3 §. دىنىي مائارىپ

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇتەسسىپ بەگ دىنىي مائارىپنى باشقۇراتتى. كەنتلەردە مەدرىسە بار ئىدى، بۇ مەدرىسىلەر ئادەتتە مەسچىتتە بولاتتى. مەدرىسىلەرنى نوپۇزلۇق ئاخۇنلار باشقۇراتتى، مەدرىسىلەردە ئوقۇتقۇچى ۋە مەلۇم ساندا ياللانما بولاتتى، دىنىي مائارىپ ئاساس قىلىناتتى، قوشۇمچە قىرائەت ۋە يېزىقچىلىق دەرسى ئۆتۈلەتتى.

مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى مائارىپتا تەرەققىيات بولمىدى؛ كونىچە خەتنۇ شۇتاقلارمۇ توختىدى. مەسچىتلەردىكى باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەدرىسلەر يەنىلا ئاساسلىق ساۋات چىقىرىدىغان مائارىپ ئاپپاراتى ئىدى. مەدرىسلەردە دەرسلىك بولمايتتى، دەرس ئۆتىلىدىغان چاغدا بالىلار كالا، قوي تاغاق سۆڭىكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاخۇن، موللىلار ئۆگەتكەن ھەرپ ۋە ئايەتلەرنى سۆڭەككە يازاتتى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆچۈرۈۋېتەتتى، 2 ـ كۈنى يەنە يېڭى «دەرس»نى يازاتتى.

مىڭگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئونسۇ ناھىيىسىدە كۆك، سېدىلىك، مىسكەر بازار، كونا بازار، خوتەن مەھەللە ئالدى، ھەزرىتىم، ئەنجان يولى، ئېقىنبويىدىن ئىبارەت 8 يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسە ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى، بۇ مەدرىسلەرنىڭ قۇرغۇچىسى روسىيىدىكى بۇخارا خەلقئارا مەدرىسىنى ئوقۇپ ئاياغلاشقان ھەمدە ناھىيىدىكى ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى بويىچە چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلغان موللا ناسىرداموللام ۋە ئۇنىڭ تالىپلىرى ئىدى.

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بازار، يېزىلاردا كەڭ كۆلەمدە ھازىرقى زامان مائارىپىنى بەرپا قىلدى، ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەدرىسلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تاقالدى.

## II باب ئادەتتىكى مائارىپ

### §1. مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيە

1978 ـ يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا بالىلار سىنىپى ئېچىلىپ، ئۈت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار قوبۇل قىلىندى، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىققا تاللىنىپ، ئوقۇتۇش سايمانلىرى، ئويۇنچۇقلار سەپلىنىپ، بالىلار باغچىسى خاراكتېرگە ئىگە قىلىندى.

1979 ـ يىلى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار سىنىپى ئېچىلىپ، 1 ـ يىللىقنىڭ تەييارلىق سىنىپى قىلىندى. 1980 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەييارلىق سىنىپلىرى توختىتىلدى. ناھىيىلىك يەسلىدە جۇڭگۇاق بالىلار سىنىپى ئېچىلدى، ئۇنىڭغا مەخسۇس بالىلار تەربىيىچىسى سەپلەندى.

1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى قۇرۇلۇپ، ئۈت تەربىيىچى قويۇلدى، 74 بالا قوبۇل قىلىندى، بالىلار باغچىسى چوڭ، ئوتتۇرا دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىلدى. 1985 ـ يىلى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ سىنىپقا ئايرىلدى، يېڭىدىن دەرسخانا، پائالىيەت ئۆيى، ئاشخانا سېلىنىپ، كۆپ خىل پائالىيەت ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى. 1988 ـ يىلى مىللىي، خەنزۇ بالىلار ئايرىلىپ، 2 ـ بالىلار باغچىسى (مىللىي) قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بالىلار مائارىپى ئىزىغا چۈشتى. 1990 ـ يىلى ناھىيىدىكى بالىلار باغچىسى توققۇزغا، باغچىدىكى بالا 900گە يەتتى.

ناھىيىلىك 1 ـ، 2 ـ بالىلار باغچىسىنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى باشقۇردى، ئۇنىڭ خىراجىتى مائارىپ خىراجىتىدىن چىقىم قىلىندى. بالىلار تەربىيىچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن يۆتكەپ كېلىنىپ، بالىلار مائارىپى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلدى. يېزا، مەيدان، كەنت، ئەترەتلەردىكى بالىلار باغچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەلق باشقۇرغان، ھۆكۈمەت ياردەم قىلغان باغچىلار بولۇپ، خىراجىتى ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن چىقىم قىلىندى ياكى ھۆددە ئالغان ئورۇن ئۈستىگە ئالدى.

**ناھىيىنىڭ 1978 — 1990 - يىلغىچە بولغان بالىلار مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى**

جەدۋەل: 24 - 3

| يىللار | باغچا سانى | سىنىپ سانى | باغچىدىكى بالا سانى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى | يۆتكەلگەن بالا سانى | قوبۇل قىلىنغان بالا سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 3 | 4 | 261 | 14 | | |
| 1979 | 3 | 7 | 278 | 22 | 120 | 138 |
| 1980 | 3 | 9 | 281 | 33 | 140 | 160 |
| 1981 | 3 | 10 | 392 | 33 | 150 | 170 |
| 1982 | 4 | 12 | 345 | 36 | 180 | 125 |
| 1983 | 4 | 12 | 369 | 56 | 200 | 151 |
| 1984 | 5 | 18 | 394 | 77 | 210 | 146 |
| 1985 | 6 | 19 | 501 | 85 | 300 | 218 |
| 1986 | 8 | 23 | 635 | 92 | 310 | 3500 |
| 1987 | 8 | 25 | 701 | 101 | 400 | 400 |
| 1988 | 9 | 36 | 727 | 107 | 425 | 301 |
| 1989 | 9 | 36 | 819 | 113 | 473 | 517 |
| 1990 | 9 | 36 | 900 | 113 | 500 | 600 |

# 2 § . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

## 1 . خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «سەككىز تۈرلۈك خىتابنامە»نى ئېلان قىلىپ، «مائارىپنى كېڭەيتىش» قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى ئاتدار زاتلار، ئالىملار خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتىن بەشنى قۇردى.

1) تۆمۈرغازى ئاتا باشلانغۇچ مەكتىپى    مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئىسمائىل قاسىم ھاجى مەبلەغ چىقىرىپ ناھىيە بازىرىدىكى كونىچە خەتنۇچە شوتاڭلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ناھىيىسى بويىچە 1 - بەشىنچى مەكتەپنى قۇردى. مەكتەپكە ئوقۇتۇش مۇئەسسەسلىرى ۋە تەنتەربىيە سايمانلىرى تولۇقلىنىپ، 1 - يىللىقتىن ئىككى سىنىپ، 2 - يىللىقتىن ئىككى سىنىپ بولۇپ جەمئىي 79 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، خوتەنلىك نۇرمۇھەممەت ئېلى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. ناھىيە ئاھالىسى مەكتەپ قۇرغۇچىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ مەكتەپنى «ئىسمائىلىيە مەكتىپى» دەپ ئاتىدى.

2) مەكتەبى نىيازىيە (قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى)    مىنگونىڭ 23 - يىلى(1934 - يىلى) مەشھۇر

ئالىم مۇسا داموللا كوكۇرامىيىشى (ھازىرقى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئورنىدا) دىكى مېھمانخانىنى ئىجارىگە ئېلىپ مەدرىسە ئېچىپ، ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، قىز ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن، مەدرىسە كېڭەيتىلىپ، يەنى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە مەخسۇس قىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىدىغان بولدى. بۇ مەكتەپكە «مەكتەبى نىيازىيە» دەپ نام بېرىلدى. بۇ، ناھىيە بويىچە تۇنجى قىزلار مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ.

3) تۇران سادىقىيە مەكتىپى مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ئونسۇ ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان قەشقەرلىك سودىگەر سادىق مەبلەغ چىقىرىپ ئاستى - ئۈستى ئاكتايلىق، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بەش ئېغىزلىق سىنىپ سېلىپ، «تۇران سادىقىيە مەكتىپى» (ئورنى ھازىرقى سودا ئىدارىسى قورۇسىدا) نى قۇردى. قەشقەرلىك ئىمىن قارى ئەخمىدى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىنىدى.

4) ۋەتەن يۇنۇس مەكتىپى مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ئاكا - ئۇكا يۇنۇس ئاخۇن ۋە سەلەي ھاجىلار مەبلەغ چىقىرىپ، ئىشىك - دېرىزىلىرى ئازادە، سىنىپلىرى يورۇق بولغان، ئاستى - ئۈستى ئاكتايلىق «ۋەتەن يۇنۇسىيە مەكتىپى» (ئورنى ھازىرقى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئىچىدە) نى قۇردى. توختى تۇردى مەكتەپ مۇدىرى بولدى.

5) سەپەرىيە مەكتىپى بۇ مەكتەپنى مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) چولاق سودىگەر سەپەر ھاجى ئۆز ئالدىغا پۇل چىقىرىپ سالدۇردى (مەكتەپ ئورنى ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ شەرقىدە ئىدى). بۇ مەكتەپنىڭ ئۈچ ئېغىز سىنىپى، بىر ئېغىز ئىشخانىسى، بىر ئېغىز ياتىقى بار ئىدى. ئابدۇرېھىم ھۆشەيىن مەكتەپ مۇدىرى بولدى.

## 2. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئونسۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» دېيىلىدۇ) ئۆزىنىڭ ھەر خىل باج، زاكات، مەبلەغلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاقارتىشنى ئاساس قىلغان باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلى، ھېساب، ئومۇمىي ساۋات، دىنىي دەرس، مۇزىكا، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى، كۆمۈر پۇلى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بېرەتتى. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر دەسلەپ قۇرۇلغاندا، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ۋە مەدرىسلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئومشۇقلۇق سابىت ھاجىس ئوقۇتقۇچىلار «كاپىر» دېگەندەك ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئاتا - ئانىلارنى بالىلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە قىستىدى، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرىلەشكەندە، ئۇ دېگىلى گەپ تاپالماي ئاچچىقىدا ئىشلەمچىلىرىگە بۇيرۇپ، بىر ئوقۇتقۇچىنى دەرەخكە ئاسقۇزۇپ، قاتتىق ئۇرغۇزدى؛ چاغراقلىق مەتنىياز مىراب مەكتەپ بىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلدى.

مىنگونىڭ 24 - يىلىدىن 25 - يىلىغىچە (1935 - 1936 - يىللىرى) ناھىيىدىكى خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە يېڭىدىن 16 مەكتەپ قۇرۇلدى. ناھىيە بازىرىدا تۆمۈر غازى ئاتا مەكتىپى، يۇنۇسىيە مەكتىپى، تۇران سادىقىيە مەكتىپى، مەكتەبى نىيازىيە (قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى)، شەپقەت مەكتىپى (يېتىم - يېسىرلار مەكتىپى، 72 يېتىم بالا قوبۇل قىلىنغان)، دۆلەتھەللە مەكتىپى قاتارلىق ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتىن ئالتىسى بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 730، ئوقۇتقۇچى 30 ئىدى.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى(1945 ـ يىلى) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر

جەدۋەل: 24 ـ 4 بىرلىكى: سىنىپ، ئادەم، يۈەن

| مەكتەپ نامى | سىنىپ سانى | | ئوقۇغۇچى سانى | | | يىللىق خىراجەت |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوغۇللار | قىزلار | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 6 | 3 | 280 | 130 | 410 | 108200 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 3 | — | 128 | — | 128 | 356640 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 5 | 2 | 301 | 107 | 408 | 822000 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 4 | — | 177 | — | 177 | 440160 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 4 | — | 230 | — | 230 | 440160 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | — | 2 | — | 106 | 106 | 222720 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 5 | — | 204 | — | 204 | 511520 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 8 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 6 | — | 322 | — | 322 | 743880 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 4 | — | 210 | — | 210 | 440160 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 1. ساۋات چىقىرىش مەكتىپى | 4 | 1 | 200 | 50 | 250 | 120000 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 2. ساۋات چىقىرىش مەكتىپى | 1 | 1 | 45 | 50 | 95 | 96300 |
| جەمئىي | 42 | 9 | 2097 | 443 | 2540 | 4301740 |

مىنگونىڭ 25 ـ، 26 ـ يىللىرى(1936 ـ 1937 ـ يىللىرى) يېزىلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاچىرىق ئوغۇزخان مەكتىپى، ئۈمشۈق «يېڭى يول» مەكتىپى، چاغراق «چولپان» مەكتىپى، جام «ئۆرمۈش» مەكتىپى، قىزىل مەكتىپى، چاغراق مەكتىپى، سۆگەتئېرىق مەكتىپى، جايتوغراق مەكتىپى، ساۋات مەكتىپى، قويچى مەكتىپى، قىزىلبۇلاق مەكتىپى، ئالا بۇلاق مەكتىپى، ئورىيەت مەكتىپى، تۆۋەنكى مەكتەت مەكتىپىدىن ئىبارەت 14 مەكتەپ قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى(1936 ـ يىلى) ئاقلىق رايونىدىكى قىرغىزلار ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا يول ئاپتۇرۇشنى توختىتىپ، مەبلەغ توپلاپ ئاقلاق قىرغىز باتاقلىق مەكتىپىنى قۇردى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى( 1942 ـ يىلى) بوزدۆڭ قىرغىز باتاقلىق مەكتىپى قۇرۇلدى. 2 باتاقلىق مەكتەپكە چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن 250 بالا قوبۇل قىلىندى.

ئىلى شىنەي مىنگونىڭ 26 ـ يىلى(1937 ـ يىلى)دىن باشلاپ، ئۆزلۈكىدىن «ئازلاش» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. مىنگونىڭ 26 ـ، 27 ـ يىللىرى(1937 ـ 1938 ـ يىللىرى) 13 ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇلار: مەمتىمىن قارى ھاجى، ھاشىم ئاخۇنجانوف، ئىمىن قارى، ئەخمەت، ئابدۇكېرىم يۈسۈپ، ئابدۇرېشىت ئۆردى، ساۋۇت ياقۇپ، ئابلىمىت ھاجى، مەمتىلى

بەگ، سۇلتان ئاخۇن، ئەمەت قۇززات ئاخۇن، توختى بەگ، تۆمۈر بەگ. مىنگونىڭ 1931 ـ يىلى(1942ـ يىلى) 5 ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇلار: ئەلاخۇن ئىمىن، قاھارخوجا، ئىسمائىل قارى، ھامۇت قارى.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى(1942 ـ يىلى) ئۈيۈشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر يەسكويغا چۈشۈپ قالدى، بەزى مەكتەپلەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە قوشۇۋېتىلدى ياكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى(1945 ـ يىلى) تەفتىش، قوشۇۋېتىش نەتىجىسىدە ئۈيۈشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر 11 گە چۈشۈپ قالدى، 2540 ئوقۇغۇچىسى قالدى، مىنگونىڭ 36 ـ يىلى(1947ـ يىلى) ئۈيۈشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتىن پەقەت ئۈچىلا قالدى.

## 3. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن 19 ـ يىللىرىغىچە(1930 ـ يىللىرىغىچە) ئۈنسۇ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرسىلا بار ئىدى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى(1942 ـ يىلى) ئۇيغۇر ئۈيۈشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئۈيۈشما باشقۇرۇشىدىكى بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. تۆمۈر ھازى ئاتا مەكتىپى ناھىيىلىك مەركىزىي مەكتەپكە، مەكتەپى نىيازىيە ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپىگە، دۆڭ مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە جام تورمۇش مەكتەپلىرى ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى(1943 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ناھىيىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنى خەلق مەكتىپى دەپ ئاتاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

مەركىزىي مەكتەپلەردە يۇقىرى يىللىق سىنىپ تەسىس قىلىندى. بۇ سىنىپلاردا مەزكۇر مىللەتنىڭ تىلى، ھېساب، دىنىي دەرس، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى. 1 ـ، 2 ـ يىللىقلار 24 سائەت، 3 ـ يىللىقلار 28 سائەت، 4 ـ يىللىقلار 30 سائەت، 5 ـ، 6 ـ يىللىقلار 32 سائەت دەرس ئوقۇدى. گومىنداڭنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپلەردە «جۇڭخۇا ئىشخانىسى» تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ تەرتىپ ـ ئەخلاق تەربىيىچىلىرى سەپلەندى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن گومىنداڭغا ئەزا قوبۇل قىلىندى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىزچىلار قۇرۇلدى، ھەر كۈنى بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپلەردىكى باللار بىر مەزگىل بىر ئۇناش مەكتەپ فورمىسى كىيدى، چوڭراق مەكتەپلەر دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلدى. كىچىكرەك مەكتەپلەر ھەرەللىك تۇردە ئاخۇنلارنى دىنىي دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى(1945ـ يىلى)دىن كېيىن يۇقىرىلىق دەرس تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا «ئۈچ مەسلەك» تەربىيىسى بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا كومپارتىيىگە قارشى ئالاق سىڭدۈرۈلدى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى(1948 ـ يىلى)نىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى تولۇق مەكتەپ 17گە، سىنىپ 51گە، ئوقۇغۇچى 2324گە، ئوقۇتقۇچى 88گە يەتتى.

**مىنگونىڭ 37 ـ يىلى(1948 ـ يىلى)دىكى ناھىيىدىكى تولۇق مەكتەپلەر**

جەدۋەل: 24 ـ 5

بىرلىكى: سىنىپ، ئادەم

| مەكتەپ نامى | سىنىپ | | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر | | | ئوقۇغۇچىلار | | | ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەت ئايرىمىسى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يۇقىرى يىللىق | تۆۋەن يىللىق | ئەر | ئايال | جەمئىي | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قىرغىز | خۇيزۇ | باشقىلار |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| — | — | — | — | 336 | 336 | — | 336 | 15 | — | 15 | 7 | 1 | ناھىيىلىك مەركىزىي خەلق مەكتىپى |
| — | 23 | — | 31 | 106 | 160 | 14 | 146 | 6 | — | 6 | 4 | — | ناھىيىلىك «جۇڭچىبالە» مەكتىپى |
| 1 | — | — | — | 155 | 156 | 156 | — | 7 | 6 | 1 | 4 | — | ناھىيىلىك قىزلار 1 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | — | — | 96 | 96 | 96 | — | 4 | 3 | 1 | 2 | — | ناھىيىلىك قىزلار 2 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | 6 | — | 166 | 172 | — | 172 | 6 | — | 6 | 4 | — | ناھىيىلىك 1 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | — | — | 83 | 83 | 17 | 66 | 3 | — | 3 | 2 | — | ناھىيىلىك 2 - خەلق مەكتىپى |
| 2 | — | — | — | 223 | 225 | 65 | 160 | 5 | — | 5 | 3 | — | ناھىيىلىك 3 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | 81 | — | 87 | 168 | 51 | 117 | 6 | — | 6 | 4 | — | ناھىيىلىك 4 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | — | — | 132 | 132 | 41 | 91 | 5 | 1 | 4 | 3 | — | ناھىيىلىك 5 - خەلق مەكتىپى |
| 1 | — | — | — | 105 | 106 | 28 | 78 | 4 | 1 | 3 | 2 | — | ناھىيىلىك 6 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | — | — | 102 | 102 | — | 102 | 4 | — | 4 | 2 | — | ناھىيىلىك 7 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | — | — | 43 | 43 | 9 | 34 | 2 | — | 2 | 1 | — | ناھىيىلىك 8 - خەلق مەكتىپى |
| — | — | — | — | 88 | 88 | 13 | 75 | 3 | — | 3 | 2 | — | ناھىيىلىك 9 - خەلق مەكتىپى |
| 4 | 23 | 87 | 31 | 1722 | 1867 | 490 | 1377 | 70 | 11 | 59 | 40 | 1 | كىچىك جەمئىي |
| — | — | — | — | 95 | 95 | 93 | 2 | 4 | 3 | 1 | 2 | — | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى قىزلار 1 - مەكتىپى |
| — | — | — | — | 83 | 83 | 9 | 74 | 4 | — | 4 | 2 | — | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 2 - مەكتەپ |
| — | — | — | — | 138 | 138 | 28 | 110 | 5 | — | 5 | 3 | — | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 3 - مەكتەپ |
| — | — | — | — | 141 | 141 | — | 141 | 5 | — | 5 | 3 | — | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 4 - مەكتەپ |
| — | — | — | — | 457 | 457 | 130 | 327 | 18 | 3 | 15 | 10 | — | كىچىك جەمئىي |
| 4 | 23 | 87 | 31 | 2179 | 2324 | 620 | 1704 | 88 | 14 | 74 | 50 | 1 | جەمئىي |

新疆地方志

（季刊）

目录

2005 年第三期

总第七十二期

顾问
乌依古尔・沙依然
伊敏・图尔逊
努尔穆罕默德・多莱提
沙比尔・艾力

主编
迪木拉提・木沙

副主编
阿不都肉甫・艾力
艾合买提・肉孜・托格加力

编委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫・艾力
阿不都守库尔・图尔地
阿不都克优木・霍加
阿不来提・努尔东
阿不来提・伊敏
热米拉
沙比尔・艾力
吾甫尔・吾守尔・尼亚孜
霍加阿合买提・优努斯
哈德尔・阿皮孜
哈斯木・霍加
库尔班・马木提

责任编辑
甫拉提・伊米提

# 目　录

## 文献辑录

在自治区地方志工作会议上的讲话 …………… 司马依・铁力瓦尔地 1
在自治区地方志工作会议上的讲话 ……………… 贾帕尔・艾比布拉 7
与时俱进，真抓实干，确保 2005 年基本完成第一轮修志任务 …………………………………………………… 崔书杰 10

## 年鉴研究

20 年辉煌历程 ………………………………… 加米拉・阿布拉 15

## 历史资料

抗日战争时期的哈密空军基地 …………………… 阿依夏母・亚库甫 22

## 文物古迹

托帕协哈尔古城及其有关传说 ………………… 依布拉音・艾勒卡木 25

## 历史人物

著名绘画师穆罕默德依明・纳曼及其艺术生涯 …………………………………………………… 依民江・阿布都热依木 29

## 说古道今

七角井 ………………………………………… 马木提・哈孜 33

## 地名研究

高昌回鹘汗国管辖的小城 ………………………… 司马依・铁木尔 36
伍普尔县亚尕其艾望古城遗迹周围的部分地名 …………………………………………………… 吾布力・马合木提 39
鄯善县地名特点及部分地名考 ……… 艾合买提依明・艾勒纳扎尔 43

## 宝　地

伊犁州博物馆简史 ………… 茹合萨日・吐尔孙，艾比拜・买买提 47

## 社会主义新方志

《温宿县志》 ………………………………………………… 51

封一　百年以前的库车老城

特来提　提供

# 新疆地方志 维吾尔文（季刊）

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

辑出版：《新疆地方志》编辑部
址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号
刷：新疆金版印务有限公司

内统一刊号 CN65－1128/K－W
话：4840715　邮政编码：830063
价：3.00 元

CN65－1128/K－W

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2005 · 4

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
22 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 73 - سان

**2005 - يىللىق**
**4 - سان**



مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىسمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
سابىر ئەلى

باش مۇھەررىر
دىلمۇرات مۇسا
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راسىلە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، خوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر
پولات ھېمىت


## مۇندەرىجە


**سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن**

«قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى»دىن ........ 1

**تارىخىي ئەسلىمە**

مەھكىمە شەرئىدىكى ئىشلار ........ مەتىمىن نۇرى 17

**ئىلمىي مۇھاكىمە**

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر ........ خوجائەخمەت يۇنۇس 21

**يەر ناملىرى تەتقىقاتى**

خوتەندىكى بىرقىسىم يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ مەتقاسىم ئابدۇراخمان 27

**تارىخ سەھىپىسىدە**

1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ئۈچتۇرپان مائارىپى توغرىسىدا ........ تۇرسۇن بارات 31

**مەشھۇر شەخسلەر**

سىڭتۇي سىلەرنى ئۇنۇتمايدۇ ........ ئايگۈل قادىر 37
ئۇنتۇلغان تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ........ تۇرسۇن قاھار 46

**مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى**

چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تارىخىي ئىزلار ........ غالىپ بارات ئەرك 51
مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تۇرلار ........ پولات مۇھەممەتئىمىن 56

**شىنجاڭدىكى كەسىپلەر**

چىغىرىق ۋە چاق ........ توختى داۋۇت 60
خوتەن دىيارىدا جوۋا ۋە تەلپەك ........ ئوسمان مۇھەممەدى قاراقۇتلۇق 62


مۇقاۋىدا: يۈز يىل ئاۋۋالقى قىزىل سىڭتۇي
سۈرىتى تەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن تەمىنلىگەن

«قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىن

ئۈچىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن

## I باب مىللەت

### 3 §. قازاقلار

### 1. قازاقلارنىڭ كۆچۈش تارىخى

#### 1) قازاقلارنىڭ باركۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى

قازاقلارنىڭ كۆپلەپ باركۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى تېخى يېقىنقى بىر - ئىككى يۈز يىل ئىچىدىكى ئىش. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئالتايدىن بىرلەپ - ئىككىلەپ كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىدى. بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل ئىلگىرى يېزىلغان «ئارقالىق» داستانىدا قازاق چارۋىچىلارنىڭ باركۆل يايلاقلىرىغا كېلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغانلىقىغا دائىر قىسمەن ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. 1756 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى قىشتا قىسمەن قازاق چارۋىچىلار باركۆلنىڭ سارتۇمسۇق ۋە قايتىق ئەتراپىغا قىشلاشقا كېلىپ، يازدا كۆچۈپ كېتىپ تۇرغان. 1883 - يىلى «جۇڭگو - روسىيە تارباغاتاي چېگرا كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن قازاقلار ئىچكىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

قازاقلاردىن دىلدەباي، ئەمۆلتى (نايمان قەبىلىسىدىن)، كۆكدارقان (كېرەي قەبىلىسىدىن)، جۇمىسباي (تاسبىكە قەبىلىسىدىن) قاتارلىق ئاقساقاللار 90 نەچچە ئائىلىلىك قازاق چارۋىچىنى باشلاپ بىرىنچى تۈركۈمدە ئالتايدىن باركۆلگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار يازدا بېيسەن ۋە سارچوققا ئەتراپىدا مال باقسا، قىشلىقى باچاگرى، مياشەن، ئاشىققارا ئەتراپلىرىدا قىشلىغان. بۇلاردىن باشقا كېرەي قەبىلىسىدىن قاسىمقان بىلەن جامسابايمۇ بۇ يەرگە چارۋىچىلارنى باشلاپ كەلگەن. 1889- يىلى شاياخمەت، ئىسمائىل (ئۇۋاق قەبىلىسىدىن)، ئامىرتى، جىمىسباي (تاسبىكە قەبىلىسىدىن)، سىدىق (كېرەي قەبىلىسىدىن)، جولغوزباي،



كېكبباق (ئېمدېۋلەت قەبىلىسىدىن)، بابالاق (قاستاۋباي قەبىلىسىدىن) لار 200 ئۆيلۈك چارۋىچىنى باشلاپ ئالتايدىن باركۆلنىڭ بىيسەن، مىيىبرگو ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن. باركۆلگە 1890 - يىلى ئالتاي، تارباغاتاي رايونىدىن 200 نەچچە ئۆيلۈك، 1895 - يىلى ئالتايدىن 200 نەچچە ئۆيلۈك قازاق چارۋىچى باركۆلگە كۆچۈپ كەلگەن. 1903 - يىلى قابى موللا زالىڭ قاتارلىق 10 ئۆيلۈك قازاق قومۇلنىڭ يەتتە قۇدۇقتىن قوبلۇققىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاغقا كېلىپ مال باققان. قابى موللىنىڭ ئوغلى قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئېگەر ۋە ئالتۇن زەر تۇتۇلغان ئېگەر ھەمدە ئېسىل ئىككى ئات سوۋغا قىلىپ شارلار تېغى بىلەن ۋۇداۋگودا مال بېقىشقا رۇخسەت ئالغان. ھازىرقى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەن قازاقلار چيەنشەن، تۇركۆل ئەتراپىدا مال باققان.

1912 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيە غەربكە قاراپ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئالتايغا تاجاۋۇز قىلىدۇ. ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى 1000 ئۆيلۈككە يېقىن قازاق چارۋىچى سارباس قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى بولانتاي، تايچاخىبېك، نايمان قەبىلىسىدىن ناۋەبەي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا باركۆلگە كېلىپ، ياڭ زېڭشىن كۆرسىتىپ بەرگەن يەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.

1912 -، 1913 - يىللىرى نوغايباي، شىراتاي، تارنى قاتارلىق كىشىلەر 1000 ئۆيلۈككە يېقىن قازاق چارۋىچىنى باشلاپ باركۆل يايلىقىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.

1916 - يىلى ياڭ زېڭشىن قازاقلارنىڭ باج تاپشۇرۇش قائىدىسىنى ئېلان قىلىپ، قازاقلارنى قائىدە بويىچە باج تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. باجدىن باشقا ئالۋان - ياساق بولمىغاچقا قازاقلار ئالتاي، تارباغاتايلاردىكى ئەسلىدە مال بېقىپ يۈرگەن جايلىرىغا قايتىشنى خالىمايدۇ. 1917 - يىلى 7 - ئايدا ئالتايدىكى ئايانبېك ئاقساقال (ئۇۋاق قەبىلىسىدىن)، نۇرقالى (جەنتېكە قەبىلىسىدىن) قاتارلىقلار 300 ئۆيلۈك قازاقنى باشلاپ ئالتايدىن كۆچۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى باركۆلگە كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باركۆلدىكى بىرقىسىم قازاقلار قومۇلنىڭ شارلار تېغى، تاشۇبلىق ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ مال باقىدۇ.

1927 - يىلى جىمسار، مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق يەرلەردىكى 2000 ئۆيلۈكتىن ئوشۇق قازاق چارۋىچى ئاقساقال زۇخا (يېتىلى قەبىلىسىدىن)، ئەرىپ (تاسبېك قەبىلىسىدىن) لارنىڭ باشچىلىقىدا باركۆلگە كۆچۈپ كېلىدۇ.

1931 - 1932 - يىللىرى جىن شۇرېن يەتتە قۇدۇق، چوقبارتاس ۋە لياۋدۇڭ قاتارلىق يەرلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ خوجانىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسىنى گۆش بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن جىن شۇرېن شەربىقان (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى) نى مورى، گۇچۇڭ، باركۆل تەرەپلەرگە قوي يىغىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا مورى، گۇچۇڭ، باركۆل تەرەپلەردىكى 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قازاق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا بۇلاڭ- تالاڭغا ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ ئاقساقال قاپىنالباينىڭ باشلامچىلىقىدا ماللىرىنى ھەيدىگەن پېتى تاشقى موڭغۇلىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. شەربىقان بۇ

ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال قايتالبايغا خەت يېزىپ قازاق قېرىنداشلارنى يۇرتتىن كەتمەسلىككە ئۈندەيدۇ. نەتىجىدە تاشقى موڭغۇلىيىگە كەتكەن قازاقلار يەنە مورى، گۇچۇڭ، باركۆل قاتارلىق جايلارغا قايتىپ كېلىدۇ.

1932 - يىلى شىڭ شىسەي باركۆل تەۋەسىدە ئەرىپ قاتارلىق 108 كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەرىپ ئاۋۋلى ئەترابىدىكى قازاقلار بۇنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن كېچىلەپ قابدىراق تېغىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. يەنە قايىرباي شائېيو باشچىلىقىدىكى جادىق قەبىلىسىدىكىلەر ۋە سىدىق شائېيو باشچىلىقىدىكى قەبىلە كىشىلىرى ئەرىپنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باركۆلدىن مورىنىڭ بېيشاۋۇ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كېتىدۇ. 1933 - يىلى 4 - ئايدا ماجۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرگەندە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان قازاق چارۋىچىلار نۇرغازى قاتارلىق ئاقساقاللىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا مورى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي بازار ۋە بېيجيا ئەترابىغا كەلگەندە ئۆلكە ئارمىيىسى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان قازاق چارۋىچىلاردىن 600 ئادەمنى نەق مەيداندىلا قىرىپ تاشلايدۇ. بەختكە يارىشا ئامان قالغانلىرى باركۆلگە قاراپ قاچىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن مورىدا تۇرۇشلۇق 600 ئۆيلۈك 2000 دەك قازاق چارۋىچىسى تۇراباي، قايىسباي، ساۋباي، ئالتۇنبېك، ئىسقاقباي قاتارلىق يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا باركۆلگە قېچىپ كېتىدۇ.

1933 - يىلى جىمسادىكى قازاقلارنىڭ مىڭبېگى تۇرسۇنباي ناھىيە بازىرىدا ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن قازاقلار دەرھال باركۆلگە كۆچۈپ بېرىپ ئىرىسقان، ئاياتبېكلارنىڭ قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

1932- يىلىدىن 1935- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قابدۇللا تەيجى (سارباس قەبىلىسىدىن)، قايتالباي (مولۇق قەبىلىسىدىن) لار 1000 ئۆيلۈك ئادەمنى باشلاپ، ماجاڭ (جەنتىكە قەبىلىسىدىن)، سالاھىدىن (جادىق قەبىلىسىدىن) لار 300 ئۆيلۈكنى باشلاپ، نۇرغازى (ئۇۋاق قەبىلىسىدىن)، ئېرگىباي (يېتىبلى قەبىلىسىدىن)، قاسىن (كۆنساداق قەبىلىسىدىن) لار 250 ئۆيلۈكنى باشلاپ، ئادۇۋباي، تۇراباي ۋە قايىسباي (جەنتىكە قەبىلىسىدىن) 600 ئۆيلۈكنى باشلاپ، قوسايىن تەيجى (نايمان قەبىلىسىدىن) بىر قىسىم چارۋىچىلارنى باشلاپ، سۇلتان شەرىپ تەيجى، كۆكۈن قاتارلىقلار 300 نەچچە ئۆيلۈكنى باشلاپ ئارباغاتاي، ئالتاي، جىمسار، گۇچۇڭ، مورىلاردىن باركۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشقان.

1935 - يىلى باركۆل ياپلاقلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان قازاق چارۋىچىلار 20 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، 4000 ئۆيلۈكتىن ئاشاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كېرەي قەبىلىسىدىكىلەر 18 مىڭدىن ئارتۇق، نايمانلار 1200 نەچچە كىشى، ئۇۋاق قەبىلىسىدىكىلەر 560 تىن ئارتۇق كىشى.

1935 - يىلى 6 - ئايدا ئالتاي، سانجى، باركۆلدىكى قازاقلار ئارقا- ئارقىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ماجۇاڭ تېغىغا كۆچۈشكە باشلايدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قومۇل رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابايتى

ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۈندەيدۇ.

1935 - يىلى كۆكتوقايدىكى شالى زەڭگە 30 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچىنى باشلاپ باركۆلگە كۆچىدۇ. كېيىن يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ.

1937 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇمۇلنىڭ شوپۇل دېگەن يېرىدىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى ئۆلەخانمىزا 57 ئۆيلۈك، قالغان 23 ئۆيلۈك بولۇپ جەمئىي 500 كىشىنى باشلاپ 30 مىڭدىن ئارتۇق مالنى ھەيدەپ باركۆلگە ياپلاشقا كېلىدۇ.

1939 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالتايلىق شالى زەڭگە 70 نەچچە ئۆيلۈك قازاقنى باشلاپ باركۆلگە كۆچۈپ كېلىدۇ.

«باركۆل ناھىيىسى تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا 1944 - يىلى گۆكچېك بېزىسىدا جەمئىي 975 ئۆيلۈك ئادەم بولۇپ 2388 ئەر، 2393 ئايال بار ئىدى. 1947-1948 - يىللىرى گەنسۇدىن باركۆلگە قايتىپ كەلگەن قازاقلارنىڭ سانى 7916 گە يەتتى.

## 2) قازاقلارنىڭ گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچۈشى

(1) كۆچۈش سەۋەبى قازاقلارنىڭ گەنسۇغا كۆچۈشىدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى تولا. لېكىن ئاساسلىق سەۋەب قازاقلارنىڭ شېڭ شىسەي ۋەكىللىكىدىكى ئەكسىيەتچى مىللىتارىستلارنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەھشەتلىك زۇلۇمىغا چىداپ تۇرالمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (1912 - 1928) «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى»نى يولغا قويۇش بىلەن بىللە يەنە «ئۆز ئېقىشىغا قويۇۋېتىپ باشقۇرۇش» چارىسىنى قوللاندى. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت تەرتىپى بىر مەزگىل خېلى خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەسكەرلىككە ئۆتۈش، تالان- تاراج قىلىش، خالىغانچە پۇل تارقىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ 1931 - 1932 - يىللاردىكى قومۇل ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شېڭ شىسەي دۇبەن بولغاندىن كېيىن 1933 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغانلارنى ھەدەپ چەتكە قېقىپ ۋە ئۆلتۈرۈپ ئاتالمىش «ئىسيان كۆتۈرۈش دېلولىرى»نى ئارقا-ئارقىدىن توقۇپ چىقاردى. 1935 - يىلى شېڭ شىسەي يەنە قازاقلاردىن ئەسكەر ئېلىش، قازاقلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى يىغىۋېلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۈەن شىكەي ئالتايدىكى قازاق قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى ئەلەنگە جۇڭۋاڭ ئاتىقىنى بەردى. شېڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە ئەلەننىڭ ئىنىسى شەرىپقان يەنە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ باشلىقى ۋە ساقچى باشلىقى بولدى. شۇنىڭ بىلەن كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئېشىپ ئاجىزراق بولغان نايمان قەبىلىسىگە تەھدىت بولدى، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى پەيدا قىلدى.

1934 - يىلىدىن باشلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتاي ۋىلايىتىدە مەكتەپ ئېچىش، گېزىت چىقىرىش، ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ۋە چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتەك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بۇ تەدبىرلەر چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. بىراق، شۇ يەردىكى قەبىلە

ئاقساقاللىرى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ تار مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، بۇ ئىسلاھاتلارغا قارشى چىقتى. بارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشىغا باغلاپ، چارۋىچىلارنى ھۆكۈمەتكە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقىشقا قۇتراتتى.

1938 - يىلى شېڭ شىسەي قازاق ئاقساقاللىرىنى ھەدەپ تۇتۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قازاق قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە چارۋىدارلىرىدىن 20 نەپەرنى ئۈرۈمچىگە مەجلىسكە چاقىرىش باھانىسى بىلەن ئالداپ ئەكىلىپ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بەزىلىرىنى زىندانغا تاشلىدى. بۇ زوراۋانلىقلار قازاق خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. 1939 - يىلى 10 - ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە گەنسۇغا كۆچمەكچى بولغان خۇداباي، ئىبرەكباي قاتارلىق 18 كىشىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسى تىرىك قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۈرمىدە ئۆلدى. ھۆكۈمەت بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن كۈنگە كەسكىنلىشىپ، ئاقىۋەتتە قازاقلار شىنجاڭدىن گەنسۇغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

1933 - يىلى شېڭ شىسەي 1200 كىشىلىك كۈچەيتىلگەن بىر پولكنى ئەۋەتىپ ئەرىبىينى ئېتىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئىرىسقان بۇ قان قەرزنى ئېلىشقا قەسەمىيات قىلدى.

شېڭ شىسەي بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن قورقۇپ خاتىرجەم بولالماي قالدى. ئىرىسقانلارنىڭ شەرققە كۆچۈشىنى توسۇش ئۈچۈن شېڭ شىسەي مۇنۇلارنى قارار قىلدى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇس ئاتلىق 8 - پولكىنى (ئىككى ئايروپىلان بىلەن بەش تانكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلاش ئۈچۈن قومۇلدا تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، باركۆلدىن ئىبارەت بەش مەمۇرىي رايوندىن 500 نەچچە موڭغۇل، قازاق ۋەكىلنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ، ئىرىسقاننىڭ جىنايەتلىرىنى جاكارلاش؛ ئەل ئارىسىدىكى قورال - ياراقلارنى يىغىۋېلىش؛ قومۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باركۆل باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش، ئابايىنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باركۆلدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، قازاقلارنى قازاقلار ئارقىلىق باشقۇرۇش؛ ئاباي باشچىلىقىدا تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ ئىرىسقانغا ئەگىشىپ گەنسۇغا كۆچۈشىنى توسۇش.

1935 - يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي تەسەللىي بېرىش نامىدا ئابايىنى 50 ئەسكەر بىلەن باركۆل يايلىقىغا ئەۋەتتى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ قازاقلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ 3000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قازاقنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، خانىۋەيران بولغان قازاقلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ شەرققە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

### (2) شەرققە كۆچۈش جەريانى

قازاقلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى 1912 - يىلىدىن باشلانغانىدى. ئۇلار باركۆل، قومۇل، ئالتايلاردىن گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچۈپ

بارىدۇ. 1912- يىلى باركۆلدىكى قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئۆگۈشباي بىلەن نەزىرباي 150چە ئادەمنى باشلاپ ئەنشىگە بېرىپ مال بېقىپ ئىككى يىلچە تۇرۇپ قالىدۇ. 1919 - يىلى باركۆللۈك ساۋۇتباي تۆگىلىرى بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى گەنسۇغا توشۇپ يۈرۈپ خەنزۇلارنىڭ تىل ۋە ئادىتىنى ئۆگىنىپ قالىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ تۆگىلىرىنىڭ بىرى دېگۈدەك ئۆلۈپ كەتكەچكە قايتالماي يۈمېن ئەتراپىدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپى مول، يېرى كەڭرى بولغاچقا، ئۇزاققا بارماي، تۆگە، ئاتلىرى ئاۋۇپ، قوي - كالىلىرى سەمرىيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنىسىنى يۇرتىغا ئەۋەتىپ 50 نەچچە كىشىنى كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. 1920- 1921- يىللىرى ئامۇرت، ئۆگۈشبايلار 150 ئادەمنى باشلاپ دۇنخۇاڭغا بېرىپ ساۋۇتباي بىلەن ئۇچرىشىدۇ. لېكىن ئۇلار 1933 - يىلدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن تەرەپ- تەرەپكە پىتىراپ كېتىدۇ.

1933 - يىلى شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي دۇبەن بولۇپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويىدۇ. 1938- يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭدا «تۇپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى» پەيدا قىلىپ جايلاردا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن يۇقىرى تەبىقە مۆتىۋەرلىرىنى قولغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شېڭ شىسەي يەنە قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قازاق چارۋىچىلىرىنى بىرلىكتە ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. بۇ زوراۋانلىقلار قازاق خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇلار قەبىلە ۋە دىنىي بايراق قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن ئادەملىرىنى باشلاپ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشنى باشلايدۇ. بۇ قېتىمقى كۆچۈش ئۈچ يىل داۋاملىشىدۇ. ئۇلار ئالتاي، باركۆللەردىن يولغا چىقىپ ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ گەنسۇنىڭ ماجۇڭ تېغىغا يېتىپ بارىدۇ، بىر قىسمى گەنسۇ، شىنجاڭ ئاشبولىدىن ئۆتۈپ يۈتېرخۇنغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار گەنسۇغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا داۋاملىق ئىچكىرىلەپ چىڭخەيگە كىرىپلا ئەكسىيەتچى مىللەتچى ما بۇفاڭنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرايدۇ. بىر قىسىم ئادەم ما بۇفاڭغا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاقىۋەت قازاق خەلقىنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ بالۇڭدا ما بۇفاڭ باندىتلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ما بۇفاڭ قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن بىرىگادا كوماندىرى خەن جىنباۋ قاتارلىق 70 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن شىزاڭغا قېچىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى لاداق ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

1936 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاقلار كۆپلەپ گەنسۇغا بېرىپ مال باقىدۇ. ئۇلار ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ خېشى كارىدورىغا كۆچىدۇ.

بىرىنچى تۈركۈمدە 1936 - يىلى 1- ئايدا باركۆل ۋە قۇمۇلدىكى قازاق قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى ئەدىلباي، ئۆگۈشبايلار 565 ئادەمنى باشلاپ باركۆلدىن يولغا چىقىپ گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ماجۇڭ تېغىغا كۆچۈپ بارىدۇ.

ئىككىنچى تۈركۈمدە 1937 - يىلى 7-

ئايدا باركۆل قازاقلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئىرسقان 680 ئادەمنى باشلاپ چىلەنشەننىڭ شىمالى ئېتىكىگە باردى. ئۇلار بىلەن بىللە كېرەيلەرنىڭ جادىق ئۇرۇقىدىن بولغان 210 ئادەممۇ بىللە كۆچتى. 9 - ئاينىڭ 4- كۈنى جىۋجۇن ۋالىي مەھكىمىسى گەنسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشقان قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى ئىرىسقاننى يۈتېرخۇننىڭ مىڭبېگى، ئەدىلبايىنى تەيجى، ئاچىبايىنى باش شاڭيو، ئەلىسباي، ساۋۇتباي، قامۇقلارنى شاڭيو قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن، گومىنداڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى جىۋجۇن ۋالىي مەھكىمىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ قازاقلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تاپىلاپ باش مىڭبېگى دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىرىسقاننى تەيجىلىككە ئۆستۈرىدۇ، ئەدىلبايىنى ئۇكۇردايلىققا تەيىنلەيدۇ.

ئۈچىنچى ئۇركۈمدە 1937 - يىلى 9 - ئايدا قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى جايىپ 1165 ئادەمنى، قامىس 50 ئادەمنى، ئىسماغۇل 400 ئادەمنى باشلاپ باركۆل ۋە ئاشۇبىلىقتىن بىرلىكتە گەنسۇغا كۆچتى. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 19 - كۈنى جىۋجۇن ۋالىي مەھكىمىسى جايىپنى تەيجىلىككە تەيىنلەپ تولەيدە تۇرۇشقا، ئۇمىرلىنى يۈتېرخۇندا تۇرۇشلۇق قازاقلارنىڭ شاڭيولىقىغا تەيىنلەپ سۇلىبېدا تۇرۇشقا، مارناتنى يېڭى كەلگەن قازاقلارنىڭ ئۇكۇردايى قىلىپ تەيىنلەپ يۈتېرخۇندا تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. قالمۇش، خالىقباي، دوساقبايلارنى شاڭيولۇققا، مالقايىنى زالىڭلىققا تەيىنلەيدۇ.

تۆتىنچى ئۇركۈمدە 1939 - يىلى 1 -، 2 - ئايلاردا باركۆلدىكى قوساين تەيجى 490 ئادەمنى، نارغالى ئۇكۇرداي 1187 ئادەمنى، سالاخىدىن ئۇكۇرداي 700 ئادەمنى، ئاسىلغالى915 ئادەمنى، سۇلتان شەرىپ تەيجى 500 ئادەمنى، ساۋۇر تەيجى 805 ئادەمنى، قىياتاي زالىڭ 850 ئادەمنى، ئەلەنقان زالىڭ 625 ئادەمنى باشلاپ جەمئىي 7000 دىن ئوشۇق كىشى 2100 نەچچە ئات، 50 مىڭ 500 ئۆچكە، 14 مىڭ كالا، 175 مىڭ ئۇياق قويىنى ھەيدەپ، 300 نەچچە مىلتىقنى ئېلىپ جۇڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ئېنگىر، ماجۇاڭ تاغلىرى ئارقىلىق گەنسۇغا كۆچىدۇ. دەسلەپتە سۇلىبېي، تولەي، يۈتېرخۇن، دۇنخۇاڭ نەرەيلەردە مال بېقىپ يۈرۈپ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان قازاق قەبىلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

مۇشۇ ئۇركۈمدىكى قازاقلار كۆچۈش جەريانىدا ئەسلىدە تاشقى موڭغۇلىيىگە چېگرىداش سارتوگىن، ئالق قاتارلىق جايلارغا بارماقچى بولغان. باركۆل، ئۇرۇمچىلەردىن قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىپ ئادەم كەلگەچكە، قايتىپ سەنتاغخۇ ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە شىڭ شىسەي ھاۋا ئارمىيىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئەۋەتىپ، توسۇپ زەربە بېرىدۇ. ھەمدە ساقابا باپالاق، قازىۋى مۇۋانباي، قوجابېرگېن قاتارلىق 17 كىشىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. 11- ئاينىڭ ئاخىرلىرى گەنسۇغا قېچىپ كەتكەن قاسىم ئارانئۇرككە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا باركۆل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئەنۋەر مامى بارلىق قازاق ئاقساقاللىرىنى بېيجەن لىيۇشۇگۇدىكى نۇرغالى ئۇكۇردايىنىڭ ئۆيىگە يىغىنغا كېلىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە 40 ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئۇلگە قوشۇنىدىكى قازاق ئەسكەرلەر بۇ ئىشنى قازاق

ئاقساقاللىرىغا ئېيتىپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئۆلكە قوشۇنى بىلەن قازاق ئاقساقاللىرى تۇتۇشۇپ قالىدۇ. 40 ئەسكەر ناھىيە بازىرىغا قېچىپ كېتىدۇ. قازاق ئاقساقاللىرى ئەمدى باركۆلدە تۇرغىلى بولمايدىغان بولدى دېگەن يەرگە كېلىدۇ-دە، 12 - ئايدا سابىرباي، تۇرغانبەگلەرنىڭ باشچىلىقىدا گەنسۇغا قېچىپ كېتىدۇ.

بۇ قېتىمقى كۆچۈش تەييارلىق بىلەن پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. قەبىلە ئاقساقاللىرى ناچار مىلتىقلارنى يوقىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ياخشى مىلتىقلارنى ئۆزلىرى ئېلىپ قالىدۇ. تارقاق جايلاشقان قازاقلارنى ئالتە ئورۇنغا يىغىدۇ. بىر ئورۇنغا 150 كىشىلىكتىن قوراللىق قوغدىغۇچى قويىدۇ. يۆنىلىشكە قەبىلە ئاقساقىلى قوماندانلىق قىلىدۇ. مال ھەيدەشكە، بالا - چاقىلارنى كۆچۈرۈشكە مەخسۇس كىشى قويۇپ، ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ گەنسۇغا كۆچىدۇ.

1 - تۈركۈمدە ئاياغلىشىپ قاتارلىقلار باشلاپ ماڭغان 500 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچى باركۆلدىن يولغا چىققاندىن كېيىن شېڭ شىسەي بىر ئايروپىلان ئەۋەتىپ قازاق چارۋىچىلارنى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قازاق چارۋىچىلار كۆندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى يول ماڭىدۇ. نوم چۆللۈكى بىلەن مېڭىپ، ئاراتۇرۇك دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۆلغۇنلۇققا كىرىپ 4 كۈن يول ماسقاندىن كېيىن، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىغا كېلىپ، شۇ يەردىكى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ماجۇڭ تېغىغا يېتىپ كېلىدۇ. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا يومبىگە بېرىپ، بۇ يەرگە بالدۇر يېتىپ كەلگەن ئىرسقان بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

2 - تۈركۈمدە 6 ئورۇنغا يىغىلغان 2.3 مىڭ قازاق چارۋىچى ئائىلىسى بىر كۈندە يولغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى سۇلتانشەرىپ، قوسايىن قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار باركۆلنىڭ بېشەن تېغىدىن ئاراتۇرۇككە قاراپ سىلجىيدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى ئۇلارنى يول - يولغا بۆلۈنۈپ قوغلايدۇ. لېكىن قازاق چارۋىچىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. قازاق چارۋىچىلار سەنتاگىخۇ بىلەن نوم ئەتراپىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي قوماندانلىقىدىكى تۇرۇشلۇق ئۆلكە ئارمىيىسىگە «بىرمۇ قازاق باندىت شەرققە قاراپ قاچالمىسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، ئىككى يەنە ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان ۋە قوشۇن ئەۋەتىپ ئاراتۇرۇكتە قوغلاپ زەربە بېرىدۇ ۋە بومباردىمان قىلىدۇ. دۆبەن مەھكىمىسى ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ 3 ئايروپىلانىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بومباردىمان قىلىشى ۋە ئاپتوموبىل قوشۇنىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا بىر قىسىم قېرى - چۆرى قازاق چارۋىچى ۋە چارۋا مال ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ، 44 چارۋىچى ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە يارىدار قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 300دىن ئارتۇق ئات، 130دىن ئارتۇق تۆگە، 20 نەچچە كالا، 8000 تۇياقتىن ئارتۇق قوي ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن بۆلەك 150دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىدۇ. چارۋا مال زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ، 140 مىڭ قوي(يولغا چىققان چاغدا 200 مىڭدىن ئاشاتتى)، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئات(يولغا چىققاندا 20 مىڭدىن ئاشاتتى)، نۇرغۇن تۆگە(يولغا چىققاندا 30 مىڭدىن ئاشاتتى) ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق كالىنىڭ ھەممىسى

ئۆلكە ئارمىيىسى تالان - تاراج قىلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ تۈركۈمدىكى قازاق چارۋىچىلار 1939 - يىل 1 - ئايدا گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن شەھىرى چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ.

1912 — 1939 - يىللىرىغىچە ئارقا - ئارقىدىن گەنسۇغا كىرگەن قازاق 18 مىڭدىن ئاشىدۇ.

1938 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدىن گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا قېچىپ كەتكەن قازاق ئاقساقىلى ئەدىلباي بىر نەۋرە ئىنىسى ئەلىسقان بىلەن ئەمەل ئالىشىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكتىن ئادەملىرىنى باشلاپ چىڭخەيگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇ گەنسۇدىن چىڭخەيگە كىرىپ كەتكەن دەسلەپكى قازاقلار بولىدۇ.

قازاق چارۋىچىلار دەسلەپتە گەنسۇ، چىڭخەيگە بېرىپ، شۇ يەردىكى موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ، ئايرىم ماجىرالارنى مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىدۇ.

1940 - يىلى دەلىلقان ئالتاي ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېڭ شىسەي ئۇنى جىددىي تېلېگرامما ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ ۋە ئۇنىڭ گەنسۇ ۋە چىڭخەيگە بېرىپ شۇ يەردىكى قازاقلارغا شىنجاڭغا قايتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دەلىلقان شېڭ شىسەينىڭ سىياسەتلىرىگە كۈندىن كۈنگە ئارازى بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قازاقلارنىڭ شىنجاڭغا بالدۇرراق قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن بۇيرۇقنى بەنىلا قوبۇل قىلىدۇ. دەلىلقان باشقا 6 ۋەكىل بىلەن بىرلىكتە خېيىم - خەتەر، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي بەنىلا گەنسۇ، چىڭخەيگە دالالەت قىلىشقا ماڭىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن رەخت، چاي ۋە قۇتقۇزۇش ئاشلىقلىرىنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ما بۇفاڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ قازاقلار ئۈستىدىن قىلغان قىرغىنچىلىقى ۋە بۇلاڭ - تالىڭىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ. لېكىن كەڭ چارۋىچىلار شېڭ شىسەينىڭ سەممىيىتىگە ئىشەنمەي، شىنجاڭغا قايتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**3) گەنسۇ، چىڭخەيگە كىرگەن قازاقلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشى**

گومىنداڭنىڭ گەنسۇ، چىڭخەيدىكى ھۆكۈمەتلىرى ۋە ما بۇفاڭ مىلىتارىستلىرى قازاقلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۇمشاق، قاتتىق ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىدۇ. «قازاقلارنى قوغداش» نامىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ قوراللىق ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولىدۇ. ئەڭ زەھەرلىك، پەسكەش تەدبىرى مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللىي ماجىرا تۇغدۇرۇش، ھەتتا مىللىي قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىش بولىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە قازاقلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلىپ، باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ قازاقلارنى ئاشلىق، رەخت، چاي ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىدۇ.

1937 - يىلى كۈزدە گەنسۇدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان خې جىزۇ يۈمېننىڭ چاڭما دېگەن يېرىدە قازاقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇپ، ئىرسقانىنى باش تەيجى، باچىباينى باش شاڭيۇ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. قازاقلارنى

قاتناش لىنىيىسىگە يىراق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىدۇ ۋە ئوتلاق ھەم دىن مەسىلىلىرىدە مىللىي ماجىرالارنى تۇغدۇرىدۇ.

1942 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قازاق چارۋىچىلارنى تەسلىم قىلدۇرۇشتا جيۇچۈەن قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قازاق چارۋىچىلارنىڭ مىلتىقلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى چارۋىچىلىقنى تاشلاپ دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. تېخى بەنە قازاقلارنى 7 چوڭ ئەترەتكە ئايرىپ، قەبىلە باشلىقلىرىنى ئەترەت باشلىقى قىلىدۇ. قازاق قەبىلە باشلىقلىرى يىغىنىنى ئېچىپ «ۋاڭ-گۇڭ»، «تەيجى» دېگەندەك ناملارنى بىكار قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزۈمى بويىچە باشقۇرۇشتا ئۆزگەرتىپ، «غەربىي گەنسۇ قازاق چوڭ ئەترىتى» تەسىس قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىمىقىدا 7 ئوتتۇرا ئەترەت، دۇنخۇاڭ قازاق چارۋىچىلار ئوتتۇرا ئەترىتى قۇرىدۇ، جيۇچۈەندىمۇ بىر شۆبە ئەترەت قۇرىدۇ.

1943 - يىلى ئەتىيازدا گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «قازاق چارۋىچىلارنى تەسلىم قىلدۇرۇش پىلانى»نى ئېلان قىلىدۇ، قازاقلارنى «تەسلىم بولغۇچىلار» ۋە «تەسلىم بولۇش ئالدىدىكىلەر» دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ ۋە ئۇلارغا قوللىنىدىغان مۇناسىپ تەدبىرلەرنى جاكارلايدۇ.

1944 - يىلى گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابى «گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ 3 ئۆلكە يىغىنى»نى ئېچىپ، قازاق چارۋىچىلارنى «تەسلىم قىلدۇرۇش» چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. گەنسۇ ئۆلكىسى 7 - رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىيسىنى گەنسۇنىڭ قازاقلارنى «تەسلىم قىلدۇرۇش» ئىشىغا مەسئۇل قىلىدۇ.

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ «ھەم تازىلاش، ھەم تەسلىم قىلدۇرۇش» تەدبىرىنى قوللىنىشى ئارقىسىدا مۇتلەق زور كۆپچىلىك قازاقلار قورال - ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ «تەسلىم بولۇش»قا مەجبۇر بولىدۇ. قۇمايىن، ئادۇباي قاتارلىق 7 قەبىلىدىن 9000دىن ئارتۇق كىشى دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئەتراپىغا مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

1945 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گەنسۇدىكى قازاقلارغا بېرىلىدىغان ياردەم ئاشلىقىنى توختىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ قىيىنچىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، بىر قىسمى چىڭخەيگە قېچىپ كېتىدۇ، چىڭخەينىڭ ھۆكۈمرانى ما بۇفاڭ بىز دىنداش دەپ قازاقلارنى ئالدايدۇ. 25 كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئادەم، چارۋا مال، قورال - ياراغلىرىنى تىزىملايدۇ (ئۇ چاغدىكى نوپۇس 2800دىن كۆپرەك ئىدى) ۋە 8 ياشتىن يۇقىرى ئوغۇل بالىلارنى ئوقۇتىمىز دەپ شىنىڭغا يىغىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن 30 ئەسكەر «ئۈچ ئائىلە بىر ئوغۇل بالا چىقىرىدۇ، بالىسى يوقلارمۇ چىقىرىدۇ» دەپ قازاقلارغا زورلۇق قىلىدۇ، قازاقلارنىڭ بەزىلىرى ئامالسىز ماللىرىنى سېتىپ، بالا سېتىۋېلىپ ما بۇفاڭنىڭ «ئوقۇتۇشى»غا تاپشۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھاشارغا تۇتۇلغانلار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ما بۇفاڭ قازاقلارنىڭ بىر ئائىلىسى بىر بالا چىقارسۇن دەپ بۇيرۇيدۇ. ئاتا - ئانىلىرى بالىلىرىنى يوشۇرۇپ قويغاچقا، ما

بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. نۇرغۇن قازاق چارۋىچى توقۇنۇشتا ئېتىپ تاشلىنىدۇ. 1941 – 1943 - يىلىغىچە قازاقلار ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ما بۇفاڭ جايلاردىكى قازاقلاردىن 19 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ئەرلەردىن 400دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ ھاشارغا سالىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئاياق - توقماق ئاستىدا ۋە ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆيدە قالغان قېرى - چۆرىلەر تۇرمۇشىنى قامدىيالماي ئامالسىزلىقتىن قەلەندەرچىلىك قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشى ئاچ - زارلىقتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

1939 - يىلىدىن باشلاپ ما بۇفاڭ قوشۇنى «قىرىپ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش» ۋاسىتىسىنى ئاشكارا قوللىنىپ گەنسۇ، چىڭخەيدىكى قازاق چارۋىچىلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ. 1949 - يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە ما بۇفاڭ قوشۇنىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى چېكىگە يېتىدۇ. 1939 - يىلى چىڭخەينىڭ گولمۇد دېگەن يېرىدە بىر قېتىمدىلا قازاقلاردىن 100دىن ئارتۇق كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بەزى چارۋىچى ئائىلىسى قىرىپ تاشلىنىدۇ.

1940 - يىلى ئىلمۇقان باشلاپ ماڭغان 200 نەچچە ئۆيلۈك قازاق چارۋىچى يول ئۈستىدە پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىدۇ.

1940 - يىلى چىڭخەينىڭ ھاجىلا رايونىدا ما بۇفاڭ قوشۇنى بىر قېتىمدىلا 200 نەچچە ئۆيلۈك قازاق چارۋىچىسى قىرىپ تاشلايدۇ.

1940 - يىلى قىشتا ما بۇفاڭ قوشۇنى گەنسۇنىڭ جەنۇبىي رايونىدا بىر قېتىمدىلا 8 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان قازاق ئوغۇل - قىزلىرىدىن 500نى تۇتۇپ، جاڭيېگە «تەلىم بېرىمىز» دەپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەسكەرلىككە، قۇل قىلىشقا تۇتۇلغانلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بولغان 10 نەچچە بالا يول ئۈستىدە قېچىپ كەتكەندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ.

شەرقتە كۆچكەن قازاق چارۋىچى ئاھالىسى 10 نەچچە يىللىق سەرسان - سەرگەردانلىقتا، ما بۇفاڭ قوشۇنىنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە ئىچكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا % 80تىن كۆپرەك ئازىيىپ كېتىدۇ، ئازىيىپ كەتكەن چارۋا مال % 90تىن ئاشىدۇ.

ما بۇفاڭ قوشۇنىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىمىغان قازاق چارۋىچىلار ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېڭى كۆچۈشنى باشلايدۇ. لېكىن كۆچۈش داۋامىدا ما بۇفاڭ قوشۇنى تەرىپىدىن يۈزلەپ، نەچچە يۈزلەپ قىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئىلاج قىلالمىغانلىرى تەرەپ - تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ، ھەتتا بىر قىسمى چېگرىدىن ئۆتۈپ ھىندىستان قاتارلىق تەرەپلەرگە كېتىدۇ.

1947 - يىلىدىن 1949 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، گەنسۇ، چىڭخەيدىكى قازاق چارۋىچىلار 3 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا قاراپ كۆچىدۇ. گەنسۇدا ساقىدۇللا باشچىلىقىدا 200دىن ئارتۇق ئائىلە، چىڭخەيدە قۇسايىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 150 ئائىلە بۇرۇنقى ئورنىدا تۇرۇپ قالىدۇ. 70 نەچچە كىشى 1940 – 1941 - يىللىرى ئارىلىقىدا قۇرۇمتاغقا

كىرىپ، «ياۋايى ئادەم»لەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى مۇزلاپ، ئېچىرقاپ ۋە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. 1952 - يىلىغا كەلگەندە 3 ئائىل، ئىككىلا ئەر قالغانىكەن، شۇ يىلى 10 -، 11- ئايلاردا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۇلارنى تەيجىنتۇردىكى قازاقلار بىلەن بىللە ياشاڭلار دەپ شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

**4) 40 - يىللاردا «ئۈچ ۋىلايەت»تىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ باركۆلگە قاراپ كۆچۈشى**

1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئوسماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇقان 700دىن ئوشۇق قوراللىق ياندىنى باشلاپ گۇچۇڭدىن باركۆلگە كىرىپ، قازاق ئاقساقاللىرىنى ئۆز قەبىلىسىدىكى قازاق چارۋىچىلارنى باشلاپ ئالتايغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغاندا، غەربىي باركۆل رايونىنىڭ ياشلىقى ئالتۇنبەك تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مۇقان قول ئاستىدىكىلەرگە چارۋا ماللارنى مەيلىچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئوسماننىڭ قىسىملىرىنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئوسمان چېكىنگەن چاغدا بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىكى 17 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەممىسىنى قويماي ھەيدەپ ماڭىدۇ. بۇ چارۋىچىلار مەجبۇرىي ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، نەنسەن قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىدۇ. نەنسەن ئەتراپىدىكى قىسمەن قازاق چارۋىچىلار يەنە قۇمۇل، باركۆل تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ.

1947 - يىل 9 - ئايدا ئوسمان قىسمى چىڭگىل بىلەن كۆكتوقاينى ئالغاندىن كېيىن ئىككى ناھىيىدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن نازىر تەيجى بىلەن ۋاققان ئوسمانغا قېتىلىدۇ. كېيىنكى يىلى 3 - ئايدا نازىر تەيجى، ۋاققان بىلەن ئوسمان ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغانلىقتىن نازىر تەيجى بىلەن ۋاققان قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ گۇچۇڭدىن باركۆلنىڭ شىمالىدىكى شىنجاڭ - موڭغۇلىيە چېگرىسىغا كۆچىدۇ. لېكىن ئوسماننىڭ قىستىشى بىلەن يەنە مورى دەرياسىنىڭ چولاق تاش دېگەن يېرىنىڭ شىمالىدىكى دۆڭدى، شىدى دېگەن يەرلەرگە كۆچۈپ بارىدۇ.

1948 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالتايدىكى ئوسمان قىسمىدىن باركۆلگە كۆچۈپ بارغان قازاق چارۋىچىلاردىن 235 كىشى دۆڭشياڭنىڭ گاۋجياخۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يەنە 200دىن ئوشۇق ئەر - ئايال چارۋىچى قۇلۇنچەرى دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ، 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئوسمان قىسمىغا قاراشلىق 50 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچى ئارانۇركىكە قاراشلىق نېرىنكىر، باچېكزى ۋە بەنفاڭگۇ دېگەن يەرلەرگە كېلىپ، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باركۆلگە كۆچۈپ كېتىدۇ.

1949 - يىل 6 - ئايدا ئالتاي ۋىلايىتى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ كاكىباي قەبىلىسىدىكى نازىر تەيجى بىلەن سابىق ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاققان بىرلىكتە باشقۇرۇپ كەلگەن 1000 نەچچە ئۆيلۈك ئوسمانغا قارشى چىقىدۇ. نازىر تەيجى بىلەن ۋاققان ئىككىسى

40 نەچچە ئۆيلۈك ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنى باشلاپ موڭغۇلىيەگە بېرىپ پاناھلىنىدۇ، قالغان قىسمىدىكى كۆچمەنلىك بىللە گۇچۇڭ، مورى ۋە باركۆل قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ كېتىدۇ.

**5) 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا گەنسۇ، چىڭخەيدىكى قازاقلارنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كېلىشى**

1945 - يىل 9 - ئايدا گومىنداڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆلكە تەۋەسىدىكى قازاق چارۋىچىلارغا ئاشلىق ياردەم بېرىشنى توختىتىپ، ئۇلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى. 1946 - يىل 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قازاق يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى خادىۋاڭ (ئەلنىۋاقىنىڭ ئايالى) نىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ، شىنجاڭدىن گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە بېرىپ تۇرۇپ قالغان قازاق چارۋىچىلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باركۆل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى كابىن بولانشاي، يېزا باشلىقى تۇقان ئادىرباي قاتارلىق بىرنەچچە ئاقساقالنى ئۈرۈمچىگە مەجلىسكە چاقىرىپ كېلىپ، گەنسۇ، چىڭخەيلەردىكى قازاقلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىشنى مۇزاكىرە قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭدا «6 قەبىلە قازاق چارۋىچىلىرىنى قايتۇرۇش يىغىنى» ئاچتى، بۇ يىغىنغا ئەلنىۋاقىنىڭ چوڭ ئوغلى دەلىلقان بىلەن شىنجاڭ گارنىزون باش شتابى سىياسى باشقارمىسىدىن ۋېي ۋېيبۇ ئەنلەر قاتناشتى. ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن 4 ئەمەلدار باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاق ئاقساقاللىرى بىلەن بىرلىكتە گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن قاتارلىق يەرلىرىگە بېرىپ قازاقلارنى شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

1947 - يىلى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن گەنسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ قازاق چارۋىچىلاردىن 5000 كىشىنى مەجبۇرىي قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. 1949 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاق چارۋىچى ئائىلىسى 1020گە يەتتى، ئۇلار باركۆل، ئاراتۇرۇك، قۇمۇل، مورى، گۇچۇڭ تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1947 - يىلى 1 - تۈركۈمدە 500 كىشى، 1948 - يىل 1 - ئايدا 2 - تۈركۈمدە1500 كىشى، 1949 - يىل 8 - ئايدا 3 - تۈركۈمدە 1500 كىشى قايتىپ كەلدى ۋە ئۇلار باركۆل، ئاراتۇرۇك، تاشۆبىلىق، شوبۇل قاتارلىق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ چىڭخەيدە 1440 كىشى، گەنسۇدا 40 نەچچە ئائىلە قالدى.

**6) قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ ھىندىستان، تۈركىيىلەرگە قېچىپ كېتىشى**

چەت ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن قازاقلار ئەسلىدە ئالتاي، باركۆل، مورى، ماناس ئەتراپلىرىدا ياشاپ كەلگەن خەلق ئىدى. 20- ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار باشقا نۇرغۇن قازاقلار بىلەن بىرلىكتە گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە كۆچۈپ كەتكەن، يەنە

1941 - ۋە 1951 - يىللىرى قەبىلە باشلىقلىرىدىن ئىرىسقان، قۇسايىن، سۇلتان شېرىپ ۋە دەلىلقان، قالىبېك، قامزا قاتارلىقلارنىڭ باشلىشى ۋە قىستىشى ئارقىسىدا شىزاڭ ئارقىلىق ھىندىستان، پاكىستانلارغا كەتكەن، 50 - يىللارنىڭ بېشىدا يەنە ئارقا- ئارقىدىن تۈركىيەگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

(1) قازاقلارنىڭ ھىندىستانغا قېچىشى ۋە تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىشى

ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن، 700 ئائىلىلىك قازاق ئىرىسقاننىڭ باشلىشى بىلەن شىزاڭغا كىرىدۇ. زاڭزۇلار بىلەن بولغان ئۇرغۇن توقۇنۇشلاردىن كېيىن ئەندوغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن 1941 - يىلنىڭ باشلىرىدا كەشمىرگە يېتىپ بارىدۇ. ئىرىسقان باشلىغان 3000دىن ئارتۇق كىشى كەشمىرگە كىرگەندىن كېيىن قورالسىزلاندۇرۇلىدۇ ۋە لاگىرغا يوللاپ بېرىلىدۇ، ئۇلاردىن 1000دىن ئارتۇق كىشى ئەجەلسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يەرلىك مۇسۇلمانلار ئەنگلىيە دائىرىلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەندىن كېيىن، بىر يىل ئۆتكەندە ئاندىن قاماپ قويۇلغان قازاقلارنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرنەچچە يۈز كىشى سەرگەردان بولۇپ كارامان، بومباي، يېڭى دېھلى تەرەپلەرگە كېتىدۇ. 1943 - يىلى 192 كىشى ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوپالغا، يەنە بەزىلىرى پاكىستاننىڭ راۋالپىندى، كاراچى قاتارلىق يەرلىرىگە كېتىدۇ.

1947 - يىل 6 - ئايدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىپ باشقۇرۇلىدىغان بولغاندىن كېيىن، دىنى ئېتىقاد مەۋقەسىدىن قازاق مۇھاجىرلارنىڭ تولىسى پاكىستان كونترول قىلىدىغان كەشمىر رايونىغا جايلاشتۇرۇلىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇلارنىڭ ئىچىدىن خەلىپە ئالتايغا ئوخشاش بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئۇنىڭ «ئالتايدىكى يۇرتۇمدىن تۈركىيەگە» (يەنە بىر ئىسمى «مېنىڭ ئەسلىمەم») دېگەن ئەسىرى مۇناسىۋەتلىك بەزى دۆلەتلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئىگە بولىدۇ. خەلىپە ئالتاي ئۆزىنىڭ داستانىدا ئالدى بىلەن قازاقلارنىڭ شەجەرىسىنى، قازاقلارنىڭ ئالتايغا كۆچۈپ بېرىش جەريانىنى ۋە «تۆرە»، «بى»لەرنىڭ قانداق سايلىنىدىغانلىقىنى يازىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئۇلاپ قازاقلارنىڭ شەرققە قاراپ كۆچۈشىدىكى ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تەسۋىرلەيدۇ؛ ئەڭ ئاخىرىدا قىسمەن قازاقلارنىڭ تۈركىيەگە قېچىپ بارغاندىن كېيىنكى خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ، چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن قازاقلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

(2) قالىبېك، دەلىلقانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ ئىرىسقان بىلەن ئۇچرىشىشى

1947 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ. 1948 - يىلى ماكىنان ئوسمان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «دىننى قوغداش، كومپارتىيەگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» دېگەن

بىر تېمىنى تەشكىللىگەن. جانىمقان شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۆزى ئەۋەتكەن قالىبېك قاتارلىق 15 كىشى ئوسماننىڭ ئۆيىدە 3 كۈن مەخپىي يىغىن ئېچىپ، سانجى، باركۆل قاتارلىق يەرلەردە تۇرۇۋاتقان قازاقلارنى قاتناق قىلىپ قوزغىتىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا كېڭەشكەن.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئوسمان، جانىمقان ۋە يولۋاس قاتارلىق بىر تۇچۇم ئەكسىيەتچىلەر ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەن. لېكىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن باندىتلار تارمار بولغان. قالىبېك 1951 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 90 ئادىمىنى باشلاپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كەشمىرگە كېلىپ ئىرىشقان بىلەن ئوچراشقانلار 450 كىشىگە يەتكەن.

1952 — 1954 - يىللىرىغىچە قازاقلار تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ تۈركىيىگە كۆچكەن. ئۇنىڭ ئارقىدىن قوسايىن قاتارلىق 22 ئائىلە يېتىپ بارغان. شۇنىڭغا ئۇلاپ ئىرىشقان قاتارلىقلار ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ تۈركىيىگە يېتىپ بارغان، ئەڭ ئاخىرقى 20 نەچچە ئائىلە 1960 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۈركىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلار تۈركىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن بىر قىسمى تىرىكچىلىك يولىدا ئىستانبۇل، ئىزمىر، ئەنقەرە قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر قىسمى مىڭغا يېقىن

ئادەم غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرگە بېرىپ ئىشلىگەن. ئاساسلىقى غەربىي گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىگە، فرانسىيە، ئىتالىيە، شۋېتسارىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ زاۋۇتلاردا ئىشلىگەن.

**7) 50 - 80 - يىللارغىچە گەنسۇ، چىڭخەيلەردە تارقىلىپ ياشاۋاتقان قازاقلارنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كېلىشى**

ئوسمان، يولۋاسلارنىڭ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز قازاق چارۋىچىلارغا «ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك»، «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى»، «كۆزەتىش قىلماسلىق، ماللىرىنى بۆلمەسلىك، سىنىپىي تەركىبىنى ئايرىماسلىق»، «قورال - ياراغلىرىنى يىغىۋالماسلىق» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ئادىل سىياسەتلەرنى يولغا قويغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تونۇشى ۋە ئاڭ سەۋىيىسى ئۆستى، 1956 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە قازاق ئاقساقاللىرى ھۆكۈمەتكە شىنجاڭغا كۆچۈپ كېتىش تەلىپىنى قويغان. شۇنداق قىلىپ 1956 — 1957 - يىللىرى گەنسۇ، چىڭخەيدىكى قازاقلار 4 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن.

1 - تۈركۈمدە، مەخسۇم قاتارلىق 4 ئادەمنىڭ باشلىشى بىلەن 90 نەچچە ئائىلە 1956 - يىل 9 - ئايدا ئاقسايدىن باركۆلگە كۆچۈپ كەلگەن.

2 - تۈركۈمدە 600دىن ئارتۇق ئادەم، 400دىن ئوشۇق ئات، 50 نەچچە كالا، 550

نەچچە تۆگە، 9000دىن ئارتۇق قوينى ئېلىپ، 1956 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاقسايدىن يولغا چىقىپ، كېيىنكى يىلى 5 - ئايدا باركۆلگە يېتىپ كېلىدۇ.

3 - تۈركۈمدە 350 ئادەم كايىن قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا 250 ئات، 400دىن ئارتۇق تۆگە، 6000دىن ئارتۇق قوينى ھەيدەپ 1957 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20- كۈنى گەنسۇدىن يولغا چىقىپ، كېيىنكى يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باركۆلگە يېتىپ كېلىدۇ.

4 - تۈركۈمدە جىڭخەيدىكىلەر تىغمەت قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا باركۆلگە كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇلارمۇ 3 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كۆچىدۇ. 1 - تۈركۈمدە 79 كىشى (ھەممىسى دېھقان ئائىلىسى) 1957 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتوموبىل بىلەن جۇلڭ سايدامدىن يولغا چىقىپ، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باركۆلگە يېتىپ كېلىدۇ. 2 - تۈركۈمدە 91 كىشى (تولىسى قېرى - چۆرى، ئايال ۋە باللار) 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىياۋخەيزىدىن يولغا چىقىدۇ، ئۇلارنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەۋەتكەن قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غوناتباي ۋە بىرقانچە دوختۇر دۈنخۇاڭغا 10 ئاپتوموبىل ئاپىرىپ كۈتۈۋالىدۇ. 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇلار ساق - سالامەت باركۆلگە يېتىپ كېلىدۇ. 3 - تۈركۈمدە، 93 كىشى 9300 تۇياق مېلىنى ھەيدەپ، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماخەي، دازىدەتدىن يولغا چىقىپ، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باركۆلگە يېتىپ كېلىدۇ. يول بويى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ياتاق، تاماق جەھەتلەردە كۆپ قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدۇ.

چىڭخەينىڭ ئالتۇنجوقا دېگەن يېرىدىكى قىسمەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ باركۆلگە كۆچۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئاقساي دېگەن يېرىدىكى 671 قازاق چارۋىچىمۇ باركۆلگە كۆچىدۇ. ئۇلار 15 مىڭدىن كۆپرەك چوڭ - كىچىك مېلىنى ھەيدەپ كېلىدۇ. بۇ چارۋىچىلارنى ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئالتۇنبېك، مۇئاۋىن ھاكىمى مۇقادىل باشلاپ كېلىدۇ. ئۇلار 1956 - يىلى 10 - ئايدا ئارقا ئارقىدىن ئاقسايدىن ئايرىلىپ، 1957 - يىلى 2 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىگە كېلىپ بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن 221 خالتا ئۇن، 326 تاختا قاراچاي، 250 جۈپ تاقا بىلەن ھال سورايدۇ ۋە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

بىر يېشىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن شىنجاڭدىن ئايرىلغان، قايتىپ كەلگىنىدە 49 ياشقا كىرگەن نۇرسمان ھاياجانلانغان ھالدا: «ئىسلىگىمىزى شىپاڭ شىمەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزنى يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان، بۈگۈن كومپارتىيە بىزنى يۇرتىمىزغا قايتۇرۇپ كەلدى» دېدى.

# مەھكىمە شەرئىدىكى ئىشلار

مەمتىمىن نۇرى

(قاراقاش ناھىيە تۈزلۈقتۇناق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

1940 - يىللار گومىندالڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زامانىدى. گومىنداڭنىڭ قانۇن نارماقلىرىدىن ئەپتىش ئورگىنى يوق بولۇپ، ئەدلىيە بىلەن سوت بىر گەۋدە ئىدى. ساقچى ئورگىنىنى جىڭشاجۇ دەپلا ئاتايتتى.

بۇ ئورگانلار گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا قارشى دەپ قارالغان دېلولار ۋە قاتىللىق دېلولىرىدىن باشقا تۈرلىرى ھەل قىلالمىغان ئادەتتىكى دەۋا ئىشلىرىنى مەھكىمە شەرئىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرەتتى.

ئۇ چاغلار مېنىڭ 13 - 14 ياشلىق ئازا تەنتەك، داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان، ئادەملەر توپلاشقان يەرلەردە ئويۇن - تاماشا كۆرۈپ، ھاڭۋېقىپ يۈرىدىغان چاغلىرىم ئىدى. بىزنىڭ ئۆي مەھكىمە شەرئى جايلاشقان مەدرىسىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا يات ـ يات ئۇ يەرلەرگىمۇ بېرىپ مۇنداق ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى كۆرەتتىم:

مەھكىمە ئالدىدا بىر قانچە يوتۇكچى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قانچە بىرگە ياماق چۈشكەن سىمكەش خۇرجۇن ياكى كىچىككىنە بىرەر پارچە كونا پالاز ئۈستىدە ۋاراقچە شەكلىدە كېسىپ، تەييارلاپ قويۇلغان خوتەن قەغىزى، مىس ياكى تۇچ قاتارلىق ھەر خىل مېتال ۋە ھايۋانات مۈڭگۈزىدىن ياسالغان دۆۋەتلەر تۇراتتى. دۆۋەتلەرگە سىياھ ياكى قازان قارىسى قاچىلانغان ياكى جىن چىراغ ئىسىنى پىياز سۈيىگە ئىلەشتۈرۈپ داكا پارچىلىرىغا ئوراپ چىلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. يوتۇكچىلەر يەرلىك قومۇشتىن ئۇچلىۋالغان قەلەملىرىنى جىكىسىگە ياكى قۇلىقىغا قىستۇرۇۋېلىپ ھاجەتمەنلەرنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى ھەمدە خەت-چەك بېرىشتا «گۈل كەلتۈرۈۋېتىدىغان» لىقىنى داڭلىشىپ بىر بىرىدىن خېرىدار تالىشاتتى. ئەرز، شىكايەت، ھۆججەت، يىراقتىكى تۇغقانلىرىغا «سالامنامە» يازدۇرىدىغان ھاجەتمەنلەر ئۆزلىرى خالىغان بىر يوتۇكچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەقسەت - مۇددىئالىرىنى ۋە خەتنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بېرەتتى.

يوتۇكچىلەر يېزىپ بولغاندىن كېيىن، خەتنى خېرىدارغا ئۈزغۇلۇق قىلىپ ئوقۇپ بېرەتتى. بەزىلەر شۇنداق قاملاشتۇرۇپ يازاتتىكى، ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى قايىل



بولماي قالمايتتى. ھاجەتمەنلەر رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بۈتۈكچىلەرگە ئازراق پۇل ياكى بىرەر زاغرا، بىر - ئىككى سىقىم ئۈزۈم، گۈلە - قاق دېگەندەك نەرسىلەرنى قەلەم ھەققى قاتارىدا بېرەتتى.

مەھكىمە شەرئىينىڭ ئىچكى سەيناسىدا يەنى مەسچىتنىڭ ئالدىدا كەڭ بىر سەھنە( ئېسىل كىگىز، گىلەملەر سېلىنغان سۇپا) بولاتتى، بۇ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش مۇنبىرى ھېسابلىناتتى. مەزكۇر مۇنبەردە مەھكىمە شەرئىينىڭ ئۆلىمالىرى رەت تەرتىپى بويىچە كىشى ئەيمەنگۈدەك سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرۇشاتتى.

بۇلار ئەلەم، مۇپتى، رەئىس مۇپتى، قازى كالان ۋە رەئىس قازى ئاخۇنۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا خىزمەت مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. مەسىلەن: ئەلەم ئومۇمىي ئىشلارغا، مۇپتى دەۋا - دەستۇرلارنى تەھقىقلەشكە، رەئىس مۇپتى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە، ۋەقە، دېلو ئۈستىدىن قۇرئان، ھەدىس مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن پەتىۋا( ھۆكۈم) چىقىرىشقا، قازى كالان دەۋا - دەستۇرلارنى سوراش، كېلىشىم، توختامنامىلەرنى مۇقىملاپ بىر تەرەپ قىلىشقا، رەئىس قازى بولسا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەشۋىق قىلىش ھەمدە بازار تەرتىپىنى ساقلاپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، گەز، مېتىر، تارازا، سەر قاتارلىق ئۆلچەم - كەمچەنلەرنىڭ كەم ياكى ئارتۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

مەھكىمە شەرئىينىڭ مۇنبىرىدە ئىش بېجىرگۈچى ئاخۇنۇملارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ يارىسى خۇشخەت بىلەن ئىسىم - فامىلىسى ئويۇلغان مەخسۇس يۇمىلاق كۈمۈش مۆھۈرلىرى بولاتتى، ئاخۇنۇملار بۇ مۆھۈرلىرىنى بارماق چوڭلۇقىدىكى قارا سىياھ بىلەن بىرگە كىچىككىنە كۆن خالتىغا ئوراپ، ئىچ كىيىمىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا تىقىپ ئەڭگۈشتەردەك چىڭ ساقلايتتى. بىرەر خەت - چەككە مۆھۈر بېسىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا تۈكۈرۈكى بىلەن سىيانى ھۆلدەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا يۇقتۇرۇپ، مۆھۈرگە تەكشى سۇۋاپ، ئاندىن خەتنىڭ ئەڭ ئۇقتىلىق جۈملىسى يېزىلغان يېرىنى تىلى بىلەن نەمدەپ، سول قولىنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ مۆھۈرنى پۇككىدە نىقتاپ باساتتى. مۆھۈر بېسىلغاندىن كېيىن خەت شەرتسىز كۈچكە ئىگە بولاتتى.

مەھكىمە شەرئى ئارقا كوچىغا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى «ئاۋات» جاي ئىدى. بۇ يەردىن ھەر كۈنى دېگۈدەك دەۋا - دەستۇرچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. جېدەل - ماجىرا، ئالاش - تارتىش، ۋارقىراش - جارقىراشلار بېسىقمايتتى.

خەت - چەكلەر «تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز xx يىلى ماھىxxنىڭ xx كۈنىxx كەتتىدىن xx دۈرمەن. . . . » دەپ باشلىناتتى. ئۇ چاغلاردىكى خەت - چەكلەر ھىجرىيە كالېندارى بويىچە قېلىپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئوخشاش بىر خىللا ئۇسلۇبتا يېزىلاتتى.

شەرىئەتكە خىلاپ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا زىت يامان قىلمىشلارنى بولۇپمۇ زىنا قىلغۇچى ئەر - ئاياللار رەئىس مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن جازاغا بۇيرۇلاتتى. ئەرلەرگە دەررە ئۇرۇلاتتى، ئاياللارغا باشقىچە يەڭگىلرەك جازا بېرىلەتتى، دەررە ئۇرۇلمايتتى. بەزى تارىخىي

ماتېرىياللاردا زىناخور ئاياللارنىڭ كۆشۈككە سېلىنىپ، ئۆت كوچا دوقمۇشىغا ئېسىلىپ، خەلققە ئالەمگە سازايى قىلىنىدىغانلىقى بېيىزىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتمىدىم ھەم ئاتا ـ بوۋامدىنمۇ مۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم.

دەررە مەھكىمە شەرئىينىڭ ئاساسلىق جازا قورالى بولۇپ جەلدە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.




دەررە

ئۇ تىغ ۋە دەستىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 65 — 67 سانتىمېتىر، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 — 17 سانتىمېتىر، تىغىنىڭ كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر كېلىدۇ. دەررىنىڭ تىغى ئاشلانغان ئىككى قات كالا تېرىسى ئارىسىغا قۇم ـ شېغىل ئېلىنىپ ياسىلىدۇ، چۆرىسى پىششىق شىرىۋېتىلىدۇ. دەررىگە بۇيرۇلغانلارغا ئۇرۇلىدىغان دەررىنىڭ قېتىم سانى، بوش ياكى قاتتىق ئۇرۇلۇشى مۇناسىۋەتلىك يەتتۈۋا كىتابلىرىغا ئاساسەن قازى تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ.

دەررە ئۇرۇش قائىدىسى مۇنداق بولىدۇ: دەررىگە ھۆكۈم قىلىنغان ئەر مۇنبەر ئالدىغا ھازىرلىنىپ، ئىشتىنىدىن باشقا كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ يالىڭاچلىنىدۇ، ئاندىن شەيخۇلئىسلام(شەرىئەت ساقچىلىرى)لاردىن بىرەيلەن كېلىپ مۇرىسىدىن ئۇننىڭ ئىككى قولىنى ئارتىلدۇرۇپ ھاپاشلاپ، سەل ئېگىلگەن ھالدا دەررىگە توغرىلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن جازا ئىجرا قىلغۇچى شەيخۇلئىسلام ئوڭ پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئوڭ قولىدا دەررىنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، تىغىنى ئوڭ مۈرىسىگە قويغان ھالدا «تەۋبەتەن نەسۇھا»نى بىر ئېغىز ـ بىر ئېغىزدىن لوقما سېلىش ئارقىلىق ئوقۇتىدۇ، ئۇزىمۇ مۇناسىۋەتلىك كەلىمىلەرنى ئوقۇيدۇ.دە گۇناھكارنىڭ يالىڭاچلانغان تېنىگە ئۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇچىنچى بىر شەيخۇلئىسلام ئۇرۇلۇۋاتقان دەررىنى ساناپ تۇرىدۇ. مۇنبەر ئۈستىدە بولسا مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرى دەررىنىڭ بوش ياكى قاتتىق، كەم ۋە زىيادە ئۇرۇلماسلىقىنى نازارەت قىلىپ ئولتۇرىشىدۇ.

ئەينى چاغدىكى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە، دەررە ئۇرغاندا قولنى باشتىن ئاشۇرۇپ قۇلاچلاپ چۆرۈپ ئۇرماسلىق، جەينەكنىڭ يۇقىرى قىسمىنى ھەرىكەتلەندۇرمەي، بىقىنىغا چاپلاپراق، تۆۋەن قىسمىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ نورمال ئۇرۇش بۇيرۇلاتتى.

شەرىئەت ئەھلى ۋە ئاۋامنىڭ نەزىرىدە دەررە ئۇرۇلغانلار «ئاندىن ئۇنىڭغا پاك بولدى» دەپ قارىلاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مەھكىمىدە ھەق ـ تەلەپ دەۋا ئىشلىرىدا ھەققىي

ئانغۇچىلارمۇ چىقىپ تۇراتتى. مۇنداق ئەھۋالدا ئانغۇچىغا قازى تەرىپىدىن قەسەم بۇيرۇلاتتى، قەسەمنىڭ دىنىي قائىدە - پرىنسىپ بويىچە ئالدىن ئۆتەيدىغان رەسمىيەتلىرى بار ئىدى. قەسەمگە بۇيرۇلغۇچى جاۋابكار ئالدى بىلەن غۇسلى تاھارەت قىلدۇرۇلۇپ، پاكلانغاندىن كېيىن جايناماز ئۈستىدە قازىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، قىبلىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. قازى ئۇنىڭغا قەسەمگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، «قۇرئان»نى تۇتقۇزۇپ قەسەم بەرگۈزىدۇ. بۇمۇ خەلق ئىچىدىكى بەزى ھەق دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىر تەدبىرى ئىدى.

1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ مۇنداق جازا ئۇسۇللىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئىمتىيازلار تاكى 1958 - يىلىغىچە داۋاملاشتى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

## «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئورمانچىلىق تەزكىرىسى» نەشردىن چىقتى

سوتسىيالىستىك تەزكىرىلەردىن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئورمانچىلىق تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 2002 - يىلى 10 - ئايدا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق نازارىتى رەھبەرلىكىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر- تەرجىمە باشقارمىسىدىكى خادىملارنىڭ ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن بۇ تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى 2005 - يىلى 6 - ئايدا نەشردىن چىقتى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى خۇشاللىنارلىق كاتتا ئىش.

كىتابتا شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي جەريانى، ئورمانچىلىق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەر ئىلمىي، ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، توغرا بايان قىلىنغان. بۇ تەزكىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئېنىق، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ھەقىقىي، مەزمۇنى چىن، تىلى راۋان، ئۇنىڭدا دەۋر ئالاھىدىلىكى، رايون ئالاھىدىلىكى ۋە كەسپ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ تەزكىرە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتنى پىلانلاشتا مۇھىم پايدىلىنىش ۋە ئۈلگە بولۇش قىممىتىگە ئىگە.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر


خوجائەخمەت يۇنۇس

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)


11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى تىلشۇناسلىققا دائىر ئۆلمەس ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھاكىمىيەت ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئەترابلىق ۋە سىستېمىلىق بىلىم بېرىدىغان مۇكەممەل قامۇس، مۇئەللىپىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە يۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق» (بىرىنچى توم 3 - بەت) ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن 10- ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادى ۋە يۈكسەك مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان مۇھىم مەنبە سانىلىدۇ.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە 11 - ئەسىردىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۈستىدە تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ:

## 1. يېمەك - ئىچمەك مەنبەسى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغان يېمەك - ئىچمەك مەنبەسى تۆۋەندىكى بەش مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) تارىغ (بۇغداي)، ئارپا، تۈتۈرقان (گۈرۈچ)، تۈگى (تېرىق)، قوناق (چوژگۈن قوناق)، سۇ ياغ، قاغۇن (قوغۇن)، شېكەر قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلىنىدىغان يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى؛ 2) ياغ، ئەت (گۆش)، سۈت، باغىر (جىگەر)، قارىن (قېرىن)، ئۆچەي، باش قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلىنىدىغان يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى؛ 3) ئالما، تۈلۈگ ئەرۈك (شاپتول)، سارىغ ئەرۈك (ئۆرۈك)، قارا ئەرۈك (قارا ئۆرۈك) ئۈزۈم، ياغاق (ياڭاق)، ئارمۇت (ئامۇت)،



ئامشۇي (ئالگىرات)، ئۆزمە، ئەرۈك قاقى (ئۆرۈك قېقى)، ئارمۇت قاقى (ئامۇت قېقى)، قاق (شاپتۇل قېقى)، چىپىقان (چىلان)، يىگدە (جىگدە)، پىترلك (پىستە)، چەنشتۇرۈك (جىنەستە)، بادام، شوقلۇ (ئىت ئۈزۈم) قاتارلىق مۆل - قۇرۇق مېۋىلەر؛ 4) يۇند (ئات)، ئۆد (كالا)، قوي، ئەچكۇ (ئۆچكە)، تاقاغۇ (توخۇ)، ئۆردەك (ئۆدەك)، قاز (غاز)، بالىق (بېلىق)، يۇمۇرتغا (توخۇم)، بال (ھەسەل) قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى ۋە شىرنە مەھسۇلاتلىرى؛ 5) سارمۇساق (سامساق)، ئوغلى (ئاق سەۋزە)، مۇرىچ (قارامۇچ)، سىپۇت (يۇمغاقسۇت)، سوغۇن (پىياز، ياۋا پىياز)، تۇرما (تۇرۇپ)، چاغمۇر (چامغۇر)، ئارماز (تەرخەمەك)، بۇرچاق (پۇرچاق)، يارپۇز (يالپۇز)، سۇنۇ (سىيادان)، بۇتۇگە (پىدىگەن)، ئىگلاچ (كاۋاپ بىلەن يېيىلىدىغان تاغ ئۆتى) قاتارلىق تىرىپ (تىكىپ) ئۆستۈرۈلىدىغان كۆكتاتلار ۋە ياۋا كۆكتاتلار؛ 6) ئوقيا، نەيزە ئېتىش ياكى تايغان، لاچىن، بۈركۈتلەر ئارقىلىق ئوۋلىنىدىغان ئارقار (ياۋا قوينىڭ چىشىسى)، كىيىك، توشقان قاتارلىق ياۋا ھايۋانلار گۆشى؛ 7) تۇز، يەم (تېتىتقۇ) قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر.

### 2. يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى

كىتابقا ئۆزلۈگ مۈن (ياغلىق شورپا)، ئۆغۈت (بۇغداي شارابى ئېچىتقۇسى)، ئۆزۈا (قايناتىلغان گۆرۈچكە شېكەر ۋە مۇز سېلىپ تەييارلىنىدىغان سوغۇقلۇق غىزا) (بىرىنچى توم 121 - بەت)، ئىبرۈك (قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى)، ئىگدۈك (سۈزمىگە ئوخشاش يېمەكلىك) (بىرىنچى توم 142- بەت)، ئايران (قېتىق)، ئۇخاق (ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرنىسى) (بىرىنچى توم 165 - بەت)، ئۆگرە، ئۇسپۈرى (قوقاستا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك)، ئۆزتىما (ئۆپۈتما، يەنى قېتىق)، ئاۋزۇرى (بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنىدىن پىشۇرۇلىدىغان قوشۇقلۇق نان) (بىرىنچى توم 197 - بەت)، توپ (بۇغداي ۋە ئارپىدىن تەييارلىنىدىغان بولدۇرۇلغان يېمەكلىك) (بىرىنچى توم 417- بەت)، چۆپ (كەسمە)، سوغۇت (پىشلاق)، سوغۇت (ھېمىپ)، قۇرۇت، توقاچ، كۆمەچ، قىمىز، سۆرۈش (چۆرۈش)، قافۇت (تېرىقتىن ئېتىلگەن تاماق)، سوقتۇ (ھېسىپنىڭ بىر خىلى) (بىرىنچى توم 543 - بەت)، سىنچۇ (بىر خىل نان)، ماندۇ (بىر خىل تۆرك سىركىسى) (بىرىنچى توم 548-بەت)، بۇخسى (ئېچىتىلغان يېمەكلىك)، تۇزغۇ (يوللۇق يېمەكلىك) (بىرىنچى توم 553- بەت)، سىركە (ئۈزۈم سىركىسى)، سۆزمە، قاتما (قاتلىما)، بەگنى (بۇغداي، تېرىق، ئارپىدىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك) (بىرىنچى توم 565 - بەت)، تالقان، چۆقمىن (ھورنان)، كۆزمەن (كۆمەچ)، پۆسكەچ (كاكچا)، تۆتماچ (چۆپ)، تۆتغۆچ (ئىشتەي قىزاسى)، بەكمەس (شىرنە)، تۆرمەك (تۆرمەل)، كۆرشەك (سۆك ۋە ياغدىن پىشۇرۇلىدىغان تاماق) (بىرىنچى توم 625 - بەت)، پۆشكەل (پوشكال)، توغرىل (قىيزا)، بۇخسۇم (بوزا)، بۇلغاما (ياغسىز بولماق)، بۇلدۈنى (ئىچىگە ئۈزۈم سېلىنىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك) (بىرىنچى توم 640 - بەت)،

قوغۇرماچ (قوماچ)، قاقۇرغان (قاتلىما)، سارماچۇق (قۇشقاچ تىلى ئاش)، يۇغا (قاتلىما نان)، بۆرگەمەچ (بىر خىل ھېسىپ)، قۇر (كۆتەلگە)، سىم سىمراق (باشتىن تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك)، ساغ ياغ (سېرىق ماي)، قۇۋۇت (قورۇلغان تېرىق ئۇنىدىن تەييارلىنىدىغان تاماق)، قاياق (قايماق)، قىيما ئۆگرە (سۇيۇقئاشنىڭ بىر خىلى)، قۇيما (قۇيماق)، تو (بۇلماقتا ئوخشاش پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ئۇن تاماق) (ئۈچىنچى توم 287 - بەت)، قارا ئەتمەك (ناننىڭ بىر خىلى)، قازى (قېزا)، لەتۇ (بىر خىل سۇيۇق تاماق) (ئۈچىنچى توم 326-، 327-بەتلەر)، سۆگلۈنچۈ (كاۋاپ)، ئاغارتقۇ (بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك) (ئۈچىنچى توم 600 - بەت) قاتارلىق قەدىمكى زاماندىكى ۋە 11 - ئەسىردىكى يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

### 3. يېمەك - ئىچمەك خام ئەشياسىنى ھازىرلاش جەريانى ۋە ساقلاش، قاچىلاش ئورۇن سايمانلىرى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنىشىچە، ئەجدادلىرىمىز بوز يەر ئېچىپ، ئارىق (ئېرىق - ئۆستەڭ) چېپىپ، ئاتىز (ئېتىز) بىنا قىلغان، يەرنى ئاماچ (بوقۇسا)، ساپان ئارقىلىق ھەيدەپ ۋە كەتمەن بىلەن چاناپ (بىرىنچى توم 73-، 523-، 579 - بەتلەر)، تارىغ (ئاشلىق تېرىغان، ئاشلىق پىشقاندىن كېيىن باشتار (ئوغاق) بىلەن ئورۇپ، ئوپ (ئۆكۈز) ئارقىلىق خامان تەپكەن (بىرىنچى توم 48-، 594 - بەتلەر)، ئاشلىقنى تاغار، يەمەچۈك (كىچىك قاپ) لەرگە قاچىلاپ، بۇغدايىنى ئورۇ (ئورا) غا، تېرىقنى ئۆگۈزلۈككە (تېرىق قويۇلىدىغان يەرگە)، باشقا ئاشلىقلارنى ئارىغلىقتا (ئاشلىق ئامبىرىغا) قويۇپ ساقلىغان (بىرىنچى توم 205-، 535-، 654 - بەتلەر، ئۈچىنچى توم 64 - بەت)، بۇغدايىنى ئەسكۈ (ئۆتكەمە) دە ئاسقاپ ئازىلاپ، ئۆگۈتچى (تۈگمەنچى) گە ئاپىرىپ ئۇن ئارتقان (بىرىنچى توم 72-، 174 - بەتلەر)، يارماش ئۇن (يۇمشاق ئارتىلغان ئۇن) نى كەندۈك (ساپال كۈپ)، ساسىنق (ساپال قاچا)، كەستەر (تەشتەك) لەرگە سېلىپ ساقلىغان (بىرىنچى توم 495-، 597-، 627 - بەتلەر، ئۈچىنچى توم 54 - بەت)؛ بالىق (بېلىق) نى تىزدەك (تىزدەم، يەنى چۆۋىقتىن ياسالغان بېلىق تۇتىدىغان تور)، ئارغاغ (قارماق) ئارقىلىق تۇتقان (بىرىنچى توم 157-، 191-بەتلەر)؛ تۇزنى چاناق (ياغاچ تۇزلۇق)، تۇزلۇق (تۇز قاچىسى) قا قاچىلىغان (بىرىنچى توم 495-، 611 - بەتلەر).

### 4. يېمەك - ئىچمەك تەييارلاش ۋە ئىستېمال قىلىشقا كېرەكلىك قازان - قومۇچ، ئەسۋاب - سايمان، قاچا - قۇچىلار

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئائىت بايانلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 11 - ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ مېتاللۇچىلىق سانائىتى خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇنى «ئەگىش» (ئەگۈش) دېگەن سۆزگە «داشقال، يەنى مەدەنلەرنى ئېرىتكەندە قېپقالغان چىقىرىندا» (بىرىنچى توم 165 - بەت) دەپ

بىرىلگەن ئىزاھاتتىن ۋە قۇرىچ (قۇيۇچ، يەنى پولات)، تەمۈر (تۆمۈر)، ئالتۇن، باقىر (مىس) قاتارلىق مەدەنلەر ھەم بولاردىن ياسالغان ئۈركۈچ (ئۈچ ئاياغ، يەنى تۆمۈر ئوچاق) (بىرىنچى توم 129 - بەت)، ئاشىچ (قازان)، ئەگدۇ (قىلىچ قىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى پىچاق)، قىلىنچ، باشاق (ئوقيانىڭ ئوقى ۋە نەيزە ئۇچىدىكى تۆمۈر)، كەتمەن، بالدۇ (پالتا)، كەركى (كەكە)، بىچەك (پىچاق) (بىرىنچى توم 73-، 168-، 465-، 490-، 499-، 545-، 560-، 579 - بەتلەر)، سىبەك (سۆۋەك، يەنى تۈگمەننىڭ كىنى، تۈگمەن تېشىنى چۆگىلىتىدىغان تۆمۈر)، تەنگۈچ (تۆمۈر ئوچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرىم گەز ئېگىزلىكتىكى ھەرقانداق نەرسە)، باشتار (ئورغاق)، قىرقاق (گۆش ۋە خېمىر كېسىدىغان قىغراق) (بىرىنچى توم 505-، 594 - بەتلەر، ئۈچىنچى توم 520-، 522- بەتلەر)، ئۈچلۈچ (ئۈچلىرى بىر تۆمۈرگە بېكىتىلگەن ئۈچ ئال چوۋۇقتىن قۇرۇلغان توشقان تۇزىقى) (بىرىنچى توم 128- بەت) قاتارلىق ئۆرۈش، ئۆۋچىلىق قوراللىرى، تۆرمۈش بۇيۇملىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يېمەك ئىچمەك تەييارلاشتا سۈتى سۈسىق (سوغا، يەنى ياغاچ چىلەك)، چۆگەك (ماتال، يەنى ياغاچ چېلەك) بىلەن توشۇپ، سۇسغاق (ئۇسقاق) بىلەن ئۇسقان (بىرىنچى توم 495-، 615 - بەتلەر، ئىككىنچى توم 424 - بەت)، سۈت ۋە قىمىزغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قاسۇق (تورسۇق، يەنى ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم) قا قاچىلىغان (بىرىنچى توم 497 - بەت)، گۆشنى ئەتلىككە (كاناراقا) ئاسقان (بىرىنچى توم 137 - بەت)، ئۇننى تالق (ئەلگەك) بىلەن تاسقاپ، تەگنە (تەڭنە) گە بېسىپ خېمىر يۇغۇرغان، يۇغۇرۇلغان خېمىرنى چانچۇ (نوغۇچ)، يۇغۇرغۇچ (يايغۇچ) قاتارلىق ياسغاچتا (يېيى تاختا، يەنى ئاشتاختىدا) يايغان (بىرىنچى توم 544-، 566-، 642- بەتلەر، ئۈچىنچى توم 50-، 485 - بەتلەر)، دورا، دەرمەكلەرنى سوقۇ (سوقا، يەنى ھاۋانچا) دا سوققان (ئۈچىنچى توم 313 - بەت)، قازاندا پىشۇرۇلغان ئۇتماچ (چۆپ) نى سۈزۈشتە چوۋلى (ھۆل چوقلاردىن چۆمۈچ شەكلىدە توقۇلغان چويلا) ئىشلەتكەن (ئۈچىنچى توم 599 - بەت)؛ قامىچ (ساپلىق)، چۆمچە (چۆمۈچ) ئارقىلىق ئاياق (قاچا)، لاغۇن (ئىچى چوڭقۇر ئوخشاش ئويۇلغان، سۈت، قېتىق ئىچىلىدىغان ياغاچ ئاياق)، كۈركە (ياغاچ تاۋاق)، ساغراق (سۇ ئىچىلىدىغان قاچا)، چەلىك (قارفۇر، چىنە) لارغا ئۇسۇلۇپ (بىرىنچى توم 114-، 466-، 534-، 544-، 560-، 615 - بەتلەر، ئۈچىنچى توم 506 - بەت)، ئىشكۇم (خانتاختا، يەنى تاماق ۋاقتىدا خاننىڭ ئالدىغا شىرە ئورنىدا قويۇلىدىغان چوڭ ياغاچ ئاياق)، تەۋسى (داستىخان، شىرە) لەرگە (بىرىنچى توم 145-، 551 - بەتلەر) قويۇلغان تاماق، يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەرنى شىش (ئۇتماچ يېيىلىدىغان زىقچە، يەنى چوكا)، قاشۇق (قوشۇق) بىلەن يېگەن ۋە ئىچكەن (بىرىنچى توم 497 - بەت، ئىككىنچى توم 411 - بەت).

### 5. ئاساسلىق يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا 11 - ئەسىردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىستېمال قىلىدىغان ھەر خىل تاماق ۋە يېمەك - ئىچمەك تۈرىدىن 80 نەچچىسى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھازىرمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئەتمەك(نان)، چۆقمىنى(ھورنان)، قاتما(قاتلىما)، تۇقاچ، كۆزمەن(كۆمەچ)، يۇسكەچ(كاكچا)، تۈرمەك(تۈرمەل)، يۇشكەل(يۇشكال)، قۇغۇرماچ(قوماچ)، قۇيما(قۇيماق)، ئۈگرە، ئالقان، مۇن(شورپا)، قىنارق(قىمىزا)، ئايران(قېتىق)، سوقۇت(ھېسىپ)، قۇرۇت، قاياق(قايماق)، سۈزمە، يۇلغاما(يۇلماق)، بۇخسۇم(بوزا)، سۆكلۈنچۈ(كاۋاپ)، قىمىز قاتارلىق تاماق ۋە يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرىدىن سىرت، ئۆزگىچىلىككە ئىگە، تارىخىي قىممىتى بار 10 تۈر قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى:

1) تۇتماچ

چۆپ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ قالغان. ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ، «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بىزنى تۇتما ئاچ» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت، يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى» دېگەن. زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ، ئۇنى «تۇتماچ» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «تۇتما ئاچ» بولۇپ، ئىككى «ئېلىق»نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە «تۇتماچ» بولۇپ قالغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزۈڭنى ئاچ تۇتما، مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە» دېمەكتۇر. (بىرىنچى توم 590 ، 591 - بەتلەر)

2) قارا ئەتمەك

ئاشنىڭ بىر خىلى. بۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ، كېيىن ئۈستىگە سېرىق ياغ، شېكەر قويۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغىچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن يېيىلىدۇ. (ئۈچىنچى توم 307 - بەت)

3) قاقۇت

تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ، كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ. (بىرىنچى توم 528 - بەت)

4) بۇخسى

بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنىدىغان يۇلماقنى قويۇپ، شۇ پېتى ئىچىملىك قىلىنىدۇ. تەييار بولغاندا بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ. (بىرىنچى توم 551 - بەت)

5) سارماچۇق

قۇشقاچ تىلى ئاش، سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېمەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. (بىرىنچى توم 683 - بەت)

6) سىم سىمراق

بىر خىل تاماق. باش پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغرىلىپ، دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ، سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ. (ئۈچىنچى توم 187 - بەت)

7) قۇۋۇت

«قاقۇت» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. تولغۇتتا خۇنسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق. قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. (ئۈچىنچى توم 223 - بەت)

8) ئۇسپۇرى

قوقاستا پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، توغراپ ياققا سېلىنىپ، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك. (بىرىنچى توم 192 - بەت)

9) ئۇغۇت

بوغداي شارابى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېچىتقۇ. بۇ ئېچىتقۇ بىرمۇنچە دورا - دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۇندۇرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر قىلىنىدۇ، بۇ خېمىر كېسىپ كۆمىلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بوغداي بىلەن ئارپا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ھېلىقى قۇرۇتۇلغان كۆمىلاچتىن بىر دانىسى ئوبدان يانچىلىپ، قاينىتىلغان بوغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن، بۇ بوغداي پاكىز بىر تەرەپكە ئورىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، ئېچىمۇ ئوبدان دۈملىنىپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆپكە سېلىنىپ، ئون كۈن ساقلىنىدۇ. ئېچىپ يېتىلگەندە، ئۈستىگە سۇ قويۇلىدۇ. تەمرىسى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان سۇيۇقلۇق «بوغداي شارابى» بولىدۇ. (بىرىنچى توم 70 -، 71 - بەتلەر)

10) ئېبرۇك

قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى، قۇرۇت ئېزىپ ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئىچىنى سۈرۈدۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. (بىرىنچى توم 137 - بەت)

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز 11 - ئەسىردە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىدىن تارتىپلا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، ئېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە ھەر خىل كۆكتاتلارنى تېرىپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ ئۆستۈرۈپ، يازايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ۋە ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مول مەنبە ھازىرلىغان. ئۇلار ئۆزجۈيىلەپ تەييارلىغان ھەر خىل تاماقلار ۋە يېمەك - ئىچمەكلەر مول ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، سوغۇقلۇق ۋە دورىلىق رولىنىمۇ ئوينىغان. بۇ تاماقلار ۋە يېمەك - ئىچمەكلەر ھازىر تۈرى نەچچە يۈزگە يەتكەن ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

# خوتەندىكى بىرقىسىم يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

## خوتەن

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن بىرى قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا «قىزىم مەلىكە خوتەنگە تۇت نەرسىدىن خالىي باغ بىنا قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغانىكەن. ئەمەلدارلار نۇرغۇن يۇرتلارنى ئارىلاپ كۆرۈپ، ھازىرقى خوتەن زېمىنىنى تۆت نەرسىدىن خالىي دەپ بىلىپ، بۇ جايغا مەلىكە ئۈچۈن باغ، ئىمارەتلەرنى بىنا قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت مەلىكە خوتەننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغانىكەن.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئالتۇنقان دېگەن جايدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئىسكەندەر قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانىكەن. بۇ بالىنى يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتون بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئىلىم كۆيۈمچان قىلىۋاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت ئەپلاتوندىن يۇرتىغا بېرىپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. ئەپلاتون كۆيۈمچانلىقىنى قىزى بىلەن بىللە يولغا سېلىپتۇ. ئەپلاتوننىڭ قوشنىلىرى: - بۇلار نەگە بارىدۇ؟- دەپ سورىغانىكەن، ئەپلاتون:

- خوتەنگە بارىدۇ- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. گرېك تىلىدا «خوتەن» سۆزى «كۆيۈمچانلىق يۇرتى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېيىنچە بۇ سۆز يۇرت نامى بولۇپ قالغانمىش.

«شاھنامە» نىڭ ئاپتورى ئىرانلىق ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى ئۇز بايانىدا «بۇقاخان (ئاپراسىياپ) سىياۋۇش مىنى خوتەنگە پادىشاھ قىلدى» دېگەن. ئۇرە خوتەن دېگەن نام پېشدادىيلار سۇلالىسى زامانىدا بار ئىكەن. ئاپراسىياپ پېشدادىيلار سۇلالىسىنىڭ 6- خانى ئىكەن.

مۇتەپەككۇر، ئالىم ئەمىر نىزامىدىن «ئىسكەندەرنامە» دېگەن ئەسىرىدە پېشدادىيلار سۇلالىسى مىلادىيەدىن 4300 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن دەپ يازىدۇ.

خوتەنلىك تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى «تارىخى مۇسقىيۇن» دېگەن كىتابىدا يەكەن، خوتەن خەلقىنىڭ نوھ بىننى يابەسنىڭ ئوغلى



خىزىرنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ يازغان. «ئەسرارى خوتەن» دېگەن كىتابتا خىزىر ئوغلى «خوتەن» دەپ ئاتىلىپ قالغان دېيىلىدۇ. يېقىنقى دەۋر تارىخچى، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە خوتەن خانى خالخال ماچىن ئۆز زامانىدا غەلچىن كەنتى (خوتەن ناھىيە باغچى يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) نى چىن، ماچىن كەنتى (خوتەن ناھىيە تۇسالا يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە) نى ماچىن دەپ ئاتىغانمىش.

## تۇسالا

چاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرسۇن دېگەن بىر قارا نىيەت كىشى خوتەنگە بەگ بولغانىكەن. ئۇ خوتەن خەلقىگە ئېغىر باج - سېلىقلارنى سېلىپ قاقشاتقانىنىڭ ئۈستىگە، چاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىغا ھەددىدىن زىيادە خوشامەت قىلىپ ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرگەنىكەن. شۇڭا چاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرسۇن بەگكە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە كۆپلەپ ئىمتىياز، ھوقۇقلارنى بەرگەنىكەن. بۇ ئىمتىيازدىن بولۇپمۇ تۇسالالىقلار كۆپرەك بەھرىمەن بولغانىكەن. شۇ چاغدا تۇسالالىقلار خۇددى بوگەنىمىز تۇسۇن ئاتنىڭ سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئانچە ئۇچرىماي، ئەركە ئۆتكەن ئىكەن. بۇ ئەھۋالغا قاراپ خوتەنلىكلەر بۇ يەردىكى كىشىلەرنى تۇسۇنلار دەپ ئاتاشقانىكەن. كېيىنچە بۇ نام يەر نامىغا ئايلىنىپ «تۇسالا» غا ئۆزگىرىپ قالغانمىش.

## گۈلباغ

خوتەن ھۆكۈمدارى ئەلىشىر ھېكىمبەگ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە «2. لوقمان ھېكىم» دەپ نام ئالغان موللا ئەلەمشاھ ئاخۇنۇمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەت سالىھ ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنى تىبابەتتە ئۇستا، كامىل دەپ قاراپ لوپنىڭ جىيا كەنتىدىن ئىلچى شەھەر گوجان ئۆستەڭ بويىغا ئالىي ئۆي - جاي سالدۇرۇپ ئۇنى كۆچۈرۈپ كىرگەن. ئۆي - ئىمارەتنى ئۇنىڭغا مىراس قىلىپ بېرىپ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. يەنە تىبابەتكە كېرەكلىك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يەر ئاجرىتىپ بەرگەن. بۇ يەردە قىزىلگۈل، گۈلسۈسەن قاتارلىق تۈرلۈك خاسىيەتلىك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن. شۇڭا بۇ يەر كېيىنچە گۈلباغ دەپ ئاتىلىپ قالغان.

يەنە يۇقىرىقى ئەلىشىر ھېكىمبەگ 1820- يىللىرى ئوردا ئىشى بىلەن تەۋەككۈلگە بېرىپ قايتىشىدا ئۈچ ئۆيلۈك كىشىنىڭ ئىلچىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىدا سىرقىم سۈدىن پايدىلىنىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سورىغان، ئۇلار بىز ئاقسۇنىڭ سايرام دېگەن يېرىدىن بولىمىز، خوتەننىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ يەردە ياشايلى دەپ كەلسەك، بۇ سىزنىدى سۇلار بار ئىكەن، ئۆلكىگە چىقىپلا ئۆزىمىزگە تۇشلۇق بوز يەر ئېچىپ تېرىپ يەپ ئولتۇردۇق، دېگەن. ئەلىشىر ھېكىمبەگ بۇ ئىشتىن سۆيۈنۈپ، بۇ كۆچمەنلەرگە ئىنئام بەرگەن ۋە يېڭىدىن ئېرىق ئېلىپ بېرىشنى، 15 يىلغىچە ھېچقانداق سېلىق ئالماسلىقنى ئەمەلدارلارغا بۇيرىغان، ھازىرقى

يېڭىشىپ قىلىنغان، ئاشۇ ئۈچ ئالىملىك كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

## ئەللامە

ئەللامە خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىغا بەش كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان كەنت. ئەللامە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مولla ئالائىددىن خوتەنى تۇغۇلغان ۋە ياشىغان جاي.

مۇھەممەت ئەلنىشىر ھېكىمبەگ ئەللامە مۇھەممەت بۇزرۇكۋارغا كۆپ ئەقىدە قىلغانلىقتىن، 1214 - يىلى كۈچلۈك خان تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغان بۇ ئالىمنى خاتىرىلەش، ئۇنى مەڭگۇ ياد ئېتىش ئۈچۈن 1841 - يىلى كارىز كەنتىنى ئەللامە دەپ ئاتاشنى ئالاھىدە جاكارلىغان، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ كەنت ئەللامە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## قارامەت

1780 - يىللاردا خوتەنگە رۇستەم دېگەن ئاچكۆز، ئىشرەتپەرەس بىر كىشى بەگ بولغان. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە خوتەن خەلقىنى ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق، زۇلۇم - ئوقۇبەت بىلەن قاتتىق خورلىغان. مۇشۇ مەزگىلدە بەھرامبەگ دېگەن خەلقپەرۋەر، ئادالەت سۆيەر باي بىر يۈلۈك كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ زۇلۇمغا قارشى چىققان ھەم بىرنەچچە قېتىم قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ، زوراۋان كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. رۇستەمبەگ خېلى زور ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپمۇ بەھرامبەگنى بوي سۇندۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - سېلىقنى يەڭگىللىتىش، ئۇزۇنغا تېگىشلىك ئىمتىيازلارنى تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدىكى بەش شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇزرئارا سۈلھىگە كەلگەن ۋە رۇستەمبەگ ئاقسۇغا يۆتكەلگەن، بەھرامبەگ خوتەنگە ئامبال بولغان. ئۇ ئىسيان مەزگىلىدە ئۆزىگە خىزمەت كۆرسەتكەن قارى ئەخمەت دېگەن كىشىگە بىرنەچچە يۈز باغچى دېھقان بىلەن بىر يۈلۈك يەرنى مۇكاپات تەرىقىسىدە سوۋغا قىلىپ بەرگەن. كېيىنكى چاغلاردا قارى ئەخمەتنىڭ يېرى ئورۇنلاشقان كەنت «قارى ئەخمەت»، كېيىن بارا - بارا ئۆزگىرىپ «قارامەت»، «قايامەت» دەپ ئاتالغان (ھازىر بۇ جاي خوتەن ناھىيە توساللا يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا، يەنى ئايرودرومنىڭ شىمالىدا).

## توققۇز گۈمبەز

بەھرامبەگ ئامبال بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا دۆلەت ئىشلىرىغا خەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - سېلىقلارنى ئازايتقان، ماارىپنى يۈكسەلدۈرۈشكە مەبلەغ سېلىپ، جامە، مەدرىسلەرنى كۆپلەپ بىنا قىلدۇرغان. ئالىم - ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغان. ئۇ شۇ قاتاردا ئالىملارنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەن ئۇلۇغ يۈسۈپ ياقۇپبەگ، يۈسۈپ ئابدۇللابەگ، دادىسى مەتقۇربانبەگ، مۇھەممەت ئېزىزبەگ، ئانىسى قىمرەچىبەر ئاغىچا ۋە يۈنۈسبەگلەرنىڭ قەبرىلىرىگە قۇببىلىك گۈمبەزلەرنى ياساتقان. يەنە شۇ دەۋردىكى ئاي خېنىم قوش كېزەكلەرگىمۇ بىر گۈمبەز ياساتقان. بەھرامبەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن كېيىنكىلەر ئۇنىڭغىمۇ بىر گۈمبەز ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن گۈمبەزنىڭ سانى توققۇزغا يەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مازارلىق

جايلاشقان كەنتنى كىشىلەر «توققۇز گۈمبەز» دەپ ئاتىغان. بۇ گۈمبەزلەر تاكى 1966 - يىلىغىچە ساق تۇرغاندىن كېيىن، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەن.

## تەۋەككۈل

قاسىم ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر خىلۋەت چۆلدە مال باقىدىكەن. بىر كۈنى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر غازنىڭ ئاغزىدىن بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقى چۈشۈپ قاپتۇ. قاسىم ئاخۇن بۇ ئۇرۇقنى بىر نەم جايغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ تاۋۇز ئۇرۇقى كۆمگەن جايغا كەلگەندەك بولسا، تاۋۇز يىلتىزدە قوچاقتا پاتمىغىدەك چوڭلۇقتىكى تاۋۇزلارنى كۆرۈپتۇ. قاسىم ئاخۇن تاۋۇزدىن بەشنى بىر تاغارغا سېلىپ، ئېشىكىگە ئارتىپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، خوتەننىڭ ئامبىلى ئالدىغا ھېرىپتۇ ۋە تاۋۇزنى ئامبالغا تارتۇق قىپتۇ. يۇنىگەدىن سۆيۈنگەن ئامبال قاسىم ئاخۇنغا ئىنئام بېرىپتۇ ۋە ئۇنى يول باشچى قىلىپ ئۇرغۇن ھاشارچى بىلەن تاۋۇز ئۈنگەن جايدىن بوز يەر ئېچىشقا يۆتكەپتۇ. ئۇزۇنغا بارماي بىر كەلگ زېمىن ئېچىلىپتۇ. ئامبال يامۇلدىن پۈتۈن تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۈچ ئوغلى بولسا بىرى، بەش ئوغلى بولسا ئىككىسىنى بوز يەرگە كۆچۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. كۆپ ساندىكى باشلار ئۇرۇق - تۇغقان، ئۇي - ماكانلىرىغا قىيالماي ئاتا - ئانىلىرىنى ئەگلىكتە قويۇپتۇ. كىشىلەرنىڭ دىلىغۇل بولۇپ ساراسىمىدا قالغانلىقىنى كۆرگەن بىر مۇنەججىم كىشى: «باللىرىم، بۇ بەرىكەتلىك زېمىن، ئەجىر قىلساڭلار تەڭرى رىزقىڭلارنى مۇشۇ يەردىن بەرگەي، بىر يىلەكتە ئادەمدەك 11 تاۋۇز چۈشكەن تۇرسا، ئۇچكە ئېيەرمۇ، سۈت ئۇرۇلەرمۇ، دېمەي تەۋەككۈل قىلمامسىلەر» دەپتۇ. كىشىلەر ئارقا ئارقىدىن يېڭى بىنامغا كۆچۈپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «تەۋەككۈل» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

## تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005 - يىللىق 3 - سان 7 - بېتىدىكى «ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى» دىگەن سۆزنى «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ئۇچتۇرپان مائارىپى توغرىسىدا


## تۇرسۇن بارات

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك كادىرلار مەكتىپىدىن)


ئۇچتۇرپان ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمىي يۇرت، قەدىمكى يىپەك يولى ئۇچتۇرپاننى بېسىپ ئۆتكەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يېڭى ئايماق قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، شارام مىڭئۆيىگە ئوخشاش يىپەك يولىغا ئائىت خارابىلەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى — قەشقەردىن چىققان كارۋانلار ئۇچتۇرپاننى بېسىپ ئۆتۈپ قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان يازلىق پايتەخت — بالاساغۇنغا بارغان. قەشقەردىن ئۇچتۇرپانغىچە، ئۇچتۇرپاندىن بالاساغۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئىزلار، ئۆتەڭلەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇچ - گۈزەل، ئاۋات شەھەردۇر» دەپ بايان قىلىنىدۇ①.

ئۇچتۇرپان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن مائارىپ تارىخىنىڭ يىلتىزىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر. ئۇچتۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش شامان، زەردۇشت، بۇددا، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇچتۇرپان مائارىپىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. قىسقىسى، ئۇچتۇرپان مائارىپى ئۇزاق زامان دىنىي تۈس ئالغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن قەشقەر ۋە قەشقەرگە قوشنا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئاھالىلەر كەينى - كەينىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شۇ يىللاردا ئۇچتۇرپان ئاھالىسىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچتۇرپاندا ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى زور كۆلەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئۇچتۇرپان خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان پەرزەنتلىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بالىلىرىنى يەتتە ياشقا توشقان ھامان ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆز يېزىلىرىدىكى دىنىي مەكتەپكە ئاپىرىپ ئوقۇتاتتى. مۇدەررىس بالىلارنىڭ بېشىغا قارىماي بىر ئۆيدە 50تىن 100 گىچە، ھەتتا چوڭراق ئۆي بولسا 150 كىچە بالىنى



ئولتۇرغۇزۇپ دەرس ئۆتەتتى. بېزىلاردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق دەرسى ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن باشلانغۇچ ساۋات، ئەدەپ - ئەخلاق، ئەرەبچە «قۇرئان» سۈرىلىرى ۋە كىتابلارنىڭ خېتىنى تونۇپ يادلاپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بولدى. «قۇرئان»دىن ساۋادى چىقىپ بولغان بالىلارنى ناھىيە بازىرىدىكى ئوردا مەسچىت، يېڭى مەھەللە مەسچىت، رەستە كوچىسىدىكى مەسچىت، قولتۇق مەسچىت قاتارلىق جامەلەردە ئېچىلغان دىنىي مەكتەپلەرگە بەردى. بۇ بالىلار شەھەردىكى دىنىي مەكتەپلەرگە كەلگەندىن كېيىن بەزىلىرى 30 پارە «قۇرئان»نى ئوقۇپ قارى بولغان بولسا، يەنە بىر قىسمىلىرى ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالىندارچىلىق)، ئىلمى نەھۋى (گراماتىكا) قاتارلىقلارنى ئۆگەندى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارراق بالىلار شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشنى تۈگىتىپ مەھەللىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى كۇچا مەدرىسىلىرىگە ھەتتا ئىككىنچى بۇخارا دەپ ئاتالغان قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى — ساچىيە خانلىق مەدرىسىگە، ياركەنت خانلىق مەدرىسىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتتى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۆزىدىن ئاشىدىغان ئاتا - ئانىلار ھەج- تاۋاپ قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن پاكىستان، ھىندىستان، ئىراق، مىسىر قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، بالىلىرىنى شۇ جايدىكى ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا قالدۇرۇپ ئوقۇتتى. بۇ بالىلارنىڭ قەشقەردە ئوقۇغانلىرى داموللام، ئىمام، خاتىپ، قازى، مۇپتى، خەلپىتىم قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. چەت ئەلدە ئوقۇغانلار مەۋلىۋى دەپ ئاتىلىپ خەلق ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولدى.

1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن تارتىپ تاكى 1949 - يىلغىچە بولغان 190 يىلدا ئۆتكەن ھەر خىل ھاكىمىيەتلەر ئۈچتۇرپان خەلقىنى بىخۇت قالدۇرۇش ئۈچۈن ئازدۇر - كۆپتۇر مائارىپ ھوقۇقى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قىلچىلىكمۇ يېڭى مائارىپ ھوقۇقى بەرمىدى. ھۆكۈمەت ئىقتىسادى ياخشى بەزى ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەج - تاۋاپ قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ ئوقۇتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەججگە بالىلارنى بىللە ئېلىپ چىقىشنى توستى. قىسقىسى، خەلقنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كۆزىنىڭ ئېچىلىشىدىن ئىنتايىن قورقتى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەن زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۈچتۇرپاندەك كىچىككىنە ناھىيىدىلا شېڭ شىسەي دەۋرىدە 15، 1945- يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 18 ئوقۇتقۇچى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى.

20 - ئەسىر دۇنيادا ئىلىم - پەن پارتلىغان دەۋر بولۇپ، ئۇ ئاتوم دەۋرى دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ جۈملىدىن ئۈچتۇرپان تېخى سوت ئۇيقۇسىدا بولۇپ، ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئىدى. جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى قوزغالغان 1911- يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۈچتۇرپاندا يېڭى مائارىپ دولقۇنى قوزغالدى. شۇ يىللاردا ھەر خىل پەرلىك مەنسەپدار، تەرجىمان يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچتۇرپان بازىرى، ئاقيار، ئاچتاغ، ئىمامىلىرىم، ياركۈزرۈك، ئوتبېشى، ياماناسۇ قاتارلىق 8 ئورۇندا ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن

ئوقۇيدىغان 8 سىنىپلىق شۆتاڭ قۇرۇلدى. شۆتاڭدا ھەر بىر سىنىپتا 30 دىن جەمئىي 240 بالا ئوقۇدى. دەرس خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى 3 – 5 يىلغىچە بولدى. بۇ خىل شۆتاڭدا ئوقۇش 1930 - يىلغىچە داۋاملاشتى.

1917 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى سوۋېت قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە قوشنا بولغان ئۈچتۇرپان خەلقىنىمۇ ئويغاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن قىرغىزىستاندىكى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ زور بولدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن 1920 - يىلى تونىي قىبتىم مۇسا موللام ئاچقان دىنىي مەكتەپتە سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەرنى ئاساس قىلغان يېڭىچە ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىلدى. بۇ سىنىپقا 103 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئىككى سائەت ئوقۇغان. كېيىنچە ئابدۇقادىر ئاقساقال قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەبلەغ توپلىشى ئارقىلىق ئابدۇقادىر ئاقساقالنىڭ شەھەردىكى ھويلىسىدا 4 سىنىپلىق يەنى ئىبتىدائىي مەكتەپ قۇرۇلدى. ئۇ مەكتەپكە دەسلەپتە 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، شۇ دەۋردە ئۈچتۇرپاندا بىلىملىك ھېسابلانغان كىشىلەردىن زۇنۇن ھاجىم، ئابابەكرى خەلىپىتىم، سوۋېتتىن كەلگەن قارنىۋاي موللا دېگەن كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەتتە قىزلىرىم مازىرىنىڭ يېنىدا، قىرغىز زىيالىي ئابلا موللىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئابلا موللا مەكتىپى، ئاقيار بېزىسىنىڭ قازغان كەنتىدە ياقۇپ داموللا مەكتىپى دەپ ئاتالغان خۇسۇسىيلار باشقۇرغان يەنە مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپتە دىن دەرسى، تۆت ئەمەل، ئانا تىل، جۇت، شېئىر، تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى. خۇسۇسىيلار باشقۇرغان بۇ مەكتەپلەر تاكى 1930 - يىلغىچە داۋاملاشتى.

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شېڭ شىسەي توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى ئەينى يىللاردا شېڭ شىسەينى نىقابلاش رولىنى ئوينىغاندىن باشقا ئەسىرلەر بويى ئۇيقىدا ياتقان ئۈچتۇرپان خەلقىنى ئويغىتىش، مائارىپقا، يېڭى ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىشقا ئۈندەش رولىنىمۇ ئوينىدى. 1933 - يىلىنىڭ 7 – 8 - ئايلىرىدا ھاشىم ئاقساقال، نۇرداخۇن خەلىپىتىم، ئېلى ئەھمىدى، ياقۇپ سەئىدى رەئىسلىكىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشما ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا خىزمەت بىناسى، كۇلۇپ سېلىپ ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ كەمگىچە ھېچكىم قىلىشقا پېتىنالمىغان مازار، مەسچىت، مەدرىسە - جامەلەرنىڭ ۋەخپە يەر كىرىمىنى، ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق ئۈچۈن سويۇلغان قويلارنىڭ تېرىسىنى يىغىپ باشقۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمنى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1933 - يىلى 9 - ئايدا يۈزلىگەن خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ، ھازىرقى تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا بىر سىنىپلىق يېڭىچە يەنى مەكتەپ قۇردى. مەكتەپنىڭ نامىنى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. بۇ مەكتەپ

قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئاتاقلىق پېداگوگ، شائىر مەمتىمىن قارى ھاجى(سوپى زادە) ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبراھىم سامى(سامى ئەپەندى)، ئىبراھىم ئىدرىس، ئەمەتخان، مىركېرەم، ھاجى ياقۇپ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەكتىپىگە كېلىپ، داغدۇغىلىق ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق، 28 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ شۇ مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئايلىق دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىدى. بۇ مەكتەپنىڭ نامى «نەۋرانىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 1933 - يىل 12- ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېزىلاردا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى.

1933 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەكتىپى(كېيىن سوۋېت مەكتىپى دەپ ئاتالغان) ئىچىدىكى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدا 4 قارار ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىپ، ئۈچتۇرپاننىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

ئومۇمەن 30 -، 40 - يىللاردا ئۈچتۇرپاننىڭ مىللىي مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي مائارىپ ئىشلىرى خېلى يۈكسەلدى. باللارلا مەكتەپتە ئوقۇپ قالماستىن، بەلكى مەكتەپ قارىسى كۆرمىگەن ساۋاتسىزلارمۇ كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ دەۋردە ئۈچتۇرپاننىڭ ئاقيار، ياماتسۇ، ئوتبېشى، باشئايماق، ناھىيە بازىرىدىن ئىبارەت 5 ئورۇندا ھۆكۈمەت مەكتىپى قۇرۇلۇپ، سىنىپ 20 گە، ئوقۇتقۇچى 30 غا، ئوقۇغۇچى 1000 غا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيە بويىچە 37 ئورۇندا خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇپ، سىنىپى 100 گە، ئوقۇتقۇچىسى 127 گە، ئوقۇغۇچى 3000 گە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ناھىيە بازىرىدا يېتىم باللار ئۈچۈن ئىككى سىنىپلىق دارىلئېيتام قۇرۇلۇپ، 60 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ باللارنىڭ ئوقۇش، تاماق، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى ناھايىتى جانلىق بولۇپ، ناھىيە بويىچە باشقا مەكتەپلەرگە ئۈلگە بولدى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۈچتۇرپاندا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى راۋاجلىنىپلا قالماستىن بەلكى، 1936 - يىلى قىرغىز - قازاق ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، قىرغىز مىللىي مائارىپىمۇ زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. قىرغىز - قازاق ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا رەئىس، كاتىبات، مەدەنىيەت - تەشۋىقات، تەشكىلات، مالىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىپ، 30 غا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1936 - يىلى قىرغىز - قازاق ئۇيۇشمىسى باشچىلىقىدا قاقشالدا 4 مەركىزىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ، يېڭى ئىلىمگە يۈرۈش قىلىندى. بۇ مەكتەپلەرگە بۇرۇن دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. 1937 - يىلى ئۈچتۇرپان، قاقشال، ئاقسۇ كوناشەھەردىكى تاغلاق، بوزدۆڭ قاتارلىق جايلاردىكى 30 ئورۇندا مەكتەپ قۇرۇلۇپ قىرغىز يېڭى مائارىپى ئازا گۈللەنگەن. بۇ مەكتەپلەرگە سوۋېت قىرغىزىستاندىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن قايتىپ كەلگەن قىرغىز زىيالىيلار، يەرلىكتىكى بىلىملىك كىشىلەر ۋە ئەلا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. 1938 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 13 ئورۇندا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قىرغىزچە

مەكتەپ، 17 ئورۇندا ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى قىرغىزچە مەكتەپ قۇرۇلغان.

ئۈچتۇرپاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى بارلىق مەكتەپلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە تۈزۈلگەن ئانا تىل، ھېساب، ئوقۇش كىتابى، ئېلىپبە، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ھۆسنخەت، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە، تەنتەربىيە، شېئىر، رەسىم قاتارلىق دەرسلىكلەر ئاساس قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتى ھەم ستالىننىڭ 1925 - 1937 - يىللىرىچە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىنجاقىغا جۈملىدىن ئۈچتۇرپانغا قېچىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەدەنىيەت ئېلىپ كەلدى. قىسقىسى بۇ زىيالىيلار كەلگەندىن كېيىن ئۈچتۇرپاننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى يۈكسەلدى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ جانلاندى.

ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ 1942 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۈچتۇرپاندا ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا مائارىپ ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە، بىر قىسىم كادىرلارنى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ، خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى، ساقچى ئىدارىسى، قازى مەھكىمىسى، دېھقانلار جەمئىيىتى، ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردىن 13 ئادەم ئاجرىتىپ ناھىيىلىك ساۋات چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى قۇردى. بۇ كومىتېت 46 تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. 1942 - يىلى 2 - ئايدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 50 ئورۇندا ساۋات چىقىرىش مەكتىپى قۇرۇلۇپ، سىنىپى 114 كە، ئوقۇغۇچىسى 6437 گە يەتكەن، 46 مۇئەللىم ۋە ئاما ئىچىدىن 86 ئادەم بۇ كەچ كۇرسىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشىنى ئۈستىگە ئالغان. 1944 - يىلىغا كەلگەندە قىشلىق ساۋات چىقىرىش پائالىيىتى ئازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ كۇرسلارنىڭ راسخوتىنى ئۇيۇشما چىقىرىش، كۇرسانتلار ئىشانە تۈپلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغان.

30 -، 40 - يىللاردا ئۈچتۇرپاندا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا - سېتىق خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ بولۇپ 23 چوڭ شىركەت بار ئىدى. بۇنىڭغا ماسلىشىپ ئىدارىلەرمۇ كۆپەيدى. بېزا ۋە ئىدارە - شىركەتلەرنىڭ بوغالتىرغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1939 - يىلى ۋە 1940 - يىلى ئىككى قارار بوغالتىرلىق كۇرسى ئېچىلىپ 30 ئادەم تەربىيىلەندى. پىشقەدەم بوغالتىر مەمتىمىن خالىق بۇ كۇرسقا دەرس بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا جامائەتچىلىكنىڭ ۋە ئىدارىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1943 - يىل 7 - ئايدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى جۇشۇپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بېشىغا چىقىپ 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە بولغان 6 يىلدا ئۈچتۇرپاننىڭ مائارىپى زور دەرىجىدە چېكىندى. سوۋېت

ئىستىسپاقىدىن كىرگەن دەرسلىكلەرنى ئىشلىتىش بىردەك چەكلەندى. مەلۇم كەسپىي بىلىمگە ئىگە ئىلغار پىكىرلىك ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەردىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ گومىنداڭنىڭ ئادەملىرى ئوقۇتقۇچى بولدى. 1945 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «ياش ئۈچقۇنلار ئىستىپاقى»نىڭ ئۈچتۇرپاندىكى ئەزالىرىنى قەتلە قىلىپ، مەشھۇر «19 - سىنتەبىر قانلىق ۋەقەسى»نى پەيدا قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈچتۇرپاندىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىپ، خېلى كۆپ مەكتەپ تاقالدى. 1949 - يىلىنىڭ بېشىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ۋە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ 12گە، سىنىپ 69غا، ئوقۇغۇچى 2237گە، ئوقۇتقۇچى 77گە چۈشۈپ قالغان. مائارىپ يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالغان.

ئۈچتۇرپان گەرچە كىچىك ناھىيە بولسىمۇ، 1949 - يىلدىن ئىلگىرى جەمئىي 100 ئورۇندا دىنىي مەكتەپ بار بولۇپ، بۇنىڭدا 2000 تالىپ، 120 دىن ئارتۇق مۇدەررىس (مۇئەللىم) بولغان.

1949 - يىلدىن بۇرۇن ئۈچتۇرپاندىكى مەكتەپلەر يىل دەۋرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ دىنىي مەكتەپ، «شۇتاڭ»، «ئىپتىدائىي خۇسۇسىي يېڭى مەكتەپ»، «ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ»، «دۆلەت خەلق مەكتىپى»، «ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ» دەپ بىر قانچە خىل نام بىلەن ئاتالغان. «شۇتاڭ»، «دۆلەت خەلق مەكتىپى»، «ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ»لەر خاراكتېر جەھەتتىن بىر مەكتەپ بولۇپ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل نام بىلەن ئاتالغان. لېكىن خەلق ئىچىدە بولسا شەنلى مەكتەپ دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشقان.

ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دىنىي مەكتەپلەرگە دىنىي موللىلار خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلغان. ئۇلار ئىسلام دىنى يولىدا خالىس خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى، مەسچىت، مەدرىسىلەردە مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقان. بۇ خىل مەكتەپلەر ۋە موللامىلارنىڭ چىقىمىنى ئەل - جامائەت ئۆشرە، زاكات، ۋەخپە يەر كىرىمى، ھەر خىل سەدىقىلەردىن بەھرىمان قىلىش ھەمدە تالىپ، تالىپلەردىن پەيتەپىلىك يىغىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغان. شۇتاڭ ۋە شەنلى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش راسخوتى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغان. خۇيلى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى، مەكتەپ راسخوتىنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئۇسۇل تاكى 1950 - يىلغىچە داۋاملاشقان.

---

ئىزاھ:

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 151 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

# مىڭئۆي سىلەرنى ئۇنۇتمايدۇ

ئايگۈل قادىر

(شىنجاڭ كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىدىن)

مىڭئۆي ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تارىخىي مىراسلارنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان مىڭئۆيلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، تۇرپان رايونىدا بېزەكلىك ۋە تۇيۇق مىڭئۆيلىرى، كۇچا، باي، توقسۇ ناھىيىلىرى تەۋەسىدە قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم، مازارباغ، قىزىل قاغا، ئۇتباش، تېتىر، توغراقئېقىن مىڭئۆيلىرى بار. بۇ مىڭئۆيلەرگە ئاجايىپ كۆركەم، تولىمۇ رەڭدار، نەپىس تام رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر زوق ئاتا قىلىدۇ. مەن كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىغا خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن، مىڭئۆي يادىكارلىقلىرى بىلەن تونۇشۇش، ئۇلارنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇزاقلاردىن بۇيان شۇ يەردىكى كىشىلەر ئاغزىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان، مىڭئۆيلەرنى قوغداش ۋە ئاسراش ئۈچۈن ئەجىر قىلغان ۋە قىلىۋاتقان، مەدەنىيەت سۆيەر، مىللەت سۆيەر كىشىلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ھازىرمۇ بارلىقىنى ئاڭلىدىم ھەم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مەندىمۇ ئۇلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى. تۆۋەندە مەن مۇشۇ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

**تۆمۈر خېشاك (راھىب)** 1880 - يىللىرى ئەتراپىدا قىزىل مىڭئۆيدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى خېلى يىللار ئىلگىرى مىڭئۆيگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، پادىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تۆمۈر كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا مىڭئۆيلەر بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئۇ يەنە قىزىل مىڭئۆيدىن نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆگە يوبىنى، يېلىق ئۆتمەس، ئىشەك مىڭئۆي قاتارلىق جايلارغىمۇ بارغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاز، يېگانە تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، مەھەللىدىكىلەر تۆمۈرگە خېشاك (راھىب) دەپ لەقەم قويۇپ قويغان. تۆمۈر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

1900 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، ھەرخىل تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى.





تۆمۈر خېشاك گرۈنۋېدىل بىلەن سۆگەت ئېقىندا (1906 - يىل)

قىزىل مىڭئۆيمۇ بۇ ئېكسپېدىتسىيىلەردىن خالى بولالمىدى. 1902 - يىلى ياپونىيىنىڭ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قىزىل مىڭئۆيگە كەلگەندە تۆمۈر خېشاكنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن غارلارنى كۆرگەن. ئۇلار 178 - ، 205 - غارلاردىكى تام رەسىملىرىنى سۈرەتكە تارتىش بىلەن بىرگە، ياخشى ساقلانغان بىرقىسىم تام رەسىملىرىنى كېسىپ، ساندۇققا قاچىلاپ ياپونىيىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار 1909 - يىلى يەنە بىر قېتىم كېلىپ، نۇرغۇن تام رەسىمى، كونا يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر ۋە نوم پارچىلىرىغا ئېرىشتى. 1905 - يىلى گېرمانىيىنىڭ پرۇسسىيە خانلىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئۈچىنچى قېتىم كۇچاغا كەلگەندە كۇچالىق يول باشلىغۇچى مىراپتىن شەھەر - بازارلاردىن يىراق، خىلۋەت بىرجايدا نۇرغۇن غار بارلىقىنى، ئۇ يەرنى تېخى كۆپ ئادەمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال قىزىل مىڭئۆيگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئەترەت گرۈنۋېدىل، لېكوك، بارتۇس ۋە پورتلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. ئۇلار غارلاردىكى ياخشى ساقلانغان تام رەسىملىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ۋە تۆمۈر خېشاكنىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدە قىزىل يېزىسىدىن ئىشلەمچىلەرنى تېپىپ كېلىپ، قۇم - توپا تاسقىغا كۆمۈلۈپ قالغان غارلارنى كولاپ ئاچىدۇ. ئېگىز، تىك قىيالاردىكى



لېكوك قاتارلىقلار قىزىلدىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر بىلەن ئوچاقلىق غار (ھازىرقى 4 ـ غار) ئىچىدە (1906 ـ يىل)

غارلارغا چىقىپ، تام رەسىملىرىنى سۈرەتكە ئالدى، كۆچۈرۈپ سىزدى ۋە كېسىۋالدى. تۇمۇر يەنە ئۇلارنى ئۈچ كىلومېتىر نېرىدىكى ئارقا تاغ رايونىغا باشلاپ باردى. ئۇلار 1913 ـ، 1914 ـ يىللىرىمۇ قىزىل مىڭئۆيگە كېلىپ تۇرغۇن تام رەسىملىرىنى كېسىۋالدى ۋە 324 ساندۇق يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتتى. لېكوك كېيىن يازغان تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە تۇمۇرنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. 1998 ـ يىلى گېرمانىيە بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ باشلىقى مارىيانا يالدىز خانىم قىزىل مىڭئۆيگە كەلگەندە تۇمۇرنىڭ ئەۋلادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ نەۋرىسى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئەينى چاغدا ئۇلارغا قىلغان ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىپ كۆڭلىنى بىلدۈردى.

1928 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى قىزىل مىڭئۆيگە كەلگەندە، تۇمۇر خۇشاللىق ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىگە ياردەملىشىپ، ئۇنى تۇنجى قېتىم ئىشەك مىڭئۆي خارابىسىگە ئېلىپ باردى. بۇ مىڭئۆي قىزىل مىڭئۆينىڭ ئون كىلومېتىر جەنۇبىدا بولۇپ، ھېچقانداق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئاياغ باسمىغانىدى. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئىشەك مىڭئۆيدە بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان كۇسەن يېزىقىنى كۆردى (كېيىنچە ھەرخىل ئاپەت تۈپەيلى بىرقىسىم غارلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ بۇ يېزىقلار يوقىلىپ كەتكەن، قالغان بىرقىسىم يېزىقلار ھازىرغىچە ساقلانماقتا). خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى قىزىل مىڭئۆيدە 16 كۈن تۇردى، تۇمۇرنىڭ يول باشلىشى بىلەن غارلارغا چىقىپ، غارلارنى رايونغا ئايرىپ، 146 غارغا نومۇر قويۇپ چىقتى ۋە تۇرغۇن خاتىرە قالدۇردى.



تۆمۈر خېلىپە كۇچادا گېرمانىيىلىكلەر بىلەن بىللە.
ئالدى رەت سولدىن: لېكوك، ئەبساجان، بارتۇس. ئارقا رەت سولدىن: مىراب، ئىگەمبەردى، تۆمۈر (1913 - يىل)

1946 - 1947 - يىللىرى ئاتاقلىق رەسسام خېن لىرەن ئەپەندى ئەنگلىيە، گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئېلان قىلغان تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىدىكى قىزىل مىڭئۆيگە دائىر مەزمۇنلارنى كۆرۈپ، قاتتىق قىزىقىش بىلەن قىزىل مىڭئۆيگە كېلىدۇ. تۆمۈر خېشالاق ئۇنىمۇ ئوخشاشلا تۇرالغۇ، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەيدۇ، غارلارغا باشلاپ چىقىدۇ. خېن لىرەن ئەپەندى تام رەسىملىرىنى كۆچۈرۈپ سىزىدۇ ۋە بىر قىسىم غارلارغا نومۇر قويۇپ چىقىدۇ، ئەپسۇس ئۇ قايتىش سەپىرىدە ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ بارلىق ماتېرىيال يوقاپ كېتىدۇ.

تۆمۈر خېشالاق كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ھال - ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ۋە يۇرت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، يۇرت ئاقساقالى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ 1953 - يىلى ئەترابىدا ۋاپات بولىدۇ.

نىياز بوۋاي (نىياز ئاقساقال)

باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىن، 1956-يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قىزىل مىڭئۆيگە كېلىپ قوغداش خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 - يىلى قىزىل مىڭئۆي مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش

ئورتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە قىزىل مىڭئۆي تېخى ئىپتىدائىي ھالەتتە بولۇپ، شارائىتى ناچار، قاتنىشى قولايسىز ئىدى، پىيادە ماڭغا داۋاندىن ئېشىپ 6 سائەت ئەتراپىدا ئاران يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئات، ئۇلاغ، ھارۋا قاتنىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. نىياز بوۋاي غارلارنى قوغداش بىلەن بىرگە يەنە ساياھەتچىلەرگە يول باشلاپ، غارلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ. ساياھەتچىلەر غارلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مىڭئۆيگە بولغان ھېسسىياتى، بۇ ئۇلۇغ يادىكارلىقنى قوغداش ۋە ئاسراشقا بولغان ئۈمىدى، نىياز بوۋايغا بولغان ھۆرمىتى ۋە تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ خاتىرە قالدۇرىدۇ. بۇ خاتىرىلەر ھازىر قىزىل مىڭئۆي ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

نىياز بوۋاي مىڭئۆينىڭ كۆكەرتىش ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە تۆھپە قوشقان، باغ ۋە باراقلىق بەرپا قىلىپ ساياھەتچىلەرگە ئارام ئېلىش سورۇنى ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ تىككەن مېۋىلىك دەرەخلەر ھازىرغىچە كۆكىرىپ تۇرماقتا.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلدە نىياز بوۋاي مىڭئۆينى جان پىدالىق بىلەن قوغدىغان. قىزىل قوغدىغۇچىلار كونىلىقنى يوقىتىش شوئارىنى دەستەك قىلىپ، كالتەك-توقماقلارنى كۆتۈرۈپ مىڭئۆيگە كېلىپ تام رەسىملىرىنى بۇزماقچى بولغاندا نىياز بوۋاينىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، نەتىجىدە غالجىرلاشقان قىزىل قوغدىغۇچىلار نىياز بوۋاينى ئۇرۇپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. نىياز بوۋاي بۆرە ئىتلىرىنى قويۇپ بېرىپ ئۇلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتىدۇ. كېيىن ئۇلار بىر قانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ نىياز بوۋاي ئىتلىرىنى داۋانغا قويۇپ بېرىپ ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ مىڭئۆينى ئىسيانچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن قوغداپ قالىدۇ.

1973 - يىلى يازدا نىياز بوۋاي كۈندىلىك پائالىيىتى بويىچە غارلارنى تەكشۈرۈپ كېتىۋاتقاندا پۇتى قۇمغا پېتىپ قالىدۇ، پۇتىنى شۇنداق تارتىشىغا بۇ جايدىن بىر كامار كۆرۈنىدۇ. ئۇ بۇ كاماردا بۇت بارلىقىنى كۆرۈپ باشقىلارنى چاقىرىپ كېلىدۇ، كېيىن بۇ غار 2 يىلدا ئاران تازىلىنىپ رېمونت قىلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭغا يېڭى 1 - غار دەپ نام قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىل مىڭئۆيدىكى غار 236 گە يېتىدۇ. بۇ يېڭى غاردىكى تام رەسىملىرى كۆركەم ھەم رەڭدار، ئارقا خانىسىنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان پەرۋاز قىلىۋاتقان مالايىكىلەرنىڭ رەسىمى شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ساقلانغان مالايىكىلەر رەسىمىدۇر. ئوڭ تەرەپ ئۆتۈشمە كارىدورىدا ئۆرە تۇرغان ئىككى بۇت، ئارقا خانىسىنىڭ مېھراۋانا سۇپىسىغا ياتقۇزۇلغان مېھراۋانا ھەيكىلى شىنجاڭ بويىچە بىردىن بىر مۇكەممەل ساقلانغان مېھراۋانا ھەيكىلىدۇر. بۇ غارنىڭ بايقىلىشى مىڭئۆي تارىخىدىكى ناھايىتى زور خۇشاللىنارلىق ئىش.

نىياز بوۋاي بۇ تارىخىي مىراسلارنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى، بۇنى ئەۋلادلىرىمىزمۇ كۆرۈش ھوقۇقى بار دەپ قاراپ، ئۇنى بارلىقى بىلەن قوغدىغان. نىياز بوۋاي 1982 - يىلى 83

بېشىدا ۋاپات بولغان.

**مەمەت مۇسا** كۇچا ناھىيىسىدىن. 1976 - يىلىدىن باشلاپ كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدا ئىشلىگەن. ئۇ مەزگىلدە كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىگە 30



كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆگەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان قۇمتۇرا مىڭئۆيى ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ 40 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان سىمسىم مىڭئۆيى قاتارلىق يادىكارلىق ئورۇنلىرى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. مەمەت مۇسا مىڭئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە رېمونت قىلىش تېخنىكى بولۇپ، كەسپكە پىششىق ۋە ئەستايىدىل ئىدى. ئۇ قۇمتۇرا، سىمسىم مىڭئۆيلىرىدىكى سويۇلۇپ چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان تام رەسىملىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆز ئورنىغا مۇقىملاشتۇرغان. ئوت قويۇپ ئىسلىتىۋېتىلگەن، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم تام رەسىملىرى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يۇيۇپ تازىلانغان. ئۇ قۇمتۇرا مىڭئۆيىدە 41 - غارنى بايقاپ، بۇ غاردىن چىققان كىچىك لاي قونچاقلارنى رېمونت قىلغان. بۇ غارنىڭ تام تورۇسلىرىغىلا رەسىم سىزىلىپ قالماستىن، يەنە يەر ئۈستىگىمۇ رەسىم سىزىلغان. بۇ مىڭئۆي تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم بايقاش بولۇپ قالدى. قۇمتۇرا مىڭئۆيى دەريا بويىغا جايلاشقان بولغاچقا، غارلارغا دائىم سۇ كىرىپ كېتەتتى. مەمەت مۇسا بۇنداق چاغلاردا بىرەر كۈنمۇ ئارام ئالماي، كۆپچىلىكنى باشلاپ بەلگىچە سۇغا كىرىپ غاردىكى سۇنى سىرتقا توشۇيتتى، نەملىشىپ كەتكەن غارلارنى شامالدىتىپ رەسىملەرنىڭ سويۇلۇپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. كەلكۈن مەزگىلىدە كېچە - كۈندۈز مىڭئۆيدىن ئايرىلماي سۇ ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. 1984 - يىلى كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. كۇچا، باي، توقسۇ ناھىيىلىرى تەۋەسىدىكى مىڭئۆيلەر بۇ ئورۇننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، ئىدارە ئورنى قىزىل مىڭئۆيدە تەسىس قىلىندى. مەمەت مۇسا قاتارلىق بىرقانچە خىزمەتچى بۇ ئورۇنغا يۆتكەپ كېلىندى، مەمەت مۇسا قىزىل مىڭئۆينىڭ 97 - ۋە 161 - غارلىرىدىكى ئىسلاشقان تام رەسىملىرىنى يۇيۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، يېڭى 1 - غاردىكى لاي ھەيكەللەرنى رېمونت قىلىشقا قاتنىشىدۇ.

مەمەت مۇسا ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنىڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىگە بولغان تەسىرىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا بەلگىلىك تەدبىر قوللىنىش مەقسىتىدە ھاۋا رايى پونكىتى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ، نەتىجىدە پونكىت قۇرۇلۇپ ئورنىتىلغان سانلىق

مەلۇمات ۋە ماتېرىيال توپلىنىدۇ. بۇ ماتېرىياللار كېيىنچە تام رەسىملىرىنى قوغداشتا پايدىلىنىدىغان ئاساس بولۇپ قالىدۇ.

مەمەت مۇسا 1995 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىدۇ ھەم شۇ يىلى مۇشۇ كەسىپ بويىچە دوتسېنت بولىدۇ.

**ئەمرۇللا قادىر** باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىن، 1973 - يىلى قىزىل



مىڭئۆيگە خىزمەتكە كەلگەن. شۇ يىلى ئۆزۈلۈپ كېتىش خەۋپى بار خەتەرلىك غارلارنى رېمونت قىلىش، غارلارنىڭ ئالدىنى كېسەك بىلەن قوپۇرۇش، ئىشىك ئورنىتىش ئىشلىرى ئىشلىنىدۇ. ئۇ مەزگىلدىكى شارائىت يەنىلا جاپالىق بولۇپ، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك توپا، خىش، ياغاچلارنى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. مىڭئۆي ئەتراپىدىكى توپا قۇمساڭغۇ توپا بولغاچقا، ئۇنى ئىشلەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار توپا، خىشنى سىرتتىن يۆتكەپ داۋانغا كەلگەندە داۋاندىن چانىغا بېسىپ، كالىغا سۆرىتىپ مىڭئۆيگە ئېلىپ كېلىدۇ. ياغاچنى يۇنداق ئۇسۇل بىلەن توشۇغىلى بولمىغاچقا، دەريا ئارقىلىق يۆتكەپ كېلىدۇ. يول قۇمساڭغۇ، غارلار ئېگىز ھەم تىك بولغاچقا، ماتېرىياللارنى ئۈستىگە توشۇپ چىقماق بەك تەس ئىدى، بولۇپمۇ سۆگەتئېقىننىڭ ئىچىدىكى غارلار ئادەم قارىسىمۇ بېشى قايغۇدەك دەرىجىدە تىك ئىدى، ئۇلار ماتېرىياللارنى دۈمبىسىگە ئېلىپ مىڭبىر مۇشەققەتتە غارغا ئېلىپ چىقىپ، غارلارنىڭ ئالدىنى كېسەك بىلەن قوپۇرۇش، ئىشىك ئورنىتىش ۋەزىپىسىنى ئاماملايدۇ، بۇ جەرياندا ئەمرۇللا قادىر ئىش بېشى بولىدۇ. 1985 - يىلى ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەمرۇللا قادىر جۇمپاق قەبرىستانلىقىنى قېزىش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش بويىچە ئۈچ ئاي تەربىيىلىنىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوغداش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ تاكى 2004 - يىلى پېنسىيىگە چىققىچە شۇ خىزمەتنى ئىشلەيدۇ. ئۇ خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچتە غارلارنى ئارىلاپ، ئىشىكنىڭ تاقالغان، تاقالمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ. مەن ئىدارىگە كەلگەندىنمۇ ئۇنىڭ ھەركۈنى ئەتىگەن - كەچلەردە قول چىرىغىنى يورۇتۇپ غارلارنى تەكشۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرەتتىم. يازدا ساياھەتچىلەر كۆپەيگەن ئالدىراش مەزگىلدە ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئۇ قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئون نەچچە يىلدا مىڭئۆينىڭ ئامانلىق ئىشلىرىدا ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى.

ئەمرۇللا قادىر 30 نەچچە يىل مىڭئۆيدە ياشاپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ھاياتىنى مىڭئۆينى قوغداش، ئاسراش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇ خىزمەتتىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بىلەن 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن «كۈجىما ياسۇناكا مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

**راخمان ماموت**

كۇچا ناھىيىسىنىڭ



شامالباغ يېزىسىدىن. ئۇ ھازىر كۇچا ناھىيە بازىرىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان شالدىراق كېچىككىنىڭ شەرقىدىكى خامانتاغ باغرىغا جايلاشقان قىزىلقاغا مىڭئۆيىنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسى. ئۇ 1990 - يىلى 18 يېشىدىن باشلاپ بۇ مىڭئۆيدە ئىشلىگەن. بۇ مىڭئۆينىڭ شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق، ئەتراپى قاقاس تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بىرتامچە سۇمۇ تاپقىلى بولمايتتى. راخمان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ ئالدىغا 30 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق كولىغان بولسىمۇ سۇ چىقمايدۇ. ئىشتىن ئۇنىڭغا 2 - 3 كۈندە ئون كىلوگراملىق تۇڭدا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. سۇ كەمچىل بولغاچقا، تاماق ئېتىپ يېيەلمەي، كۆنلەرنى ئاساسەن قۇرۇق نان يەپ ئۆتكۈزىدۇ. سۇ شۇنچىلىك كەمچىل بولسىمۇ، ئىشىك ئالدىغا ئىككى تۈپ قارىغاي كۆچىتى تىكىپ يەرۋىش قىلىدۇ، بۇ قارىغايلار ھازىر خېلى چوڭىيىپ قالغان بولۇپ، بۇ جىمجىت، قاقاس تاغدا يېشىللىقتىن، ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرماقتا.

قىزىلقاغا مىڭئۆيىدە 62 غار بولۇپ،



قىزىلقاغا مىڭئۆيىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى



قىزىلقاغا مىڭئۆيى 30 - غارنىڭ تورۇسى

ئۇلاردىن 52سىگە 1953 - يىلى نومۇر قويۇلۇپ، ئىشىك ئورنىتىلغان، قالغان بىرنەچچە غار تېخى ئوچۇق ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ غارلار تارقاق جايلاشقان بولۇپ، قوغداش تولىمۇ قولايسىز، يەنە كېلىپ ناھىيىگە يىراق بولغاچقا، پات - پات يامان غەرەزلىك ئادەملەر بولۇپ قالىدۇ. يازدا ساياھەتچىلەر كۆپىيىپ كەتكەندە راخمان ئۆزى يالغۇز تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرنىڭ شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىدۇ. بەزى ساياھەتچىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بىلەن شەھەرگە كېتىشكە، ياشلىقىنى بۇنداق جايدا زايا قىلىۋەتمەي شەھەرنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشىدىن ھوزۇر ئېلىشقا دەۋەت قىلسىمۇ، راخمان ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى، چىرايلىق تام رەسىملىرىنى كۆزدە كۆرۈپ تۇرسا زىيانكەشلىككە قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ رەت قىلىدۇ. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا راخمان تۇرمۇشلۇق بولىدۇ، لېكىن ئايالى بۇ يەردە بىرەر ئايمۇ تۇرماي ئاجرىشىپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇيان ئۇ جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا ۋايىسماي ئىشلەپ كەلمەكتە.

بۇقېتىمقى تۆھپىكارلىرىمىز مىڭئۆيدە ئەجداد روھىنى ئەۋلادقا ئۇلاش، مىڭئۆيدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ تارىخىي مىراسنى ياخشى قوغداش، ئاسراش ئوچۇن ئۆزىنى بېغىشلاپ، يىللاردا داستان بولغۇدەك ئەمگەكلەرنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەجىر - تۆھپىلىرىگە ئاشۇ چەت - يىراق قاقاسلىقلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىڭئۆيلەر گۇۋاھ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# ئۇنتۇلغان تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى

تۇرسۇن قاھار

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىردىن باشلاپ، شىنجاڭدا ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەقىپ قىلىشلىرىغا قارىماي، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى، مەرىپەتچىلىرى ۋە تارىخچىلىرى ئۆز خەلقىنىڭ شانلىق كۈرەشلىرى، ئارتقان زۇلۇم - ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، نۇرغۇنلىرى تېخچە ئۆز ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. بەزىلىرى ھەر خىل سىياسىي مالىمانچىلىقلاردا ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ مەڭگۈلۈك يوقالدى. ئەمما ئۆز تارىخىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ئەمگەكلىرىنى كۆز قارچۇقىدەك ئەزىزلىگەن خەلق نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى قولىيازما ھالىتىدە ساقلاپ قالدى.

ئىلى تەۋەسىدە 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىخچى ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆتكەن تارىخچىلاردىن ئىمىن ھۈسەيىن بىلەن ئىمىنجان باۋۇدۇنلار بىزگە مەلۇم. ئىمىن ھۈسەيىن «ئىمىن تارىخى» نامى بىلەن ئىلى




مۇئەللىفى عبداللە افندى

ايلى ولايتينىڭ تاريخى

تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق كىتابى

دىيارىدا مەشھۇر. ئۇ «شىنجاڭ تارىخى»نىڭ ئاپتورى. بۇ كىتاب 1946 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئون بىر پەسىل، 134 ماۋزۇدىن ئىبارەت. بۇ چوڭ قولىيازما شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە.

تارىخچى ۋە فولكلورشۇناس ئىمىنجان باۋۇدۇنمۇ (1897 - 1948) ئابدۇللا قوجامبىر ھاجىنىڭ ماۋزۇسىغا مۇراجەت قىلغان تارىخچىلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئىمىنجان باۋۇدۇن ئۆز ھاياتىدا ئىلىم ئىگىلەش يولىدا كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇ «ئىسلام ئۆلىمالىرى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى»، «ئىسلام تارىخى»، «ئىلى تارىخى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. («ئىلى دەرياسى» 1985- يىللىق 1 - سان، 70 - بەت)

ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى جاھانغا تونۇشتۇرۇشتا جاپالىق ئەمگەك قىلغان ئېتنوگراف، تارىخچى، ئالىم ئابدۇللا قوجامبىر ھاجى ئوغلى 1897 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق قورغاس ناھىيىسىنىڭ قورغاسمازار يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇللانىڭ جەددى جەمەتى مەرىپەتپەرۋەر، بىلىملىك كىشىلەر بولغاچقا، بۇ مۇھىت ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىن تارتىپ زوقمەنلىك بىلەن بىلىم ئېلىشىغا، ئىرىشچان، ئەدەپلىك بولۇپ ئۆسۈشىگە تەسىر قىلغان. ئۇ دەۋرلەردە ئادەملەردە ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەدرىسە ۋە بىلىملىك خەلىپىلەردە ئوقۇتۇش ئادەتكە ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا مەكتەپ يېشىغا توشقان ۋاقتىدا (5- 6 يېشىدا) شائىر ئىلى ھاجىم دېگەن خەلپەتتە ساۋادىنى چىقىرىپ، 1900 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ياركەنتتىكى شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمدىن بىلىم ئېلىشقا باشلىغان. شائىرلارنىڭ غەزەل، رۇبائىيلىرىنى تەھلىل قىلىپ، بىلىمىنى كۈندىن كۈنگە ئاشۇرغان. ئوغلىنىڭ بىلىم ئېلىشتىكى ئىشتىياقىغا ھەۋەس كەلگەن ئاتا ئۇنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا بەل باغلىغان. ياركەنتتە نىزامىدىن ئاخۇنۇم ۋابات بولغاندىن كېيىن ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسىدە تالىپلارغا دەرس ئۆتۈپ، دادىسى مەككىگە كەتكىچە مۇدەررىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

پەرزەنتىنى ئوقۇتۇش ئارزۇسىدا يانغان غوجامبىر ھاجى 1904 - يىلى ئابدۇللانى ئىستانبۇلدا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى مەككە - مەدىنىگە كەتكەن. ئابدۇللا ئىستانبۇلدىكى تىل - ئەدەبىيات، تارىخ دارىلفۇنۇنىدا بىر نەچچە يىل بىلىم ئالغان. دادىسى غوجامبىر ھاجى 1910 - يىلى ئىككىنچى نۆۋەت ھەج قىلىشقا مەككىگە بارغاندا ئابدۇللانى ئىستانبۇلدىن ئۆزى بىلەن بىللە ھەج قىلىشقا ئېلىپ بارغان.

قورغاسمازار خەلقى غوجامبىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ھاجىلارنىڭ مەككە - مەدىنىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى چوڭ داغدۇغا ۋە خۇشاللىقلار بىلەن كۈتۈۋالغان. ئۇلارنىڭ شەرىپىگە قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرۇپ، قورغاسمازاردا مەسچىت، مەكتەپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاق يول تىلىگەن. ئابدۇللا قورغاسقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسىغا ياردەمچى خەلپەت بولۇپ تالىپلارغا دىنىي دەرس بەرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قورغاسمازار يېزىسىدا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئۆسمۈرلەرنى زامانىۋى يېڭى ئىستىقبالغا ئېلىپ چىقىش ئىدى. ئۇ مانا

مۇشۇ يولدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى.

1916 - يىلى قورقاسمازار خەلقى ھاياتىدا چوڭ ۋەقە يۈز بەردى. خەلق ئۆزلىرى ئىئانە قىلغان خىراجەتلىرى بىلەن ئۆت سىنىپلىق زامانىۋى مەكتەپ بىناسىنى تىكلەپ، ئۆسمۈرلەرگە بىلىم ئىشىكىنى ئاچتى. بۇ مەكتەپنىڭ ئەنئەنىلىك ئېچىلىش مۇراسىمىغا يىراق - يېقىندىن يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئىلىم ئەھلى، قارىلار، خەلپەتلەر ۋە ئابدۇللا ھاجى ئەپەندىنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ئابدۇقادىر ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، لۇتپۇللا قارى، سېيىت ئەپەندى، قارى بوساقوفلار قاتناشتى. بۇ مەكتەپ قورقاسمازار تەۋەسىدە دەسلەپكى ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى دەپ ئېلان قىلىندى. مەكتەپكە «نىجات» دەپ نام بېرىلدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇللا ھاجى ئەپەندىنىڭ بۇ دەرگاھتا ياندۇرغان مەرىپەت چىرىغى يالقۇنلاشقا باشلىدى. ئەگەر بىز 1870 - يىلى باۋۇدۇنباي ئىلى بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدىكى مەدرىسىدە سالدۇرغان ئۆت سىنىپلىق مەكتەپنى ئىلى ۋىلايىتى مائارىپى تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى مەكتەپ («شىنجاڭ سودا گېزىتى» 1993 - يىل - ماي) دەپ ئېتىساق، قورغاس ناھىيىسىدە تۇنجى يېڭى مەكتەپنىڭ ئاساسىنى 1916-يىلى ئابدۇللا ئەپەندى قوجامبىر ھاجى سالغان دېيىشكە ھەقلىقمىز.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ قورغاس ناھىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆسمۈرلەرگە بىلىم بېرىش، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى يۈكسىلىشكە باشلىدى. ئاما ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىدىكى مۇنداق تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقنى كۆرەلمىگەن نادان، خۇراپات جاھالەت تەرەپدارلىرى ئابدۇللا ئەپەندىگە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ: «ئابدۇللا ئەپەندى دېگەن بىر كالتە قۇيرۇق چىقىپتى. باللارغا قالايمىقان نەرسىلەرنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. . .» دەپ كۆرە ناھىيىسىدىكى چاڭجۇڭگە چىقىپ، شىكايەت قىلىپ باردى. شۇ تۈپەيلى ئابدۇللا ئەپەندى تۈرمىگە تاشلاندى.

1920 - 1930 — يىللىرى ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ھاياتى تولىمۇ مۇرەككەپ شارائىتتا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەش توغرىسىدىكى مۇقەددەس ئارزۇلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنى زامانىۋى يېڭى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرۇش دېگەن مەقسەت ۋە پائالىيەتلىرى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىندى. ئۇنى ئاللىقانداق تۆھمەتلەر بىلەن قامىدى، ئازابلىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى بولغان جىرجىس ھاجى، ئابدۇراخمان، يۈسۈپاخۇن باقىيېۋ، ياقۇپجان باقىيېۋ، سالجانباي، مەسئۇت سەبرىي، تۇرسۇن ئەپەندى، سېيىت ئەپەندى، پاتىمە زەينالوۋاغا ئوخشاش ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىمۇ شۇ جايدىكى دوتەي يامۇلى 1926 - يىلى قامىدى. ئابدۇللا ئەپەندىنى سوراق قىلغاندا: «سەن پانتۈركىست، ئىسلام جەمئىيىتى قۇرماقچى، «نىجات» دېگەن تەشكىلاتىڭلار قەيەردە؟ 1926 - يىلى باكۇدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا نېمە ئۈچۈن بارماقچى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىملەر بىلەن مەخپىي ئالاقەڭ بار» دەپ سوراق قىلىپ قىيىن قىستاققا ئالدى.

ئابدۇللا ئەپەندى 1932 - يىلى قاماقتىن بوشىنىپ، تا 1938 - يىلغىچە ئۆزى سۆيگەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، 1938 - يىلنىڭ كۈزىدە شىڭ شىسەي ئۇنى يەنە قاماققا ئالدى. غۇلجىدىكى جىڭخاجىۋى تۈرمىسىگە سولىنىپ، 1944 - يىلنىڭ كۈزىدە

بوشاندى.

ئۇ تۇرمىدىن چىقىپلا ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا پائال قاتنىشىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدى. ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە ئىلىم يولىغا كىرىشىشىدە قەدىمىي شەھەر ئالمىلىقنىڭ، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى يادىكارلىقلىرىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. ئۇ دەسلەپ خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر، خەلق تارىخچىلىرىنىڭ يازمىشلىرىغا، ئېغىزچە خاتىرىلىرىگە، بۇ يەرگە كەلگەن چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرىگە بەك قىزىقتى. يىللار ئۆتكەنسېرى ئالمىلىق شەھىرىنىڭ تارىخى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ بىنا بولۇشى ۋە ئۆتمۈشتىن قالغان يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى مەنبەلەرگە ياندىشىپ، بۇ قەدىمكى جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈش كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. 1920 - يىللىرى ئابدۇللا ئەپەندى ئالمىلىق شەھەر خارابىسىدىن 100 مو يەرنى ئابدۇراخمان باي دېگەن كىشىدىن سېتىۋېلىپ، ئۆزى باشلىق ئون نەچچە كىشى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئۇ يەردىن قەبرە تاشلىرى ( مەڭگۈ تاش)، قۇرال - ياراغ، قاچا - قومۇچ، كۈمۈش تەڭگە، مىس ۋە باشقا مەدەنىيەتلەردىن ياسالغان جابدۇقلار پىچاق، پالتا، خەنجەر، چىراقپاي ۋە باشقىلارنى قېزىۋالدى.

مەن ئابدۇللا ئەپەندى ۋاپات بولۇپ ( 1956 - يىلى) بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە زىكرى ئەلپەتتا بىلەن قورغاسمازار، ئالمىلىق دېگەن سۆزلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭغىچە زىكرىكامنىڭ ئابدۇللا ئەپەندىگە كۈيوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. زىكرىكام كەمتەرلىك قىلدىمۇ، ئەتىمالىم، ئۇنىڭ (قېيىناتىسىنىڭ) تەرىپىنى ئانچە ئېيتمىدى. پەقەت بىر تارىخىي كىتاب يازغانلىقىنى، ئالمىلىق شەھىرىنى قېزىپ، ئاسار ئەتىقىلەر تاپقانلىقىنى قىسقىغىنە سۆزلەپ بەردى. «تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئالمىلىق» دېگەن قوليازمىسى بىر نەچچە دەپتەردە بارلىقىنى ئەسكەرتتى.

ئىلى تەۋەسىدە ئابدۇللا غوجامبەر ھاجى ئوغلى ئابدۇللا تارىخ نامى بىلەن مەشھۇر. بىراق بىز تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندىنى ناھايىتى ئاز ئۆگەندۇق. ئۇ ھايات ۋاقتىدا (40 - يىللىرى) ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى، ئالمىلىق شەھىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى، يازغان تارىخلىرى ۋە باشقىلار توغرىسىدا ئاز ئىزدەندۇق، ئۇنىڭ زامانداش مەسلەكداشلىرىنىمۇ بىلمىدۇق. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تارىخچى، يازغۇچى تېيىپ ھاجى قاتارلىقلار بىلىشى مۇمكىن.

ئابدۇللا ئەپەندى 1944 - يىلدىكى ئىلى ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش، ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ئارقىلىق تۇنجى قېتىم «قەشقەر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ قوليازمىسىنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ تەخمىنەن 1945 - يىلى بولۇپ، ئەپسۇسكى، ئۇ مەتبۇئات يۈزى كۆرەلمىگەن. ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق كىتابىنى يازغانلىقى ئۆزى ياشىغان يۇرت ئىچىگە ۋە يېقىن مەسلەكداش يۇرتداشلىرىغا مەلۇم بولغان. بۇ ئىزگۈ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە قورغاسمازارغا چىقىپ،

ئابدۇللا ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ، مەزكۇر تارىخنى ئېلىپ كەتكەن. 1946 - يىلى ئېلىخان تۆرە غايىپ بولغاندا «قەشقەر تارىخى» قولىيازمىسىمۇ غايىپ بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ئەمگىكى «ئۇيغۇرلار تارىخى» قول يازمىسى ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، مەسلەكداش بۇرادەرلىرى مەزكۇر قولىيازمىسىنىڭ بەك قىممەتلىك تارىخ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرگەن. ئۇ تەخمىنەن 200 ۋاراق ھەجىمدە ئىكەن.

مەن ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئوغلى شائىر شۈكرى ئابدۇللا (ئۇ ھازىر تاشكەنت شەھىرىدە تۇرىدۇ) ۋە باشقىلار بىلەن بىر قانچە قېتىم سۆھبەت قىلدىم. ئۇ ئاتىسى توغرىسىدا خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەردى: . . . دادامنىڭ تارىخ ھەققىدە خېلى يوغان ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمەن. «ئۇيغۇرلار تارىخى» قولىيازمىسى ئۆزى ۋاپات بولغاندا بېشىدىكى ياستۇقنىڭ ئاستىدىن چىققان. دادامدا ئالمىلىق شەھىرى ھەققىدە كىتاب يېزىش نىيىتى بار ئىدى. تارىخقا دائىر يازغان ئەرسىلىرىنى جۈملىدىن «ئۇيغۇرلار تارىخى»نى مەن بىلىدىغان بىر توپ كىشىلەرگە بېرىۋەتكەن. مىللىي ئىنقىلابتىن كېيىن بولسا كېرەك، دادامدىن ئاثار ئەتىقىلەرگە دائىر بىر قىسىم ئەرسىلەرنى بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1948 - يىلى «ئۇيغۇرلار تارىخى»نىڭ يەنە بىر نۇسخا قول يازمىسىنى ئەخمەتجان قاسىمى بىز باستۇرىمىز دەپ ئېلىپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە. . . دەيدۇ.

ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئەمگەكلىرىنىڭ يەنە بىرسى «ئىلى تارىخى» (ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تارىخىدۇر). ئاپتور بۇ ئەسىرىنى 1920 - يىللىرى قورغاس ناھىيىسىدە يازغان بولۇشى كېرەك. ئەسلى نۇسخا (مۇئەللىپنىڭ قولىيازمىسى) بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت ئۈچىنچى قېتىم، يەنى 1923 - يىلى ئەسلى نۇسخىدىن يۇسۇپجان غاپپاروف كۆچۈرۈپ ئالغان. بۇ نۇسخىدىن 1930 - يىلى غۇلجىدا ھېسامىدىن ئابلىز ئوغلى كۆچۈرۈپ ساقلىغان. بۇ قولىيازمىنىڭ مۇقاۋىسىغا ئاخىرقى كۆچۈرگۈچى: بۇ تارىخنى قورغاسمازارلىق (تۇغلۇق تۆمۈرخانلىق) ئابدۇللا ئەپەندى يېزىپ قالدۇرغان ئەسەر دەپ يېزىپ قويغان. قولىيازما 96 بەت بولۇپ، چوڭ - كىچىك 24 ماۋزۇغا بۆلۈنگەن. 80 - بەتكىچە كۆك سىيادا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلىرى سۆسۈن قېرىنداش بىلەن غۇلجىدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ قولىيازما ھازىر مېنىڭ يېنىمدا ساقلانماقتا.

بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر تارىخچىسى، ئېتنوگراف ئابدۇللا غوجابىر ھاجىنى ئەسلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، تارىخىي ئاسارە ئەتىقە، ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىيال ۋە قولىيازمىلىرىنى يىغىپ، توپلاپ، ئۇيغۇر تارىخى سەھىپىسىگە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزى دىللاردا، نامى قامۇستا قالىدۇ.

(سۈرەت ئابدۇرېشىت سىراجىدىن خەلپەت ئوغلىنىڭ 1956 - يىلى تارتقان سۈرىتىدىن قايتا تارتىلغان)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تارىخىي ئىزلار

غالىپ بارات ئەرك

(ئاپتونوم رايونلۇق تېلېگراف چەكلىك شىركىتى چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق شىركىتىدىن)

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە كېرىيە تەرەپتىن كەلگەن ئۇۋچىلار چاقىلىق بازىرى خارابىسىدە يېپ ئىگىرىدىغان چاقلارنى ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن بۇ جاينى چاقىلىق دەپ ئاتىغانىكەن. چاقىلىق ناھىيىسى تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدە كروران قەدىمىي شەھىرى، مىرەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، كىنىك ۋە مەردەك ئىزلىرىدىن باشقا چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا يەنە چاقىلىق قەدىمىي شەھىرى، ئوتۇغۇچخان قەدىمىي شەھىرى، كۆزگۈلەك ئاتام خارابىسى، تاغ ئۈستىدىكى قەلئە ۋە بىرقانچە تۇر، تىملار بار.

چاقىلىق قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 88°10′48″، شىمالىي پاراللېل 10″ 38°56′ قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 988 مېتىر كېلىدۇ.

خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ شەھەر خارابىسىدىن نۇرغۇن يىپەك رەختلەر، «ئابىدارما سۇترىسى» نىڭ پارچىسى ۋە «150 مەدھىيەنامە» نىڭ ئاپتورى موتورچىتنىڭ ئەسەرلىرى قاتارلىق دىنىي كىتابلارنى بايقىغان.

چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا بۇرۇن بىرقانچە يەردە تىم قاتارلىق تارىخىي ئىزلار بار ئىدى، بۇلاردىن بىرى ھازىرقى بالىلار باغچىسىغا يېقىن بىر تۇر (شەرقىي مېرىدىئان 9′55″ °88 قا، شىمالىي پاراللېل 39°1′15″ قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 892 مېتىر كېلىدۇ) بولۇپ، 1978 ـ يىلىدىن بۇرۇنلا ئۆزلەپ يەر قىلىنغان.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا چاقىلىق بازىرىدا يېقىنقى ۋاقىتلارغىچىلىك سېپىل بار بولۇپ، ئۇ سېپىل تىكەنلىك ئۆستەڭنىڭ غەربى، ئىتتىپاق يولىنىڭ شەرقى، مەدەنىيەت يولىنىڭ شىمالى، تىكەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ جەنۇبى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە



ئالىدىكەن.

1906 - يىلى دوكتور ستەيىن چەرچەندە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان چاغدا چاقىلىقتا سىپىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال چاقىلىققا كېلىپ بۇ خارابىنى ئىزلىگەن. ئۇ خارابىنىڭ ئىزى شۇ ۋاقىتتىمۇ بار بولۇپ، كۆپ قىسىم جايلىرى ئېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بېيىزىلىشىچە: «سىپىلنىڭ ئايلانمىسى 2 كىلومېتىر بولۇپ، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە سىپىل قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان، چاقىلىق بوستانلىقىنىڭ ھازىرقى ئېرىقچىلىق دائىرىسىنىڭ مەركىزىدە يەر ئۈستىدىن قارىسىلا قەدىمكى ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرىنى يەرق ئەتكىلى بولىدۇ ... ئۇ يەردە سىپىل بىلەن قورشالغان شەھەر خارابىسى بار، شەكلى تۆت چاسا، كىشىلەر ئۇنى سىپىل دەپ ئاتايدۇ. سىپىلنى شامال يالاپ ۋەيران قىلىۋەتكەن، كۆپ جايلىرى ئېرىقچىلىق قىلىنىپ بۇزۇلغان، شىمالدىن جەنۇبقا بىرىم ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان ئارىلىقنى ناھايىتى ئېزلا تاپقىلى بولىدۇ. سېپىلنىڭ كەڭلىكى 1/3 ئىنگلىز مىلى، ئېگىزلىكى 12 - 20 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ. سىپىلنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرى ئىنتايىن ئېنىق، جەنۇب تەرىپى تۈزلەپ ئېتىز- ئېرىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەردىن ناھايىتى ئېزلا چولڭ كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان قەدىمىي شەھەر سېپىلىنى ئىپىۋالدىم. بۇ سېپىللار ھازىرقى ئاھالىلەرنى ئايرىپ تۇرىدۇ. مەن يەنە بۇ سېپىلنىڭ مەركىزى قىسمىدىكى ئۆرنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 13 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ، بىر دېھقان ئائىلىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۆرنىڭ ئۈستىدە كەم دېگەندىمۇ 4 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بىر يۇمىلاق قۇرۇلۇش بار، بۇ يۇمىلاق قۇرۇلۇشنىڭ دىئامېتىرى 12 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر ئىنتايىن مەزمۇت، شەرقتىكى يانتۇلۇقتا بىر تۈز كېسەك قۇرۇلۇشنىڭ قالدۇقى بار، ئۇ تام ئۆلىنىڭ ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن، يەر يۈزىدىن 5 - 6 ئىنگلىز چىسى ئېگىز تۇرىدۇ، پۈتۈنلەي خارابىلىك» ئىكەن.

ئارخېئولوگ خۇاڭ شاۋجاڭ چاقىلىق بازىرىدىكى بۇ قەدىمىي شەھەر ھەققىدە: «ناھىيە بازىرىدا بىر قەدىمىي شەھەر بار، زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، شەھەرنىڭ توپىدىن ياسالغان كىچىككىنە يېرى ساقلىنىپ قالغان، سېپىلنىڭ توپىسىغا قىزىل ساپال توپا ئارىلاشتۇرۇلغان، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىچىدە كېسەكتىن ياسالغان 4 مېتىرچە ئېگىزلىكتە بىر ئۆر بولۇپ، ھازىر ئېنىق ئىزى قالمىغان، ئېھتىمال ئۆر بولۇشى ئېنىق، چاقىلىقلارنىڭ دېيىشىچە چەرچەنگە بارىدىغان كونا تاشيولنىڭ بويىدا ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان ئىم خارابىسى بار ئىكەن» دېگەن.

### ئوتوغاچخان شەھىرى

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1930- يىلى ۋە 1957 - يىلى چاقىلىققا كېلىپ تارىخىي ئىزلارنى قازغان. ئۇ مۇنۇلارنى خاتىرىلىگەن: چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن سەل شەرقىگە 4 - 6 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر شەھەر خارابىسى بولۇپ، بۇ شەھەر ئىككى قات چاسا سېپىل بىلەن

ئورالغان، تاشقى سېپىلنىڭ ئايلانمىسى 720 مېتىر، قېلىنلىقى 1.5 مېتىر، قالدۇق تېمىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ. ئىچكى سېپىلنىڭ ئايلانمىسى 220 مېتىر، سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 1.6 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە، قالدۇق تام ئېگىزلىكى بىرىم مېتىر. ئىچكى سېپىلنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە تويا دۆڭ بار، پەقەت ئېگىزلا ساقلىنىپ قالغان، كۆلىمى 9 × 9 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قالدۇق ئېگىزلىكى 3.15 مېتىر، بايلىق ئىزدىگۈچىلەر بۇ دۆڭنىمۇ قازغان، بۇ ئىچكى شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىككى تەرەپتە ئۆي بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، غەربىي قاسنىقىدا 3 قوردىن 10 دىن ئارتۇق ئۆي، ئوتتۇرىسىدا زال بار، زالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.2 مېتىر، كەڭلىكى 7.3 مېتىر كېلىدۇ. شەرق تەرەپتە 4 - 5 ئۆينىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان، شىمال تەرەپتىكى سېپىلدا 2 مېتىر كەڭلىكتە يول بولۇپ، دەرۋازا بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. سىرتقى شەھەرنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە تاش ئۇل بولۇپ، كوچا ۋە ياكى ئۆينىڭ ئۇلى بولۇشى مۇمكىن. ئىچكى ۋە تاشقى شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىككى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئەينى چاغدا بۇ جاينى قازغان ۋە بۇنىڭ بىرسىنى بۇتخانا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان، ئۇنىڭ كۆلىمى 9.8 × 3.2 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ جايلاردىن قەغەزگە يېزىلغان ئەنئەنىك يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر، لاي قونچاق، تام رەسىمىنىڭ پارچىلىرى بايقالغان. يەنە بىر قانچە ئۆي قېزىلغاندا قىزىل، قارا، كۈلرەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ شەھەر خارابىسىنى چارقۇدۇق شەھەر خارابىسى دەپ ئاتىغان. ئارخېئولوگلار تېپىلمىلارغا ئاساسەن بۇ خارابىنى مىلادىيىنىڭ باشلىرىدىن 11 - ئەسىرگىچە گۈللەنگەن دەپ ھۆكۈم قىلغان. 1876 - يىلى ئېكسپېدىتسىيىچى پېرژېۋالىسكىي چاقىلىقتا كېلىپ قەدىمىي ئىزلارنى قازغان، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە: «ھازىرقى چاقىلىق مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدا ئوتتۇغاچخان شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر خارابىسى بار ئىكەن. ھازىرمۇ ئۇنىڭ سېپىلى ساقلىنىپ قاپتۇ، سېپىلنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا سېپىلنىڭ ئەلگ ئۇزۇن تەرىپىدە بىر قەدىمىي تۈر بار ئىكەن» دەپ يېزىلغان. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تەكشۈرگىنى بىلەن يۇنىڭ ئارىسىدا ئاساسەن پەرق بار، شۇڭغا قارىغاندا پېرژېۋالىسكىنىڭ ئېيتقىنى ھازىرقى چاقىلىق بازىرىدىكى دەريا بويىغا جايلاشقان سېپىل، خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تەكشۈرگىنى ئۇنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يەنە بىر شەھەر خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ شەھەر خارابىسىدىن براھما يېزىقىدىكى پۈتۈك ۋە يوپۇرماق ئۈستىگە پۈتۈلگەن نوم، چۈزگۈن قوناق قاتارلىق ئۇسۇملۇك ئۇرۇقلىرى تېپىلغان.

## كۆكلەكئاتام خارابىسى

بۇ خارابىنى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1957 - يىلى تەكشۈرگەن. ئۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي قىيپاش چېتىگە توغرا كېلىدۇ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر قىزىل توپىلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان. توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ شەرقىدە بىر دەريا بولۇپ

قېشىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىرچە كېلىدۇ. بۇ خارابە ئانچە چوڭ ئەمەس، جەنۇبتىن شىمالغا 84 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 26.4 مېتىر كېلىدۇ. بىرنەچچە جايدا تامنىڭ ئىزى بار، ئۇنىڭ غەربىي بۇرجىكىدە 5.8 × 5.8 مېتىر كۆلەمدە، 1.8 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار خارابىسى بار. بۇ خارابىدىن ياغاچ تارشىلار، تام رەسىمىنىڭ قالدۇقى، كۆچىدىن تېپىلغان بارماقلارغا ئوخشايدىغان يېزىقسىز بارماق ۋە ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ خارابىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا بۇمۇ ئالدىنقى شەھەر بىلەن ئوخشاش دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

## تىم مەھەللىسىدىكى تىم

تىم مەھەللىسى ئەسلىدە قۇربانبەگنىڭ مەھەللىسى دەپ ئاتىلاتتى، كېيىنچە مۇشۇ مەھەللىدىكى تىمنى بەلگە قىلىپ، تىم مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. تىم مەھەللىسىدىكى تىم شەرقىي مېرىدىئان 88°9'10"، شىمالىي پاراللېل 39°1'43" - 44" قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 895 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 20 مېتىرچە، ئايلانمىسى 87 مېتىر، ئىشقا ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ چوڭلۇقى 40 × 20 × 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ، تۇپا قاتلاملىرىدىن ساپال بۇيۇملار تېپىلغان.

## ئۇنامدىكى تۇر

ناھىيە بازىرىنىڭ 4 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇنامنىڭ كونا ئۆستەڭنىڭ بويىدا شەرقتىن غەربكە 10 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 7 مېتىر كېلىدىغان بىر تۇر بار. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 88°9'10" - 11"، شىمالىي پاراللېل 39°1'43" - 44" قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىر كېلىدۇ.

تۇرنىڭ ئاستىغا دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاش ياتقۇزۇلغان. تاشنىڭ ئۈستى 47 × 28 × 11 سانتىمېتىرلىق كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۈستى يامغۇر ۋە شامالدا بۇزۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ. تۇرنىڭ ئەتراپىدىن ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدىن سېرىق تۇپا دۆۋىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىزى بولسا كېرەك. تۇرنىڭ 7 مېتىر شەرقىدە ئۆت چاسا گەمە شەكلىدە بىر ئۆي بايقالغان. 1 -

## باشلانغۇچ مەكتەپتىكى تۇر

چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى سابىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە (ھازىرقى خەلق مەيدانىدا) بىر تۇر بار بولۇپ، بۇ تۇرنىڭ ئەتراپىدىن ھېچقانداق يادىكارلىق تېپىلمىغان.

## تاغ ئۈستى خارابىسى

بۇ خارابە تاغ ئېغىزى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى لايىھىلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە بايقالغان بولۇپ، 1988 - يىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلدى. بۇ خارابە خەتەرلىك تاغ چوققىسىدا بولۇپ، تاغنىڭ ئېگىزلىكى 150 مېتىر كېلىدۇ. خارابىنىڭ شەكلى T غا ئوخشايدۇ. كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس، تاش ۋە خىشتىن قوپۇرۇلغان. شەرقىي قىسمىدا بىرقانچە ئۆينىڭ ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ غەربىي بۆلۈكى بىلەن جەنۇبىي بۆلۈكى ئوتتۇرىسىدا تاش ۋە خىشتىن قوپۇرۇلغان يۇمىلاق قورۇلۇش بولۇپ، ئوتتۇرىسى

ئۆرەك، بۇرۇن باشقىلارنىڭ قېزىپ كۆرگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇزېي خادىمى خۇاڭ شاۋجاڭ ئەپەندى 1988- يىل 6 - ئايدا بۇ خارابىنى تەكشۈرگەن بولۇپ، يىل دەۋرىنى 7 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ دەپ قارىغان. بۇ ئاش قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئۇچىدا دىئامېتىرى 12.5 — 14 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر كېلىدىغان بىر ئۆرەك بولۇپ، ئۆرەكنىڭ ئىچىدىن خىش پارچىلىرى، تۆمۈر ئۇۋاقلىرى تېپىلغان، يەنە بىر مېتىر كولىغاندىن كېيىن پىششىق توپا، قىزىل خىش، كۆمۈر داشقىلى، خىش ۋە قومتاش بايقالغان. خىشلار كۆك رەڭدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 — 24 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 — 7 سانتىمېتىر كېلىدۇ، سانى خېلى كۆپ. بۇ خارابىدە ئۈچ ئېغىز ئۆي ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىشكى جەنۇبقا قارىتىلىپ ئېچىلغان، ھازىر ئۆينىڭ يەقەت ئۇلىلا ساقلىنىپ قالغان.

### سايباغدىكى تۇر

تىكەنلىك يېزىسىدىكى سايباغ مەھەللىسىدە بىر تۇر بولۇپ، تۇرنى شۇ مەھەللىدىكى مازارنىڭ غەربىدە، يەنى ھازىرقى قوجىرۋسۇلنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا، بۇرۇنلا تۈزلىنىپ ئېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، ھېچقانداق ئىزناسى قالمىغان. بۇ خارابە ئۈستىدە ئارخېئولوگلارنىڭمۇ مەلۇماتى يوق.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. خۇاڭ ۋېنبى: «جۇڭگو دالا ئارخېئولوگىيىسى توپلىمى. ئارخېئولوگىيە مەجمۇئەسى 3- جىلد 25 - نومۇرلۇق. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى».
2. خۇاڭ ۋېنبى: «غەربىي دىيار تارىخ - جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى».
3. خۇاڭ ۋېنبى: «تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى». شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.
4. «تەكلىماكاننى تەكشۈرۈش». «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1990 - يىلى 4 - سان.
5. «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» (1958 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى) دىن.
6. شې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى».
7. پىرژىۋالىسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر».

تەھرىرلىگۈچى: يىلقىز قۇياش

# مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تۇرلار

يولۋاس مۇھەممەتئىمىن

(قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
باشقۇرۇش ئورنىدىن)

«تۇر» سۆزى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمكى زاماندا ئوت يېقىپ بەلگە بېرىش ئۈچۈن ياسالغان ئېگىز قورۇلمىنى كۆرسىتىدۇ①. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ ئاتالغۇ «قارىغۇي» دەپ ئېلىنغان ھەمدە «قارىغۇي — ئېگىز تاغ ئۈستىگە ياكى ئېگىزرەك ئورۇنغا مۇنار شەكلىدە ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ، كىشىلەر شۇنىڭغا قاراپ تەييارلىق قىلىدۇ»② دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. دېمەك تۇر ئاتالغۇسى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا مەۋجۇت بولۇپ تا ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

قەشقەر شىنجاڭدىكى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ جەنۇب، شىمال غول لىنىيىلىرى ئۆزئارا تۇتاشقان مۇھىم تۈگۈن بولغاچقا، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى قەدىمىي كارۋان يوللىرىنىڭ بويلىرىدا ھېلىمۇ نۇرغۇن تۇر ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ تۇرلاردىن ئادەملەر بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ ئەتراپىدىكىلىرى ئاساسەن ۋەيران بولۇپ كەتكەن، چۆل - جەزىرىلەردىكى قەدىمىي كارۋان يوللىرىنىڭ بويلىرىغا ياسالغانلىرى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات، كەلپىن ناھىيىلىرى تۇتىشىدىغان جايلاردىكى چۆللۈك، قۇملۇق ۋە تاغلىقلاردىكى قەدىمىي كارۋان يوللىرىنىڭ بويلىرىدا ھېلىمۇ نۇرغۇن تۇر ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. چوڭ ئىم تۇرى

بۇ تۇر يېڭىئۆستەڭنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى 51- تۇەن - مەيدانى بەشئاچال كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 18 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. تۇرنىڭ ئەتراپىدا مېتال تاۋلاش ۋە ساپال بۇيۇملارنى پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن خۇمدانلار بار. ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە شاخارلار ۋە ساپال بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى تاشلىنىپ قالغان. تۇرنىڭ ئاستىنقى ئايلانمىسى 8، 68 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ. ئاستىنقى قىسمى سېرىق توپىنى چىڭداش ئارقىلىق، ئاستى قىسمى چوڭ، ئۈستى قىسمى كىچىك قىلىپ ياسالغان، ئۈستىنىڭ كېسەك بىلەن ياسالغان قىسمى بوران ۋە يامغۇرلارنىڭ

تەسىرىدە ئۆيراپ، 2 مېتىر ئەتراپىدا ساقلىنىپ قالغان.

1983 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ تۇرنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر قىسىم ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئىزىنى بايقىدى ھەمدە ئۇ يەردىن نەپىس ئىشلەنگەن ساپال بۇيۇملارنى يىغىۋالدى. 1991 - يىلى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ تۇرنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 618 ~ 1279 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

بۇ تۇر 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلدى③.

### 2. ئانەش تۇرى

بۇ تۇر مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسى چىدىرتاغ كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 8 كىلومېتىر كېلىدىغان لەيلىتاغ دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كىچىكرەك تاغ ئۈستىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە كونا خۇمدان ئىزى ۋە قەبرىستانلىق بار. جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا سېپىل ئىزى ۋە قاتار كەتكەن 6 دانە كىچىك تۇر ئىزى بار. بۇ تۇر كېسەكتىن چاسا شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ. تۇر ئەتراپىدا تاشلىنىپ قالغان ھەر خىل ساپال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ.

1991 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ تۇرنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

### 3. تەنھاتاغ تۇرى

بۇ تۇرنىڭ ئەھۋالى نىسبەتەن ئالاھىدىرەك بولۇپ، تاغنىڭ ئۈستىگە 100 مېتىردىن 150 مېتىرغىچە ئارىلىق تاشلاپ ياسالغان 5 تۇردىن تەركىب تاپقان. بۇ تۇرلار مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان چارباغ يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى چىدىرتاغ كەنتىگە جايلاشقان. تۇرلارنىڭ ھەممىسى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان كېسەك ئارىسىغا يۇلغۇن ئېلىپ ياسالغان. بۇ تۇرلار ياسالغان ئورۇن نىسبەتەن ئېگىز بولغانلىقتىن بوران ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچراپ، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان.

1991 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ تۇرلارنىڭ يىل دەۋرى تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

### 4. توكقۇتىم تۇرى

بۇ تۇر تۇمشۇق شەھىرىدىكى بىڭتۈەن 51- تۈەن - مەيدانى 15 - لىيەنى تەۋەسىگە جايلاشقان. بۇ تۇر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بوران ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ خۇددى بىر تۇپا دۆۋىسىگىلا ئوخشاپ قالغان. بۇ تۇر خارابىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. تۇر خارابىسىنىڭ ئەتراپىدا سېپىل ئىزى ۋە ساپال پارچىلىرى بار.

1991 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ تۇرنىڭ يىل دەۋرى تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى

دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلىدى.

## 5. ئاراتىم تۆرى

بۇ تۆر بىڭتۇەن 51 - تۇەن - مەيدانى 15- لىيەنىنىڭ شىمالىغا 11 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، بوران ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلۇش ئېغىر بولغانلىقتىن، پەقەت 3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆر خارابىسىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ تۆر خارابىسىنىڭ كۆلىمى جەنۇبتىن شىمالغا 31 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 33 مېتىر كېلىدۇ. ئەتراپىدا ئاندا - ساندا ساپال بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچرايدۇ.

1991 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ تۆرنىڭ يىل دەۋرى دەسلەپكى قەدەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلىدى.

## 6. زەيتىم تۆرى

بۇ تۆر بىڭتۇەن 51 - تۇەن - مەيدانى تەۋەسىدىكى بەشئاچال كەنتىنىڭ شىمالىغا 5. 11 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. زەيتىم تۆرى بوران ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلۇپ غايەت زور توپا دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بۇ تۆر ئاستى تەرىپى چوڭ، ئۈستى تەرىپى كىچىك قىلىپ ياسالغان، ئاستى قىسمى تۆپىنى چىڭداش، ئۈستى قىسمى كېسەك ۋە لايدىن قوپۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان. تۆر خارابىسىنىڭ ھازىرقى ئايلانمىسى 97 مېتىر كېلىدۇ. تۆر خارابىسى دائىرىسىگە ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى كەڭ تارقالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈل - گىياھ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىرى بىر قەدەر كۆپ. زەيتىم تۆرىنىڭ شەرقىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا قوشتىم تۆرى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۆر بار.

1991 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بۇ تۆرنى تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتتى.

## 7. يۇمىلاقتىم تۆرى

بۇ تۆر خارابىسى بىڭتۇەن 51 - تۇەن - مەيدانى تەۋەسىدىكى بەشئاچال كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 16 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. بوران ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرىدە بۇ تۆرنىڭ بۇرجەك، قىرلىرى قالمىغان بولۇپ، بەئەينى يۇمىلاق تۈۋرۈككىلا ئوخشاپ قالغان، شۇڭا بۇ ئىم يۇمىلاق ئىم تۆرى دەپ ئاتالغان. بۇ تۆرمۇ باشقا تۆرلارغا ئوخشاشلا ئاستى قىسمى تۆپىنى چىڭداش ئارقىلىق چوڭ، ئۈستى قىسمى كېسەك ۋە لايدىن قوپۇرۇش ئارقىلىق كىچىك قىلىپ ياسالغان. تۆرنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 4.7 مېتىر كېلىدۇ. بۇ تۆرنىڭ ئەتراپىدا ساپال بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان.

1991 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ تۆرنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 618 - يىلدىن 1290 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلىدى.

## 8. قوشتىم تۆرى

بۇ تۆر بىڭتۇەن 51 - تۇەن - مەيدانى تەۋەسىدىكى بەشئاچال كەنتىنىڭ شەرقىي - شىمالىغا 12 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. «قوشتىم» دېگەن بۇ نام بۇ

بەردىكى سىرىق تويىلىق ئىككى دۆۋىگە قاراپ قويۇلغان. بۇ بەردە ئەسلىدە يەقەت بىرلا ئۇر بار بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توپا دۆۋىسىگە ئايلانغان، ئاخىرىدا ئۇزۇن يىللىق قۇم - بورانىنىڭ تەسىرىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. قوشتىم خارابىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 54.5 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5.23 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.8 مېتىر كېلىدۇ.

1991 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە مۇتەخەسسىسلەر قوشتىم ئۇرنىڭ يىل دەۋرىنى ئالا، سۇلا سۇلالىسى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتتى.

ئىزاھلار:

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 19991 - يىل 11 - ئاي بېيجىڭ، 1 - نەشرى، 2 - توم 317 -، 493 - بەتلەر.

② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 2 - توم 332 - بەت.

③ ئادىل ئۇران: «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 220 -، 226 -، 228 -، 246 -، 247 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

## مازارباغ مىڭئۆيى

بۇ مىڭئۆي كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 20 كىلومېتىرچە كېلىدىغان مازارباغ كەنتىنىڭ غەربىدىكى تاقىسمان تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان، جەمئىي 41 غار بار، ئۇلاردىن 32سىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ غارلار مىلادىيە 7 - ئەسىردىن باشلاپ قېزىلغان، كۆيىنچىسى گۈمۈرلۈپ چۈشكەن. بۇ مىڭئۆي 1957 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىندى.



مازارباغ مىڭئۆيىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى

# چىغرىق ۋە چاق

توختى داۋۇت

(خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن)

چىغرىق ۋە چاق ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى. ئۇ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ياغاچتىن ياسىلىدىغان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان چىگىت ئايرىش ۋە يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىدۇر.

1. چىغرىق

چىغرىق تېكە ياغاچ، پۇت ياغاچ، تىزلىق ياغاچ ۋە قوش ياغاچ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ، ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا رولى بولىدۇ.

چىغرىقنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، ئىشلىتىش قولايلىق. ئالدى بىلەن ياخشى قۇرۇتۇلغان سۆگەت ياكى تېرەك ياغىچىدىن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر چاسىلانغان ياغاچ تەييارلىنىپ، ئۇنىڭ مەركىزى يان قىسمىغا 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا چاسىلانغان پۇت ياغاچ ئورنىتىلىدۇ. پۇت ياغاچ چىغرىقنىڭ ھەرىكەتلىنىش جەريانىدا يىقىلىپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

تېكە ياغاچنىڭ ئۈستىنكى ئىككى تەرىپىگە ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا ئىككى دانە تىزلىق ياغاچ ئورنىتىلىدۇ. تىزلىق ياغاچنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن 10 سانتىمېتىر قالدۇرۇلۇپ، ئىككى تىزلىق ياغاچقا ئۇدۇل قىلىپ تۆشۈك تېشىلىپ، ئۆرۈمە ياكى ئالما ياغىچىدىن ئىككى دانە قوش ئوق ئورنىتىلىدۇ. قوش ئوقنىڭ سول تەرىپىدىكى تىزلىقتىن چىقىپ تۇرغان قىسمى چىشلىق چاق شەكلىدە بولىدۇ. تىزلىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوقنىڭ ئەگمەچ شەكىللىك تۇتقۇچى بار. چىگىتلىك پاختىنى سول قول بىلەن چىغرىق ئوقىغا تەككۈزۈپ، ئوڭ قول بىلەن ئوقنىڭ تۇتقۇچىنى ئايلاندۇرساق، تۇتقۇچ ئورنىتىلغان بىرىنچى ئوق چىشلىق چاق ئارقىلىق ئىككىنچى ئوقنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئىككى ئوق چىگىتلىك پاختىنى يالماپ تارتىدۇ. ساپ پاختا چىغرىق ئوقىنىڭ قىسىلچىقىدىن ئۆتۈپ، چىغرىقنىڭ ئارقا تەرىپىگە، چىگىت بولسا چىغرىقنىڭ ئالدى تەرىپىگە چۈشىدۇ.



2 . چاق



ئەنگلىيىلىك فورىس 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تارتقان سۈرەت

چاق 2 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك شەكلى چىغىرىققا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى چاقتا قوش ئوق بولمايدۇ. يالاڭ ئوق، چاق قانىتى ۋە چوڭ كىچىك يىككىلارنى ئۆز ئارا ئۇلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تاناپ ( چوڭ بىر تال يىپ ) قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

چىغىرىق ئارقىلىق چىگىتى ئايرىلغان ساپ پاختا ھەۋل تاياقچە بىلەن ياكى زەي دەپ ئاتىلىدىغان پاختا ئېتىش ماشىنىسى بىلەن ساۋىلىپ ئۇچىپاختا ( پىلتە ) شەكلىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن چاقنىڭ يوت قىسمىنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان يىككە ئۇلىنىدۇ ھەمدە چاق قانىتىدىكى تاناپ بىلەن ئۆدۆل كەلتۈرۈلۈپ، سول قول بىلەن يىككە ئۇلاشتۇرۇلىدۇ، ئوڭ قول بىلەن تۇتقۇچنى ئايلاندۇرساق، چاق قانىتى تاناپ ئارقىلىق چاقنىڭ خانىسىغا ئورنىتىلغان يىكنى چۆرۈيدۇ، بۇ ئارقىلىق پاختىدىن يىپ ئېگىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئېگىرىلگەن كاللەك - كاللەك يىپلاردىن يەنە ئەنئەنىۋى توقۇش ماشىنىسى بولغان بايكا ئارقىلىق مانا توقۇپ، ئۇنى تۈرلۈك رەڭلەردە بوياپ، كىيىم - كېچەك تىكىپ كىيگەن، يوتقان - كۆرپە قىلىپ ئىشلەتكەن، ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە كەڭ پايدىلانغان.

يەنە تۆرمۆزە دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ يىك ئارقىلىق يىپنى چوڭايتىپ ئېگىرىپ، ئۇنى ھەر خىل پالاز، سېلىنچا، تاقار قاچا، خۇرجۇن، ئات - ئۇلاغلارنىڭ چوم، توقۇم، ئېگەر جابدۇقلىرىنى توقۇشقا ئىشلەتكەن.

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا چاق، چىغىرىق، زەي ۋە بايكا قاتارلىق ئەنئەنىۋى ماشىنىلار خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقنىڭ كۈندىلىك زۆرۈر ئېھتىياجىدىن چىقىپ كەلگەن بۇ ئەنئەنىۋى قۇراللار پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئىشلىتىلىشتىن قالدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا بۇ قۇراللار ھازىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# خوتەن دىيارىدا جۇۋا ۋە تەلپەك

ئوسمان مۇھەممەدى قاراقۇتلۇق



جۇۋىچى ئۇستام مەتتوختى ئاخۇن

جۇۋا ۋە تەلپەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم - كېچەك تۈرلىرى بولۇپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئەجدادلىرىمىز ئۇلارنى ئۈزۈلدۈرمەي كىيىپ كەلگەن. دۇنياغا مەشھۇر ئەسەر «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن مەلۇم بولۇشىچە ئەجدادلىرىمىز قاراخانىيلار دەۋرىدىلا خېلى مۇكەممەل كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددا دىنى دەۋرىدە ھەرخىل قىشلىق، يازلىق كىيىم-كېچەكلەر، ئۆي ئىچىدە ۋە سىرتتا كىيىلىدىغان، ھەرخىل رەڭلىك كىيىم-كېچەكلەر شەكىللىنىپ بولغان. بولۇپمۇ ئەرلەر كىيىدىغان جۇۋا ۋە تېلپەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى كىيىم - كېچەكلىرى بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدە، قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە ماكانلاشقان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەرلەر ياز كۈنلىرىدىمۇ تېرە تۇماق، قولاقچا كىيىدۇ. بۇنداق تۇماق كىيگۈچىلەر ھەيۋەتلىك، تۈچى كۆرۈنىدۇ. قاغىلىق، گۇما ۋە خوتەن ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەرلەر خوتەن تەلپىكى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.»①

جۇۋا قىشلىق تاش كىيىم بولۇپ، شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسى جۇۋا كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ جۇۋا (تاشلانمىغان جۇۋا) مۇئەييەن ھۈنەر - سەنئەت

قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ. جۇۋا ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىدە تارىخى ئۇزۇن، كەڭ تارقالغان ئاش كىيىم بولسا، تەلپەك خوتەن دىيارىدىكى ئۇيغۇر ئەرلەرگە خاس باش كىيىمدۇر. لېكىن بۇخىل ئەنئەنىۋى كىيىملەر ھازىرقى زامان كىيىم، كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئاستا، ئاستا ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلەنمەكتە.

جۇۋا قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ئۇلار جۇۋا موينا جۇۋا ۋە كۆن جۇۋا دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. موينا جۇۋا قىرقىلمىغان ياقلان تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، كۆن جۇۋا قىرقىلغان قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. جۇۋىنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن تۇزلۇق سۇغا ئۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر كۈپ دۇغاپ تەييارلىنىپ، تېرە دۇغابقا سېلىنىپ ئاشلىنىدۇ، تېرە 20 كۈن ئەتراپىدا ئاش يەيدۇ. تېرە ئاش يېگەندىن كېيىن دۇغاپتىن سۇزۇۋېلىنىپ سايا يەردە قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن سۇ پۈركۈپ يۇمشىتىلىپ ئورغاق بىلەن ئەيلىنىپ، تاختا ئۈستىدە قۇرۇتۇلىدۇ.

تېرە ئەيلەپ تەييارلانغاندىن كېيىن جۇۋىچى ئۇستا خېرىدارنىڭ بوي - تۇرقىنى ئۆلچەپ جۇۋىنى پىچىدۇ، ئاندىن تېرىنىڭ ئۈستىگە چىشلەپ ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرىنى چىقىرىدۇ. جۇۋىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن قويۇن ۋە پەش گىرۋەكلىرىگە قارا، بوز، ئاق كۆرپىلەردىن پەۋاز تۇتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاق جۇۋا پۈتىدۇ.

ئۇلاق جۇۋا ھازىرمۇ بازاردا ئانچە - مۇنچە كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. ئۇلاق جۇۋا سۈلەتلىك ۋە يارىشىملىق بولۇپ، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدۇ. جۇۋىنىڭ ساقلىق ساقلاش جەھەتتىكى رولىمۇ زور بولۇپ، ئادەم قىش كۈنلىرى جۇۋا كىيىۋالسا زۇكام ۋە رېماتىزىم، ئۆپكە كېسىلى بولمايدۇ، بەل ئاغرىقى، پۇت ئاغرىقى كۆرمەيدۇ. جۇۋا پالەنجى كېسىلى (پۇت - قول يىغىلىپ قېلىش) نىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. جۇۋا يەنە ئادەمنى قىش كۈنلىرى سەپەرگە چىققاندا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

جۇۋىنىڭ ئادەمنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، ئەس - ھوشى بىلەن قېرىشى، جىسمانىي جەھەتتىن قېرىسىمۇ روھىي جەھەتتىن قېرىماسلىق، كۆز نۇرلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىش - ئىلىكلىرى مەھكەم بولۇش، بالدۇر چۈشۈپ كەتمەسلىك، چېچىغا بالدۇر ئاق كىرىپ كەتمەسلىك جەھەتلەردە خېلى ياخشى رولى بار.

جۇۋىغىمۇ كۆيە چۈشىدۇ. شۇڭا جۇۋىنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەردە ساقلاش كېرەك. ياز كۈنلىرى ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم ئورنىدىن يۆتكەپ تۇرۇش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا جۇۋىغا كۆيە چۈشمەيدۇ.

جۇۋا ياخشى ساقلانسا بىر جۇۋىنى 10 يىلدىن 20 يىلغىچە كىيىشكە بولىدۇ، ھەتتا بەزىلەر بىر ئۆمۈر ساقلاپ كىيىدۇ. ياز كۈنلىرى گۆشنى جۇۋىغا يۆگەپ قويسا بىرنەچچە كۈن ساقلىغىلى بولىدۇ. ھازىر مۇشۇ خىل ئۇلاق جۇۋىنىڭ ھەربىرى بازاردا 300 - 400 يۈەنگىچە سېتىلىدۇ.

خوتەن دىيارىغا خاس ئەرلەر كىيىدىغان تەلپەك ئىككى خىل بولۇپ، كىچىك قاسقانلىق ۋە چوڭ قاسقانلىق بولىدۇ. تەلپەكنىڭ ئىچى

ئاق قويىنىڭ تېرىسىدىن، تېشى قارا، بوز كۆرپىدىن، تۆپىلىكى دۇخاۋىدىن تىكىلىدۇ. تەلپەك كىيگەن ئەرلەر ئېگىز، قامەتلىك كۆرۈنىدۇ. تەلپەك ئادەمگە جەسۇر قىياپەت ئاتا قىلىدۇ. تەلپەك ئادەمنى باشتىن سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ، زۇكام، ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاق ئاغرىقلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يازدا كىيسە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

بۇ خىل تەلپەكلەرنىڭ ھازىرقى بازار باھاسى 50 - 150 يۈەنگىچە بولىدۇ. تەلپەكنى جۇۋىغا ئوخشاش قۇرۇق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

ھازىر لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا ئەجدادلىرىدىن ئارتىپ ئۆلۈك جۇۋا ۋە تەلپەك تىكىپ كېلىۋاتقان مەتتوختى ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئۇستا بار. ئۇلار 8 ئەۋلاد مۇشۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى ھازىر جۇۋا ۋە تەلپەك تىكىپ ناھىيىنىڭ جۇۋا، تەلپەك بازىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

① «قەشقەر يىلنامىسى» (1987) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى 898 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

## سىمسىم مىڭئۆيى

بۇ مىڭئۆي كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 40 كىلومېتىرچە كېلىدىغان ياقا يېزىسىنىڭ كىرىش كەنتىدىكى چۆلتاغ ئېغىزىغا جايلاشقان، ئۇنىڭدا 52 غار بار، ئۇلاردىن 48 - غار مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. بۇ غارلار تەخمىنەن مىلادىيە 4 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ ئۆركۈمگە بۆلۈپ قېزىلغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى سىمسىم مىڭئۆيىگە كېلىپ تەكشۈرگەن ھەم نۇرغۇن تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ مىڭئۆي 1957 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە، 1996- يىلى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىندى.



سىمسىم مىڭئۆيى 48 - غار

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

2005 年第四期

总第七十三期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提
沙比尔·艾力

主　编
迪木拉提·木沙

副主编
阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格加力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
甫拉提·伊米提

## 目　录

### 社会主义新方志

摘自《哈密地区志》 ………… 1

### 历史回忆录

所见所闻：宗教法庭 ………… 买买提明·努日 17

### 学术讨论

从《突厥语大辞典》中的有关论述看维吾尔族人在十一世纪的饮食文化 ………… 霍加阿合买提·优努斯 21

### 地名研究

和田一些地名的来源 ………… 买提卡斯穆·阿布都热合曼 27

### 历史资料

1949 年以前的乌什教育 ………… 吐尔孙·巴拉提 31

### 历史人物

千佛洞不会忘记你们 ………… 阿衣古丽·卡地尔 37
鲜有人知的历史学家阿布都拉先生及其生涯 ………… 吐尔孙·卡哈尔 46

### 文物古迹

若羌县城及其周围的历史遗迹 ………… 阿力甫·巴拉提 51
巴楚县境内的烽火台 ………… 尧力瓦斯·木哈莫德伊明 56

### 新疆百业

民间纺车 ………… 托和提·达乌提 60
和田境内的皮大衣和皮帽 ………… 乌斯曼·木罕莫德 62

封一：　百年以前的克孜尔千佛洞

特来提　提供

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊) (پەسىللىك ژورنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى


主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷12号
印　刷：新疆金版印务有限公司

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنخۇ يولى غەربىي 1-كوچا 12-نومۇر
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65—1128/K—W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى 4640715 پوچتا نومۇرى 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن